2000 ـ يىلىدىكى تۇنجى دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتقان پەخىرلىك ئوغلان جۈرئەت ئوبۇلقاسىم



XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION

2–3

2000

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498
03>
9 771008 649003



ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن:ئۇستاز يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇر

# بۇ سانىدا

### مۇھاكىمە


يېڭى ئەسىر ھارپىسىدىكى ئويلىنىش ............ نۇسرەت تۇردى 2


### ئەدەبىيات گۈلزارى


ياخشى چۈش كۆرۈڭ.......... (ھېكايە) .......... مەمتىمىن ھوشۇر 7
يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدۇ .................... ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 11
شەھەر قۇشلىرى.......... (ھېكايە) .......... تۇرسۇن مەھمۇت 18
تەكلىماكان، خوراز، ئۈرۈمچى... (باللادا) .......... ھەبىبۇللا توختى 28
شائىرلىق ئەركىنلىكى قەيەرگىچە .................. ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم 31
خەلقلا بولىدىكەن شائىر ياشايدۇ، شېئىرىيوقالمايدۇ ...... روزى سايىت 47
تۇمارىس.......... (تارىخىي ھېكايە) ........ ئابدۇللا ساۋۇت 53
ئاسىي .......... (ھېكايە) ........ جالالىددىن بەھرام 65
نەسىرلەر ............................ ئەخمەت ئىمىن 156
ئىبرەتلىك پارچىلار ..................... ۋاڭ روگۇ، جاڭ خۇيىەن 72


### مەدەنىيەت ـ سەنئەت كېزىتى


مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۇچۇرلىرى ........ چېن يەن، مېھرىنسا مەتنىياز 76


### يېڭى ئەسىرگە سوۋغا


جۈرئەت ئوبۇلقاسىمغا شان-شەرەپ .................. ئەنۋەر ئەزىزى 79
ئىلھام ئىمىن ، مىجىت ناسىر ، ئىمىن تۇرسۇن


### ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە


ئەدەب بوستانى ۋە ئەخلاق گۈلىستانى ...... ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ي. ئىلياس 85


### تارىخ ئەينىكىدە


تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود ـ «تارىخنى ئۇنىڭ ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق
بايان قىلىش» .................... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 146


### ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش


سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر ... ليۇ جۈنىڭ 149
جياڭ تېيگاڭ ، جاۋ لېگېن ، ۋاڭ شىنيا، جۇ چېڭيىن


### خەتتاتلار باغچىسى


ئابدۇرېھىم ھېيتقا بىر غەزەل ............ خەتتات: ئابلىمىت ئوسمان 160
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : رىسالەت مۇھەممەت



## شىنجاڭ مەدەنىيىتى
(49-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2000-يىل 2-، 3-سان
(ئومۇمىي 242-، 243-سان)



ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى


مۇدىر:
شۇخۋاتيەن
زۇنۇن قۇتلۇق

مۇئاۋىن مۇدىرلار:
ۋاڭچىڭۇبىن
ئابلىجان ھېيت
لۇشىنخۇا

ھەيئەت ئەزالىرى:
مايىڭشىڭ
يۇقېڭ
جۇجۇفاڭ
ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن
لى يىڭمىن
بەي جيەنياۋ
جىن مىن
قۇربان مامۇت
فەن ياۋچىڭ
جاڭ تىڭۇبى
رىسالەت مۇھەممەت



باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت مەسئۇل مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت



# يېڭى ئەسىر ھارپىسىدىكى ئويلىنىش

**نۇسرەت تۇردى**

. . . كۈچلۈك روھىي بېسىم، گاڭگىراش، تىت-تىت بولۇش، ھودۇقۇش ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىدىكى ئورتاق كەيپىياتتۇر. بىر ھېسابتا بۇ بىزنىڭ ئۆز-ئۆزىمىز ئۈستىدە سالماقلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە ياخشى سورۇن ھازىرلاپ بەردى. چۈنكى بۇ خىل كەيپىياتنىڭ كەينىگە بىر ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان مۇرەككەپ مەسىلىلەر يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بۇ مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئىلمىي بولغان چۈشەندۈرۈش ۋە ھەل قىلىش تەقەززاسى تۇغۇلدى. . . ئويلىنىش رەسمىي باشلاندى.

ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن باشلانغان تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىدا كۈچلۈك روھىي سىلكىنىش ھاسىل قىلدى ھەم شۇنداق بولۇشى ئېنىق ئىدى. تەرەققىيات جەھەتتىكى غايەت زور پەرق، كۈچلۈك رىقابەت، ئۆزىنىڭ بىرمەزگىللىك شانلىق تارىخىدىن كېيىن بېكىك، تىنما ھالەتتە تۇرغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە كۈچلۈك سىلكىنىش ھاسىل قىلدى. قىممەت قارىشىمىز، تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز ھەتتا ياشاش مۇھىتىمىزمۇ كۈچلۈك خىرىسقا دۇچ كەلدى. ھەل قىلىش قىيىن بولغان لېكىن ھەل قىلمىسا بولمايدىغان يېڭى مەسىلىلەر كەينى-كەينىدىن ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ياشلار ئارىسىدىكى مىللىي ئەخلاق قارىشىنىڭ سۇسلىشىشى، زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ يامراپ كېتىشى، نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشى، ئىشسىزلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشى، مىللىي ساپانىڭ تۆۋەن بولۇشى. . . غا ئوخشاش بۇ بىر قاتار مەسىلىلەر خاتىرجەملىكىمىزنى بۇزدى، ھودۇقۇش، ئالاقزادىلىك ھەممە جاينى قاپلىدى. شۇنداق قىلىپ، 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا مىللەتنىڭ كرىزىس تۇيغۇسى ۋە ئېڭى رەسمىي شەكىللىنىشكە باشلىدى. يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» (پۇتكۇل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ ئوچېرك ژۇرنىلىمىزنىڭ 1994-يىل 1-، 2-(قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. — مۇھەررىردىن) ناملىق ئوچېركى بۇ خىل كرىزىس ئېڭىنىڭ تۇنجۇققان ئەمما روھى ئويغاق زىيالىيلار ئارىسىدىكى تۇنجى پارتلىشى ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئېلان قىلىنغان مىللەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تونۇشى ھەققىدىكى ماقالىلار مىللەتتە كرىزىس ئېڭىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئۈچۈن مۇنبەت ئىجتىمائىي تۇپراق ھازىرلاپ بەردى.

بۇ ماقالىلاردىن مەلۇمكى، بىز قانداقتۇر بىر نەرسىنى ھېس قىلىشقا باشلىغاندۇق.

**مۇھاكىمە**

مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆزىمىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋر بىلەن تازا ماسلىشالمايۋاتقانلىقىنى، هازىرقى زامان تەرەققىياتى بىزنى تازا قوبۇل قىلالمايۋاتقانلىقىنى سەزگەندۇق. بىراق بۇنىڭدىكى هېسسىي بىلىش ماهىيەتلىك بىلىشتىن كۆپ يىراق ئىدى. بىز هەرگىزمۇ ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىش، شىكايەت قىلىۋېلىش تەرىقىسىدىكى «بىلىش» سەۋىيىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتۇق. چۈنكى بىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ئاساسىمىز – مىللىي مەدەنىيىتىمىز بىلەن سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەسىلىلەرنى هەم ئۇنىڭدىن هاسىل بولغان كرىزىس ئېڭىنى مەنبە جەهەتتىن بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن، ئۇ بولسىمۇ مىللىي مەدەنىيەت كرىزىسىدۇر. مېنىڭچە، بىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ هالسىزلىنىشىنىڭ، زامانغا ئاكتىپ لايىقلىشالمىغانلىقىنىڭ، ئۆزى دۇچ كەلگەن تەرەققىيات مەسىلىسىنى توغرا هەل قىلالمىغانلىقىنىڭ مەهسۇلىدىن ئىبارەت. چۈنكى هەر قانداق بىر مىللەتنىڭ هاياتىي كۈچى، ياشاش، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارى ئۇنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك جۇغلىنىش، ئىجاد قىلىش، قوبۇل قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن مەدەنىيىتىدىن كېلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەقەت كۈچلۈك پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادنى ئارقا تىرەك قىلغان، كۆپ مەنبەلەشكەن ئىلغار مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش قىممىتى ۋە ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمىزكى، مەدەنىيىتىمىزنىڭ هەرقايسى قاتلام ۋە تەركىبلىرىدە خىلمۇ خىل ئەجەللىك ئاجىزلىقلار مەۋجۇد. بۇ خىل ئاجىزلىقلار، پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدىكى قاتلام ئۆزەكلىكى مۇكەممەل، جىپسىلاشقان سىستېما هاسىل قىلالماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەدەنىيەت مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر تورىدىن تەركىب تاپقان سىستېمىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى هەرقايسى قاتلام-تارماقلار ئۆزئارا تەسىر قىلىش، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، چەكلەشتىن ئىبارەت كۆپ خىل هەم كۆپ قىرلىق مۇناسىۋەت تورى ئورناتقان بولۇپ، خۇددى ئادەم ئورگانىزمىنى تەشكىل قىلغۇچى ئەزالار بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنىدەك ۋە بىر-بىرىنى تەقەززا قىلغىنىدەك (مۇهەررىردىن) مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى مەلۇم بىر قاتلام ياكى تەركىبنىڭ ۋۇجۇدقا كېلەلمەسلىكى ياكى مۇكەممەللىشەلمەسلىكى باشقا قاتلام-تەركىبلەرگە مۇهىم هەتتا هەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە هەتتا بىر پۈتۈن مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگە مەدەنىيەتكە بولغان ئىممۇنىت كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەت مىللىي مەدەنىيەت كرىزىسىنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇنى يېشىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئورۇنۇپ كۆرىمىز.

## 1.سۆزلىمىسە بولمايدىغان مەسىلە - ئىقتىساد

كېسىپ ئېيتقاندا، سىستېمىلاشقان مىللىي ئىقتىسادنىڭ ۋۇجۇدقا كېلەلمەسلىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزنى بوغۇپ تۇرماقتا. گەرچە، جۇڭگودا بازار ئىقتىسادى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن بولسىمۇ، دېهقانلىرىمىز يەنىلا مەمۇرىي بۇيرۇق ئاستىدىكى، كۆپ خىللاشمىغان دېهقانچىلىق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شەهەر ئۇيغۇرلىرى بولسا، ئاساسەن ئىپتىدائىي سودا ئىقتىسادى ياكى مەكتەپكە ئوخشاش كەسپىي ئورۇنلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، هۆكۈمەت مالىيىسىگە كۈچلۈك بېقىنىش خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي هالەتتىن قۇتۇلالىغىنى يوق. بۇ، هازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىللىي قۇرۇلمىسىنى تارقاق، سىستېمىلاشمىغان ئۈزۈك هالەتكە چۈشۈرۈپ، ياشاش ۋە پائالىيەت بوشلۇقىنى تارايتىۋەتكەن مۇهىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.

مەلۇمكى، مىللىي ئىقتىساد بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت هاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇهىم ئامىلدۇر. بىر مىللەت ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ قانداق بولۇشى، شۇ مىللەتنىڭ ياشاش ئىقتىدارى ۋە جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا مەلۇم مىللەتنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن هەم كۆپ خىللاشقان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىغا ئىگە بولۇشى، شۇ مىللەتنى ئىشەنچلىك ياشاش كاپالىتى بىلەن تەمىنلەپ، شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىللىي قۇرۇلمىسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بىرخىل ياكى بىرنەچچە خىل ئىشلەپچىقىرىش ساهەسىگە هەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەڭ مۇهىمى، شۇ مىللەت ئەزالىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا تارماق، قاتلاملىرىنى ياخشى مەبلەغ مۇهىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتساق، بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەهۋالىمىز هەقىقەتەن خەتەرلىك. دەل بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن سەۋەب تۈپەيلىدىن ئىقتىسادىمىزنىڭ رىقابەت كۈچى غايەت زور دەرىجىدە بوغۇلۇپ قالدى. هەممىدىن دېهقانلىرىمىزنىڭ يەنىلا قالاق پىلانلىق ئىقتىساد ئەندىزىسى ئاستىدا ياشاۋاتقانلىقى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇخىل ئەندىزىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى بىزنىڭ ئىقتىسادىمىز ئۈچۈن كۈچلۈك مەسخىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى بۇخىل ئىقتىساد شەكلى هازىرقى زامان ئۇچۇرلاشقان ئىقتىسادى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن زىت، شۇنداقلا

مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەردىكى بازارلار بىلەن بىر گەۋدىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور توسالغۇدىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۇچۇر ئېڭى ۋە رىقابەت ئېڭى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈنمۇ پايدىسىز بولۇپ، دېھقانلاردا پەقەت يەرگىلا تايىنىش پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىگىلىكنىڭ كۆپ خىللىششى، بېيىشى ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. شەھەرلەردە بولسا، «سودىغا ماھىر» ئۇيغۇرلار يەنىلا ئىپتىدائىي شەكىلدىكى، تاۋارلىشىش، تېخنىكىلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن بولغان ئاددىي ئېلىپ-ساتارلىق شەكلىدىن قۇتۇلالمىدى. مىللىي سانائەت قەد كۆتۈرەلمىدى.

قىسقىسى، ئەھۋال بەك جىددىي. ئىقتىساد مەسىلىسىدە ئەمدى ھەرگىز بۇ خىل ھالەتتە تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بىز كېيىن تېخىمۇ كەسكىن رىقابەتكە دۇچ كېلىشىمىز تۇرغان گەپ. جۇڭگو «دۇنيا سودا تەشكىلاتى»غا كىرىپلا قالىدىكەن، چەت ئەللەرگە قارىتىلغان مەبلەغ، ئىمپورت - ئېكسپورت، پۇل-مۇئامىلە. . . قاتارلىق تەرەپلەردىكى چەكلىمە يەنە بىر قەدەر ئازىيىپ، دۇنيا ئورتاق بازىرى بىلەن بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولىمىز. ئۇ چاغدا چەت ئەللەرنىڭ تۆۋەن باھالىق، يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرى (يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) جۇڭگو بازىرىغا كىرىشى ۋە بىزنىڭ ئىقتىسادىمىزغا يۇقىرى بېسىملىق رىقابەت ھاسىل قىلىشى ئېنىق. ئەمما ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىزدە تېخى بۇنىڭغا قارىتا ماددىي جەھەتتىنلا ئەمەس، ئىدىيە جەھەتتىنمۇ تەييارلىق يوقتەك قىلىدۇ.

پۈتكۈل مىللەت ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي نامراتلىق مەنىۋى نامراتلىق - قاششاقلىقنىڭ ئانىسىدۇر. مۇبادا بىز بۇ خىل نامراتلىقتىن قۇتۇلمايدىكەنمىز، باشقا مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە تەركىبلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بىزدىكى ئىقتىساد شەكلىنىڭ كۆپ خىللاشمىغانلىقى، ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللەشمىگەنلىكى ۋە سىستېمىلاشمىغانلىقى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنى ئاددىي ھالدىكى دېھقان، ئىشچى، كادىر، سودىگەر، ئوقۇتقۇچىدىن تەركىب تاپقان قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەركىبلىرى تولۇق بولمىغان ئىجتىمائىي شەكىل ئىچىگە بەنت قىلىپ قويدى. ئويلاپ بېقىڭ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بەش خىل كىشىلەر توپى زادى قانچىلىك ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدۇ؟ ياراتقان ئىقتىسادىي قىممىتى ئۆزىدىن باشقا قانچە ئادەمنى بېقىشقا يېتىدۇ؟ (بۇ ئۇلارنى كەمسىتكەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.) مېنىڭچە، بىزدىن يەنە كۆپ خىل مۇلازىمەت تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر توپىدىن شەكىللەنگەن كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر چىقىشى، ئالىي دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللانغان ئىشلەپچىقىرىش تەركىبلىرىمۇ ۋۇجۇدقا كېلىشى كېرەك. ئەمما ئۇ قاچان ۋۇجۇدقا چىقار؟

## 2. مىللىي ئەنئەنە ۋە زامانىۋىلىشىش، مائارىپ پوزىتسىيىسى

مائارىپ يەنى بىر مىللەتنىڭ مائارىپى شۇ مىللەتنىڭ كېيىنكى بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەربىيىلەش ئوبيېكتى، جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى بىر ئىجادىي ۋە ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدىغان زاپاس قوشۇن يېتىشتۈرۈشنى ئۆز مەقسىتى قىلغان بولىدۇ. تېخىمۇ چوڭقۇر قىلىپ ئېيتساق، مائارىپسىز مىللەت - ئۈمىدسىز مىللەتتۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مىللىي مائارىپىمىز قاتتىق سىناققا دۇچ كەلمەكتە. ئوقۇتۇش مەزمۇنىدىكى مىللىيلىكنىڭ ئاجىزلىقى، بېكىك مائارىپ ئەندىزىسى، قالاق مائارىپ پوزىتسىيىمىز . . . قاتارلىقلار مىللىي مائارىپىمىزنىڭ ئىجتىمائىي فونكسىيىسىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ قويدى. شۇڭا، بىز مىللىي ساپا مەسىلىسىدە مائارىپىمىزدىن گۇمانلىنىشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مائارىپى مەزمۇن جەھەتتىن ئالدى بىلەن مىللىي ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە، قەدىمگە قانداق ماسلىشىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. ئالدىنقىسى مىللىي روھ ۋە مىللەتنىڭ قىممەت قارىشى، ئۆز-ئۆزىنى سۆيۈش، قەدىرلەشتىن ئىبارەت روھىي پائالىيەتكە، كېيىنكىسى بولسا، مائارىپنىڭ ئوبيېكتى، ئادەمنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ، ياشاش ئىقتىدارى، ئىجادچانلىقىدىن ئىبارەت ئەڭ كونكرېت مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلە ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ جۈملىدىن پۈتكۈل جۇڭگو مائارىپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدۇر.

مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زامانىۋىلىشىش ئۆتمۈشنى ئىنكار قىلىش ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىنى بۈگۈنگە ماسلاشتۇرۇش ۋە مىللىي ئەنئەنە ئاساسىدا داۋاملىق تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت. مىللەتنىڭ زامانىۋىلىششى، مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى راۋاجى ۋە مەھسۇلىدۇر.

شۇڭا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مائارىپى ئوقۇتۇش مەزمۇنىدىكى مىللىيلىكتىن، رايون ئالاھىدىلىكىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر مىللەت ياكى رايون خەلقى جۇغراپىيە، تارىخ، ئۆرپ-ئادەت، پسىخكا، قىممەت قاراش، تۇرمۇش ئۇسۇلى. . . قاتارلىق تەرەپلەردە خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. پەقەت بۇخىل خاسلىق كەڭ دائىرە (پۈتكۈل مەملىكەت) دىكى ئورتاقلىقنى چەتكە قاقمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئوقۇتۇش مەزمۇنى بىلەن جانلىق بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن تېخىمۇ يۇقىرى ئوقۇتۇش ئۈنۈمى ھاسىل قىلالايدۇ. چۈنكى ئادەم ئۆزىگە ئەڭ تونۇش بولغان نەرسىلەردىن ئۆز بىلىشىنى باشلايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر مائارىپى مىللىي تەرەققىياتتىكى

www.uyghurkitap.com

ئىزچىللىق قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشى، «ياخشىلىرىنى تاللاپ، ناچارلىرىنى شاللاش» پرىنسىپى بويىچە مىللىي مەدەنىيەت تەربىيىسىدىكى تەشكىلچانلىقتا كاپالەتلىك قىلىشى بەكمۇ زۆرۈردۇر.

ئەمما پاكىتلاردىن مەلۇمكى، مىللىي مائارىپىمىز گەرچە ئۆزى بىلەن مىللىي تىل-يېزىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغان بولسىمۇ، مىللىي مەدەنىيەت تەربىيىسىدە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىدى، رايون ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرەلمىدى. تۈز قىلىپ ئېيتساق، خەنزۇ تىلىدىكى دەرسلىكلەرنى تەرجىمە قىلىش، ئۆلۈك، قېتىپ قالغان ھالدا ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. مىللىي ئەخلاق، رايون جۇغراپىيىسى، مىللەت تارىخى. . . غا ئوخشاش دەرسلىكلەر تۈزۈلمىدى ۋە ئۆتۈلمىدى. مائارىپىمىزدىكى مەدەنىيەت تەربىيىسىنىڭ پۇچەكلىكى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئەخلاق، مەدەنىيەت تەربىيىسىنى تەشكىلسىز، ئاڭسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپ، مىللىي ئەخلاقنىڭ كۈچلۈك خىرىسقا دۇچ كېلىشى ئۈچۈن مەلۇم تەرەپتىن رول ئوينىدى، دەپ قارىساق ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ.

نۆۋەتتىكى بازار ئىقتىسادى ۋە شۇ ئاساستا قۇرۇلغان ھازىرقى زامان جەمئىيىتى مائارىپقا نىسبەتەن ئادەمنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش، مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تىكلەش، يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش تەلىپىنى جىددىي ئوتتۇرىغا قويدى. چۈنكى جەمئىيەت ساپا جەھەتتىن يۇقىرى ئەمگەك كۈچلىرىگە، جەمئىيەتنىڭ رېئال مەسىلىلىرىگە يۈزلەنگەن مائارىپقا موھتاج بولماقتا.

ئۇنداقتا، مائارىپىمىز بۇ خىل موھتاجلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ؟ كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، بۇ تولىمۇ تەس. چۈنكى بىزنىڭ مائارىپىمىز ئىمتىھان مەقسەت قىلىنغان، نوقۇل ھالدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن ئادەم يېتىشتۈرۈدىغان، جەمئىيەت تەلىپىدىن ئايرىلغان بېكىك ھەم تاق يۆنىلىشلىك مائارىپ ئەندىزىسىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغىنى يوق. ھەتتا دەرسخانا تەربىيىسىدىمۇ ئوقۇتقۇچى - ھەممىنى بەلگىلىگۈچى، ئوقۇغۇچى - مۇتلەق بويسۇنغۇچى بولۇشتىن ئىبارەت قالاق تەربىيە ئۇسۇلى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى زامان مائارىپشۇناسلىقى ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق باراۋەر بولمىغان مۇناسىۋەتنى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىيلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىغا ئۆزى ئويلىنىدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان، ئويلىغانلىرىنى دادىل دەيدىغان ئەركىن بوشلۇق قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشنىڭ بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

ئادەمنى تېخىمۇ ئېچىندۇرۇدىغىنى شۇكى، يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئاز كەلگەندەك، بىزنىڭ مائارىپقا تۇتقان پوزىتسىيىمىز تولىمۇ كۈلكىلىك ۋە ئەخمىقانە! ئالايلۇق، ئوقۇتقۇچى ياكى ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرگە: «ياخشى ئوقۇمىساڭ دېھقان بولۇپ كەتمەن چاپىسەن!» دەپ تەنبىھ بېرىدىغانلىقىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئوقۇشتىن مەقسەت پەقەت كادىر بولۇش ئۈچۈنلىمۇ؟

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇزاققا سوزۇلغان پىلانلىق ئىقتىساد ئەندىزىسى بويىچە يول قويۇلغان خىزمەت تېپىشتا ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئېلىشتىن ئىبارەت قالاق ئەمگەك كۈچلىرى ئىش تەقسىماتى، بىزدە بىر خىل جاھىل «داشقازان» ئېڭىنى ئاپىرىدە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشتا تىلغا ئالغان تۈز سىزىقلىق، تاق يۆنىلىشلىك مائارىپ ئەندىزىسى ۋە ئىقتىساد قۇرۇلمىسىدىكى كۆپ خىللىشالماسلىق، دېھقانلار ۋە باشقا جىسمانىي ئەمگەكچىلەر تۇرمۇشىدىكى نامراتلىق بىزدە «كادىر بولۇش»نى ياكى داشقازاننىڭ بىر بۇرجىكىگە قول تىقىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشنى ئوقۇشىمىزنىڭ «مۇقەددەس نىشانى» دەپ قاراش ئادەت شەكلىگە كىرگەن. بۇ خىل قاراش ياكى پوزىتسىيە كونكرېت جەھەتتىن جانلىق بولمىغان بېكىك ئادەم تەربىيىلەش ئۇسۇلى ۋە تاق يۆنىلىشلىك مائارىپ قۇرۇلمىسى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، شەخسنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئىجاد قىلىش روھىنى بوغقان بولسا، ئومۇمىي جەھەتتىن پۈتكۈل مىللەتنىڭ توغرا ئىلىم-پەن روھى ۋە قارىشىنى، ئۆز-ئۆزىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويدى. ئەجەبا، كادىر بولۇشقا كۆزى يەتمىسە ئوقۇش ئارتۇقچىمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇنداق قاراش ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى بىلەن پۈتۈنلەي زىت، ساپا مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىقتۇر. ئەمەلىيەتتە، مەكتەپ تەربىيىسى ئېلىش، مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ھازىرقى زامان ئادىمى بولۇشنىڭ، جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلىپى. چۈنكى بىز بىلىملىك، تەربىيە كۆرگەن دېھقان، ئىشچىلارغىمۇ ئوخشاشلا موھتاج. پۈتكۈل مىللەتنىڭ ھەربىر پەرزەنتى چوقۇم مائارىپتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشى، پۈتكۈل مىللەت مەبلەغنى مائارىپقا سېلىشى كېرەك.

## 3. پەن-تېخنىكا ۋە ئۇچۇر سېزىمچانلىقى

ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق، مائارىپ سۈپىتىدىكى ناچارلىق بىزنىڭ پەن-تېخنىكىدىن پايدىلىنىش سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپ قويدى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقى، مۇكەممەل بازار مېخانىزمى يارىتالمىغانلىقى، پەن-تېخنىكىغا بولغان ئىستېمال تەلىپىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بىلىمنىڭ تاۋارلىششى، ئىقتىسادىي ۋە روھىي

www.uyghurkitap.com

قىممەت يارىتىشى ئۈچۈن سەلبىي رول ئوينىدى؛ پۈتكۈل مىللەتنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە روھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان زىيالىيلارنى نامراتلار توپىغا قوشۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مائارىپ مەسىلىسى تۈپەيلىدىن پەن-تېخنىكا خادىملىرى يېتىشمەسلىك، بولغاندىمۇ ساپا تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى شەكىللىنىپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەكس تەسىر قوزغىدى. پەن-تېخنىكىنىڭ دەرھال تاۋارلىشىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالماسلىقى، ياخشى بىر ئىلمىي مۇھىتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن قانداق سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. لېكىن، بىزدە پەن-تېخنىكا بولمىسا، كېيىنكى ئەسىردە پۇت تىرەپ تۇرۇشنى پەقەت خام خىيال دېمەكتىن باشقا ئامال يوق. چۈنكى پەن - تېخنىكا بىزنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشىمىز ئۈچۈن كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش بىلەن بىرگە، بىز ئۈچۈن كۈچلۈك روھىي ۋە ئەمەلىي كۈچ بېغىشلايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، بىزنى قالاقلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەيدۇ.

ئەپسۇس، پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق بىزنىڭ ئۈچۈر سېزىمچانلىقىمىزغىمۇ ئىنتايىن چوڭ زىيان ئېلىپ كەلدى. ئۆز نۆۋىتىدە ئۈچۈر سېزىمچانلىقىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىزنى ھازىرقى زامان بېكىنمىچىلىككە باشلاپ كەلدى.

ئۈچۈر سېزىمچانلىقى دېگىنىمىز - مەلۇم ئادەم ياكى مىللەتنىڭ ئۈچۈرنى قوبۇل قىلىش سۈرئىتى، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئۇنى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇش جەريانىدىكى سەزگۈ ئىنكاسىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئۈچۈر سېزىمچانلىقى بىر مىللەت ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۈچۈر سىستېمىسى ئارقىلىق تاشقى دۇنيانىڭ ئۈچۈرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلىشى، يەنى ئۇنى تېز سۈرئەتتە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئۈچۈر تورىغا كىرگۈزۈپ، پەن-تېخنىكا، ئىقتىساد سىستېمىسى ئارقىلىق ئۇنى ھەزىم قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتە، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئۆزىنىڭ كۈچلۈك پەن-تېخنىكىسى ۋە ئىقتىسادىغا تايىنىپ، سۈنئىي ھەمراھ، كومپيۇتېرنى يادرو قىلغان يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۈچۈر تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، تەرەققىيات سۈرئىتىنى ھەسسىلەپ تېزلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

پەن-تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىشى، ئومۇملىشىشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ جەريان بىلەن يىل ئايغا، ئاي كۈنگە قىسقىرىدى. بىز ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكا مەسىلىسى تۈپەيلىدىن گېزىت - ژۇرنال، رادىيو - تېلېۋىزىيىگە ئوخشاش ئۈچۈر سىغىمچانلىقى تۆۋەن، سۈرئىتى بىر قەدەر ئاستا بولغان ئۈچۈر ۋاستىلىرىگە تايىنىۋاتىمىز. ساپانىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن، ھەتتا مۇشۇلاردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمايۋاتىمىز. بىز بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، باشقا ئەللەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىدىن قارىغاندا، بىز يەنىلا بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتىمىز، دەپ قارىساق ئارتۇقچە بولماس.

بىراق ھازىرغا قەدەر بۇخىل بېكىنمىچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىنماسلىقى ياكى رەسمىي مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقالماسلىقى ئادەمنى تېخىمۇ بەك چۆچۈتىدۇ. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئۈچۈر دەۋرىدە تۇرۇپ، ئۈچۈر ئېڭىمىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك دەلىللەپ بېرىدۇ. شۇڭا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۈچۈر سېزىمچانلىقى ھەرگىزمۇ «مۇنداق بىر ئىش بوپتۇ» دەپلا قېلىشنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى قوبۇل قىلىشتىن ئۈنۈم يارىتىشقىچە بولغان بىر پۈتۈن جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىمۇ ئەڭ رېئال بىر مەسىلە سۈپىتىدە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى كېرەك. بولمىسا، يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىن باشلانغان مەدەنىيەت بېكىنمىلىكى داۋاملاشسا داۋاملىشىدۇكى، ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ.

## 4. ئاخىرقى سۆز: كرىزىس داۋام قىلىدۇ...

مەسىلىنى ئىلمىي تونۇش - مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۇتقۇنى ۋە تۇنجى قەدىمى. مەدەنىيەت كرىزىسىدىن ئىبارەت بۇ نازۇك مەسىلە ئۈستىدە بىر ساھە ياكى بىرنەچچە ئادەمنىڭلا ئىشتىراك قىلىشى ھەرگىزمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. بۇ، ئوخشىمىغان نۇقتا - قاتلاملاردىن ئوخشىمىغان ساھە كىشىلىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشىغا موھتاج، بۇنى مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە خۇسۇسىيىتى بەلگىلىگەن. شۇڭا بىز ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلالمايمىز. پەقەت تەتقىق قىلىش، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش ۋە ئىلمىي تەدبىر قوللىنىش يولى بىلەنلا مەقسەتكە يېتەلىشىمىز مۇمكىن. بىراق بۇ تولىمۇ مۇشكۇل، شۇنداقلا ئازابلىق.

21-ئەسىردە تەقدىرىمىز زادى قانداق بولىدۇ؟ بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرىش قىيىن. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، كرىزىس يەنىلا داۋام قىلىدۇ، بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىزمۇ ئوخشاشلا داۋاملىشىدۇ. بىراق مەن ئىزدىنىشىمىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىن تېخىمۇ ئىلمىي بولۇشىنى، ئىلمىي يول بىلەن مەدەنىيەت كرىزىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى ھېسسىياتقا بېرىلىش، ئەقلىي بولالماسلىق بەلكىم تارىختىكى نۇرغۇن تراگېدىيىلىرىمىزنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانلىقى ئېنىق، شۇنداقلا بۈگۈندىن كېيىنكى مەسىلىلىرىمىزنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

كرىزىس داۋام قىلىدۇ، ئىزدىنىشمۇ، تەبىئىيكى توختاپ قالمايدۇ...

1999-يىل 25-ئۆكتەبىر، بېيجىڭ

---

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىللار مەدەنىيەت فاكۇلتېتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى (M1)



# ياخشى چۈش كۆرۈڭ

(ھېكايە)

مەمتىمىن ھوشۇر

مەھەللىمىزنىڭ چېتىدە خېلىلا چوڭ بىر ئاممىۋى باغچا بار. پېنسىيىگە چىققانلار ئاخشىمى-ئەتىسى شۇ يەرگە يىغىلىپ قالىمىز. نېمە ئىش بار، دەمسىلەر؟ بەزىلىرىمىز شاھمات ئوينايمىز، بەزىلىرىمىز كورت؛ بەزىلىرىمىز بايىلا يەپ چىققان تاماقنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئۇششاق چامداپ ئۇياق-بۇياققا ماڭىمىز، ئوڭدا يېتىپ-دۈم قوپۇپ، ھەرخىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ بەدەن چېنىقتۇرۇدىغانلارمۇ بار؛ يەنە بەزىلىرىمىز ئولتۇرۇۋېلىپ، ھازىر بازاردا نېمە ئەرزان، نېمە قىممەت، قايسى ئاغرىققا قانداق دورا پايدا قىلىدۇ، ئاخشام تېلېۋىزوردا قانداق يېڭى نومۇرلارنى قويدى، كىمنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتتى، كىم ياش خوتۇن ئېلىۋالدى؛ پېنسىيىگە چىقىپ دۇكان ئېچىپ كىم پايدا ئالدى، كىم زىيان تارتتى. . . دېگەندەك پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىمىز.

## ئەدەبىيات گۈلزارى

كەچكى تاماقتىن كېيىن، ئازراق سالقىنداي دەپ باغچىغا چىقىۋېدىم، كۆل بويىدا قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، ئېڭىشىپ كېتىپ بارغان ئوبۇل ئەپەندىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ، ياش ۋاقىتلىرىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە مۇئەللىم بولغان، كېيىنكى ئۆمرى نەشرىياتتا ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك كىتابلارنى تۈزۈش بىلەن ئۆتكەن كونا زىيالىي ئىدى. مېنى كۆرسە دائىم:

— خوش، شائىر ئەپەندىم، دېھقان ئۇنداق ئۇلۇغ-مۇنداق ئۇلۇغ، دەپ شېئىر يازىسىلەر، ھەر بىرىڭلىنى دېھقان بول، دەپ شۇ يېزىغا ئاپىرىپ قويسا زادى قانچە كۈن تۇرارسىلەر؟. . . توۋا، مۇشۇ كۈندە ئانىسىنى ئۆمۈر بويى قاقشاتقان ئاغىنىلەر ۋاي ئانام، دەپ شېئىر يېزىپ ھالى قالمايدىغان بولدى-ھە؟!. . . دېگەندەك گەپلەر بىلەن چېقىشىپ قوياتتى. ئوبۇل ئەپەندىنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزۇن بولغانىكەن. شۇ تاپتا بۇ ئورۇق ئادەم يەلكىسىنى بىر پاتمان غەم بېسىۋالغاندەك مۈكچىيىپ كېتىپ باراتتى.

— ھاي ئوبۇل ئەپەندىم، ئوبۇل ئەپەندى! — دەپ چاقىردىم.

ئوبۇل ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ مەن تەرەپكە

www.uyghurkitap.com

قارىدى-دە، مېنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ قولىنى پۇلاڭلاتتى. ئوتتۇرىمىزنى ياپيېشىل سۇ ئوتلىرى بېسىپ كەتكەن كۆل ئايرىپ تۇراتتى. ئىككىمىز ئالدىراش بىر-بىرىمىزگە قاراپ مېڭىپ، كۆلنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئۇچراشتۇق. قىزغىن سالاملىشىپ، شۇ ئەتراپتا تۇرغان بىر يۇلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق.

- خوش، شائىر ئەپەندىم، ئىلھام ئىزدەپ چىققىنىڭىزمۇ نېمە؟ - دېدى ئوبۇل ئەپەندىم چاقچىقىنى باشلاپ، - سىلەرنىڭ ئىشىڭلار نېمىدېگەن ئوڭاي، مانا مۇشۇ لەش باسقان كۆلنى كۆرۈپ دېڭىزنى كۆردۈم، دەپ شېئىر يازىۋېرىسىلەر. بۇباغقا تولا چىقىدىغان بولۇۋالدىڭىز، ئاز كۈندىن كېيىن «جەننەتنى كۆردۈم» دەپ شېئىر يازىسىزغۇ دەيمەن؟

- ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ - دېدىمەن كۈلۈپ.

- قەدىر ئەھۋال.

- قارىسام، غەم باسقاندەك بولۇپ مۇكچىيىپلا قاپسىز.

- ھە، خىيال. . .

- نېمە خىيال ئۇ ئوبۇل ئەپەندىم؟

- قارىمامسىز، خەق دېگەن پۇلنى شاراقشىتىپ غازاڭدەك خەجلەيدىغان بولۇپ كەتتى. بىز بولساق قېرىدۇق، قولىمىزدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ، شۇ ئازغىنە پېنسىيە پۇلىنى ئايدىن-ئايغا قانداق ئۇلاشتۇرارمەن، دېگەن خىيال!

- يېقىندىن بېرى قىزىق گەپلەرنى ئاڭلايمەنغۇ؟

- نېمە توغرىسىدا ؟- دەپ ماڭا ئەجەبلىنىپ قارىدى ئوبۇل ئەپەندى.

- ئاڭلىسام، سىز كوچىدا قىپيالىڭاچلا يۈگۈرۈپ يۈرگىدەكسىز؟

- كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

- ئاڭلىدىم، بىر ئەمەس، بىر-ئىككەيلەندىن.

- قىپقىزىل يالغان!

- توۋا، ئۇلار قاراپ تۇرۇپ ئۈستىڭىزدىن مۇشۇنداق يالغاننى توقۇغانمىدۇ؟!

- سىز شۇ گەپكە ئىشەندىڭىزما؟. . . ھەر قانچە بولسىمۇ مەن مۇشۇ سالاپىتىم بىلەن كوچىدا قىپيالىڭاچ يۈگۈرۈپ يۈرەرمەنمۇ؟!

ئوبۇل ئەپەندىم ئورۇق گەۋدىسىنى رۇسلاپ، سوئال نەزىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى.

- ئەمدى، ئادەم دېگەن قېرىغاندا ھەر قىسما بولۇپ قالىدۇچۇ، - دېدىمەن، -پېنسىيىگە چىققاندىن بېرى ئۆيدىن چىقماي تېلېۋىزورلا كۆرۈدىغان بولىۋالدىڭىز. تېلېۋىزوردىكى يالىڭاچ خوتۇنلارنىتولا كۆرۈۋېرىپ: مەنمۇ بىر شۇنداق چىقىپ باقمايمەنمۇ، دەپ قالدىڭىزمۇ دەيمىنا؟

- توۋا دەڭە.

- ئەمىسە بۇ گەپ نەدىن چىقتى؟

- سىزگە راست گەپنى قىلسام، مۇشۇندە شۇنداق يالىڭاچ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چۈش كۆرۈپتىمەن. قىزىقچىلىق قىلىپ بىر-ئىككەيلەنگە سۆزلەپ بەرگەندەك قىلىۋىدىم.

- تازىمۇ غەلىتە ئىش بوپتۇ-ھە!. . . قىپيالىڭاچلا يۈگۈرۈپ يۈرگىدەكسىزما؟

- يەنە كېلىپ نەدە دېمەمسىز؟ كۆپكۆندۈزدە، نەق قايناق بازارنىڭ ئىچىدە.

- ھېچ بولمىغاندا ئۈستىڭىزدە ئاسما مايكا بىلەن كالتە ئىشتانغۇ باردۇ؟

- ھېچنېمە يوق، ئانىدىن تۇغما پېتىم.

- يائاللا، مۇشۇ ئورۇقبەستىڭىز بىلەن ھە!؟. . . بازاردىكى ئادەملەرنىڭ كۆزىگە بىر قورۇق ئىسكىلىت مېڭىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، چۇرقىرىشىپ تەرەپ-تەرەپكە قاچقاندۇ؟

- قىزىق يېرى شۇ، ھېچكىم ماڭا قاراپ ھەيرانمۇ بولمىدى، تەرەپ-تەرەپكىمۇ قاچمىدى. كۆپىنچە ئادەملەر مېنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كىيىم-كېچەك، دەپ بىر مۇنچە نېمىلەرنى ئۈستىگە ئوشۇقچە يۈك قىلىپ ئارتىۋالغانلىقىغا خىجالەت بولۇشتىمۇ-قانداق، ھەممىسىلا قىزىرىپ يەرگە قاراشتى. تېخى بىر كوچا ساقچىسى يېنىمدىن چاس بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. بىر كىرا پىكاپى يانداپ كېلىپ: خىزمىتىڭىزدە بولايمۇ؟- دېۋىدى، «كېرەك ئەمەس!» دەپ قولۇمنى سىلكىدىم.

- «ماقۇل» دەپ، يالىڭاچ پېتى پىكاپقا كىرىپ ئولتۇرغان بولسىڭىز تېخىمۇ قىزىق بولاتتىغۇ، دەيمەن؟

- پىكاپقا ئولتۇرۇپ نېمە قىلاتتىم؟. . . پىكاپقا ئولتۇرغاندىن كېيىن كىرا ھەققىنى تۆلىمىسىڭىز بولمايدۇ. يالىڭاچ ئادەمدە نەدە پۇل، پۇل سالىدىغانغا نەدە يانچۇق؟. . . ئاشۇنداق پىيادە، بەھوزۇر مېڭىپ كېتىۋېرىپتىمەن. كۆرگەنلەر: چىرايىڭىز ناھايىتى جىددىي، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، بەك سالماق مېڭىپسىز، - دېيىشتى.

- نېمە دەيدىغانسىز؟ - دەپ ھەيران بولدۇمەن، - چۈشىڭىزدە يالىڭاچ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرگەنلەرمۇ بارمىكەن؟

- نېمە بولىۋاتىسىز؟ -دەپ مەندىن بەتتەررەك ھەيران بولدى ئوبۇل ئەپەندىم، - مەن دېگەن بازاردا كېتىۋاتقان تۇرسام، ھەممە ئادەم كۆرمەيتتىمۇ!؟

- ھە بوپتۇ، سۆزلەۋېرىڭ!

- شۇنداق قىلىپ، يالىڭاچ كېتىۋېرىپتىمەن. شەھىرىمىزنىڭ چېتىدىكى ھېلىقى چوڭ مەيداننى بىلىسىزغۇ؟

- قايسى مەيداننى دەيسىز؟. . . يۈك ماشىنا، پىكاپلارنىڭ سودىسى بولىدىغان مەيداننى دەۋاتامسىز؟

- ۋاي خۇدايىمەي، سىز نېمانداق ھە دېسە ماشىنىڭلا گېپىنى قىلىسىز، پىكاپ ساتىدىغان يەردە مەن نېمە ئىش قىلاي! ھېلىقى شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى تازا قىزىق يايما بازار بولىدىغان مەيدانچۇ؟ توپتوغرا شۇ يەرگە بېرىپلا توختاپتىمەن. نەدىن كەلگەن قەھرىمانلىقكىن بىلمىدىم، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئېگىز يەرگە چىقىپ: «خالايىق!» دەپ نۇتۇقنى باشلاپتىمەن.

- يالىڭاچ يېتىڭىز؟

- يالىڭاچ يېتىم.

- ھەممە خەق كۈلۈپ دومىلاپ كېتىشكەندۇ؟

- كۈلىسمۇ ئىچىدە كۈلدىمۇ، بىلمىدىم.

قارىسام، ھەممەيلەن نېمەدەركىن، دەپ ئاغزىمغا قاراپ تۇرۇپتۇ. «خالايىق، ھازىر جاھان ئىلگىرىلەپ نەگە كەتتى؟ ۋاقىتنىڭ قەدىمى قايسى ئەسىرگە يەتتى؟ بىز قاچانغىچە ئىپتىدائىي ئادەملەردەك زىبۇ-زىننەت دەپ رەڭلىك تاش-مېتاللارنى بەدەنلىرىمىزگە ئېسىۋېلىپ، يۈز-كۆزلىرىمىزگە ھەرخىل بوياقلارنى سۈركەپ، ئەخمەقلەرچە كۆرەڭلەپ يۈرىمىز؟ لاتا-پىتىلەرگە يۆگىلىۋېلىپ، ئەيىبلىرىمىزنى بىر-بىرىمىزدىن يوشۇرۇشقا نەھاجەت!؟... ئىنسان بۇ دۇنياغا يالىڭاچ تۇرەلگەن، يەنە ياپيالىڭاچ كېتىدىغۇ. ماڭا قاراڭلار، مانا مەن ئەلگە قىزىق يېڭى ئىشلەپتىمەن، كۆپچىلىكتىن يوشۇرغىدەك ھېچنېمەم يوق. تېرىلىرىمىزنىڭ ئاستىدىكى قوۋۇرغىلىرىمىز ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. تۇغۇلۇپ قانداق يۆگەككە يۆگەلگىنىمىزدىن باشلاپلا پېشانىمىزگە باي-كەمبەغەللىك، تەلەيلىك-تەلەيسىزلىكنىڭ تامغىسى بېسىلىشقا باشلاپتۇ. ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يۆگىكى ئەمەس، يۆگەك ئىچىدىكى ۋۇجۇدى بەلگىلەيدىغۇ!؟... كىمكى كۆپنىڭ ئالدىدا قورقۇنچى بولمىسا يالىڭاچ بولالايدۇ. قېنى، كىيىم-كېچەكلىرىڭىزنى سېلىپ تاشلاپ، ئوچۇق - ئاشكارا بولايلى!...» دەپتىمەن. يەنە نېمىلەرنى دېگىنىم ئېسىمدە يوق، ئەيتاۋۇر بىر مۇنچە ۋالاقلىغان ئوخشايمەن. شۇنىڭ بىلەن، قانداق بولدى دېمەمسىز؟ پۈتكۈل بازار ئۈپۈر-تۈپۈر بولۇپ، ھەممە بەس - بەستە كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ تاشلىغىلى تۇردى.

- پەرۋەردىگار، نېمە دەۋاتىسىز؟ ئۇ يەردە ئاياللارمۇ بار بولغىيتتى؟!

- ھازىرقى كۈندە بازاردىكى ئادەمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئايال دەڭە!

- ئاياللارمۇ كىيىم-كېچەكلىرىنى سېلىپ تاشلىدىما؟

- سالدى!... سىزنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىداچۈشەنچىڭىز قانچىلىككىن، بىلمىدىم، ئايىاي، خۇدا ياراتقان ئىنساننىڭ مۇكەممەللىكىنى كۆرەي دېسىڭىز، ئۇنى يالىڭاچ ھالەتتە تاماشا قىلىڭ! ئاياللارنىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان قامىتى، ئىشلەمچىلەرنىڭ بۆرتۈپ چىققان بولجۇڭ گۆشلىرى، كاسىپلارنىڭ چىڭقالغان كۆپكۆك تومۇرلىرى، دېھقانلارنىڭ كۈن نۇرىدا تاۋلىنىپ مىسرەڭ پارقىراپ تۇرغان تېرىلىرى... بۇلارنىڭ ھەربىرى ئىنسان پورتېرىتىنى سىزىدىغان رەسسام ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ماتېرىيال بولۇپ ئاشىدۇ. بايا ئۇلارنى كۆرۈمسىز كۆرسىتىپ تۇرغان ئۈستىدىكى كونا-يىرتىق لاتا-پىتىلەر ئىكەن... ھەممەيلەن كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىۋېدى، تېخىچە خۇدۇكسىنىپ كىيىمىنى سالالماي مەھكەم ئورۇنۇۋالغانلار باشقىلارنىڭ كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يەنە كېلىپ ئۇلار كىملەر دېمەمسىز؟ تازا پوزۇر كىيىنىپ، يۈز-كۆزىنى ئالا-يېشىل بويىۋالغان خېنىملار، شەھەرنىڭ ھارامدىن بېيىغان بايلىرى، جانى جىلك دەپ ساتىدىغان كاززاپلار، زادى قانداق پۇل تېپىپ ھوزۇر-ھالاۋەت سۈرۈۋاتقىنىنى بىلىپ بولمايدىغان سىرلىق مەخلۇقلار. «خوش غوجاملار، قېنى ھەرقايسىلىرىمۇ ماۋۇ ئۈستىلىرىدىكى جەندازىلىرىنى سېلىشىپ باقمامىلا، زادى قانداق ئادەملىكلىرىنى بىر كۆرۈپ باقايلى!» دەپ بەزىلەر ئۇلارغا ھۇرپەيدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى تەرەپ-تەرەپتىن تارتقۇشلاپ سالدۇرۇشقا باشلىۋېدى، ئەپەت - بەشىرىسى ئاشكارىلا بولدى. كېلەڭسىز يوغىنىغان قورساقلار، كۈن نۇرىنى كۆرمەي لەشتەك ساڭگىلاپ كەتكەن تېرىلەر، ئەيش - ئىشرەت، قىمار سورۇنلىرىدا خۇنىنى يوقىتىپ كۆكەرگەن بەدەنلەر، قان-يىرىڭ ئېقىپ تۇرغان نومۇسلۇق جايلار... ۋاي قويۇڭ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئالمان-تالمان كىيىملىرىنى باشقىدىن كىيگۈزۈپ قويمايمۇ بولمىدى. مانا، بەزىلەرنىڭ ئۈستىدىكى چۈمپەردىسىنى قايرىۋەتسىڭىز كارامىتى شۇنچىلىكلا ئىكەن... نېمە سارائىلقىم تۇتتى، ھېلىقى يالىڭاچ ئاغىنىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە تۇرغان ئېگىز بىناغا قاراپلا مېڭىپتىمەن. ئىشكىنىڭ ئالدىدا پىكاپقا چۈشۈپ قاچماقچى بولغان بىرسىنى تۇتۇۋالدۇق. بۇ كىم دېمەمسىز؟ ھېلىقى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىناسىنى سېلىشقا مەسئۇل بولغان پالانچى. ئىككى يىلدا پۈتىدۇ دېگەن بىنا تۆت يىلدىمۇ پۈتمەي، ئاخىرىدا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكىنىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ بىناسى پۈتمىگىنى بىلەن بىر قانچە ئەمەلدارنىڭ شەخسىي داچىسى ئاللىبۇرۇن پۈتۈپ بولدى. ھە-ھۇ بىلەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالغۇزۇپ ھەيران قالدۇق. ئىككى قولى نەق جەينىكىدىن ئەگرى ئىكەن. پۈتكۈل شەھەرنى يالماپ

يۇتۇۋېتىپ ، ھېچكىمگە قۇيرۇق تۇتقۇزماي يۈرۈدىغان يەنە بىرى نەق پەلەمپەينىڭ ئۈستىدىلا ئۇچراپ قالدى. «ئاللا ـ توۋا» دېگىنىمگە قويماي ئۇنىمۇ يالىڭاچلىۋېدۇق، قورسىقى تۆت، ئاشقازىنى سەككىز بولۇپ چىقتى. ئىش بىلەن كىرگەن ھەر بىر ئادەمدىن مىڭلاپ سوم پارا يېمەي قويمايدىغان يەنە بىرىنى زالنىڭ ئىچىدە قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇۋالدۇق. ئۇ ئەبلەخ نېمىشقا كېچىسى يوتقانغا كىرگەندىمۇ گالىستۇكىنى يەشمەي ياتىدىكىن دېسەك، ئۇنىڭ گېلىنىڭ ساق يېرى يوق، ھەممە تەرىپى تۆشۈك ئىكەن. بۇ بالا ـ قازاغا دەسلەپتىلا ئۇچرىغان ھېلىقى ئۇچى: مۇنداق يالىڭاچلىغىلى تۇرساڭلار بۇ بىنادا بىجىرىم ئادەم چىقامدۇ؟ يالىڭاچلايدىغان گەپ بولسا ھەممىنىلا يالىڭاچلاڭلار، بىزدىنمۇ غەلىتە ئىنسانلارنى كۆرۈسلەر ، دەپ ئالدىمىزغا چۈشۈپ، بىزنى بۆلۈممۇ بۆلۈم باشلاپ كىرگىلى تۇردى. قاراڭ، بۇلاردا ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ؟ ئىش تەتۈرىگە ئايلا ـ نسا مۇشۇنداق بىر ـ بىرىنى ساتقىلى تۇرىدۇ. قېنى قىزىپ كەتكەن ئاغىنىلەر ئۇچرىغاننى يالىڭاچلاۋەردى. ئۆزلىرىگە ئىشەنچىسى بارلىرى ئۇن ـ تىنسىز كىيىملىرىنى سالدى. خۇدىكى بارلىرى «ۋاي ـ دات» سىلىپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. قاچقانغا قويماي تۇتۇپ كىيىمىنى يەشتۇق. بۇ يەردىكى يالاقچى، خۇشامەتچىلەرنىڭ ئەپتىنىڭ سەتلىكىنى دېمەمسىز، خوش، خوش، دەپ ئېگىلىۋېرىپ دۈمبىلىرىنىڭ ئۈستىخىنى قايناپ دوكقا ئايلىنىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ. . . مانا شۇ چاغدا ، بىز تېخى چىقمىشقا ئۈلگۈرمىگەن يۇقىرى قەۋەتتىن شەھەر باشلىقى چۈشۈپ كەلدى.

ـ بىزنىڭ مۇشۇ شەھەرنىڭ باشلىقىنى دەمسىز؟

ـ نەق ئۆزى. بولۇۋاتقان بۇ قالايمىقانچىلىقنى كۆرۈپ تاتىرىپ، پەلەمپەينىڭ ئوتتۇرىدا توختاپ قالدى. بىزمۇ بىر دەقىقە تىكىرقاپ قالدۇق. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ دېگەن پۈتۈنسۈرۈك بىر شەھەرنى باشقۇرۇۋاتقان ئادەمدە! ھەممىمىزنى سۈر باستى. «بۇ ـ بۇ ـ بۇ. . . نې ـ نې ـ نې. . . گە ـ گە ـ گە. . . » دېدى ئۇ. ئەسلىدە شەھەر باشلىقى «بۇ نېمە گەپ! ؟» دېمەكچى بولسا كېرەك. ئۆمرى كاتىبلىرى يېزىپ بەرگەن سۆز تېكىستلىرىنى ئوقۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ قولىدا كاتىبى يازغان بىرەر ۋاراق قەغەز بولمىسا نەق كېكەچنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەيلى، ئۇنىڭ زادى نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدۇق. «قېنى ھە، نېمىگە قاراپ تۇرىمىز؟ جانابى شەھەر باشلىقىنىمۇ بىر يالىڭاچلاپ باقمايلىمۇ! » دەپ ۋارقىرىدى ئارىمىزدىن بىرەيلەن. دۈررىدە ئورنىمىزدىن قوزغىلىشىمىزغا قاتتىق بىر پۈشتەك چېلىنماسمۇ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، خۇداغا شۈكرى، ئۆيدە كارىۋىتىمدا يېتىپتىمەن. سەھەر ۋاقتى سائەت ئالتە بولغان چېغى، باش تەرىپىمدىكى ئۈستەل سائىتى قاتتىق جىرىڭلاپتۇ.

ـ ئاپلا، ئۈستەل سائىتىڭىز تازىمۇ بىر چاغدا جىرىڭلاپتۇ ـ دە! ـ دېدىمەن قىزىق گەپنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ.

ـ شۇنى دېمەمسىز ، ـ دېدى ئوبۇل ئەپەندى، ـ شەھەر باشلىقىنى يالىڭاچلاپ باققان بولساق، يەنە نېمە قىزىقچىلىقلارنى كۆرەتتۇقكىن! . . .

گەپ بىلەن بولۇپ كۈننىڭ ئ ـ ـتۈرۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتۇق. ئوبۇل ئەپەندى قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ماڭا قاراپ كۈلۈپ:

ـ قانداق، شائىر ئەپەندىم، ئەگەر ئاشۇنداق ئىش يۈز بېرىدىغان بولسا، كۆپنىڭ ئالدىدا يالىڭاچلىنىشقا جۈرئىتىڭىز يېتەمدۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ سىز يالىڭاچلىنالىغان يەردە مەن نېمىشقا يالىڭاچلىنالمىغۇدەكمەن؟ ! ـ دېدىمەن.

ـ ناتايىن! ـ دېدى ئوبۇل ئەپەندىم، ـ ھەر ھالدا ، كىيىم ـ كېچەك دەپ ئۈستىمىزگە ئارتىۋالغان بۇ لاتا ـ پەتىلەر خېلى كۆپ ئەيىبلىرىمىزنى يېپىپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنى تېشىدىنلا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇدىغان ئىش بولسا، ئۇچاغدا، خېلى ـ خېلى يوغان گەپ قىلغانلارمۇ تالاغا چىقالماي قالىدىغۇ، دەيمەن! ؟ . . .


ئوبۇل ئەپەندى شۇ گەپلەرنى قىلىپ خوشلىشىپ ماڭدى.

ـ ياخشى چۈش كۆرۈڭ ئوبۇل ئەپەندىم! ـ دېدىم.

1999 ـ يىل 21 ـ دېكابىر، غۇلجا

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى

(M1)



# يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدۇ

ـ يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر بىلەن سۆھبەت

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرىدىغانلار، دۆلەت ئىچىۋە چەت ئەللەرگە تونۇتىدىغانلار كىملەر؟ ئۇلار بىزنىڭ گىگانت يازغۇچىلىرىمىز. مەمتىمىن ھوشۇر نادىر ھېكايە، رومان، پوۋېستلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن ئەدىب، خەلقىمىز ئورتاق ئېتىراپ قىلغان تالانتلىق يازغۇچى، پىروزا سېپىدىكى بايراقدار.

مېنىڭچە، ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەردىكى سېھرىي كۈچ، ئىچكى ئېنېرگىيە، يوشۇرۇن مەنە پۈتمەس-تۈگىمەس بولىدۇ. «ھاملېت» قا ئوخشاش ئېسىل بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئەسىرلەر بويى توختىماي تەتقىق قىلىنىۋاتقانلىقىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ يەردە. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھەر بىر پارچە ھېكايىسىنى ئۆزگىچە بىر دۇنيا دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەر بىرسى ھەققىدە بىردىن كىتاب يازساقمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. مەن يېقىندا مەمتىمىن ھوشۇر بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا بىللە بولدۇم. بارغانلا جايىمىزدا VCD پلاستىنكىسى قىلىپ ئىشلەنگەن «قىرلىق ئىستاكان» نىڭ گېپى بولدى. خەلقنىڭ بۇ تالانتلىق يازغۇچىغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. يازغۇچىنىڭ ئابرويىنى ئۆستۈرىدىغانمۇ، ئۇنى يەرگە قارىتىدىغانمۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئەسەر. «قىرلىق ئىستاكان» ھاسىل قىلغان ئېستېتىك ئۈنۈم شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردىكى، بىر پارچە ئېسىل ھېكايىنىڭ رولى، تەسىرى ھەم قىممىتىنى ھەرگىزمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدىكەن.

مەن يازغۇچى بىلەن شۇ قېتىمقى سەپەر جەريانىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت خاتىرىسىنى رەتلەپ، ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلدىم. بۇ سۆھبەت خاتىرىسى ئەدەبىيات-سەنئەتكە مۇھەببەت باغلىغان كىشىلەرگە ئاز-تولا نەپ بېرەلىسە، مۇرادىمغا يەتكەن بولاتتىم.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** مەمتىمىن، ئۆزگىچە

www.uyghurkitap.com

ئۇسلۇبقا ئىگە «قۇم باسقان شەھەر» ناملىق رومانىڭىزدا قويۇق ۋە گۈزەل رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ۋەقەلىكلەر، كۈچلۈك سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە پېرسوناژلار تەسۋىرى ئارقىلىق بىخوتلۇققا، نەپسانىيەتچىلىككە پېتىپ قالغان ئىنسانلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ماھىرلىق بىلەن كۆرسىتىپ بەردىڭىز، شۇنىڭدەك ئۇلارنى ئاچچىق تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا يېڭى دۇنيا يارىتىشقا ئىلھاملاندۇردىڭىز. ئوقۇرمەنلەر سىزنىڭ بۇ رومانىنى نېمىشقا مۇشۇنداق ئۇسلۇبتا يازغانلىقىڭىزنى بىلىشكە قىزىقىدىغاندەك قىلىدۇ.

**مەمتىمىن ھوشۇر:** مېنىڭ يازغىنىم ئاي-كۈنلىرى ئېنىق بولغان تارىخنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈش توغرىسىدىكى بىر رىۋايەت. «قۇم باسقان شەھەر» - خەلق رىۋايەتلىرى بىلەن ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى يۇغۇرۇلۇپ پۈتكەن بەدىئىي ئەسەر. بىز ئىجادىي ئىزدىنىشكە ماھىر بولساقلا، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىنتايىن مول ئىپادىلەش يوللىرىنى تېپىپ چىقالايمىز. ئەدەبىياتىمىز ئىلگىرىدىن شەكىللىنىپ قالغان قاتماللىقتىن ئاستا-ئاستا قۇتۇلۇپ چىقىپ، رەڭدارلىققا ئېرىشىۋاتىدۇ. خەلق رىۋايەتلىرىدىن پايدىلىنىش، ئەسەرگە رىۋايەت تۈسىنى بېرىش بۇ بىر يېڭى ئىشمۇ ئەمەس، يازما ئەدەبىيات شەكىللەنگەندىن باشلاپلا خەلق رىۋايەتلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ كەلگەن.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** «قۇم باسقان شەھەر» دە كونكرېت ماكان، زامان تىلغا ئېلىنمىغان. رېئاللىقنى، تۇرمۇشنى بۇخىل يول بىلەن ئىپادىلەشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** بىز بۇ رومانىنى رىۋايەتكە يېقىن دېدۇق. رىۋايەتلەرنىڭ ئۆزىدىمۇ كۆپ ھاللاردا ماكان زامان، ئېنىق بولمايدۇ. بالا ۋاقتىڭىزدا موماڭىزدىن ئاڭلىغان «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ بولغانىكەن» دەپ باشلىنىدىغان چۆچەكلەر ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك. سىز ئۆز تەسەۋۋۇرىڭىزدا ئۇ چۆچەكلەردىكى ۋەقەلەرنى قايسى ماكان، قايسى زاماندا ئۆتكەن دەپ پەرەز قىلسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. ماكان ۋە زاماندىكى مۇنداق ئېنىقسىزلىق ئوقۇرمەننىڭ تەسەۋۋۇرىغا تېخىمۇ مول بوشلۇق قالدۇرىدۇ.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** «قۇم باسقان شەھەر» نىڭ باش قىسمىنى ئوقۇۋاتقان چېغىمدا بۇ رومانىنىڭ قۇرۇلمىسىدا چېچىلاڭغۇلۇق باردەك، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەر شاخلاپ كەتكەندەك تۇيۇلغانىدى. رومانىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋەقەلەرنى بىر نۇقتىغا ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن يىغىنچاقلىغانلىقىڭىزغا ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم. بۇ ئەسىرىڭىزنىڭ قۇرۇلمىسىنى روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

**مەمتىمىن ھوشۇر:** بۇ رومانىنىڭ قۇرۇلمىسىدا سىز ئېيتقاندەك ئۆزگىچىلىك راستتىنلا بار بولسا، ئۇنى تەھلىل قىلىش سىزدەك ئوبزورچىلارنىڭ ئىشى. ئىشقىلىپ ماڭا بۇ رومانىدىكى ۋەقەلەرنى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇرسام ئەپلىك بولىدىغاندەك، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدىغاندەك تۇيۇلدى. شۇڭا شۇنداق يازدىم. مېنىڭچە قۇرۇلما دېمەكلىك ئەسەر ۋەقەلىكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەنلىك. ئەدەبىياتتا ئەزەلدىن تەييار قۇرۇلما فورمۇلاسى بولغان ئەمەس. ھەربىر ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى شۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ بەدىئىي دىتى، سەنئەت قارىشى، ئىجادچانلىقىغا ئاساسەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ئەسەر قۇرۇلمىسى ئۈستىدە بىز تېخى ئاز ئىزدەندۇق.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** سىزنىڭ «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چارخوراز»، «چوشقىلارغا بايرام» قاتارلىق ھېكايىلىرىڭىزدا ھايۋانلار ئادەملەرنىڭ قىلىقىنى قىلىدۇ، بەزىدە ئادەملەر ھايۋانلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىڭىزنى بىلىشنى بەكمۇ خالايدىكەن.

**مەمتىمىن ھوشۇر:** ئادەملەرنى ھايۋانلاشتۇرۇش، ھايۋانلارنى ئادەملەشتۇرۇش خەلق چۆچەكلىرىدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، «چار خوراز» نىڭ خەنزۇچە نەشرىنى «لۈجۇ» («بوستان») ژۇرنىلى بەرمەكچى بولغاندا، تەھرىر بۆلۈم ئۆزۈمنىڭ ئازراق يېزىقچىلىق تەسراتىمنى يېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنگەنىكەن. شۇ چاغدىمۇ بۇ ھەقتە ئېيتقانىدىم. بىز ھەممىمىز تۇرمۇش قايىنىمىدا ياشايمىز. ھەركۈنى ئەتراپىمىزدا سادىر بولۇۋاتقان ئىشلار، كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ تۇرۇۋاتقان رەڭگا-رەڭ ھايات كارتىنىلىرى بىزنى بەزىدە كۈلدۈرىدۇ، بەزىدە ئويغا سالىدۇ. ئويلانغانسېرى كاللامدا شۇنداق غەلىتە نەرسىلەر توقۇلغىلى تۇرىدۇكى، ئىختىيارسىز قولۇمغا قەلەم ئېلىپ يېزىشقا ئولتۇرۇمەن. تەپەككۇرۇمدا ئەگىپ يۈرگەن نەرسىلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە قانداق تىل، قانداق بەدىئىي ماھارەت بىلەن يەتكۈزسەم بولار، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرىمەن. يېزىۋاتقانلىرىم ئەدەبىيات قائىدىلىرىگە چۈشۈۋاتامدۇ-يوق؟ دېگەننى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەيمەن. نەتىجىدە «چارخوراز» غا ئوخشاش ئاجايىب-غارايىپ بىر نېمىلەر پۈتۈپ چىقىدۇ. ئۇنى تەھرىر بۆلۈملىرىگە ئەۋەتكەندىن كېيىن، زادى نېمىلەرنى يېزىۋەتكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ ئۇنتۇپ قالىمەن. بەزىدە مۇنداق ھېكايىلەر بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن، ژۇرنالنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ، «مۇنداق غەلىتە بىر نېمىلەر كاللامغا قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟» دەپ ئۆزۈممۇ ھەيران بولىمەن... لېكىن سىز ھەرگىزمۇ بۇنى بىھۇدە توقۇلما دەپ ئويلاپ قالماڭ، بۇ، رېئال تۇرمۇشنىڭ سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلىنىشى. ئەگەرمەن بۇ دۇنياغا تۆرەلمىگەن بولسام، ئەتراپىمدا ھەركۈنى شۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرمىغان بولسا،

كاللامغىمۇ ئۇنداق غەلىتە نەرسىلەر كەلمىگەن بولاتتى.

ھەقىقىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقىدىنمۇ چىن چىنلىق. ئابدۇقادىر جالالىدىدىن «شىنجاڭ گېزىتى» ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدا توغرا ئېيتقان: قارىماققا سۇپسۇزۇك تۇرغان بىر تامچە سۇنى مىكروسكوپتا كۆرسىڭىز، باشقىچە ئالامەتلەرنى كۆرىسىز. ئاشۇ بىر تامچە سۇنىڭ قارىماققا سۇپسۇزۇك تۇرغىنىمۇ راست، مىكروسكوپتا باشقىچە كۆرۈنگىنى تېخىمۇ راست. سەنئەتكارنىڭ كۆزى بەزىدە تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ئادەملەر كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى بايقاپ قالىدۇ... توپ-زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلەپ ئېتىلىپ تۇرغان جەڭ مەيدانىدا كىمنىڭ ھەقىقىي قەھرىمان ئىكەنلىكىنى ئايرىماق ناھايىتى ئوڭاي ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بەزى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە پۇل، ھوقۇق، ھەشەمەتلىك ماشىنا، ياسىداق ئۆيلەرنى قولغا كەلتۈرۈش قەھرىمانلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇلارنى زىننەتلەپ تۇرغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ماھىيىتىگە مەنسۇپ ئەمەس... قاراڭ، چارتوخۇ خورازغا ئايلىنىۋېدى، پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان «قەھرىمانلار» ئۇنى سوقۇشتۇرۇۋېرىپ ھالىنى قويمىدى. چار توخۇ «مىكيان پېتىم تۇرغىنىم ياخشىراقكەن» دەپ، يەنە مىكيانغا ئايلىنىپ قالدى. لېكىن ئاشۇ «قەھرىمانلار» ئەڭ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشنىڭ دەل ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى سەزمەيدۇ...

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** «ساراڭ» ناملىق ھېكايىنىڭ ئاپتورى، يەنى «مەن» ئوبرازى سىزنىڭ بىرمۇنچە ھېكايىلىرىڭىزدىكى كۈلكىلىك ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قاتنىشىدۇ. سىزنىڭ 1980-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە پېرسوناژنى يارىتىۋالغانلىقىڭىزنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنىڭ ئۆزىلا ھېكايە ئىجادىيىتىڭىزدىكى بىر زور مۇۋەپپەقىيەت دەپ قارايمەن. بۇ پېرسوناژ قارىماققا تاغدىن-باغدىن سۆزلەۋاتقاندەك قىلىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە سىز ئۇنىڭ كۆزى، كۆزىتىش ئىقتىدارى، تىلىدىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى، كىشىلەر ئارىسىدىكى، مەنىۋى تۇرمۇشىمىزدىكى، مىللىي پىسخىكىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەرنى، چاكىنىلىقلارنى، چىرىكلىكنى ئاچچىق مەسخىرە قىلدىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «ساراڭ» نىڭ ئاپتورىدىن ئىبارەت بۇ ئۆزگىچە پېرسوناژ قاتناشقان ۋەقەلىكلەر، ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى بىرىنچى شەخس، يەنى «مەن» نىڭ تىلى بىلەن يېزىلغان. شۇڭا بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى شۇ قەدەر جانلىق، ئويناق، ئەركىن، تەبىئىي چىققان. سىز بۇنىدىن كېيىنكى ھېكايە ئىجادىيىتىڭىزدە «ساراڭ» نىڭ ئاپتورىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە پېرسوناژىڭىزنىڭ رولىدىن داۋاملىق پايدىلانماقچى بولۇۋاتامسىز؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** «ساراڭ» تۈرىدىكى ھېكايىلەر ھازىر يەتتە-سەككىز پارچىگە يەتتى. ھەربىر ھېكايىدىكى ۋەقەلەر بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىز. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرىنچى شەخستە - «ساراڭ» نىڭ ئاپتورى - «مەن» نىڭ تىلىدىن يېزىلگەن. ئوقۇرمەنلەرگە ھازىر بۇ غەلىتە ئاپتور خېلىلا تونۇشلۇق بولۇپ قالدى. تۇرمۇش دېگەن شۇنداق. چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تۈزۈلگەن دەبدەبىلىك گەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەقىقەت بولۇشى ناتايىن. بەزىدە مەلۇم تاقىقا-تۇقىقا گەپلەرنىڭ ئۆزىدە ھەقىقەت چاقناپ تۇرغانلىقىنى سېزىسىز... ساراڭ توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى يەنە يېزىشىمۇ، يازماسلىقىممۇ مۇمكىن. بۇنى ماڭا يەنە شۇنداق ۋەقەلەرنىڭ ئۇچراش-ئۇچرىماسلىقى ۋە ئۇ ۋەقەلەرنى شۇنداق بەدىئىي شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇش-تۇغۇلماسلىقى بەلگىلەيدۇ.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** يېقىنقى بىر-ئىككى يىلدىن بېرى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا بىر نەچچە پارچە ھېكايە ئېلان قىلدىڭىز. بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەر بىرىدە روشەن ئۆزگىچىلىكلەر بار ئىكەن. مەسىلەن، «تەيىيا باي» نى ئالايلى، بۇ ھېكايە ئەنئەنىۋى ھېكايىچىلىق ئۇسۇلىمىزدا ناھايىتى راۋان يېزىلىپتۇ. بۇ ھېكايىدىكى ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى بەدىئىي توقۇلمىمۇ ياكى بۇ ۋەقەلەرنىڭ تارىخىي ئاساسى بارمۇ؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە كۇرەدە يامۇلنىڭ ئاتلىرىنى باقىدىغان ئاشۇنداق بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. بۇ ئاتباقارنىڭ «ھوي، ماۋۇ دېگەن جياڭجۈننىڭ ئېتى جۇمۇ؟» دەپ قويۇپ چىڭ خاندانلىقىنىڭ كۇرەدىكى ئەڭ ئاخىرقى جياڭجۈنى جى رۇيىنىڭ ئىسيانچىلار قولىغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقىمۇ راست. شۇ يىللاردا يەنە كۇرە، ئۈرۈمچىلەردە ئۇيغۇرلاردىنمۇ ئۇستا چاقچاقچىلىقلەشلەر چىققانىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەيىيا باينىڭ ئۈستىگە توقۇلما قىلىنغان.

مەن ئەزەلدىن ئەنئەنىۋى يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنى چەتكە قاققان ئەمەس. يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشكىمۇ خېلىلا خۇشتار. مېنىڭچە، مەيلى ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش شەكلى بولسۇن، ياكى يېڭىچە ئىپادىلەش شەكىللىرى بولسۇن، بۇنىڭ ھەممىسى ۋاستە. مەقسەت مەلۇم ۋەقەلىكلەرنى راۋان بايان قىلىپ، ئوقۇغۇچىغا ئۆز غەرىزىنى يەتكۈزۈش. قايسى ئۇسۇل بايان قىلىشقا ئەپلىك بولسا، شۇ ئۇسۇلنى قوللانغان ياخشى... ئەگەر سىز «تەيىيا باي» دىمۇ بىرەر ئۆزگىچىلىك بار دەپ قارىسىڭىز، مېنىڭچە، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچىلىك بۇ ھېكايىگە خەنزۇلارنىڭ «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە»

www.uyghurkitap.com

دېگەن كىتابىدىن كېرەكلىك شېئىرلار تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى1998-يىل 2-، 3- (قوشما) سانىدا «تەيىبا باي» بىلەن بىللە ئېلان قىلىنغان «شاھ ۋە قاغا» ناملىق يەنە بىر ھېكايىڭىزدا شاھ ئوردىدىن قېچىپ چىقىپ، بىر تېرەك ئاستىغا كېلىپ ئولتۇرغاندا، شاھنىڭ قېشىدا چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر دىۋانە سۈپەت ئادەم پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ، شاھقا بىر-ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ پېرسوناژنىڭ بۇ يەرگە قىستۇرۇلۇپ قېلىشىنىڭ قانداق زۆرۈرىيىتى بار؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** مەن نېمىشقىدۇر يىراق بىر ئۆتمۈش توغرىسىدا ھېكايە قىلماقچى بولۇپ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئولتۇرسامىلا كۆز ئالدىمدىن شۇنداق چاچلىرى كۈلاسىدىن ئېشىپ گەدىنىگە چۈشكەن، سەپەر خالتىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتقان، دىۋانە سۈپەت جاھانكەزدىنىڭ ئوبرازى كەتمەيدۇ. سىز بايقىدىڭىزمىكىن، «قۇم باسقان شەھەر» دىكى سۈپۈرگە، «نوزۇگۇم» دىكى ھەسەن دەرۋىش، «شاھ بىلەن قاغا» دىكى سىز ئېيتقان ھېلىقى پېرسوناژلار ئەنە شۇنداق ئادەملەر. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆتمۈشنىڭ دىۋانە سۈپەت ئاشىقلىرى، دەرۋىشلەر، ئۆگىمەس سەرگەردانلىقنى كەسىپ قىلغان جاھانكەزدىلەر شۇ زامانىنىڭ ئىسيانكارلىرى ئىدى. ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدىكى ساختىلىق، ئالدامچىلىقلاردىن بىزار بولۇپ يىگانىلىقنى تاللىۋالغان، ھەقىقەتنى سۆزلىگىنى ئۈچۈن شاھلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ يۇرتلىرىدىن قوغلانغان. ئۆمەر ھەييام، شەيخ سەئدىي؛ مەشرەپ قاتارلىق قانچىلىغان كىشىنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق قىسمەتلەر كەلمىگەن دەمسىز؟! ئۇلار ئۆز زامانىسىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى، پەيلاسوپلىرى. ئۇلارنىڭ قەلبى جاھان ھۆكۈمرانلىرىغا دەيدىغان ئاچچىق گەپلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** «نوزۇگۇم» ناملىق پوۋېستىڭىزدا نوزۇگۇم ھەققىدە سىزدىن بۇرۇن قەلەم تەۋرەتكەنلەر سۈرەتلەپ كەلگەن بىر پېرسوناژنىڭ، يەنى نوزۇگۇمنىڭ ئاكىسى ئابدۇللانىڭ ئوبرازىنى قايتا ياراتماپسىز، شۇنىڭدەك بۇ پوۋېستىڭىزغا نوزۇگۇم ھەققىدە ئىلگىرى يېزىلغان ئەسەرلەردە سۈرەتلەنمىگەن ھەسەن دەرۋىش ئوبرازىنى كىرگۈزۈپسىز. ھېلىقى ئەسەرلىرىڭىزدىكى ھەسەن دەرۋىش قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپلەرنى قىلدىڭىز. سىز ئېيتقاندەك، يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدىكى ھەر بىر پېرسوناژنى مۇئەييەن بەدىئىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە سۈرەتلەيدۇ. شۇڭا سىز بىلەن «نوزۇگۇم» ناملىق پوۋېستىڭىزنىڭ دۇنياغا كېلىشى، جۈملىدىن ئابدۇللا ئوبرازىنى سۈرەتلەشتىن

نېمىشقا ۋاز كەچكەنلىكىڭىز ۋە ھەسەن دەرۋىش ئوبرازى ئارقىلىق قانداق بەدىئىي غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىڭىز توغرىسىدا تېخىمۇ كەڭرەك پاراڭلاشقۇم كېلىۋاتىدۇ.

**مەمتىمىن ھوشۇر:** نوزۇگۇم توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ مەلۇمات بەرگەن ئەدىب - شائىر موللا بىلال. مەن ئۇنىڭ «نوزۇگۇم» قىسسىسىنى 1979-يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن ئوقۇپ، قاتتىق تەسىرلەندىم. بىر ئاجىز ئايالنىڭ مۇستەبىت كۈچلەر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئاشۇنداق تارىخىي شارائىتتا زورلاۋانلىققا باش ئەگمەي، ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ، ۋەتىنىگە، مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ ئۆتەلىشى ئاجايىپ بىر قەھرىمانلىق. لېكىن موللا بىلالنىڭ ئەسىرى ناھايىتى قىسقا يېزىلغان. كېيىن مەن نوزۇگۇم توغرىسىدا يېزىلغان داستانلارنى ئوقۇدۇم. شېئىرىي يول بىلەنمۇ بۇ ۋەتەنپەرۋەر ئايالنىڭ ئوبرازىنى تولۇق تىكلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەندە نوزۇگۇم توغرىسىدا چوڭراق بىر نەسرىي ئەسەر يېزىش خىيالى پەيدا بولدى. ئەسلىدە مەن «نوزۇگۇم» نى رومان قىلىپ يېزىشنى پىلانلىغان، لېكىن ئەينى يىللاردىكى شارائىتتا نوزۇگۇمنى رومان قىلىپ يېزىپ، ئېلان قىلدۇرۇشقا بولىدىغانلىقىغا تازا كۆزۈم يەتمىدى. شۇڭا بۇ ئەسەرنى دەسلەپ سىناپ بېقىش مەقسىتىدە قىسقا پوۋېست قىلىپ يېزىپ چىقتىم. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن ئويلىغاندەك «تارىم» ژۇرنىلى بۇ پوۋېستنى بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. كېيىن بۇ ئەسەرنى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇردۇم. بەزىلەرنىڭ بۇ پوۋېستنى «بەدىئىي ژانىر كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە سىغدىلىپ كەتكەن ئەسەر» دېيىشىدە مەلۇم ھەقىقەت بار. بۇ پوۋېستقا سىغدىلىپ كەتكەن ۋەقەلەر ھەقىقەتەنمۇ تولۇق بىر رومان بولۇپ ئاشاتتى.

نوزۇگۇم - ئوبرازى كىشىلەر قەلبىدە تىكلىنىپ بولغان خەلق قەھرىمانى. مۇنداق شەخسلەرنى يازماق ناھايىتى تەس. بۇ ئوبرازنى خەلق قەلبىدىكىدىن ئارتۇق قىلىپ يازالىغاندىلا، ئوقۇرمەنلەرنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ. كۆپ ئىزدىنىش، كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق «نوزۇگۇم» پوۋېستىدا ئىلگىرى نوزۇگۇم توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن پەرقلىنىدىغان مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى گەۋدىلەندۈردۈم:

بىرىنچى، مەن يازغان «نوزۇگۇم» پوۋېستى ۋەقەلىكلىرى مەيلى قانچىلىك سىغدىلىپ كەتسۇن، نوزۇگۇم توغرىسىدا ئىلگىرى يېزىلغان ئەسەرلەردىن ھەجىم جەھەتتە يەنىلا چوڭراق.

ئىككىنچى، ئىلگىرى نوزۇگۇم توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن بەزى پېرسوناژلارنى مەن چىقىرىۋەتتىم، بەزىلىرىنى يېڭىدىن كىرگۈزدۈم. مەسىلەن، ھېلى سىز ئېيتقاندەك، ئىلگىرىكى ئەسەرلەردە نوزۇگۇمنىڭ ئاكىسى ئابدۇللا

يېزىلغان. ئىلىغا نوزۇگۇمدىن ئىلگىرى چىقىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ قوينىنى بېقىپ كۈن ئالغان بۇ ئوبرازنى مەن تاشلىۋەتتىم. چۈنكى بۇ ئوبراز ماڭا زوراۋان كۈچلەرگە باشتىن-ئاياغ باش ئەگمەيدىغان نوزۇگۇم ئوبرازىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدىغاندەك، نوزۇگۇم ئىپادىلىگەن مىللىي قەھرىمانلىق روھىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغاندەك بىلىندى.

«نوزۇگۇم» پوۋېستىغا ئىلگىرىكى ئەسەرلەردە يېزىلمىغان ھەسەن دەرۋىش ئوبرازىنى كىرگۈزدۈم. ھەسەن دەرۋىش يازغۇچىنىڭ خاھىشى، ئېستېتىك قارىشىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان؛ ئەسەردىكى ۋەقەلەرگە باشتىن-ئاخىر شاھىد بولۇپ، ۋەقەلەر ئۈستىدە ئۆز ھۆكمىنى ئېلان قىلىدىغان تىرىك ئادەم، جانلىق بەدىئىي ۋاسىتە. نوزۇگۇم بىلەن باقى تېخى ياش باللار، ھەسەن دەرۋىشنىڭ گەپلىرىنى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بەرگەندە، ئەسەر سۇنئىيلىشىپ قالغان بولاتتى.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** سىز «نوزۇگۇم»، «ساۋاقداشلار» پوۋېستلىرىدىكى قايسى پېرسوناژلىرىڭىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان دەپ قارايسىز؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** سىز دىققەت قىلدىڭىزمىكىن، ھەر ئىككىلا پوۋېستىمدا ئاساسلىق قەھرىمانلارغا قارىغاندا يانداش پېرسوناژلار ياخشى يارىتىلغان. «نوزۇگۇم» دا نوزۇگۇم بىلەن باقىغا قارىغاندا ئوقۇغۇچىغا ھەسەن دەرۋىش ئوبرازى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. «ساۋاقداشلار» دىمۇ ئۆزۈمگە ئەلى بىلەن رابىيە ناھايىتى غۇۋاكۆرۈنىدۇ، ئۇلارغا قارىغاندا سارە، ئەزىز، راخمان مۇئەللىم قاتارلىق پېرسوناژلار ناھايىتى جانلىق .

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** «ساۋاقداشلار» ناملىق پوۋېستىڭىزدا سۈرەتلەنگەن بۇ پېرسوناژلارنىڭ پروتوتىپلىرى باردۇ؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** بۇ پوۋېستتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلارنىڭ تۇرمۇشى يېزىلغان. ئۇ چاغدا مەنمۇ ئوقۇغۇچى ئىدىم. ئەسەردىكى بەزى قەھرىمانلارنىڭ تىرىك پروتوتىپلىرى بار، لېكىن ئەسەردە ئۇلارنىڭ ئىسمى ئۆزگەرتىلگەن ۋە ھايات كەچۈرمىشلىرى ئازراق پىششىقلانغان.

ساۋاقداشلار توغرىسىدا مۇشۇنداق بىر ئەسەر يېزىشنى ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاپ يۈرگەنىدىم . بېشىمنى ئەڭ قاتۇرغان نەرسە ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى بولدى. «ساۋاقداشلار» پوۋېستىدىكى ھەر بىر ساۋاقداشنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم ۋەقەلەر. بۇنى ئەسەردە قانداق قىلىپ بىر-بىرىگە چېتىپ، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىش كېرەك؟ ئاخىرىدا مەن ئەلىگە ئۆز سۆيگىنىنى ئىزدەتكۈزۈشتەك ئۇسۇلنى ئويلاپ تاپتىم. ئەلى تۈرمىدىن چىقىپ، رابىيەنى ئىزدەيدۇ. شۇ جەرياندا ئۆز ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىزدەك تۇرغان ۋەقەلىكلەر مۇشۇ ۋاستە ئارقىلىق بىر-بىرىگە چېتىلىپ، بىرپۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. ھەر بىر ساۋاقداشنىڭ كەچۈرمىشىنى بىردىن مارجان دېسەك، ئەلىنىڭ رابىيەنى ئىزدىشى مۇشۇ مارجانلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ تۇرىدىغان يىپ. «رابىيە زادى ھاياتمۇ-يوق؟» دېگەن مەسىلە ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يېشىلىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇمۇ ئوقۇرمەنلەرنى ئەسەرنى ئاخىرىغىچە قىزىقىپ ئوقۇپ چىقىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن تاللانغان ئۇسۇل.

مېنىڭچە، «ساۋاقداشلار» نىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. پوۋېستنىڭ ئوقۇغۇچىغا بېرىدىغان چىنلىق تۇيغۇسى قويۇق. ئەسەردىكى ھەر بىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ئېنىق، بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** سىز «ساۋاقداشلار» پوۋېستىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ھەممە جەھەتتىن ئۇزۇل-كېسىل بەربات بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئاچچىق رېئاللىقنى قانداق بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بەردىڭىز؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** ئەسەردە بۇ نۇقتا بىر مەزگىل مەكتەپكە پاتماي قالغان ، ئەلىگە قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغان ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئەلىنىڭ ئاياق ئاستىغا يىقىلىشى ئارقىلىق روشەن ھەم جانلىق ئىپادىلەنگەن.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** مەن 1987-يىلى «ھاراق توغرىسىدا ھېكايە» ناملىق ئەسىرىڭىز توغرىسىدا بىر پارچە ئوبزور يېزىپ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدىم. بۇ ھېكايىڭىز ماڭا ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلغان، بولۇپمۇ ھېكايىدىكى تۇرمۇش كارتىنىلىرى بىلەن ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ قويۇق چىنلىق پۇرىقىغا ئىگە قىلىنغانلىقى، شۇ قەدەر تەبىئىي ھەم جانلىق چىققانلىقى مېنى قايىل قىلغانىدى. بۈگۈن ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ ھېكايە ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىزنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

**مەمتىمىن ھوشۇر:** بۇ ھېكايەم دەسلەپ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىدى، كېيىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ .«تەرمە گۈللەر» سەھىپىسىگە قايتا بېسىلدى. مەنمۇ بۇ ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ھېكايىلىرىمنىڭ بىرى، دەپ قارايمەن. خېلى كۆپ ئوقۇرمەنلەرمۇ بۇ ھېكايىدىن ھوزۇر ئالغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ ھېكايىدىكى سىر، ئاددى خەلق تىلىدىن پايدىلىنىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغان ئۇششاق تەپسىلاتلارنى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ چىقىشتا. ئاشۇ تىل ۋە تەپسىلاتلار ھېكايىنى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا، چىنلىققا ئىگە قىلغان. بىرەيلەننىڭ بۇ ھېكايە توغرىسىدا «سەنئەت بار، پىكىر

يوق» دېگەن باھاسىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ھېكايىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن تۈپكى پىكىرنى ئىزدەپ تاپماق تەس ئىكەن. سىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ ھوزۇرلىنىسىز، خوشال بولىسىزۇ، زادى نېمىشقا شۇنچە خۇشھال بولۇپ كەتكىنىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ ئويلاپ تاپالمايسىز. مېنىڭچە، ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر ئەسلىدە شۇنداق بولۇشى كېرەك.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** سىز پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندە، خاراكتېر ياراتقاندا قايسى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىسىز؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** ئەسەرلىرىمدە پېرسوناژلارنىڭ چىراي-شەكلىنى ئانچە تەسۋىرلەپ كەتمەيمەن. ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزى، ھەرىكەتلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ،تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنىڭ چىراي-شەكلىنى يارىتىۋېرىدۇ. خاراكتېر يارىتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بەزىدە ۋەقەلەر تەرەققىياتى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىدۇ، بەزىدە پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئۆزى ۋەقەلەر تەرەققىياتىنى تۇغدۇرىدۇ. قەلەم تۇتقان ئادەم مۇشۇ قانۇنىيەتكە بويسۇنغاندا، ئاندىن پېرسوناژلار خاراكتېرى چىن بولۇپ چىقالايدۇ.

سىز تۇرمۇشقا زەن سېلىڭ. ئىككى ئادەم جېدەللىشىپ قالدى دەيلى، ئەگەر ئۇلارنىڭ مىجەزى چۇس بولسا، بۇ جېدەلنىڭ ئاخىرى مۇشتلىشىشقا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن؛ ئەگەر ئۇلار مىجەزى ياخشى ئادەملەر بولسا، بىر-بىرىگە ھاي بېرىپ، جېدەل پەسىيىپ قېلىشى مۇمكىن. مانا بۇ، خاراكتېرنىڭ ۋەقە تەرەققىياتىغا تەسىرى. بىر يەردە قاتتىق مۇشتلىشىش بولۇۋاتىدۇ دەيلى، بەزى قېنى قىزىق ئاغىنىلەر ئۆزىنى تۇتالماي يەڭنى تۈرۈپ، بۇ جېدەلگە بېشىچە كىرىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۆزىنى ئايايدىغان ئادەملەر بولسا، غىپپىلا قىلىپ بۇ يەردىن كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مانا بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە خاراكتېرنىڭ ئاشكارىلىنىشى.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** يېقىندىن بۇيان بەزى يەككە تىجارەتچىلەر ئۆز يېنىدىن مەبلەغ چىقىرىپ، سىزنىڭ «قىرلىق ئىستاكان» ، «داپ» قاتارلىق ھېكايىلىرىڭىزنى VCD پلاستىنكىسى قىلىپ ئىشلىدى. مېنىڭچە بۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ساھەسىدە، جۈملىدىن ئۈن-سىن بازارلىرىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلىق. مىللىتىمىزنىڭ كىنو-تېلېۋىزىيە سەنئىتىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈشتە مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن كىنو سەنئەتكارلىرى ئالدى بىلەن سىزنىڭ قويۇق يومۇرىستىك، ساتىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەسەرلىرىڭىزنى تاللىۋالدى. سىز ھېكايىلىرىڭىز ئاساسىدا ئىشلەنگەن VCD پلاستىنكىلىرىنىڭ سۈپىتىدىن رازىمۇ؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** VCD فىلىمى - «قىرلىق ئىستاكان» دىن پەيدا بولغان قىزغىنلىق يالغۇز مېنىڭ ھېكايەمگىلا مەنسۇپ ئەمەس؛ ئۇ، ئارتىسلارنىڭ ئورۇنداش ماھارىتى، ئوپېراتور، رېژىسسور ۋە فىلىملەشتۈرگۈچىلەرنىڭ ئورتاق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. فىلىم - ئۈنىۋېرسال سەنئەت. ئۇنىڭدا ئەسەر قەھرىمانلىرى، مۇھىت كۆرۈنۈشى، مۇزىكا قاتارلىقلار بىرلەشكەن بولىدۇ. ياخشى ئەسەر كۆڭۈل قويۇپ فىلىملەشتۈرۈلسە، يازما ئەسەرگە قارىغاندا ئۇنىڭدىن بەھر ئالغۇچىلارنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. بىراق VCD فىلىمى ئىشلەش بىز ئۈچۈن تېخى يېڭى ئىش بولغاچقا، بەزى ياخشى ئەسەرلەرنى ئالدىراپلا ئىشلەپ، ئەسلى ئەسەرنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** سىز ئىجادىيەتكە قاچاندىن باشلاپ كىرىشتىڭىز؟ نەتىجىلىرىڭىزدىن رازىمۇ سىز؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** دەسلەپكى ئەسىرىم - «مېنىڭ ئانام» 1959-يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان. بۇ، ئوچېرك خاراكتېرىدىكى ئەسەر ئىدى. تۇنجى ھېكايەم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە «شىنجاڭ گېزىتى» گە «ئالما» دېگەن ماۋزۇدا بېسىلىپ چىقتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «ئاخىرقى سىناق» ، «قىز قەلبى» قاتارلىق ھېكايىلىرىمنىڭ قولىيازما ھالەتتە ياشلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەتبۇئاتلارغا بىر نەرسە يازغۇم كەلمىدى. 1978-يىلى قولۇمغا قايتا قەلەم ئېلىپ ھازىرغىچە100دىن ئارتۇق ھېكايە، پوۋېست، ئەسلىمە ۋە ئىلمىي ماقالەم ئېلان قىلىندى؛ 12كىتابىم نەشردىن چىقتى. ئاساسلىق ھېكايىلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. يەنە بىرقىسىم ئەسەرلىرىم قازاق، ئۆزبېك، موڭغۇل، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردە قايتا بېسىلدى . بىر قارىسام خېلىلا ئىش قىلغاندەك كۆرۈنىمەن. لېكىن بۇ 1978-يىلدىن ھازىرغىچە بولغان 20يىللىق ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى-دە! شۇڭا ئۆزۈمنى مەھسۇلاتلىق يازغۇچى دېيەلمەيمەن.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** مەمتىمىن، مېنىڭچە، ھەرقانداق تالانتلىق يازغۇچىدىمۇ بەزى سەلبىي تەجرىبە - ساۋاقلار، ئۆكۈنۈشلەر بولىدۇ. سىزدىمۇ بەلكىم بەزى ئاچچىق تەجرىبە-ساۋاقلار ياكى ئۆكۈنۈشلەر باردۇ؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** تەجرىبە-ساۋاقلار ئۈستىدە سۆزلىسەك، يەنە جىق سۆزلەپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆكۈنۈش دېسىڭىز، تۇنجى ئەسىرىم، يەنى «مېنىڭ ئانام» دېگەن ئوچېركىم ئېلان قىلىنغان

1959-يىلدىن تاكى 1970-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 20يىلغا يېقىن ۋاقىتنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئۆكۈنىمەن. ئويلاپ باقسىڭىز، بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىدە مۇشۇنداق 20يىلدىن يەنە قانچىسى باردۇ؟!...

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** ئەدىبلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. سىزمۇ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا كۆپ يىل تەھرىرلىك قىلدىڭىز، «تارىم» ژۇرنىلىدىمۇ بىرمەزگىل ئىشلىدىڭىز. مۇشۇ جەرياندا تەھرىرلىك كەسپى توغرىسىدا قانداق چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدىڭىز؟ سىز تەھرىرلىك كەسپى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** ھەممىيلەن ئېتىراپ قىلغاندەك، تەھرىرلىك ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك خىزمەت. مۇھەررىرلەر شەك-شۈبھىسىزكى نامسىز قەھرىمانلار. ئوقۇرمەن پەقەت ئاپتورنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ئەسىرىنىلا ئوقۇيدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى ئارگىنالىدا قانچىلىك نۇقسانلار مەۋجۇدلۇقى، ئۇنىڭغا مۇھەررىرنىڭ قانچىلىك ئەمگىكى سىڭگەنلىكى ئاپتور بىلەن مۇھەررىر ئوتتۇرىسىدا سىر بولۇپ قالىدۇ. ئاپتورلار قوشۇنىدىكىلەرنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغانلار، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەقىقىي باھالىيالايدىغانلار ئەسلىدە مۇھەررىرلەر، لېكىن بىزدىكى ئەسەر باھالاش ئىشلىرىدا يەنىلا مۇھەررىرلەر قاتناشتۇرۇلماي چەتتە قالدۇرۇلۇۋاتىدۇ. بۇ، نورمال ئەھۋال ئەمەس، ئەلۋەتتە.

مۇھەررىرنىڭ ھەممىگە ئوخشاش ياخشى بولۇپ كەتمىكى تەس. چۈنكى قەلىمى پىشقان ئازساندىكى كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپتورلارنىڭ كۆپى ئۆز ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇرۇشقىلا ئالدىرايدۇ، مۇھەررىرنى نام چىقىرىشقا كاشىلا بولۇپ تۇرغان «توسالغۇ» دەپ قارايدۇ.

مۇھەررىرلەر قوشۇنى ئەتراپلىق تەربىيىلەنگەن، مەلۇم ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە ئىگە، باشقىلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن ئۆز ئەجرىنى سىڭدۈرۈشنى خالايدىغان، قورساقى كەڭ، لىللا ئادەملەردىن تەشكىللىنىشى كېرەك.

مۇھەررىر ئىجادىيەتتە بارغانسېرى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، ئۆز ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇرۇشتا ئېھتىياتچان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ باشقىلاردىنمۇ شۇنداق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ-دە! تەھرىر بۆلۈمىدە كۆپىنچە سەۋىيىسى تۆۋەن نەرسىلەرنى كۆرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقى، دىققەت قىلىنمىسا ئۆز ئىجادىيىتىدىمۇ چېكىنىش بولۇپ قالىدۇ. ھارغىنلىق يېتىپ، ئىشتىن قايتىپ بېرىپ يەنە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا رايى بارمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، ئاخىرىغا بېرىپ مۇھەررىرنىڭ ئۆزى ئىجادىيەت قوشۇنىدىن چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. پېشقەدەم مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى تەھرىرلىك خىزمىتىگە ئاتاپ، ئۆزى ئىجادىيەت سېپىدىن چۈشۈپ قالغان كىشىلەر ئاز ئەمەس. ھەممىمىزدە ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا باي بۇ كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** مەمتىمىن، «قۇم باستان شەھەر» ناملىق رومانىڭىزنىڭ ئاخىرىدا بارلىقىدىن مەھرۇم بولغان ئادەملەرنىڭ يەنىلا ناخشا-ئۇسسۇلغا مەستانە بولۇپ يۈرگەنلىكى سۈرەتلەنگەن. بەزى ئوقۇرمەنلەر بۇنى مىللىتىمىزنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلغا بېرىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىغا بېرىلگەن تەنقىد دەپ قاراۋاتىدۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** «نوزۇگۇم» پوۋېستىدا ھەسەن دەرۋىش مۇقام ئېيتىۋاتقان مۇقامچىنىڭ قولىدىن ساتارىنى تارتىۋېلىپ، «بۇ نەرسە ھازىرغىچە بىزگە تەسەللىيلا بېرىپ كەلدى، بىرمۇ قېتىم كۆرەشكە چاقىرىپ باقمىدى» دەپ، ئۇنى يېنىدىكى كۆتەككە بىر ئۇرۇپ پېقىش-پېقىش قىلىۋېتىدۇ. زۇلۇم ھارغىنچە كۆچەيگەن شۇ ئۆتمۈش زامانىدىمۇ ناخشا-ئۇسسۇلغا مەست بولۇپ ئۆتۈش بىخوتلۇق ۋە بىنورمال - گاراڭلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** سىزنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999-يىل 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئوت كەتكەن دەريا»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «بۆرە جىلغا»، «قاراقوساق سەركە» دېگەن ھېكايىلىرىڭىز يەنە باشقىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغاندەك قىلىدۇ. ئىپادىلەش ئۇسلۇبىڭىزدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتامدۇ-قانداق؟

**مەمتىمىن ھوشۇر:** ئۆزۈممۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ياش ئاپتورلار خېلى كۆپ ئىزدەنمە ھېكايىلەرنى يازدى. ھازىر باشقىچە ئىپادىلەش شەكلىدىكى رومانلارمۇ چىقىۋاتىدۇ. ئىسلاھات دەۋرىنىڭ ئالدىدىكى مەزگىللەردە ئەدەبىيات ئۈچۈن ماڭىدىغان يول بەك تارلىشىپ كەتكەنىدى. ھازىر ھەممىمىز دېگۈدەك يېڭى ئۇسلۇب، يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمىز. يەنە شۇ كونا گەپنى قىلسام، ماڭىدىغان يولنىڭ كەڭ بولغىنى ياخشى.

---

مەمتىمىن ھوشۇر: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى (M2)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتۈن تورى



# شەھەر قۇشلىرى

(ھېكايە)

تۇرسۇن مەھمۇت

مەن كۈندىكى ئادىتىم بويىچە بالكوندىن قايناپ تۇرغان كوچىغا قارىدىم. خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئادەملەر بەخىرامان، تايىنسىز بىر كۆرۈنۈشتە، ئۇياق-بۇياققا مېڭىشىپ يۈرەتتى، ماشىنىلارنىڭ يېقىمسىز سىگناللىرى يۈرەككە مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. شەھەر ئاسمىنىنى قويۇق ئىس-تۈتەك، مانان قاپلىغان. بۇ شەھەردە زەڭگەر ئاسماننى كۆرۈش تەس، سۈزۈك ئاسماندا ئاق قۇ قانىتىدەك پاكىز بۇلۇتلار بىمالال ئېسىلىپ تۇرغان چىرايلىق كۆرۈنۈشلەر ئەمدى مەن ئۈچۈن بىر ئەسلىمە بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. تۇرمۇشۇمدا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈتۈلمىگەن بىر ئىشلار يۈز بېرىپ، بۆرۈقتۇرمىلىق، سىقىلىشتىن قۇتۇلۇپ، راۋان، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈدىغان بىر كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ، دەپ ئۈمىد بىلەن يۈرگىلى 20 يىلدىن ئاشتى، ئەمما ئىش يەنىلا ئىلگىرىكىدەك. شەھەردە كىشىنى ھەيران قالدۇرۇدىغان ئاجايىپ يېڭىلىقلار بولدى. ئېگىز-ئېگىز بىنالار بىر-بىرى بىلەن بوي تالىشىپ، كۆكنى نىشانلاپ كۆتۈرۈلۈۋەردى. ئادەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ۋاقتى ئاشۇ تۆت چاسا ئۆيلەر ئىچىدىكى تولىمۇ چەكلىك دائىرە ئىچىگە مەھكۇم بولۇپ قالدى. ھەتتا ئادەملەرنىڭ خىياللىرى، تەپەككۇرى، ئوي-پىكىرلىرىمۇ چاسا، ئۆلچەملىك شەكىلگە كىرىپ قېلىۋاتقاندەك بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ماڭسا بىر كۈنلەردە 50-60-قەۋەتلەردە تۇغۇلۇپ، شۇ يەرلەردە چوڭ بولۇپ، ھاياتنى باشقىچە مەنىدە چۈشىنىدىغان بىر ئەۋلاد كىشىلەر يېتىشىپ چىقىپ، كۆك بىلەن بوي تالاشقان بەھەيۋەت تاغلار، چەكسىز دېڭىز، بىپايان ئورمان ... لەرزان مۇزىكا... ئايدىڭ كەچلەردە قايسىبىر باغدىن ئاڭلانغان مۇڭلۇق ناخشا... ئاتلار پۇشقۇرۇپ، چاپچىپ تۇرغان، ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىق گىرەلىشىپ كەتكەن جەڭ مەيدانى... قاتارلىقلارنى بۇرۇنقىلار توقۇپ چىققان يالغان نەرسىلەر، دەپ ئويلايدىغان بولار.

— كەچ قالماڭ، — ئايالىم ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ شۇنداق دېدى. ئۇ، بۇ سۆزنى ھەر ئەتىگىنى دەۋاتقىلى 15 يىلدىن ئاشتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى قۇلىقىمغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ گەپنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمايتتى. نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ تۇغماسلىقنىڭ چارىسىنى قىلىش ئۈچۈن دوختۇرخانىدا ئىككى ھەپتە ياتتى. شۇ كۈنلەردە ئەتىگىنى ئۆيدىن چىقاردا بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ ھاڭۋېقىپ قالىدىغان

بوپقالدىم. نېمە نەرسە بولغىيتتى، قانچە ئويلاپمۇ ھېچ ئاڭقىرالمىدىم. ئايالىم قايتىپ كېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ھېلىقى سۆزنى تەكرارلىغاندا ئاندىن ئۇنتۇپ قالغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ دەل ئايالىمنىڭ ھەر كۈنى ماڭا تاپىلايدىغان ھېلىقى سۆزى ئىكەن. بۇنداق ئادەت مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغاندەك.

ئۇبۈگۈنمۇ ئەينەك ئالدىدا خېلى ئۇزۇن ئولتۇرغاندىن كېيىن كىيىملىرىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈپ بولۇپ، لەۋ سۈرۈقى دېگەندەك تايىنى يوق بىر نېمىلەردىن باشقا ھېچنېمە سىغمايدىغان ئالقان چوڭلۇقىدىكى سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ بولغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ھېچنېمىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئىپادە بىلەن چىرايىمغا تىكىلىپ قاراپ يەنە شۇ گەپنى تەكرارلىدى:

– كەچ قالماڭ. . .

مەن ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدىم، ئەزەلدىن شۇنداق، ئۇمۇ مېنىڭ تاپىلاشلىرىغا جاۋاب بەرمەسلىكىمگە كۆنۈپ كەتكەن.

ئۇنىڭ قەدەم تاۋۇشلىرى ئاستا-ئاستا يىراقلاپ كەتتى. بىنانىڭ تار پەلەمپەيلىرىنى ئۇ بەش قولدەك بىلىپ كەتكەن. مەنمۇ، باشقىلارمۇ شۇنداق، گاھى – گاھىدا جىن ئۇرغاندەك توك كېتىپ، پۈتكۈل بىنا قاراڭغۇلۇققا چۆمۈپ كەتكەن چاغلاردىمۇ پۇتلاشماي، يىقىلماي، ھېچكىم ئېزىپ قالماي ئۆدۈل ئۆز ئۆيلىرىمىزنى تاپالايمىز. بۇ خۇددى قۇشلارنىڭ چاڭگىسىنى يىتتۈرۈپ قويمىغىنىدەكلا بىر ئىش بولسا كېرەك. ھەممىمىزنىڭ ئۇۋىسى بار، ئۇۋىنىڭ قانداق سېھرىي كۈچى باركىنتاڭ، نەگىلا بارساق قايتقۇمىز كېلىپلا تۇرىدۇ، بىزنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپلا تۇرىدۇ. كەلسەك يەنىلا شۇ، تونۇش نەرسىلەر، تونۇش ھىد. . .

مەن ئۈچۈن بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ئولتۇرغاندەك تەسىر بېرىدىغان ئىشخانىدا – ئۆتكەن نۇرغۇن ئاي-يىللارغا ئوخشاشلا قەلبلەردە، كۆڭۈلنىڭ بىر يەرلىرىدە ھېچقانداق بەلگە – ئىزناسى قالمىغان ساناقسىز كۈنلەرگە ئوپئوخشاشلا. . . ئىشخانىدا ئەتىگەنلىك سۆھبەت باشلاندى. يېشى 40تىن ھالقىغان ئابلاتۇراق ئالدى بىلەن پاراڭنى باشلىدى:

– ئاخشام سىچۈەن تەي (سىچۈەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى دېمەكچى. – مۇھەررىرىدىن) دە شياڭگاڭنىڭ «دەۋر باتۇرى» دېگەن فىلىمىنى قويدى، ئالامەت قىزىقكەن جۇمۇ، ئاخىرىنى كۆرمەن، دەپ ئولتۇرۇپ سائەت ئۈچكىچە ئۇخلىماپتىمەن. . .

بۇ ئادەم ئومۇمەن كۈنلىرىنى تېلېۋىزور كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئىشخانىدا ئۇنىڭ مۇھىم ئىشىمۇ يوق، ئاساسەن كۈندىلىك يوقلىمىدىن ئۆتۈپ، جەدۋەلنى ئاق چىقارسىلا بولىدۇ. قايسى قانالدا قانداق نەرسە قويغانلىقىنى بىلمەكچى بولغانلار ئۇنىڭدىنلا سورىسا بولىدۇ. ئۇ، ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە ئالا قويماي ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئەر-خوتۇنچىلىق ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يەرلىرىگە كەلگەندە ئالاھىدە جانلىنىپ كېتىدۇ. ئېسىنى يوقىتىپ سۆزلەپ كېتىدىغان بولسا، ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەرنىمۇ ئۆزىنى تۇيماي دەۋېرىدۇ. ئىلگىرى ئىشخانىدا خوتۇن – قىزلار يۈزلىرىنى تۇتۇپ سىرتقا قېچىشاتتى، ھازىر ئۇنداق ئىشمۇ يوق، ئۇلارمۇ بەخىرامان گەپ تىڭشاپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ، تېخى بىلىپ – بىلمەي شۇنداق پاراڭلارغا قوشۇق سېلىپ قالىدىغانلىرىمۇ بار.

ئابلا تۇراق كۆرگەن فىلىملىرى ھەققىدە گاھىدا قىزىشىپ، گاھىدا ئەپسۇسلىنىپ بىر- ئىككى سائەت سۆزلىگەندىن كېيىن، ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشخانا ئاياللارغا ئۆتچە قالىدۇ.

مەن بىلەن قارشى ئۇستەلدە ئولتۇرغان 30 ياشلار چامىسىدىكى چوكان ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە تىرنىقىنى ياساشقا باشلىدى. ئۇ يېڭى كەلگەندە ئەجەبمۇ چىرايلىق، تارتىملىق قىز ئىدى. شۇ چاغلا ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇنى تولا خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ئۇ ئىشقا كەلمىگەن كۈنلەردە ئىچىم تىتىلداپ، ئىشىككە قاراپ، ئىزتىراپ ئىچىدە كۈننى كەچ قىلاتتىم. ئايالىم بىلەنمۇ ئۇرۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن ئۇرۇشۇپ قالاتتىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى ئالىپتە بىر يىگىت ئىزدەپ كەلگىلى تۇردى. چېچىنى سۇس قىزىلغا بوياۋالغان، تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئادەمگە قىز بالىدەك تەسىر بېرىدىغان بۇ يىگىت كۆزۈمگە پەقەت سىغماي، ئۇنى كۆڭلۈمدە رەقىبىم ساناپ ، ئۆچلۈك قىلاتتىم. ئەمما ئۇ قىز بىلەن ئاخىر توي قىلىپ كەتتى. دىلىمدىكى بىر مەزگىللىك داۋالغۇش ئەپسۇس ئىچىدە ئاخىر بېسىقىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ شۇ كۈنلەردىكى ھالىمنى پات-پات ئەسلەپ قالىمەن.

ئىشخانىدا ياشتا ھەممىمىزدىن چوڭى سۇلتانخان ئىسىملىك ئورۇق ئايال. ۋاقىتسىز قېرىپ كەتكەن، تارشىدەك ئورۇق بۇ خوتۇن خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئېرىنىڭ گېپىنى بىر قېتىم قىلىپ بەرمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ. ئېرىنىڭ ئۆزىنى ئىلگىرى قانداق ياخشى كۆرگەنلىكى، قانداق مۇھەببەتلەشكەنلىرىنى ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرگىدەك تەپسىلىي ھەم كۆڭۈل قويۇپ سۆزلەپ كەتسە، ئاغزى بېسىقماي قالىدۇ. ئېرىدىن يېگەن تاياقلىرى، ئىشىتكەن ئاھانەتلىرىنىمۇ ئالا قويماي سۆزلەيدۇ. ھەتتا ئەتىگەندە نېمە يەپ، چۈشكە قانداق تاماق قىلماقچى بولغانلىقىنى، قانداق كۆكتاتلارنى ، قانداق سۇ يېغىنى ئىشلەتكەنلىكىنى، قاسساپلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ ئۆچكە گۆشى ئېلىپ كەلگەن ئېرىنىڭ ھاڭۋاقتىلىقى، چىگىت يېغى ئىشلىتىپ قويۇپ،

سوغۇقى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن بېشى قېيىپ قالغانلىقى. . . ۋاھاكازالارنى بىر-بىرىنى قويماي سۆزلەيدۇ. بۇ خوتۇننىڭ بىر «ئالاھىدىلىكى» شۇكى، ئۇ، گېپىنى باشلىۋالسا سۆزلىرىنى بىراۋ ئاڭلىمىدۇ-ئاڭلىمامدۇ، كارى يوق، ھەتتا ھەممەيلەن ئۆز گېپى، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتسىمۇ گېپىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ.

بۇ ئىشخانىدىكى خىزمەتداشلىرىم ئىچىدە ھاراقنى تولا ئىچىپ، جەرىمانە تۆلەپ ھارمايدىغىنى، شۇنداقتىمۇ يۇۋاشلىق بىلەن جازانى قوبۇل قىلىپ، يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ يۈرۈۋېرىدىغىنى — ئەنۋەر. تېخى ئۆيلەنمىگەن، چېچىنى جاھاندىكى ئەڭ غەلىتە پاسونلاردا ياستىتىشقا خۇمار بولۇپ قالغان بۇ يىگىت ۋاقتىنىڭ تېز ئۆتۈشىنى ھەممىدىنمۇ بەكرەك ئارزۇ قىلسا كېرەك. ئۇ، ۋاقىت توشقان ھامان ئۆزىنى سىرتتا ساقلاپ تۇرغان ئۆزىدەكلا تۆت-بەش ئاغىنىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئالللىقاياقلارغا غايىب بولىدۇ. ئەتىسى ھاراق پۇراپ، كۆزلىرىنى قىزارتىپ كېچىكىپ كېلىدۇ. گاھ چىرايلىق گەپ بىلەن، گاھى تىل - ھاقارەت بىلەن گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىپ يۇۋاشلىق بىلەن ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ بۇ جاھاندىكى مەشلار بىلەن كارى يوق. گۆشنىڭ باھاسى قانچىلىك ئۆستى، ساختا مال دېگەن قانداق، كىملەر ئىدارىغا باشلىق بولۇپ كىملەر كەتتى، ئايلىق ئىش ھەققىگە قانچىلىك پۇل قوشۇلدى. . . دېگەنلەرنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ.

— ھەي ئابلاكا، — دېدى ئەنۋەر مۈگدەپ قالغان ئابلا تۇراققا قاراپ، لېكىن ئۇ بىخەۋەر ئۇخلاۋەردى. ئەنۋەر ئابلا تۇراقنى ئېلىپ بۇ ياققا چىقىڭ، دېگەنمەنىدە ئىشارە قىلىپ سىرتقا ماڭدى. مەن ئابلاتۇراقنى ئويغىتىپ، ئەنۋەرنىڭ ئارقىسىدىن چىقتۇق.

— ھەي، قاراڭلار، ئاخشام بىر نەرسە كۆردۈم سىنئالغۇدا، سىلەرگە دەپ بېرەيمۇ، — دېدى ئەنۋەر ئىككىمىزنى سىرتقا باشلاپ.

— نېمىلەرنى كۆردۈڭ، قايسى قانالدا قويىدى،
— دېدى ئابلا تۇراق قىزىقىپ.

— ھەي، ئۇ تېلېۋىزوردا كۆرسىتىدىغان نېمە ئەمەس، سېرىق. . .

— سېرىق. . . — ئابلاتۇراق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئەنۋەرگە تىكىلدى، — ئۇنداق نېمىلەرنى چەكلەيدۇ، دەيدىغۇ؟

— چەكلەيدۇ، چەكلىگەن بىلەنمۇ كۆرسىتىدىغان يەرلەر بار.

— قانداقكەن، تېز دېمەمسەن، — دېدى ئابلاتۇراق تاقەتسىزلىنىپ.

ئەنۋەر بويۇنداپ ئەتراپقا قارىۋېتىپ سەل توختاپ قالدى.

— چەتنىڭمىكەن، — دېدى ئابلا تۇراق. شۇتاپتا ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولغانىدى.

— ھەئە. . . — ئەنۋەر ئۆزى ئاخشام ئالللىقەيەرلەردە كۆرگەن ھېلىقى سېرىق سىنئالغۇ فىلىمىنى توغرىلىق سۆزلەپلا كەتتى. ئاغزى ئوت بىر نېمىكەن بۇنىڭ، شۇنداق تەپسىلىي سۆزلەۋاتقىنىنى قارا. ئابلا تۇراق گاھ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، گاھ تۈكۈرۈكلىرىنى يۇتۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئەگەر ئەنۋەرنىڭ دېگەنلىرى راست بولىدىغان بولسا. . . ئادەم دېگەنمۇ. . .

— ھەي — ھەي، قالتىسكەن، — دېدى ئەنۋەر گېپىنىڭ ئاخىرىدا ئاغزىنى تامشىتىپ چېكىلداپ.

— قالتىسكەن؟ دەۋاتقان گېپىنى بۇنىڭ، — دېدى ئابلا تۇراق، — ھازىرقى ياش بىر نېمىلەر پۇشۇنى تولا ئىچىپ لاتىلىشىپ كەتتى، ئۆزى قىلالمىغاننى ئاشۇنداق خەقلەرنىڭكىدىن كۆرۈپ كۆڭلىنى خوش قىلىدۇ.

— ياش بىر نېمىلەر دەيسىزغۇ، ئۆزىڭىزچۇ، — دېدى ئەنۋەر سەل خاپا بولۇپ.

— ئۇكاموي، بىزچۇ، ياش ۋاقتىمىزدا ئۇنداق ئىشنى كېنودىن كۆرمەي ئۆزىمىزلا قىلاتتۇق. ھازىرمۇ تېخى كۈچتىن قالمىدۇق، نېمە دەيدىكى، گەپ قىلمىسا. . . .

— ئا. . . قويۇڭا ئۇنداق پولىرىڭىزنى . . . — دېدى ئەنۋەر.

ئابلا تۇراق بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇرىغاچ كىرىپ كەتتى.

ماڭاي دەپ تۇرسام ئەنۋەر يېڭىمدىن تارتتى:

— سىزنىمۇ ئاپىرايمۇ. راست، بېلەتتى سەل قىممەترەك.

— ياق، بولدى كۆرمەي. . .

ئىشخانىغا كىرىپ جايىمدا ئولتۇردۇم، ۋاقىت توشۇشقا خېلى بار ئىدى. بىر چاغدا زەن سالسام ئەنۋەر جايىدا ئولتۇرۇپ، ئىشخانىدىكى ئاياللارغا بىر-بىرلەپ قارىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ خۇمپەر ھەقچان ئاخشام كۆرگەن نەرسىسى بىلەن بۇ ئاياللارنى باغلاپ ئالللىقانداق خىياللارغا كەتتى بولغاي. . .

ئالدىمغا يېيىپ قويغان جەدۋەللەرنى تولدۇرۇش ئۈچۈن مۆكچەيدىم. مۇشۇنداق جەدۋەللەردىن يىلدا ھەتتا پەسىلدە بىر نەچچىنى تولدۇرىمىز. غودۇرىساڭمۇ، ئاچچىقلىساڭمۇ بۇنداق جەدۋەللەر پاتپات پەيدا بولۇپ قالىدۇ. گاھىدا، يۇقىرىدىكىلەر قىلغىلى ئىش تاپالماي خىزمەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بولسىمۇ تۇرايلى، دەپ مۇشۇنداق جەدۋەللەرنى ئەۋەتىپ تۇرامدىكىن، دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. ئوخشاش چوڭلۇقتىكى، ئوخشاش مەزمۇندىكى بۇنداق جەدۋەللەرنى تولدۇرۇش ئىدارىدا «خېتى چىرايلىق» دەپ ئاتىلىپ قالغان پېقىرنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ قالغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. بىرەر يېڭى ئادەم كېلىپ قالمىسىلا، قالغانلارنىڭ كېرەكلىك سان-سېفىرلىرى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى ماڭا ياد بولۇپ كەتكەن. يېشى، تۇغۇلغان

ۋاقتى، سىياسىي قىياپىتى، خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى، ۋەزىپىسى. . . ۋاھاكازا دېگەنلەرنى بەش قولدەك بىلىمەن. پەقەت ئىدارە باشلىقى بىلەن سۇلتانخانغا كەلگەندە دىققەت قىلماي بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى باشقىچە كالبىندار قوللىنىدىغاندەك. ئىدارە باشلىقىنىڭ يېشى مەن بىلىپ 51دە توختاپ قالغىلى تۆت يىل بولدى. ئۇنىڭ يېشىنى توغۇلغان ۋاقتى بىلەن ھېسابلاپ توغرا يېزىشقا تازا جۈرئەت قىلالمايمەن. نەچچە يىل بۇرۇن مۇشۇنداق بىر جەدۋەلنى توغۇلغان ۋاقتى بويىچە ھېسابلاپ تولدۇرۇۋېدىم. ئۇ، يوقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينىكى ئاستىدىن چەكچىيىپ:

— بۇنى تۈزىتىپ توغرىراق يېزىڭ، بىراۋنىڭ يېشىنى سىز بەلگىلەپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى. بۇ گەپلەر ماڭا ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ تىنمىدىم. نېمە دېگۈلۈك، ئادەم دېگەن ھەر يىل ئۆرۈلسە بىر ياش چوڭىيىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ياش دېگەن شەخسىي نەرسە بولغاچقا، ھۆرۈ-پۆرۈ قىلغىلى بولمايدىكەن. بۇ باشلىقىمىز ناھايىتى ھوشيار، ئۇ، ياشقا چوڭايماي تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خىلمۇ خىل باھانىلەر بىلەن توغۇلغان كۈنىنى ئۆزگەرتىشنىمۇ بىلىدۇ، يەر ئىسلاھاتىدا مانچە ياش ئىدىم، ئۇ ئىش پۈكۈنى يىلى بولغان، شۇنداق بولغاندا مەن پۈستانى ياشقا كىرگەن بولىمەن. . . «بىر گەزەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى بولغاندا مۇنچە ياشتا ئىكەنمەن، شۇ چاغدا خاتا بولۇپ قاپتىكەن. . . دېگەندەك ھەممىنى توغرىلاپ ماڭىدۇ. توغۇلغان يىلىنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ يۈرۈدىغان باشلىق يالغۇز مۇشۇ بىرسى بىلەن چەكلەنمەيدىغاندۇ، بۇمۇ بىر پەزىلەت، خەلق ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلاي، دەيدىغاندۇ.

سۇلتانخان بىلەنمۇ شۇنداق بىر ئىش بولغان، ئۇنىڭمۇ توغۇلغان ۋاقتىغا ئاساسەن يېشىنى ھېسابلاپ يېزىپ قويسام بىچارە خوتۇن تاتىرىپ، ئۆگۈپ جېدەللەشكىلى تاسلا قالدى:

— ئىدارىنىڭ كاسسىرى رۇقىيەمدىن تۆت يىل بۇرۇن توي قىلغان، ئۇ تېخى ئەمدى 41 ياشقا كىردىم، دەپ نايناقلاپ يۈرسە، سىززە مېنى 47 ياش دەپ يېزىپ يۈرەمسىز، نېمە ئىشىڭىزبۇ سىزنىڭ، ئويلاپراق ئىش قىلىڭ، ئۇكام. . .

«ياش ۋاقتىدا ئولتۇرۇپ قالغان بىر نېمە بولسا كېرەك. . .» دەپ ئويلىغانىدىم مەن ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان جامدەك كۆزلىرىگە يەر ئاستىدىن قاراپ.

خۇدا بۇ خوتۇنغا قارا ھەم قويۇق بىر جۈپ قاشتىن بۆلەك ئۆلچەمگە توشىدىغان چىراينى بەرمەپتىكەن. ئورا كۆز، كالپۇكلىرى ياغاق، پېشانىسى تولىمۇ كەڭ بۇ ئايالنىڭ خادىدەك ئېگىز بويىمۇ كۆزۈمگە پەقەت سىغمايتتى. تېخى ئۇ شۇ ھالى بىلەن ئۆز ئېرىدىن باشقا ئەركەكلەرنى ياراتمايتتى.

. .

كەچتە تېلېۋىزوردا مۇشۇ يىل ئىچىدە نەچچە قېتىم كۆرسىتىلىپ ھەممە ئادەمگە ياد بولۇپ كەتكەن تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىمى قويۇلۇۋاتاتتى. ئارىلاپ-ئارىلاپ خىلمۇخىل ئېلانلارمۇ كۆرسىتىلىۋاتاتتى. ئېھتىمال مۇشۇ سائەتتە مىڭلىغان شەھەرلىكلەر سافالىرىدا يېتىشىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندۇ. قويغاننى يەنە قويۇش تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ ھوقۇقى، تەكرار قويۇۋەردىڭ، دەپ بىراۋغا بىر نېمە دېيىشكە كىمنىڭ ھەققى.

بىر-بىرىدىن ئۆتە قاملاشمىغان ئېلانلار كەينى-كەينىدىن چىقىۋەردى. دورا سودىگەرلىرى. ئەگەر ئىزا تارتمىسا، 20 يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىمىز مۇشۇ دورىنى ئىچسە تىرىلىپ قوپىدۇ، دېگىسى باردەكلا قىلىدۇ. تېلېۋىزوردىن ئاجىزلاپ كەتكەن ئەرلەرگە ئىشەنچ ئاتا قىلىپ، تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈدىغان، قىرىپ كەتكەن تېرىنى يۇمرانلاشتۇرۇپ ياشلىق گۈزەللىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈدىغان، كاردىن چىققان ئەزالارغا قايتىدىن ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدىغان دورىلار ھەققىدىكى ئېلانلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ پاساھەتلىك ئىبارىلىرى بىلەن ھەيۋەتلىك ياڭراپ تۇراتتى.

— دادا، بۈگۈن 100 ئالدىم، — دېدى ئوغلۇم ماختانغان ۋە تەمەخورلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا ئۈمىد بىلەن تىكىپ.

ئۇ، 100 نومۇر ئالغان كۈنى زادى ماڭا بىر دوكلات قىلمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىلگىرى ئاپىسى ئەگەر 100 ئالساڭ كەمپىت بېرىمەن، شاكىلات بېرىمەن، دەپ ئۇنى قىزىقتۇراتتى. كېيىنچە ئۇ ئۇنداق نېمىلەرگە كۆل بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئاخىرىدا مايكا، مودا بولۇۋاتقان شەپكە، ئاياغلارغا شەرت قويىدىغان بولۇۋالدى. ئوغلۇمنىڭ نەزىرىدە 100 نومۇر ئېلىش پەقەت ئاپىسى بىلەن ئىككىمىز ئۈچۈنلا بولۇپ، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەكلا ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ، 100 نومۇرنى ئىككىمىزگە ئېلىپ بېرەتتى.

— بوپتۇ، — دېدىمەن كۆزۈمنى تېلېۋىزوردىن ئۈزمەي. مەن شۇ تاپتا قەستەن بىپەرۋا ھالدا ئولتۇرۇۋالغانىدىم. ئۇنىڭ ھېلىقىدەك نەرسىلەر ئۈچۈنلا ئوقۇيدىغاندەك بولۇپ قالغىنى ئىچىمنى پۇشۇرۇۋاتاتتى.

ئوغلۇم ماڭا ئاشۇنداق قاراپ تۇرۇۋەردى، ئۇنىڭ مەندىن شۇ تاپتا نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقى ماڭا ئايانىدى. ئۇنىڭ سەبىر قاچىسى ئاخىر تاشتى:

— مەن 100 نومۇر ئالدىم، ئەمىسە ھېلىقىنى بېرىۋېتىڭ، — دېدى ئۇ.

— نېمىنى؟

— 50 سومنىچۇ؟

— نېمىشقا بەرگۇدەكمەن، قىزىق گەپ بولدى-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن مۇنچىۋالا پۇلنى نېمە قىلىسەن؟

www.uyghurkitap.com

- ئاپام ئىككىڭلار بۇ قېتىم 100 ئالساڭ، 50سوم بېرىمىز دېگەن، شۇڭا بېرىشىڭلار كېرەك. . .

ئۇنىڭ تەئەددىي بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى غۇزۇزىدە ئاچچىقىمنى كەلتۈردى:

-ماڭا قارا، ياخشى ئوقۇش سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ، ياخشى ئوقۇغانغا ھەق تەلەپ قىلىدىغان قانداق گەپبۇ، بۇندىن كېيىن بۇنداق تەلەپلىرىڭ توختاپ قالسۇن، ئۇقتۇڭمۇ؟ . . .

ئوغلۇم ماڭا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، چىرايى پوكاندەك قىزىرىپ، كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى:

-بوپتۇ، ئەمىسە بۇندىن كېيىن 100 نومۇر ئالمايمەن، قېنى قانداق قىلىسەنكىن. . . كۆرۈپ باقاي. . .

ئۇ، گېپىنى تۈگىتىپ ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كەتتى. قانداق دېگەن گەپبۇ، باللار نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئاتا-ئانىلار بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىكى ۋناسىۋەت سودا خاراكتېرىنى ئېلىۋاتامدۇ نېمە، ئۇ بىلتىنلا مۇشۇنداق قىلىقلارنى قىلىپ يۈرسە، خىرى نېمە بولار. . .

ئوغلۇم ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئاپىسى بىچارە ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ ئاۋارە ئىدى. ئوغلۇم تۇغۇلۇپ، تەمتىلەپ ماڭغانلىرىدا، ئەمدىلا تىلى چىقىپ: «دادا» دەپ چاقىرغاندا خۇشلۇقتىن بېشىم كۆككە يەتكەنىدى. كىچىك، قاپقارا كۆزلىرىنىڭ ھەممىگە قىزىقىپ ئەقىل بىلەن چاقناشلىرىنى كۆرسەم، ئالەمچە خىياللارغا غەرق بولاتتىم. ئۇنىڭ كەلگۈسىدە قالتىس بىر ئادەم بولىدىغانلىقىغا كۆڭلۈمدە چەن سوقاتتىم. لېكىن ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا. . .

ئوغلۇمنىڭ باللىق چاغلىرى ھەققىدە ئويلاۋېتىپ، ئالدىنقى ھەپتە پەرىدە بىلەن بولغان سۆھبىتىمىز ئېسىمگە كەلدى (پەرىدە - ھېلىقى ئىدارىغا يېڭى كەلگەندە مېنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ، كۆيدۈرگەن قىز شۇ). ئىشخانىدا ئىككىمىزلا قالغانىدۇق. باشقىلار ئابلا تۇراقنىڭ يېڭى ئايىغىنى «يۇيىمىز» دەپ كاۋابخانىغا كېتىشكەنىدى. پەرىدە ئىككىمىز ئۇنىڭ - بۇنىڭ گېپىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇپ، پاراڭ بالا تېمىسىغا كۆچتى.

- قاراڭ، يېقىندىن بۇيان دىلمۇرات بىلەن تولا سوقۇشىدىغان بولۇپ قالدۇق، ئۇ: ئەگەر تۇغمىساڭ، كۇدە - كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيىنى بىكارلا دەۋاتىدۇ، - دېدى پەرىدە مەيۈسلىنىپ.

- ئەمىسە تۇغسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟- دېدىمەن.

- بىراق. . . بەك قورقىمەن.

- قورقىمەن؟ نېمىدىن قورقاتتىڭىز. . . كۆرمەيۋاتامسىز، جاھاندىكى ھەممە خوتۇنلار بىر ئوبدان تۇغۇۋاتامدۇ. . .

- شۇنداقمۇ دەيسىز، ئاچام ئىككىنى تۇغدى، تۇنجى تۇغۇتىدا مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىدىم، ئۇنىڭ ئازابتىن چىرقىراشلىرىنى، ھازىرلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك جان تالىشىشلىرىنى ھازىر ئويلىسامىمۇ قورقۇپ جېنىم چىقىدۇ. ئۇ بىچارە تۇغۇشنىمۇ تۇغدى، بىراق بالىسى بىر دەلدۈش چىقىپ قالدى. ھازىر 11 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، كىيىملىرىنى بىر ئادەم كىيگۈزۈپ، تامىقىنى يېگۈزۈپ، تەرىتىنى ئادالىمىسا بولمايدۇ، تۇغما دۆۋەڭ ئىكەن. . .

- مۇنداق دەڭ، داۋالىتىپ باقمىدىمۇ؟

- ئۇنى بىر دېمەڭ، كۆرسەتمىگەن دوختۇر قالمىدى. بىراق داۋا تېپىلمىدى، ئىككىنچىسىنى تۇغقان، لېكىن بالىسى. . .

- نېمە بولدى ؟

- بالىسى بەكمۇ سەت، قاراڭ. كۆرسىڭىز. . . ئادەم بىر قىسما بولۇپ قالىدۇ.

- شۇنداقمۇ، ئەمدى بۇ نېمە ئىشتۇ. . .

- ئۇ، سېزىك مەزگىلىدە جىن-ئالۋاستىلار چىقىدىغان كىنولارنى تولا كۆرەتتىكەنمىش. . . شۇڭا بالىسى ئاشۇنداق سەت تۇغۇلۇپ قاپتىمىش. . .

- ئۇنداق بولمايدىغاندۇ،- دېدىمەن ھەيران بولۇپ.

- راست، راست شۇنداق بولىدىكەن. . .

پەرىدە جىم بولۇپ قالدى، بىر خىل مەيۈسلۈك ئۇنىڭ چىرايىنى قاپلاپ، سولغۇن بىر ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

- تۇغۇشتىن تېخى قورقىمەن. تۇغسام ھېلىقىدەك باللاردىن بولۇپ.قالامدىكىن ، دەپ تېخى يۈرىكىم سۇ . . . يا بالا دېگەننى بىر يەردە ساتمايدىكەن. . .

- نېمە؟! مەن ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپىدىن ھەقىقەتەن چۆچۈپ كەتتىم.

- شۇنداقمۇ خىياللارنى قىلىپ كېتىمەن، ھەممە نېمىنى سېتىۋالغىلى بولىدىغۇ. . . بوۋاقلارنى ساتىدىغان ئىش بولسىمۇ. . . مەيلىتى، ئىشقىلىپ بالا بولسىلا بولىدىغۇ. . . .

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم، بۇ قانداق خىيال بولۇپ كەتتى.

- بولسا، ھە. . . ماۋۇ بالا كەلگۈسىدە گېنېرال بولىدۇ، مۇنۇسى ناخشىچى، ئاۋۇسى ئالىم بولىدۇ، دەپ ئالدىن مۇقىم بەلگىلەكىلىك بولسا. . . ھەم چوقۇم شۇنداق بولۇشى ئىشەنچلىك بولسا - ھە . . . دېدىمەن ھەم مەسخىرە، ھەم چاقچاق ئارىلاش.

- مەيلىتى، ئىشقىلىپ. . .

- جاھاننىڭ تەرەققىياتى بەك تېز بولۇۋاتىدۇ. بىر ماتېرىيالدىن شىشە ئىچىدە بالا يېتىلدۈرۈش تېخنىكىسى ھەققىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇغاندەك قىلىۋېدىم، شۇ ئىشلار كېڭىيىپ قالسا. . . بوۋاق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەر قۇرۇلۇپ سىلەردەك خوتۇنلارنىڭ ئارزۇسىمۇ ھەل بولۇپ قالار. . . ئۇ چاغدا قانداق بالىغا ئېھتىياجىڭىز

بولسا، شۇندىقىغا ئېرىشەلەيسىز... زىلۋالىقىڭىز-غىمۇ تەسىر يەتمەيدۇ...

پەرىدەنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن چاقچاق يوسۇنىدا قىلىپ قالغان بۇ سۆزلىرىدىن ئۆزۈممۇ قورقۇپ قالدىم. ئۇنداق ئىشلارمۇ بولۇپ كەتمەس. مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ۋۇجۇدىدا دادىلىرىنىڭ ئەركەك تۈكى يوق، ئانىلىرىنىڭ مېھرىبانلىقى تېپىلمايدىغان ئاتالمىش «ئادەملەر» تۈپى دەۋرەپ كېتەر. بۈگۈنكى دۇنيا پارلاق، شانلىق ھاياتىي مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن قورقۇنچلۇق يوشۇرۇن ئاپەتلەر يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن دۇنيا. ئادەملەر بۇزۇلىۋاتىدۇ، ئادەملەرنىڭ بۇزۇلۇشى دۇنياۋىي ھاياتنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن باراۋەر. ئاتا - بالا، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ئەزەلىي تەبىئىي مۇھەببەتمۇ سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەر قانداق يامان ئىشلارنى بولمايدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ... دېگەنلەرنى خىيال قىلغانىدىم.

شۇ ئارىدا ئايالىم تاراسلاپ كىرىپ كەلدى-دە، تېلېۋىزورغا چەكچىيىپ بىردەم قاراپ كەتتى. «جەننەتنىڭ قەھرى»نىڭ تازا پەيزى يەرلىرى كۆرسىتىلىۋاتاتتى. ئۇ، يېنىمدىكى ئۈستەلدە تۇرغان كونتروللىغۇچنى شارتتىدە ئېلىپ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

- كۆرۈۋاتقان نېمىسىنى... ئىزا تارتماسسىز.

..

- نېمىدىن؟

- ئاشۇ يېرىم يالىڭاچ بىرنېمىلەرنىڭ نايناقلاپ تولغىنىشلىرىدىن كۆزلىرىڭىز ئالىچەكمەن بولۇۋاتامدۇ...

- نېمە ئانداق قاملاشمىغان گەپبۇ، كىنودىكى خوتۇنلارغىمۇ ئاچچىقلاپ يۈرىدىغان...

- قويۇڭە ئۇنداق گەپلىرىڭىزنى، ئەسقەر كېتىمەن دەۋاتىدۇ...

- نېمە، ئۇ نەگە كېتىدىكەن؟!

- بىلمىدىم، قورقۇۋاتىمەن...

- بولدى قوي، مۇشتۇمدەك بالا نەگە كېتەتتى.

..

شۇنداق دېسەممۇ يەنىلا كۆڭلۈم بىر نېمىدىن ئۈزۈپ قالدى، ساراڭلىق قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتمىسۇن يەنە... ئەمما... ياقەي... نەگە كېتەلەيتتى، ئاچچىقىدا دەپ سالغان گەپقۇ، قارا ماۋۇ شۇمنى، تېخى باتناپ كېتىشلىرىنى كۆرەيمۇ... كېتىمەن دەپ تەھدىت سالغىنىنى بۇنىڭ...

شۇ تۇرقىدا ئوغلۇمغا نېمە دېيىشنى پەقەت بىلەلمەيۋاتاتتىم. گەپنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرۈشمۇ ، قانداق قىلىپ بۇنداق بولمىغۇر ئادىتىنى تۈزىتىشمۇ ھېچ قولۇمدىن كەلمەيدىغاندەك، ئۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىسىدا قانداق پاراڭلىشىشمۇ ماڭا نىسبەتەن قىيىن بىر ئىش ئىدى.

- ئەسقەر يېنىمغا كىرسۇن،- دېدىممەن ئايالىمغا.

- پادىشاھتەك ئولتۇرۇپ بۇيرۇق سوقماي، چىقىپ بالىدىن ئەپۇ سورىماسسىز... يېنىمغا كىرسۇن دېگەن بىلەن ئۇ ئۇنىماپتى،- دېدى ئايالىم ئۆزىچە چالۋاقاپ. ئۇنىڭ بىرەر ئىشلارغا ئاچچىقى كەلگەندە ئاغزى بىر تەرەپكە غەلىتە قىيشىيىپ قالاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقىنى كۆرسەم كۆزۈمگە غەلىتە كۆرۈنۈپ، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالاتتى. لېكىن شۇنچە يىللاردىن بۇيان كۆڭلىنى ئايىدىممۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئىشقىلىپ ھازىرغىچە يۈزىگە سالمىغانىدىم.

بۇمۇ بىر قىزىق ئىش، ئادەمنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان قىزىق ئىش بولدى. ئۇ مېنىڭ بالام تۇرسا، يەنە كېلىپ ئەيىب ئۇنىڭدا تۇرسا، ئەمدى قوپۇپ مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغىدەكمەن؟ ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى ھۆرمەت ۋە ھېيىقىش دېگەنلەرمۇ زامان ئۆزگەرگەنسېرى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتەمدۇ نېمە؟

- ئەسقەر، بۇياققا چىق؟ - جۇدۇنۇم ئۆرلەپ قاتتىق ۋارقىرىدىم.

ئەيمەندىمۇ ياكى: «قېنى، نېمە دەيدىكى» دەپ ئويلىدىمۇ، ئوغلۇم پوتلىسىنى ئېقىتقىنىچە ئالدىمغا پەيدا بولدى.

- ساڭا دەپ قوياي، ھېلىقىدەك قاملاشمىغان تەلەپلىرىڭ ئەمدى جايىدا قالسۇن، ئىككىنچى ئېغىزغا ئالغۇچى بولما، كېتىمەن، قاچىمەن، دەپ تەھدىت سېلىشىڭغىمۇ يول يوق، سېنى مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلغۇچە ئاز جاپا تارتتۇقمۇ...

- ئاتا-ئانا دېگەننىڭ بالىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار...

- نېمە؟ - ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، - ئەجەب بۇنى بىلىدىكەنسەن، ئۆزۈڭنىڭ مەجبۇرىيىتىڭنى ئۇقماسسەن، ھۇ كالۋا...

- مەن كالۋا ئەمەس، سىنىپ بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ئوقۇغۇچى...

- مەن بىلەن جاۋابلاشقىدەك بولدۇڭمۇ، ساڭا دەپ قوياي، جۇڭگو بويىچە 1- بولۇپ كەتسەڭمۇ، سەندە ئانچە مۇنچە پەزىلەت بولمىسا.. بىر تىيىنغا ئەرزىمەيسەن.

- بالىغا مۇنداق يوغان قائىدىلەرنى سۆزلەپ نېمە قىلىسىز، بۇ يا سىزنىڭ ئىدارىڭىز بولمىسا...- ئايالىم جېدەلدىن بىزار بولسا كېرەك، ئاغزىنى غەلىتە قىيشايتىپ ئەسقەرنىڭ يېنىغا كەلدى، - ماڭ بالام، ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى...

نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئولتۇرۇپ كەتتىم، بۇ بالىغا ئەمدى نېمە دېگۈلۈك، ئۇنى بۇنداق يامان ئادەتلەردىن قانداق قول ئۈزدۈرۈش كېرەك... دېگەنلەرنى قانچە ئويلىساممۇ ھېچبىر ئەپلىك چارىسىنى تاپالمايلا قالدىم.

شۇ ئارىدا تېلېفون جىرىڭلىدى.

- ۋەي... ھە، مەن...

تېلېفوندا ئابلا تۇراقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— تېلېۋىزورمۇ قىزىمىدى، ئۆيگە بىر كېلىڭا، مۇڭدىشىپ ئولتۇرىمىز.

ئاشخانا ئۆيدە ئايالىمنىڭ ئوغلۇمغا يالۋۇرۇشلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى. غەرەز ئۇقۇدىغان ياشقا يېتىپ قالغان بالىغىمۇ مۇنچە قىلىپ كەتكەن بارمۇ. خوتۇن خەق دېگەننىڭ مۇشۇنداق قاملاشمىغان باغرى يۇمشاقلىقىمۇ تازا ياخشى يەرگە ئېلىپ بارمايدۇ.

پەلتويۇمنى كىيىپ ماڭاي دەپ تۇرسام، ئايالىم ئاشخانىدىن چىقتى. ئۇ، ئۇستىبېشىمغا بىر قۇر سەپسېلىۋېتىپ:
— يەنە نەگە؟ — دېدى مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي.
— سىرتقا چىقىپ كىرەي، — ئابلاكام چاقىرتىپتىكەن.
— پاتىراق كېلەرسىز، بالىنى تېخى خاپا قىلىپ قويدىڭىز.

مەن گەپ - سۆز قىلماي سىرتقا چىقتىم. شەھەر ئاسمىنىدا تۇمانلار ئېسىلىپ تۇراتتى. خىلمۇ خىل چىرايلار، ھەرخىل، ھەرتۈرلۈك ماشىنىلار... ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن كۆڭۈل ئېلىشاتتى. تۇرۇپلا، كوچىدا كېتىۋېتىپ ئۆزۈمنى تولىمۇ يالغۇز ھېس قىلىپ قالدىم. بىرتۈرلۈك غېرىبلىق تۇيغۇسى كۆڭلۈمگە تۇماندەك يېپىلىشقا باشلىدى... كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتسەم، بۇ دۇنيانى مەڭگۈ كۆرەلمەيمەن. لېكىن مېنىڭ ئۆلۈشۈم بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئانچە مۇناسىۋىتى يوق، ئىلگىرى قانداق بولسا، كېيىنمۇ شۇ پېتى كېتىۋېرىدۇ، ھېچبىر ئۆزگىرىش بولمايدۇ. نى-نى ئادەملەر ئۆلۈپ كەتسىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدىغۇ... مەندەك بىر ئادەمنىڭ مۇشۇ جاھاندا بارلىقىنى ناھايىتى ئازلا ئادەم بىلىدۇ... خوتۇنۇم بىلەن ئوغلۇم يىغلاپ - قاقشاپ قالار، خىزمەتداشلىرىم ئۇھ تارتىشىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقلىرىنى بىرەر قېتىم ئەسكە ئېلىشار، لېكىن ھېچقانچە ئىش بولمايدۇ...

— ھە، كېلىڭ، كېلىڭ، — ئابلا تۇراق ئىشىكى ئالدىدا مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، — قاراڭ، تېلېۋىزورمۇ بولۇۋالدى، يەنە كۆرسەڭ يەنە شۇ...
— ئۇ سۆزلىگەچ مېنى ئۆيگە باشلىدى، — زېرىكىپ ئولتۇرۇپ بولالماي سىزنى چاقىرتتىم، بىردەم - بىردەم ئىچىشكەچ مۇڭدىشىپ ئولتۇرايلى، قانداق؟
— مەيلى، — دېدىمەن ئۇنىڭ ياسىداق ئۆيلىرىگە سەپسالغاچ، — ئۆيىڭىزنى ئوبدانلا ياسىۋاپسىز.
— قەدىر ئەھۋال، — دېدى ئابلا تۇراق قولىغا سومكا ئېلىۋېتىپ، — مەن چىقىپلا كىرىمەن، ئازىراق ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا...

مەن ئۇستەلدىكى تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرغاچ، سافاغا تاشلاپ قويغان ژۇرنالنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم.

ئۆينىڭ بالكون تەرىپىدىن كەپتەرنىڭ گۇگۇلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئادەم قاچاندىن بېرى كەپتەرگە قىزىقىپ قالغاندۇ؟ قىزىقىپ بالكونغا چىقتىم، بالكوندا ئىككى تۆمۈر قەپەس بولۇپ، بىرىدە تۆت - بەشتەك كەپتەر، يەنە بىرىدە بىر جۈپ توشقان بار ئىدى.

كەپتەرلەرنىڭ قىزغۇچ، كىچىك كۆزلىرىدىن مۇڭ ياغاتتى. ئۇلار بۇقۇلدىشىپ، بويۇنلىرىنى كۆپتۈرۈپ، تېنىمسىز چۆرگىلەيتتى. بىر جۈپ توشقان بولسا جىمجىت، تۈگۈلۈپلا تۇراتتى. كەپتەرلەرنىڭ بۇقۇلدىشى يىغلىغاندەك، نالەقىلغاندەك پەريادلىق، ئاھ - زارلىق ئاڭلىناتتى. كەپتەر- توشقان دېگەنلەر قاي زامانلاردا ئادەملەرنىڭ قولىغا ئۆگىنىپ قالغان جانىۋارلار بولغىيدى. ئۇلار قولغا ئۆگىتىلگەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئىقتىدارى، ئىستەكلىرىدىن مەھرۇم بولغان، ئۇلاردىكى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام ئەتكەن ئىتائەت ۋە تەييار يېمەككە خۇمار تەبىئەت ئۇلارنى ئاخىر مۇشۇ قەپەسكە مۇپتىلا قىلغان بولغىيمىتتى؟ ئۇلار بىر بولسا ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل خۇشى، بىر بولسا گۆش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان جانىۋارلار. باشقا جانلىقلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ئادەملەرنىڭ ئەسلى تەبىئىيتىمىدۇ؟ بۆرە، يولۋاس دېگەنلەر تىرىك جاننى بوغۇپ يەيدىغان گۆشخورلاردىن بولغاچ بىز ئۇلارغا «ۋەھشىي - ياۋۇز» دېگەن ئاتاقنى بەرگەن... كۆزلىرى پارقىراپ، يۈرىكى سوقۇپ، يۈگرۈپ - تاقلاپ يۈرگەن ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشمۇ، شۇنداق بىرنەزەردە قارىسا، تازا ۋەھشىيلىك ئىكەن. ئادەم دېگەن ئادەم گۆشى يېمىسىمۇ، لېكىن بىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى يەنە بىرى غاجىلاپ، چەيلەپ، ئۇنىڭ داد-پەريادى، ئاھ - نالىسىدىن ھوزۇر ئالىدىغان مەخلۇق. ئۆزگىنىڭ نالىسى ئۈچۈن ياش تۆكىدىغانلار ئاز، لېكىن بىراۋلارنىڭ مەغلۇب - بىچارە ھالىدىن ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھوزۇر ئالىدىغانلار سامانىدەك.

— سىزمۇ بۇلارغا قىزىقامسىز؟

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋاز خىياللىرىمنى ئۈزۈۋېتىپ قويدى، بالكونىنىڭ ئىشىكىدە 17- 18ياشلاردىكى ئېگىز بوي، ئورۇقراق كەلگەن بىر بالا ماڭا قاراپ تۇراتتى.
— ھە، ئانچە - مۇنچە... مۇنداقلا قاراپ قويدۇم.

بالىنىڭ چىرايىغا سۇس بىر تەبەسسۇم ياماشتى.
— ئادەم دېگەنمۇ قىزىق نېمىكەن، ئۆزىنى قەپەسكە سولىغاننى ئاز دەپ، مۇشۇنداق جانىۋارلارغىمۇ ئارام بەرمەيدىكەن.

ئۇنىڭ چىرايىدا يەنىلا سۇس تەبەسسۇم، ئەمما كۆزلىرىدە مۇڭ، مۇشۇ ياشتىكى بالىلارغا تازا ماس كەلمەيدىغان تەمكىنلىك بار ئىدى.
— سىز كىم؟ — دېدىمەن.
— ئابلا تۇراقنىڭ بالىسى.
— ھە، ئىلگىرى ئەجەب كۆرمەپتىكەنمەن...

ئىسمىڭ نېمە؟

— دىلىيار.

— نەچچىدە ئوقۇيسەن؟

— تولۇق ئوتتۇرىدا.

ئۇ، سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرگەچ يېنىمغا كەلدى.

— سىزمۇ دادامغا ئوخشاشلا ئادەممۇ؟

— نېمە؟ — هاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم. بۇ قانداق گەپ بولدى. — نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى:

— مەن شۇنداق ئويلايمەن: دادام قەپەستىكى ئادەم، ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدىن تارتىپ تاماق يېيىش، ئۇخلىشى ھەتتا خىيال-پىكىرلىرىگىچە بىر قېلىپتا. بۇ خۇددى ماۋۇ كەپتەر — توشقانلارنىڭ مۇشۇ تۆت چاسا قەپەستە ياشىغىنىدەكلا بىر ئىشمىكىن، دەيمەن.

مەن ئۇنىڭغا هاڭۋېقىپ قاراپلا قالدىم. ئوچۇقىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى.

— دۇنيا شۇنچە كەڭرى، شۇنچە بىپايان، ئەمما كىشىلەر نېمىشقا مۇشۇ كىچىككىنە بىر يەرگىلا باغلىنىپ قالىدىغاندۇ. . . لوندون، پارىژ، بېرلىن، نيۇ-يورك دېگەندەك يەرلەرگە بېرىشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا ھەم غەلىتە، ھەم پەلىپەتىش تۇيۇلدى.

— ھە. . . بۇ. . . بىز ئۇ يەرلەرگە قانداق بارالايمىز، — دېدىمەن سەل دۇدۇقلاپ. دېمىسىمۇ ئۇنداق يەرلەرگە بېرىش ئىمكانىيىتى بىزدەك ئاددىي كىشىلەرگە نەدە تۇرۇپتۇ.

— قانداق بارالايمىز، دېگەنمۇ گەپمۇ. داداممۇ شۇنداق. سىلەر مۇشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەردە ئۈمىدسىزلىك بەك ئېغىر.

— ماڭا قارا، دىلىيار، — دېدىمەن ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن ئۇنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ تۇرۇپ، — ئەھۋال سەن دېگەندەكمۇ ئەمەس، ھازىرقى كۈنلەرمۇ بىر ئوبدان، سەن دېگەن يەرلەرگە بارالمىساقمۇ لېكىن تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم، يېمەك-ئىچمەكتىن قىسىلمايمىز، كۆڭلىمىز توق، تۇرمۇشىمىز كاپالەتكە ئىگە، بىزگە يەنە نېمە لازىم،

— مەن ئۇنىڭغا: «يەنە كېلىپ ئۇنداق يەرلەرگە بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى» دېمەكچى ئىدىم، نېمىشقىدۇر بۇ گەپلەرنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم.

دىلىيار ماڭا مۆڭلۈق كۆزلىرىنى تىكتى، بۇ كۆزلەردىن ئىچ ئاغرىتىش، ھەيرانلىق، يەنە دىلخەستىلىك چىقىپ تۇراتتى.

— سىز نېمىگە بەكرەك قىزىقىسىز؟ — دېدى دىلىيار ئەۋۋەلقى ھالىتىنى بۇزماستىن.

— ھە. . . مەن . . . بۇنى تازا. . . ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن، — مەن بۇ قىيىن سوئالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سورىدۇم، — سەنچۇ، سەن نېمىگە بەكرەك قىزىقىسەن ؟

— مەن جۇغراپىيىگە، تارىخقا قىزىقىمەن. بىزنىڭ تارىخىمىزنى، ياشىغان ماكانىمىزنى بىزگە قارىغاندا چەت ئەللىكلەر كۆپ بىلىدۇ، بىزگە قارىغاندا باشقىلار كۆپ تەتقىق قىلىدۇ. مەن بۇنى تارىخ كىتابلىرىدىن ئوقۇغان. نېمىشقا زادى بىز ئۆز ماكانىمىز، ئۆز تارىخىمىزغا باشقىلار قىزىققاندەك قىزىقمايمىز؟ بۇ ئۆز-ئۆزىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكمۇ. بۇ دۇنيادا ئادەمنىڭ ئۆز- ئۆزىنى ئۇنتۇپ كېتىش، ئۆزىگە ئۆزى كۆڭۈل بۆلمەسلىكتىنمۇ ئېغىر ئىش يوق. مەن شۇنداق ئويلايمەن.

سۆھبىتىمىز يەنە داۋام قىلغانمۇ بولار ئىدى، لېكىن شۇ ئارىدا ئابلا تۇراق كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدىكى قارا كلېيونكا سومكا ئوبدانلا تومپىيىپ تۇراتتى. كاللامدا بايا دىلىيار بىلەن قىلىشقان گەپلەردىن كېيىنكى ئادىرماش — چېگىش خىياللار ئەلەڭگىيتتى. مەن ئادەتتە بىرەرسى بىلەن بۇنداق پاراڭلارنى قىلىشىپ ئولتۇرمايتتىم.

بىز ياسىداق مېھمانخانىنىڭ بىر بۆلۈڭىگە جايلاشتۇق. ئابلا تۇراق توغرالغان توخۇ گۆشى، ئۆپكە — ھېسىپ، خاسىڭ دېگەندەكلەرنى تەخسىگە ئېلىپ ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى.

— قورۇق بولسىمۇ بىردەم ئولتۇرايلى، ئۇكا، — دېدى ئۇ تەخسىلەرگە چوكا قويغاچ، — بۇنىمۇ ئانچە-مۇنچە ئىچىپ قويسا، كۆڭۈل كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. .

ئۇ، سۆزلىگەچ ئىككى پىيالىغا لىققىدە ھاراق قۇيدى.

— ئابلاكا، بەك جىق قۇيۇۋەتتىڭىز، بۇنى. . . مەن. . .

— ھە، ئەۋۋەل قىزىۋالغۇچە پىيالىدا ئىچەيلى، ئاندىن رومكىدا باشلايمىز. قېنى، كېلىڭ.

مەن پىيالىنى قولۇمغا ئالدىم. سۇپسۈزۈك، ئۆتكۈر پۇراق ئاڭقىپ تۇرغان ھاراق ئىچمەي تۇرۇپلا مېڭەمگە چىققاندەك بولدى.

— قېنى، ئۇكام، سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن كۆتۈرۈۋېتەيلى.

مىڭبىر مۇشەققەتتە پىيالىنى بوشاتتىم، ھاراق دېگەننى پىيالىدە ئىچىدىغان نېمە ئەمەسكەن.

بالكوندىكى كەپتەرلەرنىڭ بوغۇلۇپ ئۈنلىشى غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قولۇمدىكى رومكىنىڭ ئىچىدە پىرقىراپ چۆرگىلەۋاتقان كەپتەرلەرنىڭ سىماسى ئەكس ئېتەتتى.

— بۇ بىر نېمىنىمۇ پات-پات ئىچىپ تۇرمىسا، سىڭمەس بولۇپ قالىدىكەن، — دېدى ئابلا تۇراق سەسكىنىپ تۇرۇپ.

— دىلىيار چوڭ ئوغلىڭىزمۇ؟ — دېدىمەن توخۇ گۆشىنى قىسىپ ئالغاچ ئابلا تۇراققا قاراپ.

— ھەئە، بالىنىڭ چوڭى.

— ئوبدان ئادەم بوپتۇ.

— ھەي، قويۇڭە ئۇكام، — دېدى ئابلا تۇراق

www.uyghurkitab.com

قولىنى سىلكىپ، - «قورغۇيىنىڭ تۇخۇمىدىن چۈجە ئالالماس ساچىقىپتۇ» دېگەندەك، بۇ بالا پەقەت مېنى دورىمىدى، قىلغان قىلىقىدىن تارتىپ گەپ - سۆزلىرىگىچە بىر قىسمىلا، ئۆزۈمنىڭغۇ بالىسى، بىراقزە...

ئۇ، قولىدىكى پىيالىنى بوشىتىپ گېپىنى داۋام قىلدى:

- بۇ بالىچۇ، ئاجايىپ بىر ئادەم بولدى. بىزنىڭ مۇشۇ بىنادا ئىدارە باشلىقىنىڭ مۇئاۋىنى بىلەن باشقارما باشلىقلىرى ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭمۇ بىزنىڭ مۇشۇ بالا دېمەتلىك ئوغۇللىرى بار. باشلىقنىڭ بالىلىرى دېگەنمۇ باشلىقتەكلا چوڭ بولۇدىغان بوپكەتتى. ئۇ ئىككى باشلىقنىڭ بالىلىرى بىزنىڭ دەرۋازىۋەننىڭ ئوغلىنى ئۇرۇپ كېتىپتىكەن، ماۋۇ بىزنىڭ ھاڭۋاقتى جېدەلگە ئارىلىشىپ، باشلىقلارنىڭ بالىلىرىنى ئۇرۇپتۇ. قاراڭ، بۇ پېشكەلچىلىكنى، خەق تاياق يېسە ئۇنىڭ نېمە كارى، ئىشنى قىلماي بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىك تاپتى. ئۆززە ئېيتىپ كىرسەم، ئۇ خەقنىڭ قاش - قاپىقىدىن مۇز ياغىدۇ. ئاچچىقىمدا قايتىپ كىرىپ نەچچە تەستەك سېلىۋەتتىم.

- دىلىيارنىڭ قىلغىنى توغرا بوپتۇغۇ، ئەيىبلەپ نېمە قىلارسىز.

- ھەي ئۇكام... مۇشۇ جاھاندا بارغۇ، ئاۋۇ ھەق، ماۋۇ ناھەق بولدى، ئۇنىسى ئاق، بۇنىسى قارا دەپ يۈرۈدىغانلارنىڭ كېيىنلىكى ئوبدان بولمايدۇ، قاراڭ. سىڭگەن ناننى يەپ ئىشىمىزنى قىلساق بولمىدىمۇ. تېخى، نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن، دېسەم، ناھەقچىلىقنى كۆرسەم چىداپ تۇرالمايمەن، دەيدۇ. شۇمۇ گەپمۇ، ناھەقچىلىق بولسا، خەقنىڭ بالىسىغا بوپتۇ، ئۇنىڭ نېمە چاتىقى... ئوقۇيدىغانلىرىمۇ ساپلا تارىخ دەمدۇ، جۇغراپىيە دەمدۇ ... ئوقۇسا ئادەمنىڭ بېشى ئاغرىيدىغان كىتابلار.

ئابلا تۇراق قىزىشىپ سۆزلىگەچ ئارقا - ئارقىدىن ئىچىۋاتاتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ سۇنغان رومكىلىرىنى قايتۇرالمىدىم، خەق بىر ئوبدان مېھمان قىلىۋاتسا، نېمە دېگىلى بولىدۇ.

- ئۇ تېخى ئۆزىچە يازلىق تەتىلدە جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ كېلىمەن، دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭچە، ئادەم قورساق تويغانغا شۈكرى، دەپ بىر جايدا مىدىرلىماي تۇرۇۋەرسە، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ قالارمىش. گەپلىرى ناھايىتى يوغان، ھازىر ئىشلار ئۇنداق بۇزۇلۇپ كەتتى، مۇنداق بۇزۇلۇپ كەتتى، دەپ ۋايساپ كېتىشلىرى بار ئۇنىڭ. ئويلاپ بېقىڭە، مۇنداق ئادەمنىڭ قانداقمۇ ئىستىقبالى بولسۇن.

ئابلا تۇراق بارا - بارا مەست بولۇشقا باشلىدى. ئۇ، دىلىيار ھەققىدە سۆزلەپ زېرىكتى بولغاي، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

- سىزچە، ئىدارىنىڭ يېڭى كەلگەن باشلىقى قانداقكەن؟ - ئۇ، پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن مەن تەرەپكە ئېگىشتى، يۇمۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرى خۇنۇك پىرىلدايتتى.

- تاڭەي، تازا بىلىپ كېتەلمىدىمغۇ.

- بولسا ئۇكام، ئۇنى بىرەر قېتىم مېھمان قىلىپ قويۇڭ، كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالسىڭىز ئەجەب ئەمەس.

- نېمىشقا ئەمدى...

- ھەي ئۇكام، كىچىكتە سىز. «ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ» دەپتىكەن، مانا، مېنى قاراڭ، ھەر قېتىم يېڭى باشلىق كەلسە ئۇنىڭ بىر ئاغزىدىن، بىر بۇرنىدىن كىرىپ يۈرۈپ، ئىندەككە كەلتۈرۈۋالىمەن ... ئاندىن خىرامان يۈرۈۋېرىمەن. سىزدىن يوشۇرمايمەن، مانا مەن خېلى ئىشلارغا ئېپىم بار ئادەم. ھەرقانچە تۈرگۈن باشلىق بولۇپ كەتسىمۇ، بىرەر قېتىم گېلىدىن ئۆتۈپلا كەتسە... ئىش مانا شۇنداق. . يېگەن ئېغىز ئۇيۇلىدۇ ئەمەسمۇ... ئۇزۇندىن بويان بىللە ئىشلەۋاتىمىز، پېشانەمدىن تەر چىققۇدەك ئىشلەپ باققىنىمنى كۆرگەنمۇ سىز. ياكى بىرەرسىنىڭ ئالىيىپ قارىغىنىنى كۆرگەنمۇ... ئوغۇلبالا دېگەن مانا مەندەك ياشىسا بولىدۇ. ھېلىمۇ ماقۇل دېسىڭىز غاچچىدە توغرىلايلى بولمىسا... ھە، قانداق دېدىم.

ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئاۋۇپ كېتىۋاتاتتى. ئىككىمىز تۇيمايلا ئىلىنىڭ ئاشۇ زەھەردەك ئاچچىق ھارىقىدىن بىر يېرىم بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ قويۇپتىمىز. ھاراق ئىچسەملا ئۇيقۇم تۇتۇدىغان بىر خۇيۇم بار ئىدى، يەنە ئۇيقۇم كېلىشكە باشلىدى. خىيالىم تۇمانلىشىپ ئابلا تۇراق، ئۇنىڭ ئۆيى ۋە قىلغان سۆزلىرى خىيالىم ياكى چۈشۈمدىكىدەك بىر تەسىر ئىچىدە مۇگدەشكە باشلىدىم.

- مەن قايتاي، ئېغىر ئىچىپ قويۇپتۇق، ئابلا. . كا... خوش...

- يەنە بىردەم ... تازا چىلاشقۇدەك... ئەستا...

- خوش... ھېلىمۇ يېتەرلىك بولدى...

ئەتىگەندە كاللام ئېغىر، پۈتۈن بەدەنلىرىم ئۇرۇپ چىقىۋەتكەندەك بىر ھالدا ناھايىتى تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۆيگە قايسى چاغدا، قانداق يول بىلەن قايتىپ كەلگىنىمنى ھېچ ئەسلىيەلمەيمەن. ئىچمىسەم بولغىدەك، ھاراق كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتىمەن، ئابلا تۇراقمۇ قىزىق ئادەمكەن، ئازراق قويغان بولسىمۇ... مۇشۇ ھالىم بىلەن ئىشقا بارسامۇ تازا ئەپلەشمەيدىغاندەك قىلاتتى.

- جېنىڭىزغا چۈشلۇق ئىش قىلمايدىكەنسىز.. . دېدى ئايالىم ئاغزىنى غەلىتە قىيشايتىپ، - قارىڭا ئەپتىڭىزگە...

ئۇ، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، غودۇڭشىغىنىچە چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم: «توۋا... مەن مۇشۇ ئايال بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈمەن - ھە... ئىككىمىز قايسى چاغدا، قانداق بىر سەۋەب بىلەن بىر- بىرىمىزگە باغلىنىپ قالغان بولغىيتتۇق...»

مەن شۇنچە ئويلاپمۇ ئايالىمنىڭ ياش ۋاقىتلىرىنى ، مەن بىلەن يېڭى تونۇشقان چاغلىرىدىكى قىياپىتىنى پەقەت ئەسلىيەلمىدىم.

چۇشتە ئايالىم ئۆڭىسلى ئۆچكەن هالدا هاسىراپ كىرىپ كەلدى.

– تووۋا. . سىزنىڭ هېلىقى . . . هېلىقى ئاغىنىڭىز. . .

– نېمە . . . ئالدىرىماي دېمەمسەن. . .

– هېلىقى ئابلا تۇراق دېگەن ئادەم . . . ئۆلۈپ كېتىپتۇ. . .

ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم، بېشىم قېيىپ، زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى.

– ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، ئۇ، ئاخشاملا تېخى. .

.

– بايا شۇ گەپلەرنى ئاڭلىدىم، كېچە ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، بىرنېمىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، بېشى ئەخلەت ساندۇقىنىڭ گىرۋىكىگە تېگىپ كېتىپ . . .

ئۇ تونۇگۈن ئۆيىدە قالغاندەك قىلمۇېدىغۇ. . . قايسى شەيتان ئۇنى كوچىغا سۆرەپ چىققان بولغىيدى . . . تووۋا قىلدىم، مۇشۇنداق بىر ئاددىي ئىشمۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈم سەۋەبى بولۇپ قالىدىكەن-هە. . . نى ئادەملەر بارىكەن، تاغدىن يىقىلسىمۇ ساق قالىدىغان.

. .

كۆز ئالدىمدا ئابلا تۇراقنىڭ سوزۇنچاق، كوسا چىرايى، تېخى تونۇگۈنلا ئىشخانىدا تېلېۋىزوردا كۆرگەنلىرى ھەققىدە قىزىشىپ سۆزلەشلىرى . . .

سەل ئېڭىشىپ مېڭىشلىرى بىلەن سىرلىق كۈلۈشلىرى، هاراق ئىچىپ ئولتۇرغاندىكى قىياپەتلىرى بىرمۇ بىر كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى.

مەن قورققان، ئەندىككەن هالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بالكوندىن قايناپ تۇرغان كوچىغا قارىدىم، خۇددى هېچ ئىش بولمىغاندەك ئادەملەر بەخىرامان، تايىنسىز بىر كۆرۈنۈشتە ئۇياق – بۇياققا مېڭىشىپ يۈرەتتى، ماشىنىلارنىڭ يېقىمسىز سىگناللىرى يۈرەككە مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. شەهەر ئاسمىنىنى قويۇق ئىس – تۈتەك، مانان قاپلىغان.

ئۆزۈمنى تولىمۇ يىگانە هېس قىلدىم. ماڭا تەسەللىي بېرەلەيدىغان ، قېتىپ كەتكەن ۋۇجۇدۇمغا ئىللىقلىق تارىتالايدىغان بىر مېهىرلىك قولغا نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىمنى هېس قىلدىم. هايات مېنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ چىغىر يوللىرىغا بەنت قىلىپ بولغاندەك ئىدى. مەن بىر ئۆمۈر مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرىمەن، بىر ئۆمۈر مۇشۇ بالكوندىن كوچىغا قاراپ خىيال سۈرىمەن. يەنە بىر ئۆمۈر ئاشۇ خىزمەتداشلىرىم بىلەن ئۆتۈمەن. يەنە ئۆمۈر بويى ئاشۇ ئايالىمنىڭ گاهى سوغۇق، گاهى ئىللمان نەزىرىگە يولۇقۇپ ياشايمەن. مەن ئۈچۈن هاياتنىڭ مەنىسى مۇشۇمىدۇ؟

مەن تۇمانلىق كۆككە قارىدىم. شەهەر ئاسمىنىد بىرمۇ قۇش كۆرۈنمەيتتى.

---

ئاپتور: چەرچەن ناهىيە ئۇرۇقچىلىق پونكىتىنىڭ خادىمى (M1)


**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇهەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى**





**باش مۇهەررىر قۇربان مامۇت(M1)　مەسئۇل مۇهەررىر رىسالەت مۇهەممەت(M2)**

www.uyghurkitap.com



# تەكلىماكان، خوراز، ئۈرۈمچى

(باللادا)

ھەبىبۇللا توختى

چەكسىزلىك چەكسىز
چېچىلغان ماكان،
ئاڭا تۇتاشقان —
ئاخىرقى زامان.
ئەجەبمۇ سىرلىق بۇ تەكلىماكان.
بۇ تەكلىماكان —
ئۇيقۇغا چۆمگەن
ئۇيقۇسىز شەھەر.
جۇشقۇن جەسەتتەك
تۇيغۇسىز شەھەر؛
ياتار پەرۋاسىز،
تالايدۇ بوران،
ھۇۋلار شىۋىرغان...

* * *

بۇ تەكلىماكان —
كۆزياشقا يېقىن،
دېڭىزدىن يىراق؛
مەرمەر دېڭىزى،
ئاتلانتىك ئوكيان،
بەكمۇ يىراقتا.
نەمخۇش ساھىللار،
دالا تامىقى،
بىر مۆتىۋەرنىڭ ئېسىل قارمىقى،
غەمسىز ئوقۇلغان ئەركىن ناخشىلار،
يوقتۇر بۇ يەردە.
چۈنكى بۇ قۇملۇق ماڭالماس قېيىق،
سۇسىز چۆل دېمەك يوق ئالتۇن بېلىق.
توغراقزارلىقتا بولۇشى مۇمكىن —
پادىشا تۈلكە، مەدىكار ئېيىق،
بوۋام ئېيتقاندەك.

* * *

بارخان باغرىدا ئۇيقۇچان مەھەللە.
پەرىشتە كەلسە چىللايدۇ خوراز.
جاڭگالغا ماڭار
پادىچى بالا، بىر توپ مۆڭ كالا.
ناخشا توۋلىغاچ —
غەمكىن ئوتۇنچى ماڭار ئوتۇنغا:
«ئاھ خۇدا بەندەم دېسەڭ،
تۈزچى ، ئوتۇنچى قىلمىغىن.
ئالتە ئېشەكنى ھەيدىتىپ،
چۆللەردە ۋەيران قىلمىغىن».
پۇتلىرى ھارماس ئۇلاق،

بىلىكى ياستۇق ئاغا.
دۈۋە قۇم دەل پەر تۆشەك،
چىقسائاي -نۇرلۇق چىراق. . .
خوراز چىللايدۇ. . .

* * *

قۇرۇپ قالغان ئاپئاق ئىسكىلىت،
بەكمۇمەغرۇر ياتار ھېچبىر،
ئاۋۇل تىكىپ ساتۇق بۇغراخان –
گۈلخان سېلىپ ئۆتكەن دالىدا.
ئوتتۇنچىنىڭ جەسىتى چوقۇم،
بەش بالىسى كۆلۈك ئالدىدا.
تېپىلمايدۇ ئەمدى بەرىبىر،
كەربالانى نۇرغا تولدۇرغان –
ھۇسەينەمدەك مەڭگۈلۈك جەسەت.
بۇ قانداق جەسەت؟
ئۇ قانداق جەسەت؟
بولدى قويغىنا،
جەسەتكىمۇ قىلمايلى ھەسەت.

* * *

ماڭا ئەگەشمە كۆكۈلسىز پارالڭ،
سورىساڭ مەن بىر سۆيۈملۈك سارالڭ.
ئىزدەپ يۈرىمەن ھېلىقى شەھەرنى،
خوراز چىللىغان نۇرلۇق سەھەرنى.

* * *

بوۋاينىڭ سۆزى:
سۇلايمان ئەلەيھىسسالام
قوشۇن تارتقانچە كەلسە بىر جايغا،
سېپىل ئالدىدا ئېگىز بىر مۇنار،
مۇنار ئۈستىدە بىر سەگەك خوراز –
چىللاپتۇ، شۇئان باشلىنىپتۇ جەڭ.

. . .

موماينىڭ سوزى:
خورازسىز ئەل ئاداشقان پادا ،
ئەتراپىدا چىلبۆرى ھۇۋلار.
ئەركەك مىجەز سەگەك خورازدىن
يالماۋۇز ھەم ئىبلىسمۇ قاچار.
ئاڭلىغىن بالام،
چىقما تالاغا نەسلىك گۇگۇمدا
توغراقلىق ئارا جىن-شاياتۇن بار.
يالماۋۇزمۇ بار –
چىنتۆمۈر ئاكالڭ چاپسا شەمشەردە،
ھەر بىر بېشى مىلڭ بوپ يارالغان.
نەۋرىسى ئېيتار:
ئېيتقىنا موما
شۇنچە كەڭرى تەكلىماكاندا
بۇرۇنلاردا يوقمىكەن خوراز؟!
موماي كۆزىگە ياش يۇقار شۇئان:
كەچۈرگىن بالام جىنلار ئۆزگىرىپ –
خوراز ئالدىغا بوپ كەلگەن مىكيان.
ئاتقان چېغى تالڭ

ئاچچىقلاپ بالا غىلتالڭ خورازلارغا،
تاش ئاتقاچ ئاغا،
يالغاياقلا ماڭار مەكتەپكە،
موماي قالىدۇكۆلۈك ئالدىدا.

* * *

لايپاس ئاققان لاي سۇلۇق ئۆستەڭ،
مىسىردىكى نىلغا ئوخشىماس.
نىل قۇيۇلار ئەرەبلەرنىڭ قەلبىگە.
بىراق ئۇ جايدا
دىللار چاڭقاق، نىلمۇ توختىماس.
يۇراپ تۇرغان قومچاقلىق كۆلچەك
ئوخشىماس ھەرگىز –
ئاللانىڭ ئەلچىسى ئۇلۇغ مۇساغا،
(سالام ئۇ زاتقا)
خوراز چىللىغان نۇرلۇق سەھەردە،
ماماتقا باي قايناق سەپەردە،
ئۆز قوينىدىن يول بەرگەن دېڭىز –
قىزىل دېڭىزغا.
قىزىل دېڭىز مويسىپىت دېڭىز،
دولقۇنلىرى تەلۋە قىسمەتتەك،
سۈيى ئاچچىق چىن ھەقىقەتتەك.
قوينى داغدام يول كەلگەندە مۇسا،
پىرئەۋن شۇسۇدا جېنىدىن جۇدا①
تەلۋە پىرئەۋن
ئۆزى پەيلەپ چوڭ قىلغان بالا
ئۇنى ئۆلۈمگە باشلىغان مۇسا.
ئۇنى ئۆلۈمگە باشلىغان مۇسا –
ئۆزى پەيلەپ چوڭ قىلغان بالا.
ئەجەبمۇ ئاچچىق ھەقىقەت دېگەن.
بىراق بۇ جايدا،
لاي سۇلۇق ئۆستەڭ –
كۆتەر شاۋقۇنسىز،
خوراز چىللىسا ئېتىزغا ماڭغان –
ئورۇق ئۆكۈزنى، غەمكىن قوشچىنى،
چاڭقاق پادىنى،
دەرستىن قالغان گۆدەك بالىنى.
توغراق چىراي، قويدەك مۆلڭ بالا،
قۇلاق سال ماڭا!
سەندەك چاغدا – گۆدەكلىكىدە
بەكمۇ جەسۇر، شوخ ئىدى مۇسا. . .
جاۋاب:
پاك ساددىلىق بولغىغان جاي بۇ،
مەلئۇن پىرئەۋن چۇنكى بۇ جايدا –
باقماپتىكەن مۇسا كەبي شوخ،
جەسۇر ، زىرەك بىرەرمەرد بالا.

* * *

خوراز چىللىسا چىقىدۇ قۇياش،
قانغا بوياپ چەكسىز بارخاننى.
مەكتەپنىڭ يولى يېتىمسىرايدۇ،

---

① مىلادىدىن ئىلگىرىكى13-ئەسىرگەتراپىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادى بەنى ئىسرائىلنى ئۆز تەربىيچىسى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى پىرئەۋن ۋەلىدنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مىسىردىن قىزىل دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈپ پەلەستىنگە قاراپ باشلاپ ماڭغان. «قۇرئان كەرىم»دە دېڭىزنىڭ جىددىي پەيتتە بۆلۈنۈپ ئارىسىدىن قۇرۇق يول ھاسىل بولغانلىقى ، ئۇلار ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن پىرئەۋن قوشۇنلىرىنىڭ ئۇ يولغا كىرسە ھالاك بولغانلىقى ئېنىق زىكىر قىلىنغان.

«قىرى ئەپەندى» ھالسىراپ كىلىپ -
ئۆينى سورايدۇ.
قوناقلىق بىلەن قاچىدۇ بالا،
كۆتەر ئىتىمىزدا ئاتا، قوش، كالا.
خوراز چىللايدۇ،
ئۆتىدۇ يىللار
ئاۋاتلاشقانچە ھاشارنىڭ يولى.

* * *

گۈزەل ئۈرۈمچى خورازسىز شەھەر،
مۇزدەك باغرىڭغا
ھىسسىياتسىز چۇقانلار بىلەن -
غالجىرلارچە كىرەر باستۇرۇپ
تۇتەك باسقان خورازسىز سەھەر.
ئوخشايمىز شۇ چاغ
ئۆزىمىزگە، بىر-بىرىمىزگە؛
ئارقا كوچاڭ قەلبىمىزدۇر دەل،
چىرايىمىز پار-پۇر بىنايىڭ،
نىرۋىمىزدۇر نەغمە-نەۋايىڭ.
جاھالەتنىڭ شىرىن كەيپىدە -
ناخشا توۋلاپ تۇرۇپ چىقارغان
تىنىقىمىز تۇتەك ھاۋايىڭ...
روھىمىزغا ئوخشايدۇ ئەجەب،
بايلار كىرمەس، مۇساپىرتولا
بەكمۇ رەڭدار غىرىب مەسچىتىڭ...

* * *

سورىساڭ گەرمىنى، مەن پەقەت -
قوينۇڭدىكى بىر گۆدەك بالا.
قاراپ باق ماڭا:
ئارمان قاچىلاپ خۇرجۇنلىرىمغا،
كۆزۈمدەك خۇنۇك جەنۇبتىن كەلدىم.
ئەشۇ جەنۇبتىن ئۇزاتتى دادام
سىيلاپ بىشىمنى -
تارىخىمىزدەك قاداق قولىدا.
ئۇزاتتى ئانام،
سۇ ۋە دۇئا، سۈتتە يۇغۇرۇپ،
مىھرىدەكلا ئاتەش تونۇردا -
تاۋلاپ توقاچنى.
مۇزرەڭ شەنبە، مۇزرەڭ ياتاقتا
بۇ قۇياشسىز جۇل ئۈرۈمچىدە -
ساندۇق ئۈپۈقۇم، شۇ توقاش - قۇياش.

* * *

قالدى قەشقەردە
مەغرۇر ھىيتگاھ،
لاي ئاققان تۈمەن،
تەمكىن «ئوردا ئالدى»،
ياسانچۇق سەمەن.
ھىيتگاھ ئالدىدا قالدى تىزىلىپ
مىسكىن مەدىكار، ئۆكتەم تىلەمچى،
نوچى تۇماقچى،
چىبەرقۇت يۈزلۈك كۈلالچى بوۋاي،
ئوغلى ھوقۇقدار قىرىماس موماي.

* * *

خىلۋەت يىزامدا
ئوماق پاقلىنىم ئوينايتتى تاقلاپ،
كەپىسىز ئوغلاقلارقىچىپ ناينىقلاپ،
قەلبىمدەك سۈزۈك ئىقىن بويىدا.
مىسكىن كەپەمدە بوۋامدىن قالغان -
قىرى خورىزىم چىللايتتى تاڭدا.

* * *

يەرشارىنىڭ قۇرغاق لىۋىگە
قىستۇرۇلغان شىبىرىن موخوركا -
بەدبۇي سانائەت،
ئاتىلىقنى ئايرىپ ئاتىدىن،
ئاتىسىزنى يوق قىلدى تامام.

دۈمچەك بولۇپ يۆتەلگەچ شەھەر،
ئىپلاس راكتىن بەرگەندەك جەۋر،
ئۈرۈمچىدىن كەتتى يىراقلاپ،
خوراز لەرزان چىللىغان سەھەر.

* * *

گۈللۈك قەپەس كۆندۈرگەن يولۋاس،
ئۇخلاپ ياتار بىر كۈن كەچكىچە.
مىجەزىنى يوقاتمىغان شىر -
خىرىلدايدۇ ئادەم كەتكۈچە.
گۆش چوقۇلاپ ئاۋارە بۈركۈت،
بۆرە سۆڭەك غاجاريانپاشلاپ.
تىپىرلايدۇ مىسكىن توشقانلار،
قەپەسلەرنى يۇمشاق تاتىلاپ.
ھەشىمەتلىك قان رەڭ قەپەستە،
مەرۋايىت دان چىچىلغان پەستە؛
توك چۆجىسى - ئاتىسىز خورازلار
چىللىيالماي تۇرار شۈمشىيىپ،
توڭ قاغىدەك قىلىشىپ غاق-غاق.
چىللاپ كەتتى باشقىلار قانداق؟!
ھەم ئاتا ھەم ئانىسىز جانىۋار -
چىللىيالماي، دان يەپ، غاقىلداپ -
ناجىنىسقا ئايلىنار شۈنداق.

* * *

نۇرلۇق ئىرانىڭ بوسۇغىسىدا،
بىر-بىرىگە قاراپ شۈمشىيىپ،
قىتىپ قىلىشقان
شەھەرسىز خوراز، خورازسىز شەھەر.

تەلۋە، مىسكىن بۇ گۈزەل شەھەر،
تەبىئەتتىن يىراق بىر جايدا،
بىر بوۋاينىڭ تەمكىن چۈشىدە:
تاش يۈز، تاش قول ھەم تاش يۈرەكلىك،
تاش كۆزىدە شىبغىل يىغىلغان،
نادانلىقنىڭ قاتلاملىرىدا -
ئۇخلاپ يىتىپ تاشقا ئايلانغان
تاش بەدەنلىك، تاش ھىسسىياتلىق -
دىمەككى - تاش ئادەملەر تولغان -
تاش شەھەرگە كەتتى ئايلىنىپ.

1999-يىل ئاپرىل - ماي، ئۈرۈمچى
يۇلەيشۇن فوتوسى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى (M1)



# شائىرلىق ئەركىنلىكى

## قەيەرگىچە

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

### تەڭرى ۋە شېئىر

شېئىر ـ يوشۇرۇن، تىل ـ ئاشكارىدۇر.
تىل ئۆز مۇمكىنچىلىكىدە ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان ھالدا شېئىردىن ئىبارەت مۇقەددەس ناخشىسىنى تۇرلۇك ئاۋازدا ئېيتىپ كەلمەكتە.
تىل ـ كۆيۈۋاتقان قېقنۇس! بىز ئۇنىڭ ئاتەش ئۇنىدىن مىڭ تۇرلۇك مۇزىكا، مىڭ تۇرلۇك ناخشا تىڭشايمىز. ئۇ، رەڭدار قاناتلىرىنى يېيىپ ۋۇجۇد باياۋىنىمىزنى كېزىپ يۇرىدۇ.
شېئىر ئېزگۇلۇكتىن تۇغۇلىدۇ. تىنىقلىرىدا تەڭرىنىڭ تاتلىق پىچىرلاشلىرى بار، بارماقلىرىدا ۋاپا ئەھلىنىڭ ئارامبەخش نۇرلىرى چاقنايدۇ، چاناقلىرىدىن ئەسەبىيلىك تېشىپ تۇرىدۇ.

شېئىر ئەلەم ۋە يالغۇزلۇقتىن چىقىدۇ. شائىر ھامان ئەلەمگە مەھكۇم. بۇ قىسمەت ئۇنىڭ رېئاللىققا بولغان ھېسابسىز سوئاللىرىدىن كەلگەن.
مەھرۇملۇق شائىرنى يەتكىلى بولمايدىغان ئارمانغا بۆلەيدۇ. مەھرۇملۇق شائىرنىڭ تەڭرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنى ئاخىرقى مۇمكىنچىلىككىچە يېقىنلاشتۇرۇپ، تەبىئەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرىدۇ. چىدىغۇسىز تەنھالىق ئۇنى يوقلۇق يېپلىرىدا بۇيۇك روھقا چېگىپ تۇرىدۇ.
تىل تىنىماي سوئال قويىدۇ، شېئىر: «سۇكۇت!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.
تىل ئەبەدىي مەۋجۇد بولغان مەجھۇل تۇيغۇلارنى رەڭدار ياساندۇرىدۇ.
شېئىر ـ تەڭرى تىلىدۇر. تىل شېئىرنى بىباھا

www.uyghurkitap.com

قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ.

«شائىر گويا ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە تەنھالىقى ، ھەممە ئازابلىرىنى ئۆزىگە يۈكلىگەن ھالدا ئەبەدىي ئىچكى سەرسانچىلىق ئىچىدە شېئىر يازىدۇ»① ئۇنىڭ دەپتىرىدە: «ھەر بىر شېئىر - بىر قەلبىنىڭ، بىر مىللەتنىڭ پسىخىك تارىخى»② بولۇپ پۈتۈلىدۇ.

ئۇنداقتا، تۇنجى شېئىرنى كىم يازدى؟

يېڭى سۆزلەر گويا كونا جاۋابلارنى تەكرارلايدۇ:

تەڭرى - بارچە گۈزەللىك، سەلتەنەتنىڭ سۇلتانىدۇر. ھەممە ئۇنىڭغا مۇجەسسەم. ئۇ ئۆز ۋەسلىدىن زوقلانغۇچى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالقىشلار ئەبەدىي ئۈزۈلمەيدۇ.

ئىنسان - تەڭرىنىڭ سايىسىدۇر. شۇڭا پۈتكۈل ئىدېئولوگىيە ئىنساننى مەركەز قىلىدۇ.

تەڭرى پەرىشتىلەرنى ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىدى. . . بەدىۋز شەيتان ئىبزگۈلۈككە دۈشمەن بولدى. تەڭرى مۆجىزىسى ئىنساندا شۇنداق بىر كارامەت يېتىلدۈرگەنىدىكى، ئۇنىڭسىز ئادەمنىڭ نەپسى بېسىقمىدى، جەننەتتىكى بارچە راھەتلەر يېتەرسىز بولدى. ئۇ غىدىقلانىسىلا ھەۋەس پەيدا بولاتتى، تۈرلۈك قىلىق چىقىرىپ، بوش چېكىلگەن ئىشكىلەرنى داغدام ئاچاتتى .

غەليان كۆتۈرگەن ھەۋەس ئوتلىرى ئەخلاقنىڭ چاھارباغلىرىنى كۆيدۈرۈپ، تۈتۈنىنى كۆككە سورۇيتتى.

ئەنە شۇ ھالەتتە ئادەم ھەۋۋانىڭ تۆرىلىشىنى تەقەززا قىلدى.

«قاچانكى ئادەمنىڭ كۆزى ھەۋۋانىڭ كۆكرىكىدىكى( ئالما ) غا چۈشتى، ھەۋۋانىڭ كۆزى ئادەم ئېتىدىكى (يىلان) نى كۆردى» ③ مۇھەببەت بېسىلىپ قالغان ئىستەكلەرنى قوزغاتتى.

ھەيھات! ھەۋۋا كۆكرىكىدىكى چەكلەنگەن «مېۋە» گە ئادەمنى تەشنا قىلدى.

«بۇ ئالما ئەجەب شېرىن. . . ئەجەب شېرىن! ئادەم، قوللىرىڭنى ئۇزاتقىن، سەنمۇ تېتىپ باققىن. . . »

ئادەمنىڭ ئۇياتلىق قوللىرى توسۇپ تۇرغان «يىلان» قىمىرلاپ، قوزغاپ، بېسىلىپ قالغان ئىستەكلەرنى ئويغاتتى.

ۋۇجۇدلاردا شۇنداق چوقۇنۇش بەرپا بولدىكى، قىنىغا پاتمىغان ھەۋەس قۇشلىرى ئەدەبنىڭ قەپەسلىرىنى جان-جەھلى بىلەن چۇۋۇپ چىقتى.

ئۇلاردىن ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولدى. دەل مۇشۇ ھاياجان، دەل مۇشۇ ئورۇنۇشتىن مەدەنىيەت ھاسىل بولدى. ئۇ، ھاياتلىق ۋە ھەممە نەرسىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇ، شېئىرنىڭ ئۆكسىمەس بۇلىقى ئىدى.

تەڭرى ھەۋۋا بىلەن ئادەمگە شەيتاننى ھەمراھ قىلغان ھالدا زېمىنغا چۈشۈردى. شۇنىڭدىن بۇيان ئىبزگۈلۈك بىلەن ناكەسلىكنىڭ كۈرىشى باشلاندى. چوڭقۇر جىنسىي مەخپىيەت، ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ نەپىس بارماقلىرى، راھەتلىك كۆزلىرى ئىبزگۈلۈكنىڭ كۆركەم شېئىرلىرىنى يازدى.

شۇنىڭدىن بۇيان تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ، ئىنسان بىلەن شەيتاننىڭ، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ، ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ تىنىقىدىن ھاسىل بولغان ھاياجان ئەبەدىي ئۆلمەس مېلودىيە ھاسىل قىلدى. نەپىس قۇرلاردىكى قول گويا يەتكىلى بولمايدىغان مەڭگۈلۈك ئارماننىڭ قولى ئىدى.

ئۇلار قويۇق ئورمانلارنى تىڭشىدى. ياپراقلارنىڭ ئۈزۈلمەس مۇناجاتلىرىنى ئوقىدى. ئۇلار دەريالارغا قۇلاق سالدى، ۋۇجۇدلىرىغا ئەڭ ئۇزۇن مېلودىيە ئېقىپ كىردى. تاغلارغا قاراپ يۈگۈردى. تۇغۇمنىڭ ئەسەبىي ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. . .

سىرلىق تەبىئەت ئۆكسىمەي شېئىر ئوقۇيالايتتى. تەڭرى بارماقلىرىدىن نەپىس مىسرالار توختىماي تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

تەڭرى ئۇلارنى نۇرغۇن سىرلاردىن مۇستەسنا قالدۇردى. ئەقىل ئىنساننى «ئەركىنلىك! » دەپ قوزغاتتى.

تەڭرى ئۇلارغا ئەڭ ئېسىل ئاغىي - خەزىنىلەردىن بىشارەت بەردى. ئەمما ئىنسان: «نېمە ئۇچۇن؟ » دەپ سوئال قوياتتى.

تەڭرى ھېكمەتلىرى ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن ئىدى.

ناھايەت ئىنسان ئالدىغا تاشلىناتتى.

يوللار يوشۇرۇن ئىدى، قەدەملەر ئاچاتتى.

كۆڭۈللەر يوشۇرۇن ئىدى، ئەقىل ئاچاتتى.

ھەقىقەت يوشۇرۇن ئىدى، سەپسەتىلەر ئازدۇراتتى.

ئىنسان ئازغۇچى ئىدى. كۆزى ئېچىلغانىدى، توختىماي ئادىشاتتى.

كۆڭۈللەر ئېچىلدى. ئەقىل ئۇنىڭغا تۈرلۈك يوللارنى كۆرسەتتى.

يوللار كۆپەيدى، قەدەملەر ئازدى!

تەڭرى يۈتتى، روھ يوقالدى، تۈرلۈك دىنلار پەيدا بولدى. . .

تەڭرى ئاشكارا تىلغا ئېلىندى. جەننەت ھەققىدە ھېسابسىز ھېكايىلەر پەيدا بولدى. ھەممە ئادەم كۆرگەندەك، بىلگەندەك سۆزلەشكە باشلىدى.

ئالڭ ئادەمنى مەركەز قىلدى.

ئادەم كىيىمسىز ئىدى، كىيىم كىيدۈرۈلدى، كېيىن سالدۇرۇلدى.

ناھايەت دۇنيانى ئەخلاق تۇتۇپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ ئىنسان تەبىئىيتىنى تاپالمىدى.

ئادەملەر توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇلارنىڭ تاش-تۇپراق ئېغىزى روھىنى ئېزىپ، تېنىنى قول قىلىپ مىندى. ھازازۇل گەدەنگە چاپلاشتى! تەڭرىنىڭ مۇقەددەس چۆچىكى، سېھىرلىك ئاۋازى سۇكۇتكە ئايلاندى. زامان ھەممە نەرسىنى ھەيران قالغۇچىلىكى يوق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

. . . كىيىك پەرىزاتنى ئۇچراتقان شاھزادە

ھېلىقى تاغ قاپتىلىغا يەنە كەلدى. بىراق بۇ قېتىم گۈزەل مەلىكىنى ئۇچرىتالمىدى. گۇرمانلارنىڭ مۇقەددەس مۇناجاتلىرى، دەريالارنىڭ گۈزۈلمەس مېلودىيىسى يوقالغانىدى. . .

شۇنداق، ھەيران قالغۇچىلىكى يوق دۇنيا؛ گويا ئالدى ئېچىۋېتىلگەن قىزدەك شۇ پېتى قېرىپ كەتتى! . . .

توغرىلىق ئىزدىگەن ۋاپا ئەھلى دۇنيانىڭ ھەقىقەتكە ھامىي بولالمايدىغانلىقىنى تونۇدى. ئۇنىڭ قەلبى بۈيۈكلۈككە – سىرلىق ئالەمگە يۈزلەندى. مۇناجات ئاستا-ئاستا ياڭرىدى. . .

شېئىرنىڭ نازۇك بارماقلىرى گويا ئۇلارنىڭ تاتارغان يۈزلىرىنى سىلىغاندەك ھاياجانلاندى.

شۇنداق، شېئىر بىزنى چاقىرىۋاتاتتى. شۇنداق، گۈزەلدىن تەڭرىنى ئىزدەپ بۈيۈك پەللىگە ئىنتىلگەن بۇ مىللەت شائىرلىرىغا تەنھالىقنىڭ تەڭرى جىمجىتلىقى ۋە سۈكۈتنىڭ چوڭقۇر ساداسىلا قالغانىدى.

تاڭ تەڭرى كەلدى،
تاڭ تەڭرى ئۆزى كەلدى.
تاڭ تەڭرى كەلدى،
تاڭ تەڭرى ئۆزى كەلدى.

نۇرۇڭلار قاماق[1] بەگلەر قاداشلار[2]
تاڭ تەڭرىسىنى مەدھىيىلەيلى!

ئايان بولغان تاڭ تەڭرىسى ،
سىز بىزنى قوغداڭ.
بالقىپ چىققان ئاي تەڭرىسى،
سىز بىزنى قۇتقۇزۇڭ!④.

ئۇلار ئۇچۇن يۈكسەك پەللە تەڭرى ئىدى.

شۈبھىسىز ئۇلار ئۆزىنى ئۇلۇغلايتتى، ئالقىشلانغان بۈيۈك ماقامغا قويالاتتى. «مەن تەڭرىنىڭ ئوغلى» دەپ سۆزلەيتتى. تەڭرىقۇت باشقىلارنى ئۆزىگە سەجدە قىلغۇزاتتى. توگەل ئىنسانىي كامالەتتە ئويلايتتى. ھەربىر مىسرا بالقىپ تۇرغان ھاياجان لەھزىدە ئىدى.

شېئىر تەڭرى پىنھانلىقى بىلەن يېنىك تىناتتى. ئىنسان ئاشىقلىقى بىلەن سەرگەردان ۋە ھاياجاندا ئىدى. پاك-تازا شائىرلار ياخشىلىقتىن تۇغۇلغاچ، شېئىر تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ، كۆيگۈچى بىلەن كۆيدۈرگۈچى (ئاشىق بىلەن مەشۇق) نىڭ ئۈزۈلمەس سۆھبىتى ئىدى.

شېئىر تىنچ گۇرمانلاردىن، مول ئېقىنلاردىن، مىننەتسىز ئابىدلاردەك تەنھالىق ۋە ئېزگۈلۈكتىن يارىلاتتى. ئىچىنى تىڭشىغۇچى ئىنسان شېئىرنىڭ ئىچكى يولىدا يۈرگەن تەۋەككۈلچى ئىدى. ئىچىگە چۆككۈچىلەر سۆز ۋە مەنە بوشلۇقىدا سەرسان، گويا تەڭرى بۇ مۇناجاتلارنىڭ ئىشتىراكچىسى ئىدى.

غولىدىن، ياپراق ۋە چېچەكلىرىدىن
. . . تاپقان مېۋىلەردىن
داۋاملىق نۇرلار پارلايدىغانلىقىنى.

ئۇلۇغ غۇنچە-بېزەكلەر بىلەن
ئوردا – سارايلار ياسىلىدۇ.
تەڭرى باللىرى ئۇ جايدا
ئويۇن-تاماشا بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

ۋۇجۇدلىرىغا ياراشقان
ھەر تۈرلۈك گۆھەر بېزەكلەر بىلەن
يۇزلەرچە يوچان[3] يەرلەرنى يورىتىدۇ،
ھەرخىل نۇرلارنى چاچىدۇ.

ئۇلارنىڭ يۇرتى، شەھىرى ۋە ئەللىرى
ئۇپاقارا[4] ساۋابلىق ئىشلىرى
ناھايىتى ئېنىق، بەلگىلىك ھالدا
دائىم كۆرۈنىدۇ، ئەسلەيدۇ⑤.

بۇ ياپراقلار[5] داقانداق كۈچ! ؟ . . . بۇ جايدا دىلنى مەھلىيا قىلغىنى تىل مەسىلىسى. باللارچە تەسەۋۋۇر، تۈرلۈك مەنە ئېھتىماللىقلىرى. . . ئېنىق ئېيتقاندا تىلداجۇلالىنىپ تۇرغان روھ! ئۇ بىزگە يۈك بولۇپ قېلىۋاتقان ئىدېئولوگىيە رامكىلىرىنى پاچاقلاپ، ئەسلىمىزگە قايتۇرىدۇ. بۈيۈك تۇيغۇ تىنچ گۇرمانلاردا، سىرلىق دەرەخلەرنىڭ نۇر ھالقىلىرىدا، شوخ ئېقىنلارنىڭ تىنىق كۆزلىرىدە، قەدىمىي قەلئەلەرنىڭ چېلىنىش ئالدىدىكى مۇزىكا تىمتاسلىقىدا. . . ھەرقانداق يۈكتىن خالاس ھالدا پەقەت خورىمايدىغان جىمجىت ھاياجاندا پەرۋاز قىلدۇرىدۇ.

ئۇ بىزنى شېئىرنىڭ سىرلىق يولىدا مېڭىشقا، ئۈزۈلمەيدىغان ھاياجاندا تۇرۇشقا، شېئىردىن يۈكسەك بولمىغان نەرسىگە ھېسسىيات خوراتماسلىققا تەشەببۇس قىلىدۇ. خۇددى ئەخمەتجان ئوسمان ئېيتقاندەك: «ئەنئەنىنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان مەجھۇلىغا ۋارىسلىق قىلىش»نى تەلەپ قىلىدۇ.

شائىر ئىنسانىيەت ۋە مەڭگۈلۈككە بولغان ساپ مۇھەببەتكە بېغىشلانسۇن.

ئەي «تەڭرى باللىرى»، پۈتكۈل ئالەمگە ئەقىلدارلىق ۋە سالقىن نەزەر بىلەن ئەمەس، مۇھەببەت ۋە ھەيرانلىق بىلەن قاراڭلار.

تىنىپ كەتكەن ھاياجان چاك-چېكىدىن ئېتىلغاندا، سۆزلەر توزغاقتەك چېچىلىپ روھ تىلغا كىرسۇن.

---

❶ قاماق – بارلىق، ھەممە.

❷ قاداشلار– قېرىنداشلار.

❸ يوچان – سانسكرىتچە ئۇلچەم بىرلىكى.

❹ ئۇپاقارا – سانسكرىتچە پايدىسى كۆپ مەنىسىدە.

❺ ياپراق – قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدا ۋاراق، بۆلەك، مىسرا مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەي، مەڭگۈلۈككە ئىنتىلگەن ـ يېڭىلگۈچى[1] ئىنسان! تىل دېگەن بۇ ئەپسانە سېنى ئەس بىھوشلۇقىدا ئۆز چوڭقۇرلۇقىغا، رېئاللىقتىن ھالقىغان ئۈزلۈكىڭگە، پارلاق لەھزە ھالىتىڭگە يەتكۈزسۇن.

ئەي، مەڭگۈلۈككە يۈز تۇتقان دېڭىزچى! تىلىڭنى يارات! ئويلىرىڭ دېڭىزدىن چوڭقۇر، ساھىللاردىن يىراق بولسۇن. تەسەۋۋۇرۇڭ بوغۇلمايدىغان ئاشۇ بىپايان بوشلۇقنى كەز.

دۇنيانىڭ ئەبەدىيلىكى بىلەن بولغان سىرلىق ئالاقەڭ ئىلگىرى-كېيىن ئۈزۈلمىسۇن دېسەڭ، سەپىرىڭدىكى بارلىق مۇتتەھەم رامكىلارنى چاق!

مۇقەددەس سادا دىلنى ئارامسىزلاندۇرىدۇ. شائىرلىق تەبىئەتكە مەنسۇپ! تەبىئەت زېمىنغا قوغلانغان ھەممە يېتىملارنىڭ ئانىسى.

تەبىئەت ئەنە شۇ مۇقەددەس سادالار لەھزىدە!
بۈيۈك سادا قەلەمنىڭ سىياسىنى قۇرۇتتى.
دىلىم يەنىلا مۇقەددەس تۇيغۇ ئىسكەنجىسىدە.

ئىنتايىن قىسقا ئارىلىقتىكى ئاجايىپ ئىختىيارسىزلىق. دەل مۇشۇ دەقىقىنىڭ مەڭگۈلۈكىدە ئۆزلۈك يوقىلىپ، چەكسىز بىر ئالەم بىلەن ئۇچرىشىۋاتقان، ۋۇجۇد بۈيۈك ئالاقىسىگە مەشغۇل بولغان ھالەت، لەززەت ۋە تىت-تىتلىق ئىچىدە ئىنسانلىقنىڭ پەللىسىگە ئىنتىلىش ـ ماڭا شېئىرنىڭ سىرلىقلىقىنى كۆرسەتتى.

خىيال ۋە تۇنجۇققان ئىستەك، يېتىپ بولمايدىغان ئارزۇ. . . شېئىرغا مۇراجىئەت قىلدى.

. . ئۇ مېنى شېئىرغامەھكۇم قىلدى.

شېئىرنىڭ رەھىمسىز بارماقلىرى ماڭا ئەبەدىي ۋاپادارلىقنى يەتكۈزدى.

شېئىر مېنىڭ مەۋجۇدلۇقۇم بىلەن بولغان مەڭگۈلۈك ئالاقەم. شۇنداق تەكرارلاشقا ھەقلىقمەن: « شېئىرنى مەندىن ئايرىۋېتىش ياكى مەندىن شېئىرنى رەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس» ⑥ .

## شائىر كامالەت ئىشكىدە

ئالەمگە ئىنسان بولۇپ يارىلىپتۇق، ساداسىز ئۆتمەسلىك كېرەك، ھەممە ئۆزىنىڭ تىرىكلىكىنى ئايان قىلسۇن. ھاياتتا كىشىگە ياخشىلىقمۇ ـ يامانلىقمۇ تەگمىگەن، دوستىمۇ، دۈشمىنىمۇ بولمىغان ئىنسانغا تەڭرى گۇناھ يېزىشى كېرەك!

تەڭرىنىڭ ياراتقىنى مۆجىزە، ئىنسان تەڭرىنىڭ ئەڭ ئېسىل سەنئىتى. چۈنكى ئۇ تەڭرى ياراتقان مۆجىزىلەرنى بايقاش كامالىتىگە ئىگە بولدى. چىن شائىرغا ئىلاھىي نۇر مۇجەسسەم. ئۇ، دەرەخلەرنىڭ سەھەردىكى لەرزان يەلپۈنۈشىدە، چېكىتى چۈشنىڭ كامالەتلىك ئاپتىپىدا، شەپەق سۈيىنىڭ راھەتلىك چايقىلىشلىرىدا شۇنداق ھاياجانلىق چاقنايدۇ.

يورۇق قەلب ھېلىغىچە تەبىئەتنىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن ياشىماقتا. تەبىئەتنىڭ پۈتكۈل تىلسىمىدىن نازۇك سىرلىرىغىچە ھەممىسى گويا ئىنسان بىلەن قانداقتۇر مۇناسىۋەتتە كېتىۋاتقاندەك، سىرلىق ئويلارغا سالىدۇ، ئۆزىگە ئەسىر قىلىدۇ. ئۇ، گويا بىر روھىيەت ئالىمى بولۇپ، بىز ئۇنىڭ بىلەن بۈيۈك بىر ئالەمگە ئۇلىشالايمىز.

تەبىئەتنىڭ دوستى يوقمۇ؟ بار. تەبىئەتنىڭ مۇشۇ يوشۇرۇنلۇقىغا باغلانغان ۋۇجۇد ئۇنىڭ دوستى. دۈشمىنىچۇ؟

ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىگە، مۇشۇنداق ھالەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار دۈشمەندۇر. دېمەك مەن مۇشۇ سىرلىق دۇنيا ئارقىلىق ئۆز ئالىمىمنى قوراشتۇرىمەن. بۇ ماڭا ئەزەلدىن كۆڭلۈمنىڭ ئىچكىرىسىدە بېسىپ بولمايدىغان تەنھالىق تۇيغۇسى ئاتا قىلدى.

ناھايەت پىكىر ـ خىيالىمىز شېئىرنىڭ تەڭرى ۋە تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئابستراكت رەۋىشىدە كېتىۋاتقان بولسىمۇ، تېماتىك مەسىلە شائىر ئەركىنلىكىنىڭ شائىرانە قەلبتىن ئۆزگە ۋۇجۇد قوبۇل قىلىپ بولالمايدىغان بۈيۈك تەنھالىق ۋە ھېسابسىز مەھرۇملۇق تۇيغۇسىغا مەھكۇملەنگەنلىكى ئېنىق.

ھالا رېئاللىقتا مېنىڭ نۇرغۇن دوستلۇرۇم بولدى. بۇنىڭدىن نۇرغۇن ئادەتتىكى كىشىلەردەك سۆيۈندۈم.

مەن يەنە سۆيۈملۈك قەلبلەرگە يېپىسىز باغلاندىم. بۇنىڭدىن ئۆزۈمنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويدۇم. مەن دۇنياغا نېمىدەپ كەلدىم؟ نېمىشقا سۆزلىمەيدىكەنمەن. شېئىر ھاياتىمغا ئايلانغان تۇرسا.

. . ئۇ مېنى نۇرغۇن يىرگىنچلىك ئىشلاردىن قۇتقۇزدى. گويا مانى مۇخلىسلىرى يورۇق روھلار بىلەن ئۇچراشقاندەك، گويا تازا ـپاكىز بۇددالار بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرىنى كۆرۈپ، تەڭرىنىڭ نىرۋانادىكى مەڭگۈلۈك ئالىمىگە سېغىنغاندەك، تەسەۋۋۇپچىلار تەنھالىقتا نەپسىنىڭ ئەسكىلىكلىرىدىن قول ئۈزۈپ تەڭرىلىككە باغلانغاندەك. . . مەنمۇ ھاياتىمغا مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلدىم. شۇڭا مېنى سەۋدا قىلىدىغان نەرسىلەر كۆپ بولدى.

تەڭرى دەرگاھىدا مەندىن سورىغاي: سېنى مۆجىزىلىرىمنى كۆر، دەپ پانىي ئالەمگە ئەۋەتتىم، دەرگاھىمغا يېنىپ كەلدىڭ، قىسمەتلىرىڭ نېمە بولدى؟

يەنە ماڭا سۆزلىگىدەك ئىجازەت بەرگەي:

ئەي تەڭرىم، سۆيۈملۈك نىگار! مەن پانىي ئالەمگە ئىبادەتكە كەتكەن. گويا سېنى ئالقىشلىغاندەك ئاجايىپ مۆجىزىلىرىڭگە مەپتۇن بولدۇم. گويا

---

[1] يېڭىلگۈچى ئىنسان ـ بۇ جايدا ئىنساننىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېڭىلگۈچى دېگەن مەنىدە ياڭلۇق دەپ ئاتىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سېنىڭ تىلىڭدەك نەپىس سۆزلەرنى تىزگىنىم كەلدى. رەنالارغا بەرقارار بولۇپ باغلاندىم... قىلغان-ئەتكەنلىرىم ئۆزۈڭگە زاھىر... ئىبادەتلىرىم شېئىر بولدى... ئەي تەڭرىم، ئالەمدە گويا سېنى ئۇنتۇغاندەك ياشىدىم، بىراق ھەر قاچان سېنى ياد ئېتىپ يۈردۈم. شېئىر مېنى تەنھا قالدۇردى. يالغۇزلۇق، ئاھ، تەڭرىدەك يالغۇزلۇق!

شېئىرلىرىمنى ئاڭلىدىڭ، ئەجەبا تىنىقلىرىمدىن غېرىبلىقىمنى ھېدلىمىدىڭمۇ؟ بۇ غېرىبلىق، چەكسىز غېرىبلىق... ۋۇجۇدۇمدا ساڭا قالغان بوشلۇق... سەن كېلىپ تولدۇرمىغان بولساڭ، مېنىڭ ھەممىنى تەرك ئەتكەن ھالدا ئالدىڭدا بۇ ھالەتتە ھازىر بولۇشۇم مۇمكىنمىدى... ئەي تەڭرىم! جىمغۇر قەلبىمنىڭ ساڭا ئالقىشلىرى سانسىز كۆپ...

شۇنداق: «شائىر يېنىك قاناتلىرى بىلەن پەرۋاز قىلىدىغان مۇقەددەسلىككە ئىگە. ئەگەر ئۇ ئىلاھقا ئىگە بولالمىسا، نورمال ئەقىل-ئىدراكنى يوقىتىدۇ، سەرخۇش ھالەتكە كىرمىسە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنى تاپالمايدۇ، شېئىر يازالمايدۇ ياكى ئىلاھقا ۋەكالەتەن سۆزلىيەلمەيدۇ»[7].

سۇخەندانلىقىمدىن بۈيۈك قامەتلەر ئالدىدا ئۆزۈرلۈكمەن. شۇ سەۋەبتىن قالغان سەھىپىلەرنى ئۇلارنىڭ ھوزۇرىغا قالدۇردۇم.

شائىر سەلتەنەت ساھىبى ئىدى...
دۆڭكۆۋرۈكتىكى قايناق بازار.
پۇت-قوللىرى مەجرۇھلار، مۇڭلۇقلار، مەزلۇملار...

ئادەم نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلار... توپا توزىتىپ كېتىۋاتقانلار... ئانىلارچە مېھرىبان ھىممەتلىك قوللار...

شائىر تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆركەم مەنزىرىلەرنى كۆرمەكتە. ئۇ، يىرتىق جەندىلەر ئىچىدە پەۋقۇلئاددە تەقدىر ئادىمى بولغان بۇ مىللەتنىڭ شاھانە خىياللىرىنى بىلمەكتە...

بۇ، روھىي غالىبىيەتچىلىكمۇ؟ ئەقلىدىن ئازغانلىقمۇ؟

رەستىلەر قايناقتا... كىشىلەر ئايلانماقتا...

ياق، لۇشۇن ئەپەندى ياراتقان كىنايىلىك شەخس «AQ» بىزگە مەنسۇپ ئەمەس!

مۇڭلۇقلار... مەزلۇم چىرايلار... كىملەرنىڭدۇر كۆڭلىگە شەك سالدى... ساق-ناكار، قېرى - ياشتىن قەتئىينەزەر ھەممىگە ئورتاق شۇبھىسىز سۆيگۈ، سۇنۇلغان قوللارنى قۇرۇق ياندۇرۇش خىجالىتى... شائىر ۋۇجۇدىنى بۈيۈك تۇيغۇ بىلەن سۇغۇرماقتا...

بۇندا كىتابى سۆزلەر تىرىلمەكتە:

«ئەقلىي روھنىڭ بارلىق ساھەلەرگە سىڭىپ كىرىشى ئىنساننىڭ تەبىئىي ماھىيىتىنى مىسلىسىز ياتلاشتۇرۇپ بارماقتا... مەدەنىيەت كېسەللىكلىرى ئىچىدە ئەڭ ئېغىر بولغىنى ھاياتىي كۈچىنىڭ تۈۋەنلەپ كېتىشىدىن ئىبارەت»[8].

رەستىلەردە ئىككى ئۇيغۇرنىڭ جېدىلىنى كۆرگەن شائىر قانداقتۇر غەيرىي مىللەتچىلەردەك ئۇلارنى پۈتكۈل مىللەت بىلەن قوشۇپ قارىماي قارغىماي بەلكى مىللىتىنىڭ يۈكسەك ھاياجان ھالىتىنى ھېس قىلىپ، شۇ ھاياجان لەھزىدە سەكرىگۈسى كەلدى...

دەل مۇشۇ پەيتتە، دەل مۇشۇ رەستىدە شائىر كامالەت ئىشكىدە ئىدى.

«ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزغۇچى ئىككىنچى ئىيسا» لاۋرېنس(1888 - 1937)«ئومۇمەن ئۆزىمىز ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيمىز. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئۆگەنگەنلىرىمىز ئاران يۈز - كۆزىمىزنى يۇيۇش ۋە چاچ-ساقىلىمىزنى ياسىتىش... ئەمەلىيەتتە بىز تەربىيە كۆرمىگەن، بىرئازمۇ ئۇمىد كۈتۈشكە بولمايدىغان ئادەملەرمىز... تۇفى!»[9] دەپ چۇقان سالغاندا شائىر يەنىلا ئىنسانىيەتنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇراتتى.

بارلىق ماددىي مۇمكىنچىلىكلەر ئىنسانىيەتكە روھىي كرىزىس ئېلىپ كەلگەن، «ئادەملەرنىڭ مەۋجۇدلۇق ئورنى كىچىكلەپ، ئادەملەرگە ئادەملەردىمۇ ئورۇن قالمىغان...»[10] ھەتتا مېھىر-مۇھەببەتمۇ قاسراق تاشلاپ ئىنسانىيەتنى ئەبەدىيلىك سەرسانچىلىققا سېلىۋاتقان دەۋردە، شائىر مۇھەببەت ئىشكىنى خىرىستوستەك ئاچتى. «ئىنسان ئۈچۈن روھ ھاياتلىقتىن بىشارەت!» دەپ ئاگاھلاندۇردى! مەسچىتتەك پاك-پاكىز كۆڭلى بىلەن رېئاللىقنىڭ ھەرقانداق زۇلمىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى...

ناھايەت، شائىر كىشىلىك دۇنيادا يەنىلا يەككە-يېگانە ياشىماقتا. ئەبەدىيلىك ئىشقى شېئىرغا مەڭگۈلۈك مەھكۇملەنگەن شائىر ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان تەبىئەت. ئۇنىڭ يىغىسى، كۈلكىسى بولسۇن، شائىر بىلەن تەڭ نەپەسلىنەتتى.

شائىر دەل مۇشۇ يۈكسەكلىكتە تەبىئەت ئارقىلىق بىھوش روھلارنى ئويغىتاتتى ھەم تەبىئىي ئەركىن دۇنياسىنى ياريتاتتى.

روھىي تىرەنلىكتىكى شائىر يازمىلىرى ئەتراپىمىزدىكى ھەممە نەرسە بىلەن تەڭ ياشىماقتا. سىز ئۇچراتقان بىر دەرەخ، قىرغاق سۆيۈپ ئېقىۋاتقان شوخ ئېقىن، تىمتاس تاغ... ھەممىگە نەزەر سالسىڭىز شېئىر ئوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز...

شېئىرنىڭ تەبىئىيلىكتىكى چەكسىزلىكى ئەنە شۇنداق يارىلىدۇ.

شېئىر - تەڭرى تىلىدۇر. ئۇ، شۇڭا يارىتىش كامالىتىگە ئىگە. شائىر ۋۇجۇدىغا ئايلانغان تەبىئەت پۈتمەس-تۈگىمەس ئىلھام بۇلىقى. شائىر ھېسسىياتى سىڭگەن جانلىق، جانسىز ھەر قانداق شەيئىيدە ئىنسانىي روھ جۇلالىنىدۇ.

ۋانگوك (1853 ـ 1890) سىزغان «ئاپتاپپەرەس» قاتتىق تىت-تىتلىق ۋە ئىچكى سەرسانچىلىق ئىچىدىكى شائىرانە روھقا يۇغۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بىزنىڭ «ئاپتاپپەرەس» كە بولغان تۇيغۇمىزدىن ھالقىغان پەللىنى ۋە چەكسىزلىكنى ياراتتى.

لاۋرېنسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتساق: «خام سۇرۇپتىكى كۆرۈش سەزگۈسى ھادىسىسى ئەسلا تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان، تىل ئىپادىلىگۈسىز، ھايات ـ ماماتلىقتىن ھالقىغان تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ» ⑪.

ئىنسانىيەت شۇنداق بىر قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى:

دۇنيا ئەزەلدىن مۇھەببەت بىلەن لىق تولغان قەلبنى ئەلەم ۋە مەھرۇملۇق سۈيىدە سۇغۇرۇپ كەلمەكتە.

دۇنيانى يەنىلا ئادىل باھا بەرگۈچى، دېيىشكە توغرا كەلسە، شەخس قەدىر-قىممىتى ھەم ئىجادىيىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى، دەل ئۇنىڭ بەدەل تۆلىگەنلىكىدىندۇر. بۇ ئازاب-ئوقۇبەت (بەدەل) مەھرۇملۇق ۋە تەنھالىققا تولىنىدۇ. سەۋەب: «تەنھالىق چىرمىۋالغان قەلبتە چەكسىز ئىنتىزارلىق ۋە كۈچلۈك ئۈمىد يوشۇرۇنغان. ۋولقان پارتلىغاندا يۈز بېرىدىغان مىسلىسىز ئېنېرگىيە نەدىن كېلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ماگما سۇيۇقلۇقىنىڭ يەر قاتلىمىدا مىليون يىللار بېسىلىپ يېتىلىش جەريانىدا تەدرىجىي زورىيىپ، غايەت زور تاغلارنىمۇ لاۋاغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىدا» ⑫.

غېرىبلىق، تىت-تىتلىق ۋە مۇرەككەپ ئىچكى كەچۈرمىش، تالاي تىراگېدىيىلىك مەنزىللەردە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئاساسەن ساغلام ياشىيالمىغان سەنئەتكار ئۈچۈن ئاخىرقى ھېسابتا شۇ راستقا ئايلاندى: تەڭرى ۋە تەبىئەتكە باغلانغان شائىرلىق قىسمىتىدە بارچە ئازاب-ئوقۇبەت ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى ياكى رېئاللىقنىڭ ئىجادىيەتتە تۈرلۈك رەڭلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى. «جىمى ئازاب، تەنھالىق ۋە ئۆلۈم ھاياتنىڭ ئىنكار قىلىنىشى ئەمەس، بەلكى ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇدلۇق شەكلى» ⑬.

مانا بۇ مۇھەببەتكە تولغان شائىرنىڭ ئەركىنلىك ئالەمى!

ھەرقانداق سۆيگۈ بۈيۈك پەللىدە شائىر سۆيگۈسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ سۆيگۈ بارچە ئىككىلىنىشنى رەت قىلىدىغان ئىلاھىي سۆيگۈگە تەڭ!

ئۇ نېمىنى رەت قىلىدۇ؟ ئۇ رېئاللىق ئالدىدا ھەر قانداق ئىككىلىنىشنى رەت قىلىدۇ. مۇھەببەت سەۋەبىدىن نەپرەت بىلدۈرىدۇ. قۇربان بېرىش ئۈچۈن تەكرارلاشنى رەت قىلىدۇ (بەئەينى ئاكىسى ئىنسىننىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۆيلىنىپ ئولتۇرمىغاندەك).

ناھايەت ھەرقانداق كۈچۈكلىنىشنى رەت قىلىدىغان بۇ سۆيگۈ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن مەمتىلى ئەپەندىدەك، بايرون بىلەن پېتوفىيدەك قورال بىلەنمۇ شېئىر يازىدۇ.

«1895-يىلى ياۋروپادا (چوقان) ناملىق رەسىم دۇنياغا كەلدى.

قان رەڭلىك قىزغۇچ ئاسمان، غۇۋا كىرىشمە سىزىقلار، كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇيۇقسىز قورقىنىدىن شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئادەم...!

بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

بۇ رەسىمنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى ھېچكىم چۈشەنمىدى.

مانا بۇ ھاياتنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى ۋە پاجىئە بىلەن ئۆتكۈزگەن نورۋېگىيىلىك مەشھۇر رەسسام، ئىپادىچىلىك ئېقىمىنىڭ سەركەردىسى مىنكنىڭ ئىختىراسى.

رەسىمدىكى ۋەھىمىلىك مەنزىرە ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ، ياۋروپادا رېئاللىققا ئايلاندى.

قان-ياشلىق 1-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرى پارتلىدى» ⑭.

سەنئەتكار ئىنسانىيەت تەقدىرى ئۈستىدىن ئالدىن بىشارەت بەرگۈچىمۇ؟

ياق، ئۇ قانداقتۇر بىشارەت بەرگۈچى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ قىسمىتى! ئۇ، روھلارنى مەھشەرگە چاقىرغۇچى!

رەستىلەر ئايلانماقتا، كىشىلەر قاينىماقتا.

بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى موڭغۇل ئىستىلاچىلىرى تەقدىرىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ ئەلگە ئالدىن بىشارەت بەرگەن بۈيۈك ئەللامە جالالىددىن رۇمىيدەك چوڭقۇر خىيالغا پاتقان شائىر جانجان مىللىتىنىڭ قاتمۇقات تىراگېدىيىلىك ھالەتلىرى ئۈستىدە ئۆھسىنىپ، زىددىيەتلىك مەسىلىلەر ئىچىدە ئېغىر خورسىندى...

ئادىل تونىيازنىڭ «قەشقەردىكى يەر شارى» (بۇداستان ژۇرنىلىمىزنىڭ 1995-يىل 5-، 6-(قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. ـ مۇھەررىردىن) داستانىدىكى ۋەتەن قىسمىتىنى ئوقۇغىنىمىزدا شائىر تىلىدىكى ۋەتەنىنىڭ ياپيېشىل تۇپرىقى، مەزلۇم ۋە قەھرىمان پەرزەنتلىرى، پايانسىز ئوتلاقلىرى، شارقىراپ ئاقىدىغان دەريالىرى، مول ئېقىنلىرى، ھەتتا بىر سىقىم تۇپرىقىغىچە ئىنسانىيەتكە ئورتاق ۋە ئۆچمەس مۇھەببەت بىلەن ئۇچرىشىمىز.

شېئىر روھىدىكى بارچە رەڭۋازلىققا يول قويمايدىغان ساپ مۇھەببەتنىڭ بىزگە بەرگەن ئېستېتىك ئۈنۈمى بىلەن، شىكايەت بىرلە جان باقىدىغان، نامى-ئەمالىنى تىلغا ئېلىشقىمۇ كۆڭۈل كۆتۈرمەيدىغان قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ دەل ئەكسىچە بەرگەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە پاراكەندىچىلىكىنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن بولسا، مۇھەببەت ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا تېگىشلىك، دەپ قارايمەن.

مەۋلانە جالالىددىن رۇمىي توغرا ئېيتقان: «ئىنسان ـ مەقسەتتۇر».

# شائىر ۋە ئەركىنلىك

مىلادى 1711-يىلى بابا رەھىم مەشرەپ مەنىۋى ئىستىبداتچىلار تەرىپىدىن قۇندۇز شەھىرىدە دارغا ئېسىلدى.

ئىككى-ئۈچ ئەسىردىن بۇيان كائىنات ۋۇجۇدىدا ئېقىپ يۈرگەن مەشرەپ روھى 21- ئەسىرنىڭ ئىشىكىنى ئېغىر ھارغىنلىق بىلەن چەكمەكتە.

قەيەردە مەنىۋى ئاچلىق ئېلان قىلىنسا، ئۇ شۇ جايدا ھازىر ئىدى.

دەۋر تەرەققىياتىدىن پەيدا بولغان بىنورماللىق، بارلىق ماددىي مۇمكىنچىلىكلەردىن كىشىلەر ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن چەكسىز روھىي سەرسانچىلىق، كۈندىن كۈنگە ئاجىزلاپ، يوقىلىۋاتقان خاراكتېر مەسىلىسى ئىنسانىيەتكە ھېسابسىز كرىزىس ئېلىپ كەلگەن جەمئىيەتتە، ئەركەك روھنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى نېتزى: «يوقالسۇن (ئازابلانسۇن) ئاجىزلار!» دەپ توۋلىدى.

«سىلەرگە ئەۋلىيا بولۇش ھەققىدە تەبلىغ قىلغىلى كەلدىم. ئادەم ئۆزىدىن ھالقىش كېرەك. سىلەر ئىنسانلىقتىن ھالقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغانمۇ-يوق؟

قېرىنداشلار، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، تېنىڭلار روھىڭلارغا قانداق ئىپادىدە بولۇۋاتىدۇ؟ روھىڭلار نامراتلىق، ئىپلاسلىقتىن خالىيمۇ ياكى نادانلارچە قايىلمۇ؟» ⑮.

سارتىرى: «ئەركىنلىك!» دەپ چۇقان كۆتۈردى.

بىز سەنئەتتىن ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇۋالدۇق.

ئاھ... «بۇ شۇنداق ئەركىنلىككى، سەنئەتكار ئەركىن تاللاش ئارقىلىق مۇتلەق ئەركىن بولغان ئىنسانىيەتنى ئۆزلۈك تاللاش، دۇنيانى چۈشىنىش يولى بىلەن دۇنيا ۋە رېئاللىقتىن ھالقىغان بىر خىل شەكىلگە، ئاخىرقى مەقسەت - ئادەمنىڭ بارلىق ئەركىنلىك ھالەتلىرىنى نامايىش قىلىش ماقامىغا يەتكۈزۈشتۇر...» ⑯.

مانا بۇ سەنئەت!... مانا بۇ ئاداققى - مەقسەتتۇر.

نېتزى ئۆلدى، سارتىرى ئۆلدى، ئەمما بۈيۈك روھنىڭ ئەلمىساقتىن باشلانغان سەپىرى ئاياغلاشمىدى.

ئاۋات ئاراللار ئەتراپىدا غېرىبانە ئوكياندەك تەگسىز چوڭقۇر ئويغا پاتقان لاتىن ئامېرىكىسى ئۆز مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋىيىتىنى قېزىش ئارقىلىق سەنئەتتىن ئىنسان ئېرىشىشكە تېگىشلىك قەدىر-قىممىتىنى تېپىۋالدى، يوقىتىپ قويغان تراگېدىيىلىك ھېسسىياتىنى تېپىۋالدى.

«بىز ياۋروپالىق ۋە ياۋروپالىق ئەمەس. بىز زادى قانداق ئادەم؟...» (ئوكتاۋىئوپاز) ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويغان ئەنە شۇنداق پەرىشان كىشىلەرمۇ ئەنئەنىۋى روھ، ئېتنىك رىتىم بىلەن ياشىدى.

«ئەگەر بىز تارتقان زۇلۇم - ستەملىرىمىزنى مۇۋاپىق ئىپادىلەپ بېرىشكە قادىر بولالمىساق، ئۇنداقتا دۇنيانىڭ يەنە بىر ياقىسىدا ياشاپ، ئۆز مەدەنىيىتىدىن ھوزۇرلىنىپ مەست بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىنى چۈشەنمەسلىكىنى توغرا چۈشەنسەك بولىدۇ» ⑰.

لاتىن ئامېرىكىسىنى ئەسىرلىك تەنھالىق، بىگانىلىقتىن سىلكىپ تۇرغۇزغان گارسىيە ماركۇستىن كېيىنكى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى ئوكتاۋىئوپاز (1914 - 1998) لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ بۈگۈنىدىن تەنتەنىلىك خۇلاسە چىقاردى:

«يېڭىلىقتا بولغان ئىزدىنىش بىر خىل ئەسلىگە قايتىشتۇر. يېڭىلىق مېنى ئۆزىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا، ئەلمىساققا ئېلىپ بارىدۇ. ئايلىنىش يارىتىشقا ئايلىنىپ كەتتى...

تارىخ دۈم كۆمتۈرۈلگەن خەلق ھەرىكىتىنىڭ سەھنىسى، داۋاملىشىدىغان زامان بولسا، تارىخنىڭ بىدئەت زامانىدۇر...

بىز ئۆزگەرتىشكە ئېتىقاد قىلىمىز! ئۇ، ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ھەم جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۈلگىسى...

يېڭىلىق - تارىخ ھەرىكىتىنىڭ تىغى!

يېڭىلىقنىڭ سىرتىمىزدا ئەمەس، ئىچىمىزدە ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇ بۇرۇن، شۇنداقلا ئەلمىساق، ئۇ ئەتە، شۇنداقلا دۇنيانىڭ باشلىنىشى...» ⑱.

20-ئەسىرنىڭ يېگانە شائىرى ئوكتاۋىئاپاز مىللەتنىڭ يوشۇرۇن قىياپىتىنى، «يېڭىلىقنىڭ ئۈچىدىكى ئەڭ يېڭى پورەك... بىر ئومۇمىي ھاياجان!» ⑲ - ھازىرنى تېپىۋالدى.

بىز ئىزدىگەن مەشرەپ روھى ئەنە شۇ - ھازىر، ئەنە شۇ لەھزىدە تۇراتتى. بۇ روھ ۋۇجۇدى ھايات - مامات، ھەر بىر تىنىقى كەلمىش - كەتمىش مۇۋازىنىتىدىكى تراگېدىك ئىنسانغا مەنسۇپ. ئۇ گاھ ھەربىر دەقىقىنىڭ ئەبەدىيلىكىدە ياشايدىغان تەسەۋۋۇپ سەركەردىلىرىگە، گاھ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى مىللەتنىڭ ھايات-ماماتىغا تەئەللۇق، دەپ تونۇيدىغان كامىل ئىنسانلىرىمىزغا ئوخشايدۇ.

ھەيھات! بىزنىڭ بۈيۈك روھىمىز، بىزنىڭ «ھازىرىمىز» قاچانلاردا ئارىمىزدىن غەرىبنىڭ، غەرىبتىن لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ نۇتۇقلىرىغا، مەدەنىيىتىگە يەل تاپاندەك كۆچۈپ كەتكەندۇ؟

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۈچۈن ئويغىنىشنىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىلدى.

مەشرەپ چۇقان سالدى! بىز ئۇلار ئېرىشكەن ئەركىنلىكتىن مەھرۇممۇ؟

ياق! ياق! ئەمىسە... مېنىڭ «مەن» لىكىم قېنى؟

قېنى مەنسۇر؟ قېنى مەشرەپ؟

تېنىم ماگما، دىلىم گىرىيان! . . .

دەۋر ھەممىنى تەل قىلدى. ئەمما ھېسابسىز مەھرۇملۇق ۋۇجۇدىمىزنى چىرمىۋالدى.

بىزدە زادى نېمە كەم؟

ئىدىيە. كەم نەرسە بىر گەۋدىگە ئۇلانغان، بۈيۈك روھقا بېغىشلانغان يۈكسەك ئىدىيە.

ئۇنىڭسىز ئوقۇغان، بىلگەنلىرىمىز ئەخلەت. ئەتراپىمىز لىق ئەخلەت! «كىشىلەر كاللىسىنى ئەمەس، بىر سېۋەت ئەخلەتنى كۆتۈرۈپ يۈرمەكتە» (لاۋرېنس). بۈيۈك ئىدىيە جەۋھىرىمىز ئىدى. جەۋھىرنى يوقىتىپ قويغانلار چۈشىنىكسىز ئۇقۇملار قايىنىمىغا غەرق بولدى.

رېئاللىق شائىردىن ئىنسان روھىغا سىڭمەيدىغان بارچە ئادەتلەرگە قارشى چىقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. پۈتكۈل شېئىرلاردا كەم بولغان بۈيۈك روھتىن، خەلقنىڭ رېئاللىقتىن ھالقىغان رېئاللىقىدىن گۇمانلىنىدىغان بارچە ئادەتلەرگە قارشى چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۈگۈن ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە فورمىغا مگە بولغان كۈن! ئۇ پەقەت تۆرلۈك تىللار بىلەن ،تراپىنى چۈشەندۈرۈشكىلا تىرىشىۋاتىدۇ. ئادەملەر رچە-پارچە بولۇپ كەتتى. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئەۋج ئالغان «دىنىي مەنىدىكى ئادەم» چىن مەنىسىدىكى ئادەمنى ئۆز مەنىسىدىن سىرتتا قالدۇرغان بولسا، بۈگۈنكى ئەدەبىيات ھامىي بولغان «سىياسىي مەنىدىكى ئادەم» ⑳ دىن سەنئەت ئۆز روھىنى يوقاتتى.

غەربنىڭ «ئەركىنلىك» ئوغۇلچىقى (بالىياتقۇسى) دا «غايەت زور ئۇقۇشماسلىقتىن تۇغۇلۇپ قالغان، دۇنيانىڭ بىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان بىمەنىلىكىدىن» ㉑ ھاياتقا، رېئاللىققا بولغان بىزارلىق، يىرگىنىش، زەئىپ قارشىلىقتىن باشقىنى يېتىلدۈرمىگەن، ئېتىقاد ۋە مۇھەببەتنىڭ قوڭۇر توپىسىنى يېپىھەشتىن مەھرۇم غەيرىي كېسەلمەنلەر يارالسا، ناھايەت بىزدىمۇ روھىي سۇسىز توغراقتەك قۇرۇپ قالغان، ئەقلى، ئېڭى ئۆلۈك، دەۋرىل قىيامەتكىچە مۇستەقىل ئويدىن يىراق مېخانىك تۆرەلمىلەرمۇ تۆرەلدى.

تۇغۇلۇپ كۆرگىنىمىز ئاختا قىلىنغان سەنئەتتىن باشقا نېمە بولدى؟

ياپيېشىل دەرەخزارلىق، شارقىراپ ئاققان سۇ، بالىلار ئاۋات قىلغان كوچا. . . باغ ئىچىدىن ئاڭلانغان ناخشا:

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
تەگدىن تولىسى ئامۇت.
ئاكاڭغا كۆيۈپ قالدىم،
قانداق قىلىسەن مامۇت؟!

ھاياتنىڭ چىن مەنىسىنى تاپقان ئايال، ئېرىنىڭ زۇلمىدىن قورقماي كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالغان سۆيگىنىنى ئىزدەپ چىقتى.

مەشرەپ روھى ئەنە شۇ باغلاردا، پاكار تاملىق ھويلىلاردا، گۈلخان چۆرىدەپ ئولتۇرغان قېرى-ياشلارنىڭ ھال-مۇڭ سورۇنلىرىدا. . . نەزمىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرۇۋدىغان مەدداھلار ئېغىزىدا، نامى ئەۋلىيا ئەزەم دەپ زىكىر قىلىنىشلاردا بەرق ئۇرغان سەنئەتتە ئايان بولماقتا.

سىز تۈلكە بولۇپ قاچقان مەلىكىنىڭ يولىدا يىلان بولۇپ ياتقان شاھزادىنى كۆرگەنمۇ؟ ئەنە شۇ ھېكايىلەردىكى جانانلار سۈرەتلەنگەن پاقا-مايمۇنلارنى، ئەر تەبىئەتلىك بۆرە-شۇڭقارلارنى بىلەمسىز؟

بىزنىڭ جەۋھىرىمىز، بىزنىڭ روھىمىز كۆرۈمسىزلىك ئەمەس، ئۇزلۇقتا، ياۋۇزلۇق ئەمەس، باتۇرلۇقتا تولۇپ يېتىپتۇ.

ئەتراپىمىزنى قاتمۇقات ئوراپ تۇرغان ماددىي مۇمكىنچىلىكلەر ئالىمى يۈكسەك ئىندىۋىدۇئاللىقتا، ئىجادچانلىقتا ئىگە ۋۇجۇدلارنى «ئىجادىي ئىقتىداردىن، گۇمانلىنىش ئىقتىدارىدىن، تەسەۋۋۇر ۋە پىداكارلىق روھىدىن مەھرۇم قالدۇرغان» ㉒ دەۋرىدىمۇ قەھرىمانلىق داستانلىرىمىزدىن، مۇھەببەت كۈيلىرىمىزدىن، 12 مۇقامنىڭ ئەبەدىيلىك گارمونىيىسىدىن ئايرىلماي ياشاۋاتىمىز.

تېلېۋىزور، تېلېفون، ئايروپىلان. . . بارچە ئاسانلىقلار تەپەككۇرىمىزنى ھورۇنلاشتۇرۇپ، ئىجادىي كۈچىمىزنى خورىتىۋاتقاندا، يىراق سەھرالىرىمىزدا ساتارنىڭ تارىدىن مۇڭلۇق كۈيلەرنىڭ تارايدىغانلىقىنى، ساما ئۇسسۇلى ئەۋجىگە چىققاندا كىشىلەرنىڭ ئالەم ۋە تەبىئەت بىلەن قوشۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز.

كىشىلەر 20-ئەسىرنى ئىنسانلارنىڭ تەنھالىق ئەسىرى، دەيدۇ. بۇ بەلكىم 20- ئەسىر كىشىلىرىنىڭ كىرىزىس روھى بىلەن باغلىق بولسا كېرەك. بىراق بىز بۈيۈك روھنىڭ تەنھالىق ۋە چوڭقۇر ئازاب ئىچىدە ئىللىق تىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالمىدۇق.

ئۇ ھېلىمۇ سۆركۈلۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا، يېنىك چېلىنىۋاتقان مۇزىكا ساداسىدا، ھەتتا تېز سۈرئەتلىك پويىزدا كېتىۋېتىپمۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر غېرىبانە مۇناجاتلىرىنى ئوقۇيالايدۇ. ئالقانلىرىنى چىڭ سىقىمداپ تەڭرىگە سېغىنىدۇ. ئۇ، جانلىق تىلغا كىرگەندە كېكەچلەپ قالسىمۇ، بىراق تەڭرى بىلەن ئۈزۈلمەس سۆھبەتنى باشلىغاندا كېكەچنى سۆزلىتەلەيدۇ. بىز ئۇنىڭ تېۋىشى ئاڭلانغان يەردىن ئىجتىمائىي چىرىندىلەرنىڭ يوقىلىپ، ئۇنىڭ دەقىقىنىڭ مەڭگۈلۈكىدە كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. . .

ئۆز مۇھىتىغا مەستتەك چۆككەن شائىر پەرۋاز ھالىتىدە ياشايدۇ. ھالا ئۇ يەنىلا رېئال ئادەم. ئۆز سۈرىتىنى سادىقلىق بىلەن سىزىپ چىققۇچى. ئۇ، كىچىككىنە كۆز قارىچۇقىغا پۈتكۈل مىللەتنىڭ نەزىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. كۆلبىسىنىڭ نۇر چۈشۈپ تۇرغان كىچىك رۇجىكىدىن ئالقانچە ئاسماننى

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، پۈتكۈل كەڭلىكنى كۆرۈش، دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن كوچىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى كېزىپ چىقىش كامالىتىگە ئىگە.

قوي گۆشى يېگەن ئادەم ئوتلاقلارنى، چاڭقىغان سەيياھ دېڭىزنى، گۈلخان ئالدىدىكى ئادەم لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇننى چۈشىگەنگە ئوخشاش شائىرنىڭ روھىي دۇنياسى، يوشۇرۇن ئېڭى، ئۇقۇمسىز پىكرى، مەنتىقسىز سۆزلىرى، غەيرىي سەزگۈسىدە يەنىلا رېئاللىقنىڭ ، بەئەينى ئۆزىدەك ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ ئالغان ھايات تەلقىنلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

ھەرقانداق دەۋر شائىرلىرىغا موھتاج. ئىنسان مەۋجۇدلۇقى سەنئەتكە تەقەززا. ئادەم ئادەمدىن ئۇلۇغ، شائىر ئادەمدىن ئۇلۇغ. پەقەت ۋە پەقەت ئىنساني تەبىئىيتى، گۈزەل قىلىقى ۋە چىن ئادىمىلىكى بىلەن.

ئۆمەر ھەييام تەڭرىنىڭ بىر كاسا مەي ئىچمەيدىغان قۇلى ئىدى. ئەمما ئۇ قەبرىسىنى مەيخانىلەردىن قوپۇردى.

ئەلىشىر نەۋائىي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ:

زاھىد ساڭا ھۆرۇ، ماڭا جانانە كېرەك،
جەننەت ساڭا بولسۇن، ماڭا مەيخانا كېرەك.

دەپ چۇقان سالدى.

ھەتتا ئىبىن نۇسۋان (756 ـ 810) : «بىر ئىتقا ئايلىنىپ، مەككە دەرۋازىسىدىن ئۆتكەن ھەربىر ھەج تەلەپ قىلغۇچىنى چىشلىسەم! . . . » [23] دەپ سەپرالىق قىلسا، مەشرەپ جەھلى بىلەن:

يارسىز ۋە بادەسىز مەككىگە بارماق نە كېرەك،
ئىبراھىمدىن قالغان ئۇل ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي؟!

دەپ داۋراڭ كۆتۈردى.

ئەجىبا، ئادەت قاراشلىرىمىزغا قارشى تۇرۇش باھانىسىدا باشقىلارنىڭ نەزىرىنى تارتىش، زىلزىلە پەيدا قىلىش ھېسابىغا ھېچقانداق قىممىتى يوق چولتا قاراشلار پاجىئەسىگە ئايلانغان شېئىرلارغا نېمە دەيمىز؟!

تەرسا قىلىپ قويدى بۇ ھايات،
ئىشەنمەيمەن كىررورەنگىمۇ.
تىللىما دوست ئازدى دەپ مېنى،
كىم بىلىدۇ ئۇمۇ ساختىمۇ؟ . . .

رېئاللىقتىن گۇمانلىنىش شائىرنىڭ ئەركىنلىكىدۇر. ئەمما مىللەت ئاۋازى بولغان شائىرنىڭ رېئاللىققا بولغان شەخسىي نارازىلىقى، سەپسەتىلىرى مىللەتنىڭ روھىنى، يۈكسەك سىمۋولىنى تۇتقا قىلسا. . . بۇ سەۋدالارچە تېڭىرقاش، گۇمراھلىق ھەم ۋۇجۇدنىڭ ئېزگۈلۈك ئالدىدا چېكىنىشىدىن باشقا نېمە بولسۇن؟ . . .

روھىمىز ئۆلگەنمۇ؟ ئىشقىلىپ خاتالىقلارغا سوقۇلۇپ، يىقىلىپ يۈرمەكتىمىز.

ناۋادا ۋۇجۇدىمىزدا بۈيۈك روھ بولغان بولسا، ئۇ شۇنداق چۇقان سالغان بولاتتى:

خەلقىمىز نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ بالدۇر شەھەر مەدەنىيىتىگە كۆچكەن. بۇ يازمىلاردا ئىپادىلەنگەن.

ناھايەت ئۇيغۇرلار ئۇرۇش، سەلتەنەت ۋە قەھرىمانلىق تارىخىدا تەبىئەت ئانىغا بولغان سېغىنىشىنى، ئۇ ئاتا قىلغان قەھرىماننى سۆيۈشنى ئۇنتۇمىغان.

ئۆزلۈك قامۇق كەۋەردى،
ئەردەم ئەرىغ سەۋرەدى.
يۇنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى،
ئەردەم بەگى جىرتىلۇر.

(زامان زەئىپلەشتى، پەزىلەت ئازايدى، يامان ئادەتلەر باش كۆتۈردى. (ئالىپ ئەرتۇڭا) ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق بولدى) .

مانا بۇ بۇنىڭدىن 2600يىللار ئىلگىرى بىزدە يۈز بەرگەن تراگېدىيە!

ئاھ، زامان زەئىپلىشىپ، جەمئىيەت بۇزۇلۇپ، پاك ۋۇجۇدىمىزدا پەزىلەت تۈگەپ، يامان ئادەتلەر باش كۆتۈردى. ئەل قاياشى، مىللەت روھى ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق بولدى.

روشەن پەزىلەت، مۇستەھكەم ئېتىقاد، ئەركەكلىكنى تەقەززا قىلغان قەھرىمانغا سېغىنىش ئېڭى يوقىلىپ، پەيدا بولغىنى ئەر مىللەت روھىغا يات سۈيۈق، غەيرىي تۆرەلمىدۇر.

شائىر بەرگەن ئېستېتىك تۇيغۇنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ. ئۇ، شۈبھىسىزلىك ۋە تۇغ-ئەلەملىك ئىقتىدارىغا ئىگە. ئەدەبىيات ياراتقان بۇنداق ئىقتىدارنى ھېچقانداق كۈچ يارىتالىغان ئەمەس. يىلنامىلەر بىلەن بېزەلگەن تارىختىن گۇمانلىنىدىغان بۇ مىللەت ئۆز ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدىن شۈبھىلەنمەسلىكنى ئۆگەنگەن.

ئۇ دەل شۇ مىللەتنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ جۇغلانمىسىنىڭ تولۇق مۇجەسسىمى. بىۋاسىتە روھ مەسىلىسى. ئۇ يەنە زامان، ماكان قايتىلانمىلىقىغا ئىگە.

مەشرەپنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى:

بۇ پەۋقۇلئاددە تەقدىر ئادىمى بولغان مىللەت غايەت ئىچكى تىنىدۇرما ئىچىدە دەۋر دانىشمەنلىرى بولغان شائىرلاردىن كۈچلۈك ئەستايىدىللىق ۋە نازۇكلۇق بىلەن ئېتىنىڭ رېتىمغا ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. زور دەۋر سەگەكلىكىگە ئىگە بولۇشنى، ئادەتلەرگە قارىتا ئاجايىپ ئىچكى تەۋەككۇلچى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شائىر تېگىشلىك ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. شائىرنىڭ ئەركىنلىكىنى ھەرقانداق نوپۇز، ھەرقانداق ئىجتىمائىي كۈچ توسالمايدۇ. ئۇ، ئەزمە سەپسەتە ـ قائىدىلەرنىڭ مالىيى ئەمەس، شۇنداقلا قانداقتۇر نوپۇزلۇقلارغا قەلەندەرمۇ ئەمەس. ئۇ، «مەڭگۈلۈككە ئېلىپ بارىدىغان ئەنئەنىنىڭ قۇربانى» [24] بولىدۇكى، مۇھەببەتسىز ھاياتنىڭ تىجمەل تەشەببۇسچىسى بولۇشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ، مۇمكىنچىلىكنىڭ

www.uyghurkitap.com

چەكسىز ئەركىنلىكتە جىنسىي مەخپىيەت بىلەن دىنىي روھ لەھزىدە يوقىتىپ قويغان بۈيۈك تۇيغۇلىرىمىزغا قايتىشنى توختىماي تەلەپ قىلىدۇ. شائىرلىق ئەركىنلىكى دەل مۇشۇ مەڭگۈلۈككە بولغان ئىنتىلىش.

## شېئىرنىڭ تراگېدىيىدە ئويغىنىشى

«دوست خېنىم» ناملىق VCD لېنتىسى جامائەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ، بىزدىكى تراگېدىيىلىك كەچۈرمىشنىڭ ئېتىبارغا ئېرىشكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

مۇھەببەت داستانلىرى ۋە جەڭنامىلەردىكى مەڭگۈلۈك ئازاب ۋە تۈگىمەس رىيازەتلەر چۆلىگە تاشلانغان بۈيۈك ئۈمىد ھەم ئەركىنلىك كۈيى بىزنى تەبىئىي ھالدا خىيالىي ئالەمگە، تراگېدىيىلىك كەيپىياتقا، تراگېدىك شەخسلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان تراگېدىيىلىك مۇھىتقا ئېلىپ كىرىدۇ.

مۇھەببەت داستانلىرى بىلەن قەھرىمانلىق داستانلىرىدىكى ئومۇمىي سيوژېت رىۋايەت ۋە ئەپسانىۋى تۈس ئالغان ۋەقەلەرنى دەۋر قىلىسىمۇ، غايىۋى ۋە ئەپسانىۋى قەھرىمانلارنىڭ پاجىئەسى كۆپىنچە ئادەت كۈچلىرىدىن كېلىپ چىققان تراگېدىيىلىك مەزمۇنلارنى مەركەز قىلىدۇ.

بىز يەنە ئۇلاردىن مىللەتنىڭ مەنىۋى مۇكەممەللىكىنى، بۈگۈنكى مەۋجۇدلۇق ئورنىنى ھازىرلاپ بەرگەن ئەنئەنىۋى روھ ۋە ئىدېئولوگىيە سىستېمىمىزنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

«ئالىپ ئەرتۇڭا»، «تۇمارىس»، «شىراق» رىۋايەتلىرى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئار-نومۇسىغا باغلىنىپ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يۈكسەك تراگېدىيىلەرنى ياراتقانىدى. ئەپسۇس بۇ ئەنئەنىۋى روھ ئىسلامىيەت دەۋرىمىزدىكى مەنىۋى كىرىزىستە بارغانسېرى تارىيىپ، بەزىدە شۇنچە ئاچچىق كەچۈرمىشلەرمۇ ئىشقىي-مۇھەببەت پاجىئەلىرى بىلەنلا چەكلىنىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

نوزۇگۇم، ماھىمخانلار ۋۇجۇدىدا ۋەتەننىڭ ۋىجدانىنى ئۆزىنىڭ ئىپپىتى ئارقىلىق ساقلايدىغان بۈيۈك روھ بولسىمۇ، ئەدەبىياتىمىزدا كۈچلۈك ئېتىبارغا ئېلىنمىدى.

ناھايەت «تراگېدىيىدىن مەھرۇم بولغان دەۋرلا ھەقىقىي پاجىئەلىك دەۋر ھېسابلىنىدۇ. تراگېدىيە تۇيغۇسىدىن مەھرۇم بولغان مىللەتلا ھەقىقىي بەختسىز مىللەت ھېسابلىنىدۇ» ㉕.

ھالبۇكى، مىللەتنىڭ يۇمۇرلۇق ھالەتتە ئىپادىلەنگەن تراگېدىيىلىك كەيپىياتىدىن بەزىلەر: «ئازاب ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش – ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى» ㉖ دەپ تەلتۆكۈس تراگېدىيىلىك ھالەتتە ئازاب ئېڭى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقا ئۈلگۈردى.

«شۇ مەلۇمكى، نەسىرىددىن ئەپەندىدىن كېيىن مەيدانغا چىققان قانچىلىغان مەشھۇر لەتىپىچى-قىزىقچىلارنىڭ ھەممىسى فېئودالىق تۈزۈم چېرىكلەشكەن، سىنىپىي زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلەشكەن مەزگىللەردە ياشىدى» ㉗.

بىزگە بۇ يەردە مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ: «ئەسەرلىرىمدىكى كىشىلەرنىڭ كۈلكىسى مەنىسىز ھىجىيىش ئەمەس» دېگەن سۆزىنى ئەسلەش كۇپايە.

ئابدۇقادىر جالالىددىن: «دونكىخوت ھەم كومېدىيىلىك ھەم تراگېدىيىلىك شەخس، لېكىن ماھىيەتتىن ئېيتقاندا ، تراگېدىيىلىك شەخس» ㉘ دېگىنىدەك، ئىزدىنىشلىرىمىزدىن: «بىز تۇرمۇشتا نۇرغۇن مەخپىيەتلىكلەر ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىمىز. لېكىن كۆپىنچە ھالدا ئېرىشكەنلىرىمىز مەقسەتتىن غەيرىي بولۇپ چىقىدۇ» ㉙ دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا مەجبۇر بولىمىز.

شۇنداق، سەنئەتنىڭ باغرى كەڭ، بىراق سەنئەتتىن زوقلىنىش سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى روھىي ماماتلىقتۇر.

بىز ئەزەلدىن تەبىئەتتىن قانداق ياشاشنى ئۆگەنگەن بولساق، سەنئەتتىن ياشاشنىڭ قىممىتىنى تونۇدۇق.

ناھايەت تەپەككۇر ئەندىزىچىلىكى، تەسەۋۋۇر قاتماللىقىنىڭ ئىستىلاسىدىكى دەۋردىمۇ بىزنىڭ ئېسىل شائىرلىرىمىز ياشىدى. «ئىز» ۋە «تۈگىمەس ناخشا» بۇنىڭ مىسالى.

ئۇلار مىللەتنىڭ تارىخ ۋە سەنئەت روھىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىزدەندى. ھەتتا بۇنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئەڭ تىرەن تەرەپلىرىنى تاللاش سەزگۈرلىكىگىمۇ ئىگە بولدى. بىراق ئۇلار شېئىرنىڭ پارلاق ئىستىقبالى، يېڭى تەپەككۇر دەۋرىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن مۇنبەت ئېتىز بولالمىدى.

بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى شېئىر ئارقىلىق دەۋلىش-قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىش قىزغىنلىقى خەلقنىڭ سەنئەت روھىنىڭ ئېستېتىك ئېڭىنىڭ كىشى ئېچىنغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى.

ئاقىۋەتتە شېئىرىيەتتە تراگېدىيىنى چەكلەش ۋە ماھىيەتنى تۇتالماسلىقتەك بىنورماللىق يىرىڭلىق ياردەك يامرىدى.

شۇنداق بىر قىسمەت ئايان بولدىكى، بەلگىلىك سەنئەت قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرمۇ چۈشكۈن، يىغلاڭغۇ، دەپ دۇشكەلەندى. ھەتتا ھېسسىياتىغا سادىق بولمىغان ھالدا تۇغۇلۇپ قالغان ئەسەرلەر قاتارىدا دەشنام يېدى.

«بىر دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭى قانچىكى نۇقسانلىق بولسا، ئادىمىيلىكتىن ياتلاشسا شۇنچىكى ئەشەددىيلىشىپ، تەلۋىلىشىپ، قېلىپلاشتۇرۇش، پۈچەكلەشتۈرۈش، ئاھانەت قىلىش، قاتماللاشتۇرۇش نەتىجىسىدە ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم بولىدۇ» ㉚.

ئەسەرنىڭ ئۆلۈك ياكى روھلۇق بولۇشى تەبىئىي ھالدا ھېسسىياتنىڭ سىڭگەن ـ سىڭمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چىن ياكى ساختا تۇيغۇ بېرىشمۇ ئوقۇرمەننىڭ ھېسسىياتىغا سىڭىش-سىڭمەسلىك مەسىلىسىدۇر.

شائىرنىڭ ئىپادىلىگەن شەيئىيسىگە ھېسسىياتىنىڭ سىڭىش-سىڭمەسلىكى ئۇنىڭ ماھىيەتكە قانچىلىك شۇڭغۇغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

«قانداقتۇر ئۈمىدسىزلىك بىر دۆلەتنىڭ، ئۈمىد يەنە بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى ئەمەس. غەم-قايغۇ ياۋروپالىقلارغا، خۇشاللىق بىزگە بەخشەندە قىلىنىۋېتىلگەنمۇ ئەمەس. ھېسسىياتنى باشقىلاردىن ئارىيەت ئالمىساقمۇ ياكى دورىمىساقمۇ بىزمۇ ھېس-تۇيغۇغا ئىگە پۈتۈنسۇرۇك ئادەم... بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە خاس ھېسسىياتىمىز، غەم-قايغۇمىز بار. بەلكى تېخىمۇ كۆپ ۋە چىرايلىق»[31].

شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، قانداقتۇر ئۆلۈكلەرنى گۆرىدىن سۆرەپ چىقىپ، ئۈگۈت-نەسىھەتلىرىنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئەنئەنىچى بولۇۋېلىش يولى بىلەن ھەممەيلەنگە تۈرلۈك قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ، پىكىر ئېقىملىرىنى دەيدەيگە سېلىش (گويا بىر خىل غەيرىي مىللەتچىلىك قىلىش) نوپۇزلۇقلارنىڭ غاجىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ناھايەت، ھېسسىياتنى كەمسىتىش ـ ئۆز-ئۆزىنى ۋە ئىنساننى كەمسىتىشتۇر. تەبىئىيتىنى يوشۇرۇش يەنە بىرخىل زەئىپلىكتۇر.

ئىنسانپەرۋەرلىكنى، گۈزەللىكنى قانچىلىك مەدھىيىلەڭ ھېسسىياتىڭىزغا سىڭگەنلا بولسا، شېئىر ئۇنى چەتكە قاقمايدۇ. «يېزىلىش ئالدىدىكى شەيئىي ھېسسىياتىڭىزغا سىڭمىسە، ھاياجان پەيدا قىلالمىسا، ئۇنى مەڭگۈ شېئىرغا ئايلاندۇرالمايسىز» (غېنى سەمەت). شائىرغا تەسىر قىلغان ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئىچىدە تەۋرىنىش، ھېسسىياتىدا داۋالغۇش پەيدا قىلسا، شېئىر ۋۇجۇد قاراڭغۇلۇقىدىن تىل پارلاقلىقىغا چىقىدۇ. بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ئىجتىمائىيلىقنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان توسالغۇلىرىدىن ئۆتۈپ، تەبىئىيلىكنىڭ ئەبەدىيلىككە چىقىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئىجتىمائىيلىق ـ ئېچىلمىغان بىنەمدۇر، تاشلار تەكتىدە بايلىق كۆمۈپ ياتقان تاشلاندۇق تۇپراقتۇر. تۇرمۇشتىكى ھەربىر ئۆزگىرىش تەبىئەتنىڭ بۈيۈك قانۇنىيىتى. ئەتراپىمىزدىكى رەڭگارەڭ ھالەتلەر سىزدىن تەۋەككۈلچىلىك تەلەپ قىلىدىغان تۇيغۇڭىزنى سىنايدىغان، غىدىقلايدىغان، نىگاھلارنى غەلەت قىلغۇچى بوشلۇق.

شۇنداق ئىكەن، «يارىتىش ئىستىكىدە ياشاۋاتقان شائىر ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئىچكى تەۋەككۈلچى بولۇشى كېرەك»[32].

ئىپادىلەش ـ سەنئەتتۇر.

شائىر بىر دەرەخنى ئامرىقىغا ئوخشىتىپ قۇچاقلىدى. ئانام دېدى، سېغىندى. تەڭرىم دېدى، چوقۇندى... ھالا قىلغىنى ھەق ئىدى. سەۋەب ئائا ھېسسىياتى سىڭىپتۇ. تەۋازۇلۇق ۋە زوق بېرىپتۇ.

ئەجەبا، ئۇنىڭ تۇتقىنى ماھىيەت ئەمەسمۇ؟

چەكسىز تېڭىرقاش ۋە تىت-تىتلىق ئىچىدە ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق.

ئۇ، يىراقلاردىن «سادىرنىڭ يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ» يولغا چىقىپتۇ.

بىز ئوغۇزنى، سادىرنى، نوزۇكنى ـ تراگېدىلىك ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بۈيۈك روھنى كۆردۇق. ئىچىمىزگە تراگېدىيىدىن تۇغۇلغان ئالەمشۇمۇل سۆيگۈ ئېقىپ كىردى. بىز پەۋقۇلئاددە شارائىتتا بۇ روھنى كېزىپ چىقتۇق.

## 1. ئۆلۈم ۋە تراگېدىيە ئېڭى

ئۆلۈم ـ ئىنسان ھاياتىدا قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان مۇتلەق ھەقىقەت ۋە بىردىنبىر تاللاش، شۇنداقلا تراگېدىيە ھاسىل قىلىدىغان زۆرۈر ئامىل.

ئۆلۈم ئىنساننى باتۇرلۇققا، كەسكىنلىككە يېتەكلەيدىغان ئىچكى تىندۇرما ۋە يوشۇرۇن كۈچ. «ئۆلۈم ـ ئىنسان ھاياتلىقتا ھېس قىلالمىغاز بىردىنبىر خۇشاللىق»[33].

ئۇ ئەزەلدىن سەنئەتكارنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىغا ئېرىشتى.

ئىنسان روھىي تاكامۇللۇقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولغان ئۆلۈم ۋە تراگېدىيە سەنئەتكارنى ئاجايىپ ماھارەتكە ئىگە قىلدى.

ئۆلۈم بولۇش بىلەنلا تراگېدىيە ھاسىل بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۆلۈم تراگېدىيىنىڭ يۈكسەك ئەقىل تەلەپ قىلىدىغان ئاڭلىق ھەرىكەت ھاسىلى. كۈچلۈك ئېتىقاد (روھ) ـ ئۇنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى.

«تراگېدىك ئىنسان (ئۆلۈم ئەڭ زور ئېھتىمال-لىققا ئايلانغان ۋە ھايات ئاشۇ ئېھتىماللىقنىڭ ئۆزىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان) بۇنداق لەھزىلەردە ئۆزىگە مەنسۇپ بولماي قالغاندەك، ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىپ، تەڭرى ئۆز بەدىنى ئارقىلىق ئاشكارىلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ»[34].

مانى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 276 ـ 216-يىللار) نىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ، تېرىسىنىڭ تۇلۇمچىلاپ سويۇلۇشى، تومارىسنىڭ كەيخۇسراۋنىڭ قېنىنى ئىچىشى، شىراقنىڭ ئۆز-ئۆزىنى قەتلە قىلىشى، نوزۇكنىڭ چېپىلىشى، سادىرنىڭ سەرگەردان ھاياتى مىللەتكە، ئىنسانىيەتكە ۋە مەڭگۈلۈككە بولغان بۈيۈك روھقا باغلانغان بولۇپ، ئەخمەتجان ئوسمان لىرىكىلىرىدىكى «مەن» نىڭ ئۆز-ئۆزىدىن ھالقىشى، ۋۇجۇدىدا مۆجىزە يۈز بېرىپ تەڭرى ئايان بولغاندەك ھالەت خاس ئىزچىللىق ھاسىل قىلغان.

www.uyghurkitap.com

ئۆگدىدىم
كىرپىكلىرىدە ماگمىنىڭ. . .

. . .

ئۆچۈردۈم
بارچە يوللارنى
سىزىپ چىقتىم قايتىدىن.
- «چۈش» دىن

بۇ دۇنيا
تۆرەلدى بىرتال قوۋۇرغامدىن.
- «تەشۋىش» دىن

يىرتاي تېرەمنى
ئۆزۈم ئاڭا قالدى سىغالماي،
كىيىۋالاي ئۆپۈقنى.
- «روبىنزون كروزۇ» دىن

ئىزدەيمەن ھېلىغىچە
بۆشۈك ئۈچۈن
تۇغۇلمىغا سۆز بەرگەن
ئۆلۈممىنى.
- «ئۆلۈمنى ئىزدەش» دىن

تراگېدىيەك تەگپۈگلۈقنىڭ كۈچ مەركىزىدە داۋالغۇپ تۇرغان شائىر گويا يارالمىش سادالىرىدەك ئۆز-ئۆزىدىن چىقىپ چۇقان سالاتتى.

- نە قىلدى تەگرى؟
نىچۈن ئۇ ئۆلۈغ؟
مەن ياراتتىم مۆجىزىلەرنى
قىلىپ كۆپۈرلۈق.
- «چۇقان» دىن

ئۆلۈم ۋە تراگېدىيىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى خاھىش تەگرىدىن ئىبارەت مەجھۇل ئوبرازدا قارار تېپىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۈزۈلۈپ قالغان مۇقەددەس تۇيغۇلىرىمىزنى بۈگۈنكى سادالارغا ئۇلىدى.

دەر ھەقىقەت، بىز شۇنداق بىر ئۆلۈم ۋە تراگېدىيە بىلەن ئۇچراشتۇق. بۇنىڭدىن مۇقەددەم ئۆلۈم ۋە تراگېدىيە ئەخمەتجان ئوسمان لىرىكىلىرىدەك بۇنداق شاد، بۇنداق يۈكسەك ۋە بۇنداق مەجازىلىق بولمىغان.

(بىزنىڭ نەزەرىمىزدە ئۆلۈم ۋە تراگېدىيە ئېغىر، بۇرۇقتۇرما كەيپىياتتا روي بېرەتتى. . . )

بۇ ھەقتە شۇنچىلىك توختالساق كۇپايە.

بىز تراگېدىيە يۈز بېرىۋاتقان دەل مۇشۇ لەھزىلەردە تراگېدىيەك ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى تەبىئەت ۋە ئىلاھىي گۈزەللىككە بېغىشلانغان مول ھەم يېڭى مەنبەنى يولۇقتۇردۇق.

## 2. تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ۋە جىنسىي تۈنىش ئېڭى

مانى ۋە بۇددا دىنى سەنئىتىدە قارار تاپقان جىنسىي تۈنىش ئېڭى ۋە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى (ئانىمىزم) ئەخمەتجان ئوسمان لىرىكىلىرىدا ئالغا سۈرۈلگەن خاھىش ۋە مىسرالار تۈزۈلمىسىدا ئۆزگىچە جۇلالىنىدۇ.

«سەن نېمىنى دېگەنلىكىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى يارىتالمايسەن، پەقەت قانداق دېگەنلىكىڭ بىلەن سەن سەن بولىسەن. . . بۇ مېنى ساڭا قىزىقتۇرىدۇ. ئۇسلۇب - قانداقلىق دېمەكتۇر» ㉟.

مانا بۇ ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شائىرلىق ماھارىتىگە قويغان ئۆلچىمى، «مەزمۇن مەركەزچىلىكى» ㊱ دىكى شېئىرىيەت يولىمىزغا بىلدۈرگەن ئېتىرازى.

دەل شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەتجان ئوسمان لىرىكىلىرىنى مەيلى يىراق ئولىمپ مەدەنىيىتىگە ياكى ئۆزۈن يىللىق جەۋھىرىمىز مانى، بۇددا مەدەنىيىتىگە باغلايلى، «شېئىرى شەكىل مىسالى ئىپار بولسا، مەزمۇن ئۇنىڭدىن ئۆرلىگەن پۇراق» ㊲ بولۇشتىن ئىبارەت «يېڭى مەزمۇننىڭ يېڭى شەكلىنى تەقەززا قىلىشى» ㊳ دەك قاراشتىن شۇنداق ھۆكۈم قىلىمىزكى، كۆزدە تۇتقىنىمىز قانداقتۇر تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ياكى جىنسىي تۈنىش ئېڭىنىڭ شېئىردا بولۇش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قانداق ئىپادىلەنگەنلىك مەسىلىسىدۇر.

قۇشقاچلار
چاڭگا قىلدى چاچلىرىڭنى.
ھەسەل ھەرىلىرى
ئۇچۇپ كەلدى لەۋلىرىڭگە.
تۇنلەرمۇ
كۆچۈپ كەلدى كۆزلىرىڭگە.

. . .

- «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» دىن

بىز قىزلارنىڭ زۇلپى-زۇلپى چاچلىرىنى، قارا كۆزلىرىنى، لالە لەۋلىرىنى تولا ئۇچراتقان، ئەمما ئۇيغۇر قىزىنىڭ لەۋلىرىدىكى تاتلىقلىقنى ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ئەكىلىپ بەرگەنلىكىدەك گۈزەل چۆچەكنىڭ بارلىقىنى قانچە شېرىن كېچىلەردىمۇ ئاڭلىمىغانىكەنمىز.

ئۇنىڭ ئاشىقانە مۇھەببىتى تەبىئەتكە بولغان مۇنبەتلىك تۇيغۇسى بىلەن بىرلىشىپ يۈكسەك ئېستېتىكا ياراتتى.

ئاۋازىڭدا پۇراپ تۇرار
نوزۇكۇمنىڭ كۆيگەن قېنى.
دولقۇنلارنىڭ ھوۋلاشلىرى،
ئاۋازىڭدا. . .

***

سەن كۆز يۇمساڭ
كۆتۈردۇ تۆت پەسىل جىنازاڭنى.
يىغلاپ كېلەر تاۋۇت كەينىدىن
بارچە دەرەخلەر.

---

❶ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى - تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسىدە روھ بار، دەپ قارايدىغان ئېتىقادىي دىنىي قاراش.

***

ئۇيغۇر قىزى
قەبرەڭ قۇياشتا.
-« ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» دىن

شائىر لىرىكىلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئاياللارغا تەۋنىش ئىگى ياكى ۋەتەن ئىگى بولسۇن، يېقىندىن بۇيان تولىمۇ زېرىكىشلىك مېلودىيە بولۇپ قالغان سۆيۈق ئىشقىي مۇھەببەت ياكى ئوبيېكتلىقى كۈچلۈك «ئىستىبتىك» يۇرتۋازلىق ۋە خاس تۇپراق سۆيگۈسى مەركەزچىلىكىدىكى باز-باز شېئىرلاردىن غايەت زور خاراكتېرلىنىدۇ.

لورىلىمۇ سەن،
ئېزىقتۇردى ناخشاڭ مېنى.
- «ۋەتەن» دىن

لورىلى كىم؟ - ساھىبجامال ئايال، خەلق رىۋايەتلىرىدىكى بىر ئېزىتقۇ، خالاس.

كىشلەرنىڭ بىلىدىغىنى: ياۋروپادىكى رېين دەرياسى بويىدا ئەكس سادا چىقىرالايدىغان بىر قىيا تاش بار.

خەلق بۇ قىيا تاش ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت توقۇپ چىققان.

بىر قىز سۆيگىنىنىڭ ساداقەتسىزلىكىگە غەزەپلىنىپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالىدىكەن. كېيىنچە سۇ ئېزىتقۇسىغا ئايلىنىپ قىيا تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سېھرىلىك ناخشىسى بىلەن كېمىچىلەرنى ئازدۇرۇپ، كېمىنى خادا تاشقا ئۇرغۇزۇپ چۆكتۈرۈۋېتىدىكەن...

ھالبۇكى، ئەخمەتجان ئوسمان بۇ ئايالنى ئۆز تەۋەلىكىدىن ھالقىغان يۈكسەك سىمۋولغا ئايلاندۇردى. لورىلىنى ئىنسانىيەتنى بالىياتقۇ چۈشلىرىدىن تا ئۆلۈم گۈلىدىن توقۇلغان كېپەنلەرگىچە ئەبەدىيلىك سەرسانلىقتا سالغان ۋەتەندىنمۇ كەڭ ۋەتەنگە، بۇ ئىشقىي سەۋدادا سارائىلارچە ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان ھەم ھالاك قىلىدىغان تەڭداشسىز ئايالغا ئايلاندۇردى...

بىزنىڭ قەدىرلەيدىغىنىمىز ۋەتەن ئىگىنىڭ شادلىق ۋە ئازابىمىز، تاپقىنىمىز ۋە يوقاتقىنىمىزنىڭ شېرىكلىرى بولغان ئايال زاتىدا ئەكس ئېتىشى... ئۆلۈشنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە يۈزلىنىشتەك تراگېدىك كەيپىياتتا، جانسىز - ئۆلۈك ئۇقۇمغا ئەمەس، قەلبىمىز يوقىتىپ قويغان بۈيۈك تۇيغۇلاردا، تىرىك ئايال ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىشى...

ئەمدى نەزەرىمىز ئەخمەتجان ئوسمان لىرىكىلىرىدا تراگېدىك ئۇلۇغۋارلىق ھازىرلىغان ئىستىبتىك ئىماگ ۋە تراگېدىيلىك كەيپىيات بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

## ئىستىبتىك ئىماگ ۋە تراگېدىك كەيپىيات

شائىر لىرىكىلىرىدا ئەكس ئەتكەن جىنسىي تەۋنىش ئىگىنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى بىلەن بولغان چوڭقۇر ئالاقىسى ھەمدە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى (ئانىمىزم) نىڭ روھنى مەركەز قىلىشى، ئىزدىنىشىمىزنى سوبيېكتلىق جەھەتتە ئىدېئال تۇيغۇلار بىلەن تويۇنغان ئەپسانىۋىي تىلنىڭ مەجھۇل تەپەككۇر ۋە مەۋھۇم تەسەۋۋۇردا ئەكس ئەتكەن ئىستىبتىك پەللىسىگە يېتەكلىسە، ئوبيېكتلىق جەھەتتە رېئاللىقتا قويۇلغان بۈيۈك روھ (تراگېدىك ئىنسان) غا يۈكسەلدۈرىدۇ.

تەنىنىڭ ئالتۇن چەمبىرىكى ئىچىدە
قورۇنماقتا روھ
.......
ئەس ھەۋەسنى قۇچاقلىغاندا.
.......
- «يارالمىش بىلنامىلىرى» دىن
دۇنيا بىزگە قورقۇنچلۇق ئامانەت،
.......
دۇنيا يەنە ئۇچالماس خاقىز.
.......
دەريا شەھۋىتى يۈكسەكلىكىمدە!
.......
ئوغۇز ئاقار تۇرەلمىلەرگە،
مەن چاپلاشتىم ئۆلۈمگە جىندەك.
ئوغۇز ئۆزۈڭ بىپايان بىلتىز،
ئەمما سەندىن كېچەر يوپۇرماق.
.......
مەن ئوغۇزنىڭ زۇلمىتىدە نۇر!
.......
شۇنداقتىمۇ:
ئۆلۈكلەر ئارا ياشايمەن يالغۇز...
- «ئوغۇز» دىن

بىز شائىر لىرىكىلىرىدىن مانى ۋە بۇددا شېئىرلىرىدا ئايان بولىدىغان تەبىئەت ۋە ئالەم قاراشلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى ھەمدە مىسرالار قۇرۇلمىسىدىكى چوڭقۇر ئىپادىسىنى كۆرۈش بىلەن بىللە شېئىرىي مەزمۇنىدا غەرب مودېرنىستىك ئاڭ رەۋىشى ۋە شەرق تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ مەلۇم يىلتىزداشلىق ھاسىلىنى كۆرىمىز.

بىز يەنەشائىرنىڭ سىرلىق تەسەۋۋۇر، چوڭقۇر ھېكايەت ياتقان شېئىرلىرىنىڭ ئىچكى رېتىمىغا ئەگىشىپ مۇتلەق روھ (تەڭرى) بىلەن ئۇچراشقان تراگېدىك ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن تراگېدىك كەيپىياتقا ئېرىشىمىز.

بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى «مۆجىزە» لىرىكىسىدىكى تراگېدىك شەخس - ئېيسادۇر (ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «روھ پەسلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا قاراڭ).

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئوغۇز» ناملىق شېئىرىدىكى تۆرلۈك ئىستىبتىك ئىماگلار (ھېسسىي ئوبراز) ئىنسان ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن روھىي پارچىلىنىش ھالەتلىرى بىلەن بۈيۈك روھقا (ئومۇمىي بىرلىككە) مۇراجىئەت قىلىش خاھىشى

www.uyghurkitap.com

ۋۇجۇدىمىزدىكى تراگېدىيىلىك تۇيغۇ بىلەن غايەت ئورتاقلىق ھاسىل قىلغان (ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «روھ پەسلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا قاراڭ).

شائىر لىرىكىلىرىدا يەنە ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرايدىغان «چۈش»، «كېچە»، «جىن-پەرىلەر» («يارالمىش يىلنامىلىرى»، «قۇياش ئەقىدە» قاتارلىقلارغا قاراڭ) قاتارلىق ئوبرازلار شائىر نەزەرىدىكى «شېئىر تىلى ـ ئەپسانىدۇر»[39] دېگەن قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، تراگېدىك ئۇلۇغۋارلىق يەنى ئېستېتىك زوقنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتتى.

«سادىر يېتىم بولغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ» لىرىكىسى بۇنىڭ يەنە بىر ئۈلگىسى.

1

چېقىلدى زېمىن
ئالقىنىدا تەڭرىنىڭ.
شۇ مۇقەددەس توزان ئىچىدىن
قوپتى سادىر.

2

سەجدە قىل!
يۈكۈندى سادىر،
ماڭلىيىنى ياقتى توزانغا.
ـ سادىرمۇ سەن؟
كەل ئوغلۇم،
باللىرىڭنى كۆرستەي ساڭا،
بوۋاي يېتىلەپ چىقتى ئۆيدىن
بەش ۋاق نامازنى.
......

لىرىكىدا شائىرنىڭ ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرى سادىرنى «تەڭرى»، «ئەزرائىل»، «ناماز»، «مىڭ قوڭغۇراق» (مىڭئۆي) قاتارلىق بەلگىلەر بىلەن بەش ئوغلىنىڭ تۈرلۈك ئەرۋاھلىرىغا («كاۋابدان»، «شەپەرەڭ»، «جۇدۇن»، «قەبرە»، «مەن») ئۇچراشتۇرۇشى شائىرنىڭ ئېستېتىك ئىزدىنىشى جەھەتتىكى «رېئاللىقتىن ھالقىغان رېئاللىقى»[40]نى ئايان قىلىدۇ.

شائىرنىڭ مەجھۇل تەسەۋۋۇرىدىكى ھېسسىيات كۈچى ۋە تەپەككۇرىدىكى ئوبيېكتىپ خاھىش بىزنىڭ بۈگۈنكى «تەپەككۇر سىستېمىمىزنى يېڭىلاپ»[41] تىل ۋە مەنە قۇرۇلمىمىزغا ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلمىگىچە مەنىسىز مۇنازىرىلەر ئىچىدە شېئىرنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشتەك تاللاشنى ئالدىمىزغا قويىدى.

شائىر مەجھۇللۇق (روھنىڭ ئاڭدىكى مەۋجۇدلۇقى) جەھەتتە ت. س. ئېلليوت (1888 ـ 1965) نىڭ شەخسسىزلەشتۈرۈش خاھىشىغا يېقىنلاشقان بولۇپ، شېئىر روھىدا ئىچىدىن تېشىغا تېپىش يولى بىلەن تراگېدىيىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى بولغان ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆزلۈكتىن ھالقىش خاھىشى ئۈستۈن مەقسەت قىلىنىدۇ.

كۆزۈڭ، قولۇڭ، قۇچىقىڭ ئۇنىڭ،
ئەينەك
ئۇندا ئۆلگەن سايە، كۈن،
بەدىنىڭگە لەڭگەر تاشلىغان
يەلكەنلەردىن ئېقىپ چىقار تۈن.
سۈزۈك قەسىر كارىۋات ئۈركىشى،
بۇلاقلاردا يوقالغان ئالۋۇن.
مەن ئۆلۈمدىن تىرىلگەن ئۆلۈم،
گويا شەبنەم ئۈستىدە يالقۇن.
ـ «تەن» دىن

شېئىردا ئەكس ئەتكەن جىنسىي تىۋىنىش ئېڭى ئەينەكتىن ئىبارەت يېڭىچە شېئىرىيەتتە ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان ھېسسىي ئوبراز (ئىماگ) ئارقىلىق سۇبيېكتىپ كەڭلىك ۋە تەسەۋۋۇر مۇمكىنچىلىكىنى ھازىرلاپ ئىزدىنىشىمىزنىڭ ئۈلگىسىنى ئايان قىلدى.

شائىرنىڭ «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» ۋە «روھ پەسلى» توپلاملىرىنى كۆرگەن ئوقۇرمەن گاھ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى ئوقۇۋاتقاندەك، گاھ غەربنىڭ ئىلغار مودېرنىستىك نامايەندىلىرىنى ئۇچرىتىۋاتقاندەك، سانت جون پېرس (1887 ـ 1975) نىڭ «ئاناباز»[42]نى ئوقۇۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئەمما بۈگۈنكى ھالەتتە ئەخمەتجان ئوسمان بىز ئۈچۈن يېڭى شەيئىي!

سانت جون پېرسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «شائىر بىز ئۈچۈن ئادەتلەرنى بۇزغۇچىدۇر... ئۆزىنىڭ بارلىق شەيئىيلەرگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك جاھىللىقى ئارقىلىق بىزنى مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان بىردەكلىك بىلەن مەڭگۈلۈكنىڭ ئالاقىسىگە باغلاپ تۇرىدىغان رىشتىدۇر...»[43].

ئەخمەتجان ئوسمان لىرىكىلىرىنىڭ نەزىرىمىزگە سازاۋەر بولۇشىنىڭ يەنە بىر ئەھمىيىتى شائىرنىڭ بالىياتقۇ ھالەتتە بولۇشى.

## بالىياتقۇدىكى شائىر

«بالىلىق ئويلىرى ۋە ئويۇنلىرىدىن ئىنساننىڭ ئىچىگە پاتمايدىغان ھاياجىنىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بالىلىق ئويلىرى ۋە ئويۇنلىرىدىن ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ مۇقەددەس بىرلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بالىلىق ئويلىرى ۋە ئويۇنلىرىدىن تەڭرىنىڭ ئىنساندىن كۈتكەن تەلەپلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ» (ئابلىكىم ھەسەن).

باللار بىلەن شائىر ئوخشاش. چىن شائىر ئەپسانە تىلدا سۆزلەيدۇ. باللارنىڭ تىلىنىمۇ شائىردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. دەل شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنىڭ ئويلىرى ۋە ئويۇنلىرىدىن ماھىيەت ئەمەس، ھالەتنى كۆرگىلى بولسىمۇ ئۇنى ئىپادىلەش شائىرغا شۇنداق بىر ئېغىر تەلەپ قويىدۇكى، شائىر بالىياتقۇ (ئوغۇلچۇق) ھالىتىدە ياشاش كېرەك.

دەل شۇنىڭ ئۆزى بىزنىڭ تەپەككۇر ۋە ئاڭ سىستېمىمىزغا بۆسۈپ كىردى. بىز ئەخمەتجان ئوسمان لىرىكىلىرىدىكى شائىر سەجدە قىلغان

تەڭرىنىڭ ئاجايىپ لىرىك تۇيغۇلارغا باي تەبىئەتنىڭ گۈزەل ۋە يۇمران ئەركىسى ئىكەنلىكىنى كۆردۇق.

ئويغانسام
پەسىللەرنى قۇچاقلاپ
گۈل بەرگىسى ئۈستىدە
كۆردۇم ئۆزۈمنى.
- «چۈش» دىن

قۇرماقتىمەن خاندانلىقىمنى
گۈلدۈرماما، شاماللاردىن.
- «خاقان» دىن

ناخشا ئېيتار دېرىزە،
شامال چالار تومۇرلىرىمنى.
- «جىنايەت» دىن

ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىدا ئاساسەن تەڭرى (پاكى تراگېدىيەلىك يۈكسەكلىكتىكى بۈيۈك روھ) دىن ئىبارەت مەجھۇل ئوبراز ئىزچىل مەۋجۇد.

شائىر بۇ بۈيۈك روھ بىلەن ئۆزلۈكسىز ئۇچرىشىش جەريانىدا تەسەۋۋۇر ۋە ئەقىلنى لال قىلىدىغان ئاجايىپ ئەپسانىلەرنى توقۇيدۇ. زامان، ماكان... بارچە ئۇقۇملارنى بالىلارچە بىپەرۋالىق بىلەن تىزىپ چىقىدۇ. يەنە بۇزۇپ باقىدۇ...

مەيلى «نۇزۇك»، مەيلى «لۈتۈن»، «مەيلى «ئامانىسا» [44] بولسۇن ئۇلار بىزنىڭ چۈچىكىمىز، شائىر رېئاللىقىدىكى بالىلاردەكلا ياشايدۇ.

بالىلارنىڭ يىغىسى ۋە قايغۇسى قانداق پاك ۋە ئۇلۇغۋار بولسا، شائىرنىڭ يىغىسى ۋە ئازابىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ پەرىشانلىقى ئەمەس، شادلىقى ئۈچۈندۇر.

بىركۈن
ئىزدەپ كەلسە سېنى پەرىشتە
كېتەرسەنمۇ ئېيتقىلى
بالىلىرىنى جەننەتنىڭ؟!
يىغلارمىكىن پەرىزات
ئۆتۈۋېلىپ قۇياش كەينىگە
رومال قىلسام دەپ
كېپىنىكنى...

***

ئانا
كۆتۈرەلمەس قەبرەڭنى تۇپراق!
- «ئانا لىرىكىسى» دىن

بىز ئاخىرى شائىرنىڭ ئەپسانىۋى تىلىدىن، مەجھۇل تەپەككۇر، مەۋھۇم تەسەۋۋۇر ئالىمىدىن، «رېئاللىقتىن ھالقىغان رېئاللىقىدىن»، پۈتكۈل شېئىرلىرىدا ئايان بولغان ئۈزۈلمەس مېلودىيە - تەڭرىنىڭ تاتلىق چۈشلىرى، كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرىدىن، شۇنچە شاد، شۇنچە بۈيۈك، شۇنچە كۆتۈرەڭگۈ تراگېدىيەلىك دۇنياسىدىن بىر يېڭى خەۋەرنى، مۇقەددەس سادانى ئاڭلىدۇق: شائىر بالىياتقۇدا ئىكەن!

شۇنچە زىددىيەتلىك پىكىر ئېقىملىرى، كۆپ مۇنازىرىلەرنىڭ ئۆزى ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىدىن خالاس ھالدا ھېلىمۇ ئۆزىنىڭ بىپايان تەسەۋۋۇر ئالىمىدە ياشاۋاتقان بۇ شائىر ئاساسەن ئىنكار قىلىنىپ كەلدى.

بۇ، ئېچىنىشقا تېگىشلىك ئىشمىدى؟ رەت قىلىپ بولمايدىغىنى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تەۋرىنىش بولدى. بىز ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىدىن شېئىرنىڭ تراگېدىيىدە ئويغىنىش دەۋرىنى، يېڭى ئۇيۇقىنى كۆرۈۋالدۇق.

ئۇزۇن بۇرۇقتۇرمىچىلىقتىن كېيىن ئادىل تۇنىياز چىقتى. بۇ ئۆزلۈكتىن ھالقىغان ئەنئەنىۋى روھتىن، ئۇنىڭ ئۆمۈچۈك تورىدىن ئەمەس، ئۆمۈچۈك تورىدەك غىربىلىقىدىن يۈكسەك ئېستېتىك لەززەتكە ئېرىشتۇق.

چىمەنگۈل ئاۋۇت قىزلارغا خاس نازاكەت ۋە بېسىلىپ قالغان ھاياجانلىق ئىستىكى ھەم قالتىس دادىللىقى بىلەن دىققەت مەركىزىگە ئايلاندى...

بولۇپمۇ بالىلار ئەدەبىياتىدا ئەزەلدىن ئەركىن تەپەككۇر مېۋىسىنى كۆرمىگەنىدۇق. تەسەۋۋۇرى قانداقتۇر ماھىيەت، تۇرلۇك ئۇقۇملار ئىچىدە بوغۇلۇپ، بالىلىق ھوزۇرىغا سىڭمىگەن ياكى تويۇنمىغان ئەسەرلەر ئىسكەنجىسىدىن چۇقاز كۆتۈرۈپ چىققان ئابلىكىم ھەسەن، زامانىدىن پاكزات، شىرئەلى مامۇتلار بالىلارنىڭ ئىستىك بويىچە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىغا تىزىلدى.

شۇنداق بىر ھالەت: ئۇلار بالىلار ئەدەبىياتى كەم بولسا ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان، ئورنى بويىدىنمۇ ئېگىز ئەھۋال ئايان بولدى.

شۇنداق، بىز بىر يېڭى ئۇيۇقنى - شېئىرنىڭ تراگېدىيىدىكى ئويغىنىش دەۋرىنى كۈتۈۋالدۇق. قاتلاملاشقان مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا ئىگە، ئاجايىپ تەقدىر ئادىمى بولغان بۇ مىللەت ئۆز ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن ھەربىر ئۆزگىرىشلەرگە زىيادە سەگەك بولماقتا.

يېڭىلىق تراگېدىيە بىلەن بېزەنمەكتە. ناھايەت: «يېڭىلىق - بىر خىل شېئىريي ئېقىم ئەمەس، نەسەب ۋە ئائىلە ئىدى... يېڭىلىق سىرتىمىزدا ئەمەس، ئىچىمىزدە يۈز بەردى» [45].

ھالا كۈچلۈك بىكىنمىچىلىك ۋە ھاكىممۇتلەق ئىرادىلەر ئىچىدە ھەر بىر ئۆزگىرىشلەرگە ئادەتتىن تاشقىرى يۈرەكلىك بولۇپ كەتكەن بۇ خەلق تراگېدىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىغا نۇرغۇن زورۇقۇشلار ئىچىدە قايتماقتا.

شېئىرىيەتتە بوغدا ئابدۇللانىڭ نەزەرگە ئېلىنىشى بىزنى قىزىقتۇرغانلىقى ئەمەس، سەبىرچانلىقى ئۈندىدى. شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ تىرىلدۈرۈش ۋە يوقىتىش ئەمەس، «بىرخىل قېزىش، يەنى تاشقا ئايلانغان گىياھلارنى ئىزدەش يولىدىكى قېزىش» [46] ئىكەنلىكىنى تونۇتتى...

«قايەردە پالەچلىك، چارچاش، رەھىمسىزلىك بولىدىكەن، سەنئەت شۇ يەرگە جىددىي ئېقىم ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ جىددىي ئېقىم كىشىنى گاڭگىرىتىپ

قويىدۇ، ئىسەنگىرىتىدۇ. لېكىن قاقاسلىقتا ئايلانغان قىرغاقتا ئۈرۈق سالىدۇ. بۇ بەخت ئۈرۈقى، قايغۇ-ھەسرەت ئۈرۈقى. ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى مۇكەممەللىك ۋە مەستانىلىقتىن ئىبارەت»㊼.

رولان بارتى (فرانسىيە) ئېيتقاندەك: «ئوقۇرمەننىڭ بارلىقتا كېلىشى، يازغۇچىنىڭ زۆرۈر بولغان ئۆلۈمىنى بەدەل قىلىدۇ».

ھالا «يېڭى شېئىرلار» نىڭ ئوقۇرمەنلىرى شۇنچە ئاچچىق تولغاق بەدىلىگە تەۋەللۇت بولدى. ئەجەبا، شېئىر يەنە تولغاق يەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نالىسىگە قۇلاق سالىدىغانلار بارمۇ؟!

1999-يىل 10-ئىيۇل، ئۈرۈمچى

## ستاتا مەنبەلىرى


①، ② ئادىل تۇنىياز: «شېئىر مېنىڭ ئاۋازىم»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1995-يىل 23-نويابر سانى.

③ يۈسۈپ ھۈسەيىن: «ئەقىل ھەققىدە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987-يىل 1-سان.

④ ئۇيغۇر مانى شېئىرلىرىدىن «ئىلاھە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1983يىل ئومۇمىي 10-سان.

⑤ ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996-يىللىق نەشرى (10-ئەسىردە ئىجاد ئەتكەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر شائىرى كى كى نىڭ شېئىرى).

⑥ سانت جون پىرس: «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش نۇتقى»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1992-يىل 6-سان.

⑦ ئەفلاتۇن: «شېئىرىي ئىلھام ھەققىدە»، «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ژۇرنىلى 1995-يىل 2-.3-، (قوشما) سان.

⑧ ئەسەد سۇلايمان: «ئۆكۈنۈش ئىچىدە تىرىلگەن ئەپسانە»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1993-يىل 7--سان.

⑨ د. ھ. لاۋرېنس: «پىروزا ۋە ھېسسىيات»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1997-يىل 1-سان.

⑩ ئادىل تۇنىياز: «شېئىرنىڭ بىر قانىتى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1996-يىل 6-سان.

⑪ د. ھ. لاۋرېنس: «پروزا ۋە ئەخلاق»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1995-يىل 1-سان.

⑫، ⑬ ئەسەد سۇلايمان: «مۇقەددەس ۋۇجۇد، ئەبەدىيلىك ھاياتىي كۈچ»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1992-يىل 6-سان.

⑭ ئەسەد سۇلايمان: «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى» (ئۆزلەشتۈرمە جۈملە)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996-يىل 1-، 2-(قوشما) سان.

⑮ نېتزى: «زاراتۇستر شۇنداق دەيدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىللىق ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرى (ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى).

⑯ «سارتىرنىڭ مەۋجۇدىيەت كۆز قاراشلىرى» (ئۆزلەشتۈرمە جۈملە)، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1989-يىل 3-سان.

⑰ گارسىيە ماركۇس: «لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ غېرىبلىقى» (گارسىيە ماركۇسنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش نۇتقى)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998-يىل 2-، 3-(قوشما) سان.

⑱، ⑲ ئوكتاۋئوپاز: «ھازىر ھەققىدە ئىزدىنىش» (نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش نۇتقى)، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1991-يىل 3-سان.

⑳ قاسىم سىدىق: «مەن ۋە ئۇنىڭ قاتلاملىرى»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1993-يىل 4-سان.

㉑ «سارتىرنىڭ مەۋجۇدىيەت قاراشلىرى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1989-يىل 3-سان.

㉒ قاسىم سىدىق: «ئادەمنىڭ ماشىنىلىشىشى ۋە ماشىنىنىڭ ئادەملىشىشى»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1997-يىل 4-سان.

㉓ ئەسەد سۇلايمان: «تۇران بىلەن ئىراننىڭ دىئالوگى» (نەقىلدىن ئېلىندى)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998-يىل 1-سان.

㉔ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «شائىرنىڭ مەسئۇلىيىتى ـ يېنىش، كۆيۈش» (ئەخمەتجان ئوسماننى زىيارەت)، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1992-يىل 6-سان.

㉕، ㉚ ۋاڭ شياۋخۇا: «ئاق يىلان رىۋايىتى ۋە مىللەت تراگېدىيىسىدىكى يوشۇرۇن ئاڭ»، «مىراس» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1992-يىل 3-سان.

㉖ يالقۇن روزىنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

㉗ ئەسەد سۇلايمان: «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىدىكى ئېستېتىك تۇيغۇ»، «مىراس» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1993-يىل 1-سان.

㉘، ㉙ ئابدۇقادىر جالالىدىن: «دونكىخوتنىڭ ئارخىپى»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە) 1995-يىل 4-سان.

㉛ ئادىل تۇنىياز: «شېئىر مېنىڭ ئاۋازىم»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1995-يىل 23-نويابر سانى

㉜ ئابدۇقادىر جالالىدىن: «غالىب تەبەسسۇم ۋە سوغۇق شەپە»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1991-يىل 12-سان.

㉝ ئەسەد سۇلايمان: «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996-يىل 1-، 2-(قوشما) سان.

㉞ باتۇر روزى: «چىڭغا چىققان چاقچاق»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998-يىل 4-سان.

㉟ ئەخمەتجان ئوسمان: «شېئىر مەسىلىلىرى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1992-يىل 6-سان.

㊱، ㊲، ㊳ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «شائىرنىڭ مەسئۇلىيىتى ـ يېنىش، كۆيۈش»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1996-يىل6-سانىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىندى.

㊴، ㊵، ㊶ ئەخمەتجان ئوسمان: «شېئىر مەسىلىلىرى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1992-يىل 6-سان.

㊷ سانت جون پىرسنىڭ «ئانا باز» (ئىچىگە يۈرۈش) ناملىق شېئىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1993-يىل 1-سان (ئەخمەتجان ئوسمان تەرجىمىسى).

㊸ سانت جون پىرس: «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش نۇتقى»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1992-يىل 6-سان.


㊹ ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «روھ پەسلى» ناملىق توپلىمىدىكى «ئەتە»، «يېڭى چۈچەكلەر»، «بەزىدە» قاتارلىق شېئىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

㊺ ئوكتاۋئوپاز: «ھازىر ھەققىدە ئىزدىنىش»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1991-يىل 3-سان.

㊻ سىماس ھىينى: «تىلغا سىڭگەن ھېسسىيات»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1995-يىل 6-سان.

㊼ گوتفىرىت باين: «ئەدەبىي ئىجادىيەت تۇرمۇشنى ياخشىلاش كېرەكمۇ؟»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» 1995-يىل 11-ئۆكتەبىر سانى.


(M1)



# خەلقلا بولمدىكەن

# شائىر ياشايدۇ،

# شېئىر يوقالمايدۇ

ـ «بوستان» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى قۇتلۇقلاش، شائىر ھۆسەن روزى تىرىككە نون كىيدۇرۇش
ۋە ئۇنىڭ نامىدىكى «باشئەگىم ئاۋازى نەسرىي ئەسەرلەر مۇكاپاتى»، ئەبساجان مۇھەممەت نامىدىكى
«گۆھەر زېمىن خاتىرە ئەدەبىياتى مۇكاپاتى »نى تارقىتىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

## روزى سايىت

كەمىنە مۇئەللىپتىن:

قەدىمىي ۋە ياش شەھەر كورلا بوستانلىقىغا قەدەم باسقان كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا مەن بۇرۇن ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان ناتونۇش بىر توپ دېھقانلارنىڭ مېھر بۆشۈكىدە، ھۆرمەت باغاشلىرىدا ئەتىۋارلاندىم. ئۇلار ماڭا، ياق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر دەستە قىزىلگۈل تەڭلەپ كۆڭۈل ئىزھارىنى بىلدۈرۈشتى. خىيالىمنىڭ ئەكسىچە بىرنەرسىنى ھېس قىلدىمكى، بۇ يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسى خېلىلا قويۇق ئىكەن، ئاۋامنىڭ قەلبىدە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىغا، قەلەمكەشلىرىگە بولغان ئۈمىدۋارلىقى، تەلپۈنۈشى كۈچلۈككەن. مەن كورلا ئەھلى تەقدىم قىلغان ئاشۇ قىپقىزىل بىر دەستە گۈل بەرگىلىرىگە خېلى ئۇزاق تىكىلىپ ئولتۇردۇم، جىق نەرسىلەر ئېڭىمدىن كەچتى. «خەلق ئەدەبىياتىمىزغا گۈل تۇتتى. خەلقلا بولىدىكەن شېئىر يوقالمايدۇ، شائىر ئۆلمەيدۇ!» دەپ ھاياجان بىلەن پىچىرلىدىم-دە، قەلەمداشلارغا سۆزلىمەكچى بولۇپ كەلگەن نۇتقۇمنىڭ «شائىر ئۆلمەيدۇ، شېئىر يوقالمايدۇ» دېگەن تېمىسىنى «خەلقلا بولىدىكەن شائىر ياشايدۇ، شېئىر يوقالمايدۇ» دەپ ئۆزگەرتىۋەتتىم.

*　　*　　*

ئون نەچچە كۈنلەر ئىلگىرى «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، مۆھتىرەم ئىنىمىز ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن بەرگەن تېلېفون ئاخبارىدىن بۇ ئەزىز دىياردا مۇشۇنداق خاسىيەتلىك بىر يىغىلىشنىڭ

www.uyghurkitap.com

بولىدىغانلىقى، تەۋەررۈك يازغۇچى - شائىرلىرىمىز، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، مۇھەررىرلەرنىڭمۇ ئىشتىراك قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بۈلتۈر ئاپرېلدا بۇ يەردە چاقىرىلغان ئىلھام زوردۇن نامىدىكى «قۇياش مېھرى ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇكاپاتى» ۋە تۇرسۇن ئەبەي نامىدىكى «ئالتۇنتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنىدىن كېچىكىپ خەۋەرلەنگىنىم سەۋەبلىك ھەرقايسىڭلارغا سالام قايتۇرالمىغانلىقىمدىن تولىمۇ ئەپسۇسلانغانىدىم. شۇڭا بۇ قېتىم ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ «تاھىر-زۆھرە» يۇرتىنىڭ قەلەم ساھىبلىرى بىلەن، كونا-يېڭى بۇرادەرلىرىم بىلەن دىدارى مۇلاقەت بولۇشنى نىيەت قىلدىم.

مەن ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن 21-ئەسىرنىڭ زەپەر دەرۋازىسىدىن باشلاپ كىرگەن مول ھوسۇللۇق قەلەمكەشلىرىمىز، پېشقەدەم مۇھەررىر- باغۋەنلىرىمىز، دوست-ئاغىنىلىرىمىز بىلەن بىر سەينادا يانمۇ يان ئولتۇرۇپ، ئەتىمىزنىڭ - ئەتىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ۋارىس-ھەغدالىرى بولمىش ياش قەلەم ئىگىلىرىگە سالام بېرەلىگىنىمدىن، ئۇلار بىلەن يۈزمۇ يۈز پىكىرلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگىنىمدىن خۇشالمەن! يىغىنىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئاجايىپ يىللار بولغانىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ بولغان 30 يىللىق مىللىي ئەدەبىياتنى باھالاپ مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاشۇ 80-يىللارنىڭ تۇنجى ئالتۇن كۈز پەسلىدە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغانىدى؛ 1984-يىلى تۇرپان، 1985-يىلى خوتەندە، 1986-يىلى ئىلىدا، ئاندىن كېيىن كۆلىمى يۇقىرىقىلاردىن كىچىكرەك بولسىمۇ قەشقەر ۋە ئاقسۇدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەدەبىيات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئارقا-ئارقىدىن بولۇپ تۇرغانىدى. ئاشۇ يىغىنلاردا بىز دىمەتلىكلەر (ئەينى چاغنىڭ ياشلىرى) پېشقەدەملىرىمىزنىڭ لەۋزى مۇبارەكلىرىدىن ئاجايىپ ھېكمەتلەرنى ئاڭلىغان، ئەدەبىياتقا، ئىلىم-پەنگە دائىر ئاجايىپ يالقۇنلۇق نۇتۇقلارنى تىڭشىغان، پىكىر ئالماشتۇرغان-ئۆگەنگەندۇق. پېشقەدەم ئەدىب - يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنلاردا، ياتاقلاردىكى ئايرىم سۆھبەتلىشىشلەردە قىلغان سۆزلىرى بىزنىڭ كېيىنكى ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز، قانداق يېزىش، نېمىنى يېزىشىمىزدا غايەت زور يېتەكچىلىك رول ئوينىغانىدى. مەن ئاشۇ 80-يىللىرى زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇرېھىم تىلەشوف ئۆتكۈر، ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم، زوردۇن سابىر، ئابدۇكېرىم خوجا، تۇردى سامساق، قەييۇم تۇردى... لار بىلەن ئۇچراشقان، تونۇشقان، دوستلاشقانىدىم. مەن يەنە مۇھەممەتجان راشىدىن، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قۇربان بارات، ئوسمانجان ساۋۇت، مەتتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، قۇربان مامۇت، تاھىر تالىپ... قاتارلىقلار بىلەن گۇرۇپپا يىغىنلىرىدا، مەشرەپ - ئولتۇرۇشلاردا، مۇشائىرە-چاقچاق سورۇنلىرىدا ئىچىشكەن، يايلاق - ئېرەنلىكلەردە ھەمداستىخان بولغانىدىم... ئارىدىن 20 يىل ئۆتتى. مۆتىۋەرلىرىمىزنىڭ تولىسى كېتىپ قالدى. قېپقالغانلىرىمىز ئوتتۇرا ياش ۋە ياقىرىلىق دەملىرىگە ئۇلاشتۇق. ئۆتۈپ كەتكەن ئەشۇ يىللاردا نۇرغۇن شەكلەن ئۆزگىرىشلەر، تالاي تەدرىجىي ئالمىشىشلار بولۇپ ئۆتتى. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا جاپپار ئەمەت مەتقاسىم ئابدۇراخمانغا، «قەشقەر ئەدەبىياتى»دا قۇربان ئىمىن تۇرسۇن نىيازغا، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»دا ئېزىز ساۋۇت تۇنىياز مەتنىيازغا، «بوستان» ژۇرنىلىدا مۇھەممەدىن سايىت ئۆمەر مۇھەممەتئىمىنگە، «تۇرپان» ژۇرنىلىدا روزى نىياز مۇھەممەت شاھنىيازغا، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»دا ئايشەم ئەخمەت بەگمەت يۈسۈپكە، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا مەتتىمىن ھوشۇر شاكىرجان ئېلاجىغا، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئابلىكىم باقى ھەبىبۇللا مۇھەممەتكە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ساتتار توختى قۇربان مامۇتقا، «تارىم» ژۇرنىلىدا ئابلىمىت سادىق مۇھەممەت شاۋۇدۇنغا ئالماشتى (ناتىق بۇ يەردە مەزكۇر ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرلىرى ياكى مەسئۇل مۇھەررىرلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. - مۇھەررىردىن). ئالمىشىش، ئۆزگىرىشلەر شۇنچە كۆپ، شۇنچە شىددەتلىك بولدىكى، ئەنئەنە تېپىدىكى بىرخىل پوئېزىيە مودېرنىزمغا، گۈڭگاللىشىشقا، قېلىپلاشقان پروزا ئىزلەنمە شەكلىگە، بېشىنى ئوقۇپلا قانداق ئاخىرلىشىشىنى قىياس قىلىشقا بولىدىغان بايانىي كىتابلار «قۇم باسقان شەھەر»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، «مەمتىلى ئەپەندى»لەرگە جاي بوشاتتى؛ «قىرلىق ئىستاكان»لار جاراڭ-جۇرۇڭى، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»نىڭ ھاۋ-ھاۋلىرى ئەدەبىيات ئالىمىنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى؛ ئارىدا «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» بېرىدىغان، «خوتەندىن خەت» يازىدىغان، «ئەنئەنە ۋە تارىخ ھەققىدە ئوي»لاپ، «ئۆتكۈردىن بوشلۇقتا قاراپ» پەرۋاز قىلىدىغانلار، «ئەقىل مېۋىسى»نى ئوغرىلايدىغان «شەيتان»لارغا «ئادەمدىكى 3-كۆز» بىلەن چەكچىيىشكە جۈرئەت قىلىدىغانلار پەيدا بولدى؛ «خائىن تاغلار»غا «قېنى مېنىڭ ئەكس سادايىم؟» دەپ خىتاب قىلالايدىغانلار چىقتى!

نۇرغۇنلىغان شەكلىي، ماددىي ئۆزگىرىشلەر، «پەيدا بولۇشلار»، ئالمىشىشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، 1990-يىللارنىڭ بازار قاينىمى ئەدەبىياتىمىزنى تاۋارلاشتۇرۇش، پات-پات ئېچىلىپ تۇرىدىغان ئىلمىي قىممىتى ئىنتايىن زور ئەدەبىي يىغىنلىرىمىزنى ئازلىتىۋېتىش، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنى مەمۇرىيلاشتۇرۇش، كەسپىي ئۈنۈمدىن كۆرە شەكىل ياقىغا تارتىپ كېتىش سىياقىغا كەلتۈرۈپ قويالىدى دېسەكمۇ، ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنىڭ قولىدىن بىر ئىش، يەنى ئەدەبىيات

قوشۇنىنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش، قەدىمىي نىزام، ئەمىر-مەرۇپلارنى غەپلەت ياستۇقى قىلىپ ئويناق، ئىزدەنگۈچى تەپەككۇرنى مۈگىدەك باسقۇزۇش، شۈكرانە ئىلھام، كونا سەنەملەرنىڭ دۇمبىقىغا ئۇسسۇل ئويىنىتىش كەلمىدى. دېمەك، تەپەككۇر يېڭىلاندى، قەلەمكەشلەر قوشۇنى ياشلاشتى. كونا ئەسىردىكى ئۈچ توققۇزنىڭ ئاستىغا ئېگىلگەن قۇيرۇقى سۇنۇپ بىر ئىككىگە، قاتارى توققۇزلار نۆلگە جاي بەردى. شۇنداق قىلىپ، بىز 2000دىن ئىبارەت سان ئوقىغا ياندىش هالدا ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭىچە ئىلھام تۇلپارىنى چاپتۇرۇپ، 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدۇق.

مەن هۇجەيرە - كېلىتكىلىرى ئەنئەنە تەپەككۇرىدا تامغىلانغان، ئىجاد - ئىلھامى قاپىيە، تۇراق، ۋەزىندە پۈتۈنلەنگەن تۇنۇگۈنىنىڭ ئادىمى بولۇشۇمغا قارىماي، ئەتىنى - كەلگۈسىنى بەرپا قىلغۇچى، ئۇپرىماس هاياتى كۈچكە ئىگە يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ ئەنجۇمەنگە ئىشتىراك قىلالىغىنىمدىن بەختلىكمەن.

يېقىندا بەزىبىر گېزىت - ژۇرناللار ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگۈسى كېلىدىغان هەرخىل ژانىر، هەرخىل ئۇسلۇبقا تەۋە ئوخشىمىغان ياشتىكى قەلەم ساهىبلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوي-خىياللىرىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشتۇردى. «ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسىر ئاخىرىدا ئېيتقانلىرى» خىلمۇ خىل نۇقتىلاردىن شەرھىيلەنگەن. بۇ خىل شەرھىيلەشلەرنى بۇ يەرگە جەم بولغانلارمۇ كۆرگەن، ئەقىل تارازىسىدا دەڭسەپ باققان بولۇشلىرى مۇمكىن. ئەمما شۇنچە كۆپ پاراڭلار، سوئالغا جاۋابلار ئارىسىدىن «ئەدەبىياتىمىزنىڭ 20-ئەسىرى قانداق بولدى؟ 21-ئەسىردىكى ئەدەبىياتىمىز قايسى يۆلىنىش بويىچە تەرەققىي قىلار؟» دېگەن نېگىزلىك مەسىلىگە دىققەت ئاغدۇرۇلمىغاندەك تۇرىدۇ.

مېنىڭچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئەسىرى، هېچ بولمىغاندا كېيىنكى يېرىم ئەسىرلىك مۇساپىسى جەمئىيىتىمىزنىڭ تولىمۇ ئۆزگىرىشچان سىياسىي قەدىمىگە ماس هالدا تولىمۇ ئالدىراش، بەكمۇ جىددىيلىك ئىچىدە ئۆتتى. 1950-يىللىرىمىز ئەدەبىياتى يەر ئىسلاهاتى ۋە كوممۇناللىشىش ئىنقىلابى، ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدېئولوگىيە كۈرىشى ئۈچۈن دەستۇرخان يايغان بولسا، 1960-يىللىرىمىز ئەدەبىياتى شۇ يىللاردىكى سولچىل سىياسىي پەلسەپە، تارىخ بىلەن هەمنەپەسلىكتە ئۆزىنىڭ نىسبىي مۇستەقىل هالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا چامى يەتمىگەن غېرىبلىقتا بويۇن قىستى؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بولسا، مەدەنىيەتنى دەپسەندە قىلىش، يوقىتىش دەۋرىنىڭ نەيزە-كالتەك، ئوق-بومبىلىرى ئارىسىدا تۇنجۇقتى؛ ئەدىبلىرىمىز بولسا «تىرىكلەر دوزىقى» غا چۈشتى ( مۇھەررىردىن ) ؛ 1970-يىللاردا بولسا لەنىتى «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ فاشىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت دىكتاتورىسى ئاستىدا ئۆزىنىڭ بارلىق ئابرويىنى تۆكۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ماختىمىغان زۇلۇم، قاباهەت... هېچنېمە قالمىدى! 1978-يىللاردىكى ئىدىيە ئازادلىقىدىن كېيىنكى 1980-، 1990-يىللاردا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەهۋالى بىر قەدەر ياخشىلاندى. روهلاردا سىلكىنىش، مىللىي خاراكتېرىمىزدا تەۋرەش، تەپەككۇرىمىزدا يېڭىلىنىشلار بولۇپ، سان تېپىدىكى ۋە قىسمەن سۈپەت ئۆزگىرىشىدىكى ئەدەبىي جۇغلانمىلىرىمىز مەيدانغا كەلدى. بۇ يىللاردا مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا زور بۆسۈش خاراكتېرىدىكى نەمۇنىلىك ئەسەرلەر ئانچە كۆپ مەيدانغا كەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئۈمىدلىك بىشارىتى بىلەن هەممىمىزنى خۇشال قىلدى! بىز ئۇنىڭ ساناقلار بىلەن قوپۇرۇلغان 100لەپ رومان، مىڭلاپ پوۋېستلار مۇجەسسەملەنگەن گەۋدىسىدىن ئىلگىرىكى هەرقانداق چاغلارغا ئوخشىمايدىغان مول هوسۇل خامىنىنى كۆرگەندەك بولدۇق. ئەدەبىيات بېقىندىلىقتىن ئازاد بولۇپ، ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا يۈزلەندى. تۇرمۇشنىڭ رېئال هادىسىلىرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يورۇتۇش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. دېمەك، ئىسلاهات دەۋرى ئەدەبىي ئاڭنىمۇ ئىسلاه قىلدى. ئەدىبلىرىمىزنىڭ تەپەككۇرى چىنلىقتا، نەزىرى ئوردا-قەسىرلەردىن ئاۋام خەلق ئارىسىغا، قەلىمى يالغان كۆپتۈرمە، سۈنئىي ماختاشلاردىن رېئال هاياتقا قايتىپ كەلدى... بىز مۇشۇ 50يىللىق مۇساپە بوسۇغىسىدا تۇرۇپ، 21-ئەسىرگە نەزەر ئاغدۇرۇپ «كېلىدىغان ئەسىردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قانداق ئەدەبىيات بولىدۇ؟» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرەيلى. هېچقايسىمىز بېشارەتچى، ئالدىن كېلىدىغان ئىشلارنى بىلگۈچى ئەمەس. ئەمما ئۇ 1960-، 1970-يىللاردەك بولمايدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز! يېڭى ئەسىر - يەرشارى بارغانسېرى تارىيىۋاتقان، نوپۇس شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتقان، ئەمما هەقىقىي ئادەملەر كۈنسايىن ئازلاۋاتقان ئەهۋال ئاستىدىمۇ ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى، ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەتئىمىن، ئابدۇرېهىم تىلەشۇپ ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر تەپەككۇرىدىكى قەلەم ساهىبلىرىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ؛ مەمتىمىن هوشۇر، ئابدۇقادىر جالالىدىن، يالقۇن روزى، ئەسەد سۇلايمان، ئەختەم ئۆمەرگە ئوخشاش پىكىر يولى ئوچۇق، مۇهەممەتجان راشىدىن، نۇرمۇهەممەت توختىدەك قەلىمى پاكىز، قەلبى ئۆز خەلقىگە يېقىن شائىر-يازغۇچىلار قاتارى بىلەن تولۇقلىنىپ بارىدۇ. بۇنىڭدا شەك يوق!

21-ئەسىر بىزنى ئېچىۋېتىلگەن دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ. ئەدەبىياتىمىز مۇشۇ ئېچىۋېتىلگەن دۇنيادىن يېڭى قاراش، يېڭى ئېقىملارنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە تېخىمۇ ئىگە بولىدۇ. بىرخىل تەپەككۇر، بىرخىل ئىپادىلەش ئەندىزىسىدىن قۇتۇلىدۇ. غەرب ۋە شەرقنىڭ هەرخىل ئىجادىيەت

ئېقىملىرى، ئىپادىلەش شەكىللىرى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىلىرى بىلەن بىر گەۋدىلىشىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت مۇساپىمىزگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرساق، بىزدەك كۆپ يېزىق ئۆزگەرتكەن، بىزدەك كۆپ دىن-ئېتىقاد يەڭگۈشلىگەن، مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان مىللەت يوقلۇقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى ئىچىدە يېڭىلىققا ئىنتىلىش، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما بىزنىڭ ئاشۇ «ئالماشتۇرۇش»، «يەڭگۈشلەش» كە ئامراق ئەجدادلىرىمىز ھەممە نېمىسىنى بىراقلا ئالماشتۇرۇۋەتمىگەن، ھەممە نەرسىسىنى بىراقلا يەڭگۈشلىمىگەن . ئۇلار ئەسلىدىكى پوندامېنت ئاساسىدا مەنىۋى قاتلىمىنى مەزمۇتلىغان. ئەمدى يېڭى ئەسىر بىزگە سىناق نەزىرىدە تىكىلىپ قاراپ: «بۇ مىللەتنىڭ ھازىرقى ئەجدادلىرى ئىنتىلىش، تاكامۇللاشتۇرۇش يولىدا يەنە نېمىلەرنى قىلاركىن؟ » دېمەكتە.

تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «باشقا ئەللەر مەدەنىيىتى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئالاقىدا بولمىغان، بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ ئۆزىنى زامانىۋى يۈكسەكلىكنىڭ چوققىسىغا ئېلىپ چىقالمىغان مىللەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قانچىلىك ئۇزاق ۋلۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن يېڭىلىقلارنى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىدىن تامامەن مەھرۇم بولىدۇ» . لۇشۇننىڭ تەبىرى بويىچە بولغاندا « قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ شان-شەرىپى ئۈستىگە دۇم چۈشكەنلەرئۆزىنى ئۆز ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىدىن ئۈستۈن قويۇپ، خۇدىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ دۆت-جاھىللىقىنى بىلمەي، ئاخىر سېسىق كۆلگە ئايلىنىپ كېتىشى تۇرغان گەپ. تارىخنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە پارلاق نۇر چېچىپ، ئاخىرىغا كەلگەندە يوقىلىپ كەتكەن مىللەتلەر ئېھتىمال مۇشۇنداق سەۋەبلەردىن بولغاندۇر» .

شۇنداق ئىكەن، بىز «ئوغۇزنامە» نى بايراق، «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نى ياستۇق قىلىپ، قەدىمىي مىراسلار شۆھرىتىدە ئەللەيلىنىپ يېتىۋەرمەسلىكىمىز، ئەكىلىشىمىز، قوبۇل قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنى 21-ئەسىرگە لايىقلاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەن شۇنداق ئويلايمەن: بىزنىڭ 21- ئەسىردىكى ھەرقانداق لايىقلىشىشىمىز، ئەكېلىش ۋە قوبۇل قىلىشلىرىمىز، ئۆزىمىزدە ئەسلىدىن بار بولغان، ھېلىھەم ئۆرنەكلىك قىممىتىنى ساقلاپ كەلگەن، بىزنى 21-ئەسىرگە ئۇلاشتۇرغان مەنىۋى، ئەدەبىي ئاساسلار مەھكەملىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بولۇشى، ئۆزىمىزدە بارنى قارا قويۇق رەت قىلماسلىقى لازىم. بىلىش لازىمكى، ھەرقانداق يېڭى ئۇرۇق سورتى ئەسلى بار تۇپراقتا، ھەرقانچە ئېسىل گۈل قەلەمچىسىمۇ ئەسلى بار نوتىدا بىخلاپ غۇنچە ئاچىدۇ! ئۇنداق بولمايدىكەن، قوبۇل قىلىنغان، ئەكېلىنگەن «قورساق» قا ھەزىم بولۇپ كېتىش خەۋپىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

ئەگەر ئادەم 20 ياشتا غايىلىك، 30 ياشتا ساغلام، 40 ياشتا ماددىي ئاساس تىكلىگەن بولمىسا، ھەتتا 50 ياشقا ئۇلاشقان تۇرۇقلۇق ھەق يولىنى تاپالمىسا، بۇنداق ئادەم 60 ـ 70 ياشقا كىرسىمۇ ھېچنېمىسى يوق ئادەم بولىدۇ. بىزدە مۇستەھكەم غايە قارىشى، ساغلام ئىجادىيەت ئېتىقادى، بىر تۇركۇم ئۆزىمىزگە خاس مەنىۋى بايلىق جۇغلانمىسى ۋە تەۋرەنمەس ھەقىقەت تونۇشى بولغاندىلا ئاندىن 21-ئەسىر ئەپكېلىدىغان، ئەپكېتىدىغان، ئاپىرىدە قىلىدىغان ياكى يوقىتىدىغان نەرسىلەرگە تەييارلىقىمىز بولغان بولىدۇ.

«دۇنيا بىر مىللەتنى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق تونۇيدۇ. يەنى مەزكۇر مىللەت ئۆز ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئىككىنچى بىر مىللەتكە مەدەنىيىتىنى ، تارىخىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ۋە ئەينى رېئاللىقىنى تونۇتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ رولى تەربىيىلەش ئەمەس، بەلكى مىللەتنى باشقىلارغا تونۇتۇشتىن ئىبارەت» . ئەدەبىي تەنقىدچى ھېزىم قاسىمنىڭ بۇ تەبىرىگە يەنە ماۋۇ بىر سۆزنى ، يەنى ئەدەبىياتنىڭ رولى مىللەتنى ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتۇش دېگەننى قوشۇپ قويساق ئارتۇق كەتمەيدۇ. بىز «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ، «تىنچ دون» ئارقىلىق رۇسىيىنى، رۇس ـ كازاك مىللەتلىرىنى، «قىزىل ۋە قارا» ، «گراف مونتى كرىستو» ئارقىلىق ياۋروپالىقلارنى، «يىلتىز» ئارقىلىق ئامېرىكا نېگىرلىرىنى، قۇللۇق تۇزۇمىنى تونۇدۇق. «سۇ بويىدا» ، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ، «ئاQنىڭ تەرجىمىھالى» ئارقىلىق ئۇزاق تونۇگۇنكى ۋە يېقىنقى خەنزۇلارنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۇق. بۇلا ئەمەس، بىزدە يېزىلغان «ئىز» ، «چېنىقىش» ، «تەڭرىتاغ باغرىدا» ، «قۇم باسقان شەھەر» ، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» ، «مەھمۇد قەشقەرىي» نامىدىكى رومان-پوۋېستلىرىمىز مىللىتىمىزنى باشقىلارغا، باشقىلاردىن كۆرە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە خېلى ئوبدان تونۇتتى؛ «خوتەندىن خەت» نامىدىكى ئوچېرك، «دېھقان بولماق تەس» تۈركۈمىدىكى تەنقىدىي رېئالىزم تۈسى قويۇق لېرىكىلار، ئەختەم ئۆمەر ، ئابدۇقادىر جالالىدىنلارنىڭ يۈرەك خىتابلىرى «ئۇيغۇر بىز» دەپ مەيدە قاققانلارنىڭ ئالدىغا بىر قاتار سوراق، ئۇندەش مەزەلىرى تىزىلغان ئىجتىمائىيەت دەستۇرخېنى يايدى. ئۇيغۇرنى بۇخىلدىكى «ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتۇش» غەربچە، چەت ئەلچە ھەرقانداق بىر ئەدەبىياتنىڭ ، ھەرقانداق بىر چەت ئەل يازغۇچى ـ شائىرىنىڭ قولىدىن كەلمەس ئىدى! نېمىشقا؟ چۈنكى ئەدەبىيات روھقا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، روھتا بار نەرسە ئەدەبىياتتا ئىپادىلەنمەي قالمايدۇ. چەت ئەل ئەسەرلىرى قورۇلما جەھەتتىن ئاجايىپ مۇكەممەللىككە ئىگە بولسىمۇ، تۇرمۇش بىزنىڭ بولمىغانلىقتىن ، ئۆز ئەسەرلىرىمىز بەرگەن لەززەتنى بېرەلمەيدۇ. «ئەسەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى تىلدىكى داغدۇغىلىقتا ئەمەس، بەلكى چىنلىقتا، مىللىيلىكتە! » ھازىر، بىزدە چىنلىققا ئېتىبار

www.uygurkitap.com

بىرىش يېتەرلىك بولمىغانلىق ئۈستىگە، مىللىيلىك دىققەت نەزىرىمىزدىن چەتتە قېلىۋاتىدۇ. بۇ ھالەت خۇددى ئۇيغۇرچە رېستورانلارنىڭ قورۇما تىزىملىكىدىن بىرمۇ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ تېپىلمىغان ۋە شىرەدىكى قورۇمىلاردىن ئۇيغۇرچە تەم-لەززەت سەزگىلى بولمىغانغا ئوخشاش. شۇڭا بۇ يەردە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان جايدا، كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋەتىنى، خەلقى ۋە تارىخىغا نىسبەتەن قىزغىن مۇھەببىتى قالمايدۇ، شۇنداقلا ئارمىيە، جەڭچىلەردىمۇ باتۇرلۇق ۋە ئۆز-ئۆزىنى قۇربان قىلىشتەك مىللىي روھ ئۆلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندا، پۇقرالار ئۈستىبېشى جۇل-جۇل، ئاچ-يالىڭاچلىقتا قالغان سەرگەردانلارغا ئايلىنىدۇ، مۇنداق كىشىلەردە قورساق تويغۇزۇشتىن باشقا ئىستەك بولمايدۇ»❶ دېگەن مەشھۇر كۆچۈرۈلمىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىش ئارتۇق كەتمەيدۇ. بىز بۇ ئابزاسنىڭ بېشىدىكى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن سۆزنى ئېھتىياجىمىزغا ماسلاشتۇرۇپ «مەنىۋى سىجىللىق، ئەدەبىياتتىكى ئۆتتۇشۇشچانلىق» دەپ ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىدىغان بولساق، «مەنىۋى سىجىللىق، ئىزچىللىق بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان جايدا كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋەتىنى ، خەلقى ۋە تارىخىغا نىسبەتەن قىزغىن مۇھەببىتى قالمايدۇ» بولۇپ چىقىدۇ.

ۋەتىنىگە، خەلقىگە، تارىخىغا مۇھەببىتى قالمىغان ئەۋلادتىن يەنە نېمىنى كۈتكىلى بولىدۇ؟ «ئۈستىبېشى جۇل-جۇل، ئاچ-يالىڭاچ، قورساق تويغۇزۇشتىن باشقا ئىستىكى قالمىغان خەلق» نىڭ غېمىدە بولمىغان، ئۇلارغا ئۆز-ئۆزىنى تونۇتۇش رولىنى ئاتقۇرالمىغان ئەدەبىياتنىڭ ئىستىقبالىدىن، ئاشۇ ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىمەن، دەپ پايپېتەك بولۇۋاتقانلارنىڭ تەقدىرىدىن نېمىنى كۈتكۈلۈك؟

بىز ئۆزىمىزنى «ئەدەبىيات مىللىتى» ، «شېئىر مىللىتى» ، يۇرتىمىزنى «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىمىز. توغرا، بىر زامانلار بولغان: مەدداھ ـ ۋەزخانلار كوچىلاردا قىسسە-جەڭنامىلەر تۇسىدىكى ئەدەبىياتتىن ھېكايە سۆزلەيتتى، چايقالغان دېڭىز سىياقىدىكى ئادەملەر توپى ئىگەك يۆلەپ ئولتۇرۇپ زامان ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان ئەدەبىياتتىن زوق ئالاتتى؛ سەيلە-مەشرەپلەرمۇ بولۇپ تۇراتتى. ئادەملەر راۋاب ئاھاڭلىرىغا تەڭكەشلەنگەن مۇھەببەت، مەردلىك تېمىسىدىكى داستان-قوشاقلارنى تىڭشاپ ھوزۇرلىناتتى. كەچلىك ئولتۇرۇشلاردا ناخشىلار ئېيتىلىپ، ئۇسسۇللار ئوينىلىپ تۇراتتى. تونۇر باشلىرىدا كىچىك بالىلار چۆچەك ئېيتىشاتتى، تېپىشماق تېپىشاتتى. ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىينى، ھۇۋەيدانى، خوجاھافىزنى ئەۋلىيا دەرىجىسىدە كۆرەتتى. ئەمدىلىكتىچۇ؟ بىزدە تاماكا، ھاراق خۇمارى، رېستوران قىزغىنلىقى، ياسىنىش ـ تارىنىش مەدەنىيىتى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگىنى بىلەن ، ئەدەبىيات ھەۋىسى، بەدىئىي دىت، كىتاب ھىرىسمەنلىكى ئاجىزلاپ كەتتى. نەۋائىي، مەشرەپنى بىلىدىغانلاردىن كۆرە، رامبونى، راجانى، سۇنۇۋكوڭنى، خاسبىنى، خۇەنجۇ مەلىكىنى بىلىدىغانلار كۆپەيدى. بىلىش ئەڭ ئۇزاق بولغاندا 3-ئەۋلاد، يەنى بوۋىمىزنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىدى. . . بىز مۇشۇنچىلىك تۇرغان، ئۆزىمىزنى مۇشۇنچىلىك بىلگەن يەردە، خەق بىز ئۇيغۇرلارنى قانچىلىك بىلىپ كېتەر؟ ئەدەبىياتنىڭ رولى تونۇتۇش، بىلدۈرۈش ئىكەن، بىزنىڭ 21-ئەسىرىمىز باشقىلارنى تونۇش، بىلىش بولۇپلا قالماي، يەنە باشقىلارغا ئۆزىمىزنى تونۇتۇش، بىلدۈرۈش ھەمبولۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئۆزىمىزنى تونۇش، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنى تونۇتۇش بولۇش كېرەك.

ئەدەبىياتنىڭ يېزىش ئوبيېكتى ئادەم دەيمىز. دېمەك، سەككىز مىليوندىن كۆپرەك نوپۇسقا ئىگە ئادەم بىزنىڭ دىققەت نەزىرىمىزدە بولىدۇ. بۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى » بولغان بىز قەلەمكەشلەرنىڭ تەسۋىرلەش نىشانىنىڭ مەركىزىدە تۇرۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى دېھقانلار تەشكىل قىلىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن ئالغاندا ، بىز ھەممىمىز دېھقان پۇشتى. بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ئىسلاھاتنىڭ سېخىي ئالقىنىدىن ئانچە-مۇنچە رىسقى-نېمەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، تېخى «قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن» تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشكىنى يوق. پىلانلىق ئىگىلىك، زاكاز-بۇيرۇتما شەكلىدىكى تېرىقچىلىق، يەرلىكتىكى بيۇروكراتلىق، ھەيۋە تۇسقويۇق ھەرخىل ئالۋاڭ-ياساقلارنىڭ قاتمۇقات بويۇنتۇرۇقى تۈپەيلى بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتقان «ئۈچ قالايمىقان» ھېلىھەم دېھقانلىرىمىز-نىڭ شىللىسىدىن بېسىپ تۇرماقتا. ئۇلار دەۋر ئىلتىپاتىغا تەشنا، ئۈمىد-ئارزۇلىرى بىھەد.

بىزنىڭ كۆزىمىز ئەنە شۇلارنى كۆرەلىشى، قەلبىمىز ئۇلارغا تەلپۈنۈشى، قەلىمىمىز ئۇلار بىزار بولغان نەرسىلەرنى رەھىمسىز پاش قىلىپ، ئۇلار تەلپۈنگەن، ئارزۇ-ئارمان قىلغان نەرسىلەرگە ھەمدەم بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. بىز ئەنە شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىۋالالىساقلا «ئەنئەنە تىپىدىكى ئەسەرلەر ئانداق، گۇڭگا شەكلىدىكى ئەسەرلەر مۇنداق» دەپ ژانىر جەڭگاھىدا، شەكىل خۇسۇسىدا دەتالاش قىلىپ ئەقىل خورىتىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

ھازىر بىز تىنماي يېزىۋاتىمىز، يازغانلىرىمىزدىن توم-توم دەپتەرلەرنى تۈزۈپ نەشرىياتلارغا يوللاۋاتىمىز. 5000 تىراژ ھەلەكچىلىكىدە يېلىنىش - ئىلتىجا بىلەن شىنخۇا

---

❶ ئابدۇقادىر جالالىدىن: «داغمۇ ياكى زىناقمۇ؟» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995-يىل 3-سانىغا قاراڭ.

كىتابخانىلىرىغا تەلمۈرۈۋاتىمىز. ئىككى - ئۈچ مىڭغا يەتمىگەن تىراژ تۈپەيلى، كىتابلىرىمىزنى نەشر قىلدۇرالماي بېشىمىز قېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىم سەۋەب، ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىدا.

مەن مۇنداق بىر ھېسابنى ئىشلەپ باقتىم: بىر ئائىلىنى تۆت نوپۇس بىرلىكىدە ھېسابلىساق، 8مىليونلۇق نوپۇسى بار ئۇيغۇر قەۋمى 2مىليون تۈتۈن بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىز زارىقىپ كۈتۈۋاتقان 5000دانە تىراژ ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشلۈق ئۆتۈمىز دېسەك، بىر تىراژ ئۈچۈن 1600ئائىلە (6400نوپۇس) نىڭ دىتىغا ياقىدىغان ئەسەر تەييارلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق سېلىشتۇرما بىزنى ھەيران-ھەس قىلىدۇ. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز كىتابقا شۇنچە ئۆچمۇ؟ ساۋاتسىزمۇ؟ كىتاب سېتىۋالالمىغىدەك دەرىجىدە نامراتمۇ؟ يا بولمىسا يازما ئەدەبىياتنىڭ دەۋرى ئۆتتىمۇ؟ بۇ قىياسلارنىڭ ھېچقايسىسى پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ئابدۇرېھىم تىلەشوف ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانى ۋە «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تىراژ بىلەن 3-قېتىم نەشر قىلىنىشى، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باستان شەھەر» رومانى، مىرئەھمەت سېيىت، يالقۇن روزىنىڭ «مەمتىلى ئەپەندى»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» (پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ ئوچېرك ژۇرنىلىمىزنىڭ 1994-يىل 2-، 3-(قوشما) سانىغا بېسىلغانىدى. - مۇھەررىردىن) ناملىق كىتابلىرىنىڭ شۇنچە تېز سېتىلىپ تۈگىشى، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «خوتەندىن خەت» ناملىق ئوچېركى بېسىلغان ژۇرنالنىڭ دېھقانلىرىمىز ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ تەكرار-تەكرار ئوقۇلۇشى، كىتابپۇرۇچلارنىڭ بىرسان ژۇرنالنى 50كويدىن سېتىشى . . . بىزگە، ئەگەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپ يېزىلسا، يېزىلغان ئەسەر خەلقنىڭ ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتالىسا، ھېچكىم پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرمايدىغانلىقىنى، ئۇنداق ئەسەرلەرنىڭ خېرىدارى مۆلچەردىكىدىن كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

«ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسىر ئاخىرىدا ئېيتقانلىرى» تېمىسى بىلەن ئېلان قىلىنغان سوئال-جاۋابلاردا قايسىبىر بىشارەتچىنىڭ «21-ئەسىر پروزا ئەسىرى بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئابزاسىنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەندىم. ئۇنداقتا پوئېزىيە20-ئەسىرنىڭ ئۆتمۈشىگە دەپنە قىلىنامدۇ؟ بۇ بىشارەت بويىچە بولغاندا ئەدەبىياتنىڭ شېئىر ژانىرى 21-ئەسىرگە لايىقلىشالامدۇ؟ شائىرلىرىمىزنىڭ ھالىغا ۋايمۇ؟ سەھنىلىرىمىزدىن يۈرەكنىڭ خۇمارىنى يېشىدىغان ئېسىل ناخشا-لەپەرلەر يوقامدۇ (مۇھەررىردىن)؟ پاشا ئىشان، ئابدۇللا ئابدۇرېھىملىرىمىزغا ئىش قالامدۇ؟ يېڭى ئەسىر ئاخىرىدا پوئېزىيە ژانىرىنى تارىخىي مۇزېيلاردىن ئىزدىگۈلۈكمۇ؟

بىشارەتچى شۇنداق دېگەنىكەن، بىزمۇ شېئىرنىڭ 21-ئەسىردىكى تەقدىرىگە بىشارەتلىك جاۋاب بەرمەي ئامالىمىز يوق. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر: «شېئىرنىڭ گۈلىنى پەلسەپە تۇپرىقىدا يېتىلىدۇ، پەلسەپە تۇپرىقىنى شېئىرىيەتنىڭ خۇشبۇي شەبنىمى بىلەن سۇغۇرغان» يېگانە شائىر ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي لەۋزى بىلەن سۆزلىسەك، شېئىرىي تىل ئاللانىڭ تىلىدۇر ۋە ئاللانىڭ كۆڭلى شائىرلارغا يېقىندۇر. شۇنداق بولمىسا ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» شېئىرىي لەۋزىدە نازىل بولارمىدى؟ بولا ئەمەس، ئەگەر كىمنىڭ ئېگىدىن ھېكمەت ۋە بەدىئىي رەڭدارلىق مەڭگۈلۈك تەسىراتى ئورۇن ئالىدىكەن، دۇنيادا ئۆلمەي ياشايدىغان بىردىنبىر نەرسىنىڭ پەقەتلا شېئىر ئىكەنلىكىگە قايىل بولىدۇ. مانا بۇ، ئابدۇقادىر جالالىددىن يەكۈنلىگەن بىشارەت!

21-ئەسىر شېئىرىيىتىدە ۋەز-نەسىھەت ۋە سۇنئىي نازاكەت پەرەنجىسىگە ئورالغان پىرازلار ئەۋج ئېلىپ كەتمىسىلا، رېئالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى مودېرنىزملىق ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرسا، كېسىپ ئېيتالايمىزكى، 21-ئەسىرنىڭ ئەدەبىيات باغچىسىدا يېپيېڭى قىياپەتتىكى شېئىرىيىتىمىز ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ.

«بوستان» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ 20 يېشىنى تەبرىكلەۋاتقان، پېشقەدەم شائىر ھۆسەن روزى تىرىككە تون كەيدۈرۈشتەك خاسىيەتلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ۋە ئىككى ژانىر بويىچە مۇكاپات تارقىتىش پائالىيىتى بولۇۋاتقان مەرىكىدە ئويلىغانلىرىم بويىچە تاغدىن-باغدىن سۆزلەپ ئۆتتۈم. «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكى يولداشلار ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت يېتەكچىلىرى يېقىنقى يىللاردا تىرىشىپ ئىزدىنىپ، جاپالىق ئىشلەپ، جەمئىيەتتىكى ھەرساھەنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىر قاتار ئەھمىيەتلىك ئەدەبىي، ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ۋە نادىر ئەسەرلەر ئارقىلىق ژۇرنال سۈپىتىنى ئۆستۈردى، قابىل تەشكىلاتچىلىقى بىلەن قەلەمكەشلەرنى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. زېرەك، زامان ئېڭىغا ئىگە باشقۇرغۇچىلىرى بولغان ساھەدە چوقۇم ئۇلۇغ ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۆز كەسپىنى سۆيگەن قەلەم ئىگىلىرى تارىخ يۈكلىگەن، خەلقى ئۈمىد قىلغان ۋەزىپىلەرنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، چوقۇم ئەدەبىياتىمىزنىڭ 21-ئەسىردىكى زەپەر قۇياشى تېخىمۇ پارلايدۇ . پروزا بېغى گۈللەپ ياشنىغىنىدەك، پوئېزىيە گۈلزارىمۇ چېچەك ئاچىدۇ! خەلقلا بولىدىكەن شائىر ياشايدۇ، شېئىر يوقالمايدۇ، شائىرغا تون كەيگۈزۈدىغانلار ۋە تونغا مۇناسىپ شائىرلار بارلىققا كېلىدۇ.

(گۈلدۈراس ئالقىشلار)

2000-يىل 28-يانۋار، كورلا (M2)

www.uyghurkitap.com



# تۇمارىس

(تارىخي ھېكايە)

ئابدۇللا ساۋۇت

مىلادىدىن بۇرۇنقى 531-يىل.

تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي - جەنۇب ئېتىكىدىكى بۈك-باراقسان ئۆسكەن، بېشى - ئاخىرى كۆرۈنمەيدىغان قوچۇرا① ئورمانلىقلىرى بارا-بارا ئارقىدا قالدى. ئاتلار، كالىلار قوشۇلغان ، ئۇزۇن ئوقلۇق چاقلىرى ئېگىز ھارۋىلار سېپى چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىككە كىرىپ كەلدى. دۇمباق، ناغرا-نەي ئاۋازلىرى ھاۋانى تىترىتەتتى. ھارۋا سەپلىرىنىڭ ئىككى يېنىدا، ئارقىسىدا قوراللانغان چەۋەندازلار، ئەر-ئايال ئاتلىقلار كەلمەكتە ئىدى. قويۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر، گۈل-گىياھلار قۇياش نۇرىدا جۇلالاپ ئالتۇن رەڭگە كىرىپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. سول تەرەپتىكى يانباغىرلاردا يىلقىلار توپى چېپىشىپ، كىشنىشىپ يۈرۈشەتتى، بىر-بىرىنى تېپىشەتتى، قوغلىشاتتى. توسۇن ئاتلار سەكرىشىپ، ئەركىلەپ ئوينىشاتتى. ئوڭ تەرەپتە - يىراقلارغا سوزۇلغان چۆل-دەشتلەردە لوكىلىرى تىك كۆتۈرۈلگەن تۆگىلەر بوي تارتىپ قالغان بوتىلاقلىرىنىڭ سۆڭگىچىنى پۇراپ، بوۋف! - بوۋف! قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ ئۇيان-بۇيانغا يانتاق ئىزدەپ ماڭاتتى.

يىراقتا مال ئىتتىنى ئەگەشتۈرگەن، چەۋەندازلارچە ياسىنىۋالغان ئاتلىق چوپان ناخشا ئېيتماقتا ئىدى:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئىسسىز ئاژۇن قالدىمۇ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر❶

ئەفراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان قايغۇلۇق، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس داستان ئاھاڭلىرىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى. تۇمارىسنىڭ گۈزەل چىرايى غەمكىن تۈس ئالدى، ئۇزۇن، قاپقارا كىرپىكلىرىدە ياش تامچىلىرى يالتىرىدى. قوم بارخانلىرى تەرەپتىن قولىغا قارچۇغا قوندۇرۇۋالغان ئوۋچى توختاپ جاۋابەن ناخشا ئېيتتى:

---

❶ يەشمىسى:
باتۇر ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ،
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك پارە بولۇر.

www.uyghurkitap.com

ياغى ئوتىن ئۆچۈرگەن،
تويدىن ئانى كۆچۈرگەن،
ئىشلار ئۈزۈپ كەچۈرگەن،
تەگدى ئوقى ئۆلدۈرۈ[1]

ئالىپ ئەرتۇڭا دەپ ئاتالغان تۇران پادىشاھسى ئەفراسىياپ ئىران ئەھمانىيلار سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىغا قارشى بىر ئۆمۈر جەڭ قىلغان قەھرىمان ئىدى. بىر قېتىملىق جەڭدە پادىشاھ قوبىينى I نۆدەرنىڭ دادىسى مۇنى چەھرە ئەفراسىياپنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەفراسىياپ، دادىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان قوبىينى I نۆدەر بىلەن قاتتىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ ئۇنى يەڭدى. بۇنداق ئۇرۇشلار كېيىنكى چاغلاردىمۇ كۆپ قېتىم يۈز بەردى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 632-يىلى بىر قېتىملىق جەڭدە ئەفراسىياپ مۆكۈپ ياتقان دۈشمەنىنىڭ ئاتقان ئوقىدا ھالاك بولدى. تۇران زېمىنىدا ياشاۋاتقان ساك، ئاۋار-ئارىيان، ھۇنگار، تۇرا، تۇرك... قەبىلىلىرى ئۇلۇغ پادىشاھ ئەفراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە يىغلاپ قوشاق قېتىشتى. تۇمارىس زامانىسىغا كەلگەندە بۇ قوشاقلار كۆپىيىپ، بېيىپ نەچچە يۈز كۇبلىتلىق مەشھۇر داستانغا ئايلاندى. پادىشاھ - خانلار، ئاقساقال - سەركەردىلەر، باقشىلار② ئۆلسە ئاشۇ داستان ئاھاڭىغا سېلىنىپ ئوقۇلاتتى. توي - تۆكۈن، بەزمە - سۇرجەك③لەردىمۇ ئەۋۋەل ئەفراسىياپ كۈيلەنگەن ئەشۇ قوشاقلار ئوقۇلۇپ ئاندىن باشقا ناخشىلارغا ئۆتەتتى. چوپانلار، ئوۋچىلار، چەۋەنداز - جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ قوشاق - داستاننى يادقا بىلەتتى ۋە بالىلىرىغا ئۆگىتەتتى.

ھارۋىلار سېپىنىڭ ئالدىدا كەڭ سايىۋەنلىك، چاقلىرى بىرونىزىدا چەمبەرلەنگەن، شوتىسىغا تۆت ئاق ئات قوشۇلغان شاھانە ھارۋا كەلمەكتە ئىدى. ھارۋىدا تۇمارىس ئولتۇراتتى. ھارۋىنىڭ ئىككى يېنىدا ئۈچلۈق تېرە قالپاق، تېرە پەشمەت - شىم، تېرە چورۇق كىيگەن، سىدىرىم④ لىرىغا ئەگىنەك⑤ ئاسقان ئالتە چەۋەنداز ۋە تۇمارىسنىڭ قىرناق⑥ لىرىدىن تۆتى ئاتلىق ھالدا كېلەتتى. تۇمارىس ئوغلى سىپارگاپىرىسنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، شۇ تاپتا ئۇ كېلىن كۆچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. كېلىن - ئىلى ۋادىسىدىكى قۇزئوردۇ ⑦ ئاقساقىلىنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، ساھىبجامال قىزى - زارىنا ئىدى. قۇزئوردۇ - ئەفراسىياپنىڭ قىزى قەزۋىن ئۆز نامىغا بىنا قىلدۇرغان شەھەر ئىدى. زارىنا بولسا قەۋزىنىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. ئۇ، قويىنى كەڭ، ساپ ھاۋالىق، باغۇ-بوستانلىق گۈزەل دىيار ئىلىدا ئۆسكەچكىمۇ، ياكى ئالىي نەسەبلىك ئائىلىدە تۇغۇلغاچقىمۇ، ئىشقىلىپ بالقاش كۆلى⑧، دەشتىئاتا⑨، ئىلىۋادىسى، پەرغانە ⑩، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرى، ئوردۇكەنت ⑪ ۋە ھىندىقۇش ⑫ تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان قەبىلە - قەۋملەر ئارىسىدا گۈزەللىكتە داڭقى بار ئىدى، ئېرىدىن نەپىس ئىشلىنىپ تىكىلگەن تويلۇق كىيىملەر ئۇنىڭ زىبا بەستىگە بەكلا ياراشقانىدى. قالپىقى، بويىنى، قۇلاقلىرىغا ئېسىلغان جىنجۇ⑬لار ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

توي كۆچۈرگۈچىلەر قۇزئوردۇدىن ئۇزاپ چىققاندىن بۇيان قارلىق چوققىلىرى پەلەككە تاقاشقان تاغلار ئارىسىدىن، تىك خەتەرلىك داۋانلاردىن ئۆتتى. سوقماق، ئېگىز-پەس يانباغىرلاردا ئايلىنىپ ماڭدى. قېيىن - قوچۇرا ئورمانلىقلىرى ئارىسىدىن يول تاپتى. كۆزىيەتكۈسىز - كەڭ يايلاقلارنى ئارقىدا قالدۇردى. قۇملۇقلار، دەشتلەر، يايلاقلاردا سەپەر توختىماي داۋام قىلدى. كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىپ تۇردى. شامتاڭغا ئۇلاندى. ئادەملەر چارچىدى، تالجىقتى. ئات-كالىلار ھالسىرىدى، بىراق سىپارگاپىرىس سەپەر ئازابىنى قىلچە سەزمىدى. ئۇ، ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىغا مۇناسىپ - ماسساگېتلارچە چىدام ۋە باتۇرلۇق بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. ماسساگېتلار - مەشھۇر ساك قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ باتۇر، جەڭگىۋار بىر ئۇرۇق بولۇپ، ئۇلۇغ-باتۇر ساكلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇلار تۇمارىسنى سۆيۈملۈك، مېھرىبان، دانىشمەن ئانا سۈپىتىدە ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەتلەيتتىۋە ئۇنىڭ ئەمىر-پەرمان، تۇغراق ⑭ لىرىنى ساداقەتمەنلىك ۋە جانپىدالىق بىلەن بىجا كەلتۈرەتتى. ماسساگېتلار ئاسىيادىكى باشقا قېرىنداش قەبىلە - ئۇرۇقلارغا ئوخشاشلا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى، سۇ، يايلاق قوغلىشىپ چارۋا باقاتتى. سىپارگاپىرىس تۇمارىسنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدىكى خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇلىرىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىز ئىدى. تۇمارىسمۇ توي قىلىش، كېلىن يۆتكەش دەبدەبىسى بىلەن مەستخۇش بولۇپ، قانچىلىك يول باسقانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. ھارۋىلار سېپى ياكسارتىس ⑮ دەرياۋادىسىغا يېقىنلاپ بارماقتا ئىدى. ئۇلارغا نۇرغۇن ساك كۆچمەنلىرى ئەگىشىۋالغانىدى. يايلاقلار، ئېدىرلار، سازلىق - جاڭگاللار، قۇملۇقلار بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ ئۇپۇققىچە سوزۇلۇپ باراتتى. تۇمارىسنىڭ ئالدىدا - چوقاينىڭ يېنىدا گېدىيىپ ئولتۇرغان قېرى ھارۋىكەش تىلما قامچىسىنى پات-پات ھاۋادا سىلكىپ-تارسىلدىتىپ ئاتلارغا ھەيۋە قىلاتتى. ئاتلار گاھ چاپاتتى، گاھ يورغىلايتتى، گاھ توختايتتى. قىز كۆچۈرگۈچىلەر دەررۇ گۈلخان يېقىشاتتى. كاۋاب ھىدى ئەتراپقا تارايتتى. يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى، تاڭ ئاتاتتى. تىلما قامچىنىڭ تارسىلدىغان ئاۋازى ھاۋادا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. ئاتلار يەنە مېڭىشقا،

---

[1] يەشمىسى:
دۈشمەن ئوتىنى ئۆچۈرگەن،
ئۆز يېرىگە قوغلىغان،
بېشىدىن جىق ئىش ئۆتكەن،
بىراق ئەجەل ئوقى تەگدى.

چېپىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئاتلار هارۋىنى شامالدەك تېز سۆرەپ ماڭغاندا قېرى هارۋىكەش:

— ئوغۇر! ئوغۇر! [16] — دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

كۆز شامىلىدا دەل-دەرەخلەر ، گۈل-گىياهلار-نىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ لەرزان تۆكۈلمەكتە ئىدى. هارۋا سەپلىرىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلار بىردىن -ئىككىدىن قېپقېلىپ، يەنە باشقىلىرى قوشۇلۇپ كېلەتتى. يول تۈگىمىگەنسېرى تۇمارىسنىڭ مەستخۇشلۇقى يوقۇلۇپ ئۆزىچە خىيالچان بولۇپ قالدى. ئەجداد - بوۋىلىرىنىڭ ، ئاتا-ئانىسىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ، ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن هايات مۇساپىسى كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتەتتى.

بىر كۈنى، سەل سوغ لېكىن ئوچۇق هاۋادا بىر توپ كەپتەر هارۋا سەپلىرىنىڭ - زارىنا ئولتۇرغان هارۋا ئۈستىدىكى بوشلۇقتا ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. بىر جۈپ موللاقچى كەپتەر نۆۋەتلىشىپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ، قاناتلىرىنى پاقىلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ موللاق ئاتتى-دە يەنە ئۆز توپىغا يېتىشىۋالدى. كەپتەرلەرنىڭ قىزىقارلىق هەرىكىتى داۋام قىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر لاچىن كۆك قەرىدىن غۇيۇلداپ ئۇچۇپ چۈشتى-دە كەپتەرلەر توپىغا ئۆزىنى ئوقتەك ئۇردى. بىر كەپتەر تۈكلىرىنى تۇزۇتقان پېتى پەسكە موللاقلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. باشقا كەپتەرلەر تەرەپ-تەرەپكە قاڭقىشتى. هارۋىلاردىكى ئاقساقاللار، سەركەردىلەر، ئايالالار، قىزلار، باقشى-پالچىلار ۋە چەۋەندازلار ئارىسىدىن قىيا-چىيا، چۇقان-سۈرەن كۆتۈرۈلدى. تۇمارىس خىيالدىن چۆچۈپ ئۆزىگە كەلدى. بېشىنى ئېگىپ سايىۋەن گىرۋىكىدىن كۆككە قارىدى. لاچىن هاۋادا بىر پىرقىراپ - ئايلانغاندىن كېيىن قارا قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ پەسكە شۇڭغىدى ۋە يەرگە چۈشۈپ كېتىشكە ئازلا قالغان ئولجىسىنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى ئارىسىغا قىسىپ يەنە هاۋاغا كۆتۈرۈلدى-دە دەريا تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ئەشۇ هادىسىنى دەسلەپ قىزىقىپ كۆرگەن زارىنا كېيىنكى ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشتىن سەسكىنىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى، ۋۇجۇدىنى سوغ تىترەك باستى. «كەپتەرلەر نېمە ئۈچۈن دەل مېنىڭ باش ئۈستۈمدە ئۇچۇدۇ؟ لاچىن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ باش ئۈستۈمدە بىر كەپتەرنى سوقۇپ ئۆلتۈرىدۇ؟ بۇ بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتىمۇ-قانداق؟ بۇ هادىسە هاياتىم بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ-يوق؟ يۇرتقا بارغان هامان قېرى باقشىنى چاقىرتىپ پال ئاچقۇزىمەن» . تۇمارىسنىڭ يۈرىكىمۇ ۋىژىلداپ ئېچىشتى. ئۇ، لاچىن كەتكەن تەرەپكە مۆڭلىنىپ قاراپ ئولۇغ-كىچىك تىندى، چوڭقۇر ، كۆكۈش كۆزلىرى ياشقا تولدى، قاڭشارلىق بۇرنى ئۈستىدە تەر تەپچىرىدى. ئېرى تەرىتۋارۇ هايات بولغان بولسا، ئوغلى سپارگاپىرىسنىڭ بالاغەتكە يېتىپ، ئات مىنىش، قىلىچۋازلىق - نەيزىۋازلىقتا كامالەتكە يېتىپ ئاجايىپ باتۇر، مەرد چەۋەنداز بولۇپ يېتىشكىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قانچىلىك سۆيۈنۈپ كېتەرئىدى-هە؟ تېخى يەنە ئوغلىنىڭ تويىدا ئۆزى باش بولاتتى. ئۆزجەمەت -تۇغقانلىرى بىلەن قۇدىلاشقىنىغا، گۈزەل زارىنانىڭ ئۆزىگە كېلىن بولغىنىغا قانچىلىك پەخىرلىنىپ كېتەرئىدى-هە! نەۋرە كۆرگەندە بولسا خۇشاللىقتىن تېرىسىگە سىغماي قالارمىدىكىن؟ ئەپسۇس، ئۇ بۇ ئىشلارنى كۆرەلمىدى، دۇنيادىكى تىنچسىزلىقلار، ئايىغى ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان يېغى - جەڭلەر ئۇنىڭ هاياتىغا، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىغا بەرهەم بەردى.

سپارگاپىرىس تۇغۇلۇپ قىرىقى توشقان كۈنى قوزئوردۇدىن كەلگەن بىر باقشى سپارگاپىرىسنى يۇيۇندۇردى، ئاندىن تەرىتۋارۇ بىلەن تۇمارىسنىڭ هوزۇرىدا غىزالىنىپ ئولتۇرۇپ: «پال تاشلىرىم شۇنداق بىشارەت بېرىدۇكى ، بۇ ئەلگە يېغى كېلىدۇ، كەيخۇسراۋ ئاتلىق ياۋۇز بىر پادىشاھ باسقۇن قىلىپ كېلىدۇ، هوشيار ۋە ئاگاھ بولۇڭلار! » دېدى . شۇندىن كېيىن تەرىتۋارۇمۇ، تۇمارىسمۇ هەردائىم سەگەك، هوشيار بولۇپ يۈردى. ئەمما چېگرا تەرەپ تىنچ، خاتىرجەم ئىدى. ئەشۇ كۈنلەر ئەهمانىيلار سۇلالىسىدە تىنچ ئۆتمىدى. كەيخۇسراۋنىڭ ئانىسى خېلى بۇرۇن بىر كۈنى: «چۈشۈمدە قورسىقىمدىن بىر توپ ئۈزۈم دەرىخى ئۈنۈپ چىقتى، ئۈزۈم دەرىخى ناهايىتى تېز شاخلاپ، بۈك-باراقسان هالغا كېلىپ ئۆكۈز [17] دەرياسى بىلەن ياكسارتىس دەرياسىنىڭ ئۈستىنى چۈمكىۋالدى» دېدى. كەيخۇسراۋ ئانىسىنىڭ چۈشىنى ئوردىدىكى ۋەزىر-ئاقساقاللارغا، باقشى - قورئەندازلار [18] غا سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ياش پادىشاهنى قۇترىتىپ ۋە ئىلهاملاندۇرۇپ ، بۇ چۈشكە: «سەن دۇنيانىڭ تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان هۆكۈمرانى بولۇپ، شانۇ - شەۋكەت، سەلتەنەت ئىچىدە دەۋران سۈرىسەن! » دەپ تەبىر ئېيتىشتى ۋە ئۇرۇش قىلىشقا دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كەيخۇسراۋ بىرنەچچە ۋاقىت جىددىي هەرىكەتكە كېلىپ هەربىي تەييارلىق ئېلىپ باردى.

ماسساگېتلارنىڭ باقشىلىرىمۇ ناهايىتى يىراق ئەلدىكى كاتتا بىر ئايالنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى، ئەمما تۇران زېمىنىنىڭ چېگرىلىرىدىن هېچقانداق شەپە كەلمەيتتى. مۇبادا ئۇرۇش بولۇپ قالسىمۇ ماسساگېتلارقىلچە قورقۇپ، تەمتىرەپ قالمايتتى، تەرىتۋارۇ جەڭگە ماهىر، زەبەردەس ئەر، داڭلىق سەركەردە - قوماندان ئىدى، تۇمارىسمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى سپارگاپىرىس بەش ياشقا كىرگەن يىلى - مىلادىدىن بۇرۇنقى 546-يىلى ئىران ئەهمانىيلار پادىشاهسى كەيخۇسراۋ تۇرانغا تاجاۋۇز قىلدى ۋە ئۆكۈز دەرياسى ۋادىسىغىچە بېسىپ كەلدى. ئەفراسىياپ ۋە ئوغلى ئارجاسىپ، ئەفراسىياپنىڭ ئىنىسى گەرسىۋەز قاتارلىق ئۇلۇغ، باتۇر ئەجدادلىرىنىڭ روهىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن سەركەردە تەرىتۋارۇ بىرونزا

دۈبۈلغا، بىرونزا ساۋۇت، بىرونزا ئۆتۈك كىيىپ، قورال-ياراقلىرىنى ئېسىپ، ماسساگېت - ساك ۋە باشقا بارلىق تۇرانىي قەبىلىلەرنىڭ چەۋەندازلىرىنى باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى. ئىرانلىقلار بىلەن تۇرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن - شىددەتلىك جەڭلەر باشلاندى، باشلار كېسىلدى، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى، بۇرسلان[19]، سىرتلان[20]، جەغرى[21]، بۇركۇت، توغرۇل[22] لار، قەرنىجەق[23] لەر سان-ساناقسىز جەسەتلەر ئۈستىدە بەزمە قىلىشقا باشلىدى. ھەر ئىككى تەرەپ جىق تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئاخىرى كەيخۇسراۋ مەغلۇب بولۇپ چېكىندى. بىراق، چېكىنىدا يەنە بىر قېتىم قاتتىق جەڭ بولدى. تەرىنتۋارۇ ئۆزلىرىگە تەۋە بىر گەز، بىر غېرىچ زېمىن ئۈچۈنمۇ جان تىكىپ ئېلىشتى. دۈشمەن ئۆز ماكانىغا قاراپ بەدەر قاچتى. لېكىن شۇ ئارىدا ھېيلىگەر، نامەرد دۈشمەنىنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئاتقان يا ئوقى تەرىنتۋارۇنى ئېغىر يارىدار قىلدى. تۇران لەشكەرلىرى ھەم نۇسرەت تۇغىنى، ھەم يارىدار تەرىنتۋارۇنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلىشتى. تەرىنتۋارۇنىڭ يارىسى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ئاخىرى ئۆز قارار گاھىدا جان ئۈزدى.

ئەردى ئاشىن تاتۇرغان،
ياۋلاق ياغىغ قاچۇرغان،
ئوغراق سۇسىن قايتارغان،
باستى ئۆلۈم ئاختارۇ[1]

ماسساگېت - ساكلار ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان مەرسىيە-داستانىنى ئوقۇش ئارقىلىق تەرىنتۋارۇغا ئۆز قايغۇسىنى بىلدۈردى ۋە ئۇنى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئەسلەشتى.

خىيال ۋە ئەسلىمىلەر تەسىرىدە تۇمارىسنىڭ كۆز جىيەكلىرى يەنە ياش بىلەن نەمدەلدى. دادىسىدىن كىچىكلا قالغان سىپارگاپىرىس سۆيۈملۈك، ئەقىللىق ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆستى. ئەنە ئۇ بىر توپ يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ گاھ ھارۋىلار سېپىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، گاھ سول تەرىپىدە، گاھ يىراقلاردا ئات چاپتۇرۇپ، ئويناپ، ئۇۋئوۋلاپ يۈرمەكتە. كەچلىرى ئەلياتقۇ مەھەلدە ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن رازىنانىڭ ھارۋىسىغا چىقىدۇ. غەمسىز شوخ يىگىت ياشلىق مۇھەببەتنىڭ گۈزەل چىمەنزارلىقىدا خۇشال جەۋلان قىلىپ ۋىسال پەيزىنى سۇرىدۇ.

- ئاھ! - دەپ توۋلىدى باقشى ئەتراپىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا، - تەس-تەكىرما[24] سىۋالىيۇ[25] تەڭرىم، ساڭا تېۋىنىمىز، بىزگە مەدەت قىلغايسەن، ساڭا تېۋىنىمىز!

پۈتكۈل سەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇياشقا تېۋىندى، يەنە يوللىرىنى داۋام قىلدى. تۇمارىس ياشلىرىنى سۈرتۈپ يىراققا نەزەر سالدى. كەپتەرنىڭ بەختسىز تەقدىرى خىيالىدىن زادىلا چىقىپ كەتمىدى. قېرى ھارۋىكەش ھەدەپ تىلما قامچىسىنى سىلكىيتتى، ئاتلار شامالدەك تېز چاپماقتا ئىدى. چاقلار سارغايغان كوكاتلارنى، يايلاق گۈللىرىنى چەيلەپ -مىجىپ ئۆتەتتى. گۈگۈم پەردىسى يېپىلماقتا ئىدى. سوغ شامال يۈزلەرنى چاقاتتى. تۇمارىس قىشلىق قارار گاھىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن يوللارنى بېسىشى كېرەك ئىدى.

قىز كۆچۈرگۈچىلەر ياكسارتىس دەرياسىدىن ئۆتۈپ بىر قونالغۇغا يېقىنلاشقاندا، تۇمارىس يىراقتىن ئۆزىگە قاراپ ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ- چاڭ توزىتىپ كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئاز ئۆتمەي ئىككى ئاتلىق خان ھارۋىسىنىڭ روبىروسىغا كېلىپ توختىدى.

- ھە، ساۋچىلار[26] نېمە گەپ؟ - سورىدى تۇمارىس.

- پاكپۇر[27] ئابا[28] - پاكپۇر تۇمارىس، بىزنىڭ ئەلگە ئەلچى كېلىۋېتىپتۇ.

- قايسى ئەلدىن؟ - سورىدى تۇمارىس تېخىچە ھەيرانلىقى بېسىلماي سەل قىمىرلاپ قويۇپ.

- ئەھمانىيلاردىن، - جاۋاب بەردى ساۋچىلارنىڭ يەنە بىرى، - ئايغاقچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، توققۇز نەپەر ئەلچى، 90 ھارۋا ئارمىغان[29] ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

تۇمارىس خانلىق تاجى قادالغان تېرە قالپىقىنى بېشىدىن ئالدى، قويۇق، قوڭۇر چاچلىرىدىن پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلدى. چاچلار ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى يېپىپ يەلكىلىرىدە دولقۇنلاندى. بۇغداي ئۆڭ، زاڭىقلىرى سەل كۆتۈرۈلگەن، سىيلىق يۈزى ئىككى ياندىن قورشاپ تۇرغان چاچلار ئارىسىدا ئاجايىپ گۈزەل، لەتاپەتلىك كۆرۈنەتتى. ئالمىدەك يۇمۇلاق ئېڭىكى ۋە چىرايلىق ئۇزۇن بويىنى، ئايالارغا خاس خۇشپىچىم، قۇۋۇۋەتلىك گەۋدىسى ئۇنىڭغا بىرخىل غورۇر، ئۇلۇغۋارلىق بەخش ئەتكەنىدى. كەڭ، چىرايلىق پىشانىسىدە نۇر شولىسى چاقنايتتى. ئۇ، تەرلىرىنى ئاستا سۈرتتى. تەرىنتۋارۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇ كەيخۇسراۋ بىلەن ئىككى قېتىم ئۇرۇش قىلغانىدى. ھاياتىنىڭ بارلىق جاپا-مۇشكۇللىرى، پاجىئەلەر بىلەن نۇسرەت، بەخت گىرەلىشىپ كەتكەن قىسمەتلەر تۇپەيلى ھەممىشە ئوتتەك چاقناپ تۇرۇدىغان سۈرلۈك، كۆكۈش كۆزلىرىگە ئەمدىلىكتە تەگسىز خىياللار سايە تاشلىغانىدى. ئۇ، يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- ئۇلار ئارمىغاننى كۆپ ئېلىپ كەلگەن، لېكىن ياخشى نىيەت بىلەن كەلمىگەن. مەيلى، ئۇلار ئوبدان كۈتۈۋېلىنسۇن، مەن دەررۇ يېتىپ بارىمەن!

ساۋچىلار قانداق تېز كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق تېزلىكتە كەينىگە يېنىپ بىر ئىدىرلىقتىن ئۆتۈپلا كۆزدىن غايىب بولدى. كۈن ئولتۇرۇش

---

[1] يەشمىسى:
كىشىلەرگە ئاش تېتىتقان،
دۈشمەنلەرنى قاچۇرغان،
ئاپەتلەرنى ياندۇرغان،
بىراق ئۇنى ئۆلۈم يىقىتتى.

ئالدىدا باقشىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەممەيلەن كۈن پېتىشقا قاراپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تېۋىنىش مۇراسىمىنى ئادا قىلدى. گۈگۈم مەزگىلىدە تۇمارىس ئۆز ھارۋىسىغا ئاقساقال، سەركەردىلىرىنى يىغدى. باشقىلار كەچلىك غىزا ئۈچۈن ئوت يېقىشماقتا ئىدى. يېقىن ئەتراپتىكى كۆچمەنلەر ئۆز پادىشاھىنىڭ بۇيەرگە چۈشكۈن قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ كېلىپ، قوي، كالا ۋە ئوۋ غەنىمەتلىرىنى ھەدىيە قىلدى. سىپارگاپىرىس زارىنانىڭ ھارۋىسىدا غىزالىنىشقا ئۇتۇندى. ئاقساقاللار، سەركەردىلەر، ئەھمانىيلار ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشى بىز ئۈچۈن ياخشىلىقتىن دېرەك بېرەمدۇ-يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزىگە چۈشۈشتى. تۇمارىس ئىشنىڭ نەق ئۆزىگە كەلگەندە ئاندىن بىر قارارغا كېلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

* * *

مىلادىدىن بۇرۇنقى 530-يىل.

سۇبھى يورۇپ، شەرق ئاسمىنى سۈزۈلگەن چاغدا تۇمارىس بىلەن سىپارگاپىرىس تاڭشۇرۇلۇپ – توقۇلۇپ تەييار قىلىنغان ئاتلىرىغا مىنىشتى-دە، خەزەر دېڭىزى[30] تەرەپكە قاراپ كېتىشتى. تۇمارىس ئاددىي – ماسساگېتلارچە تېرە بەرتۇ[31]، تېرە باشماق[32] كىيگەنىدى. بۇژغۇپ تۇرغان بولۇق چاچلىرى ئۈچلۇق تېرە قالپىقى ئاستىدىن بېلىگىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن بولۇپ ئىزغىرىن، مۇزدەك سوغۇق تاڭ شامىلىدا توختىماي يەلپۈنەتتى. سىپارگاپىرىس چەۋەندازلار كىيىمى بىلەن ئىدى، دۇبۇلغىسىغا بېكىتىلگەن بەرجەم[33] ئۇنىڭغا سۈر-ھەيۋە بەخش ئەتكەنىدى. سىپارگاپىرىس ئانىسىنىڭ نەگە باشلاپ ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. «نەۋرۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈلىۋاتسا، – دەپ ئويلايتتى گاراڭ ھالدا، – ئانام مېنى زارىنا بىلەن ئوينىغىلى قويماي نەگە ئېلىپ بارىدىغاندۇ؟ زارىنا كۆزلىرىگە ياش ئالغان پېتى قالدى. ئاھ، زارىنا، سۆيۈملۈكۈم.» ئاتلار شامالدەك تېز چاپماقتا ئىدى. تاڭنىڭ خىرە-شىرە يورۇقىدا يىراقتىكى قۇم بارخانلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. سىپارگاپىرىس ئويغا چۆمدى. زارىنا كېلىن بولۇپ كەلگەندىن بۇيان سىپارگاپىرىسنىڭ ھاياتى ئۆزگىچە تۈس ئالدى. زارىنا ئەقىللىق، جەسۇر قىز ئىدى، تۇمارىسقا ئوخشاشلا چاقماقتەك تېز، ئوچۇق، كەسكىن سۆزلەيتتى، ھەربىر ئىشنى ئىدىتلىق، قائىدە-يوسۇنغا توغرىلاپ، ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلاتتى، كۆچمەن تۇرمۇشنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىدىن قىلچە ۋايسىمايتتى. ئۇنىڭ گۈلدەك گۈزەل ھۆسنى، بەرنا قامىتى مەغرۇرانە تىكىلىشلىرىدىن ئاجايىپ بىر جەزبە – مەپتۇنكارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ، مۇھەببەت گۈلشىنىدە يايرايتتى، ۋىسال شارابىدىن مەست بولاتتى. ئەفراسىياپنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ تۇمارىستىن قالسىلا ماسساگېت قىز – ئاياللىرى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى.

ھېلىقى چاغدا، ھارۋىلار ئۈستىدە ئايلىنىۋاتقان كەپتەرلەرنىڭ بىرىنى لاچىن سوقۇۋەتكەن كۆرۈنۈش پات-پات ئېسىگە كېلىۋالاتتى. باقشى ئۇنىڭ ئاشۇ ئىش توپەيلى پەيدا بولغان ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن: «ئۇ ئىشنىڭ تەقدىرىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق» دەپ قويىدى، لېكىن ئۆزى شۇئان زارىنانىڭ يېنىدىن چىقىپ خىلۋەت بىر جايغا باردى-دە پال تاشلىرىنى قايتىدىن شاراقلاتتى، بىشارەت ئوخشاش ئىدى. باقشى بىر ھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن بوتىلاقتەك بوزلاپ يىغلاپ كەتتى، قۇياشقا تېۋىنىدى، بىلگەنلىرىنى سىر تۇتۇشقا قەسەم قىلدى. زارىنا ھامان خۇشھال، بەختلىك ئىدى. سىپارگاپىرىسمۇ ئۆز بەختىدىن مەمنۇن ئىدى، ئوۋغا چىققاندىمۇ، چەۋەندازلىق ماھارەتلىرىنى مەشق قىلىۋاتقاندىمۇ زارىنانى پەقەت ئېسىدىن چىقارمايتتى. تۇران زېمىنىدا قىش ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى، بىراق تۇمارىسنىڭ ئەسلىدىكى قىزغىن، ئوچۇق، مەغرۇر كەيپىياتىدىن ئەسەر يوق – كۈندىن كۈنگە جىمغۇرلىشىپ كەتتى. سىپارگاپىرىس ئانىسىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلىشكە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى، ئەمما ھەر ۋاقىت ئانىسىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. تۇمارىس ئەھمانىيلار ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنلا داۋاملىق چىرايى تۇتۇلىدىغان، كەمسۆز بولۇپ قالدى. تۇمارىسنىڭ ھوزۇرىدىكى ئاقساقاللار، دانىشمەن – سەركەردىلەر، باقشىلار ئۇنىڭ ئىچكى خاپىلىقىنى چۈشىنەتتى، ئەمما ھېچكىم بۇ ھەقتە بىر-بىرىگە ئېغىز ئاچمايتتى. چۈنكى، ئۇلارمۇ، پۈتكۈل ماسساگېت – ساكلارمۇ تۇمارىسنىڭ ئەقلىگە، جاسارىتىگە ئىشىنەتتى. تۇمارىس مەرد، ئالىي پەزىلەتلىك، قەھرىمان، دانا ئايال ئىدى، ھەرقانداق قىيىن-مۈشكۈل مەسىلىلەرگە چوقۇم ئاقىلانە تەدبىر بەلگىلەيدىغان پاراسەت ساھىبى ئىدى.

ئىككى ئات ئۇچقاندەك چاپاتتى. قۇياش كۆتۈرۈلگەن ھامان ئانا-بالا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ شەرققە قاراپ تىزلاندى-دە تېۋىنىشتى، ئاندىن يولىنى داۋام قىلدى. قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن چاغدا ئۇلار بىر ئېدىرلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز دۆڭ يېنىغا كېلىپ توختاشتى. خەزەر دېڭىزى يىراقتىن تۇمانغا پۈركەنگەن ھالدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇمارىسنىڭ كۆزلىرىدە غايىبانە بىر نۇرلۇق شولا چاقناپ ئۆتتى.

– ئوغلۇم، – دېدى تۇمارىس بىر تۈپ شۇمشە[34]گە قاراپ بىر ئاز سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، – ئەشۇ گىياھنى ئۆستۈرگەن تۇپراقنىڭ ئاستىغا ئاتاڭ تەرىتۋارۇ كۆمۈلگەن، ئۇنىڭ يېنىغا لىقمۇلىق شاراب تولدۇرۇلغان كومزەك بىللە كۆمۈلگەن[35]، دېمەك، ئاتاڭنىڭ جەسىتى ئەبەدى چىرىمەيدۇ، روھى ئەبەدىي ئۆلمەيدۇ، ئۇنىڭ روھى

www.uyghurkitap.com

ئاللىقاچان سىنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا تىرىلگەن، بۇ گېپىم ھەرقاچان ئېسىڭدە بولسۇن!

سىپارگاپىرىس تارام-تارام ياش تۆككەن ھالدا ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ، تۇپراققا قاراپ تەزىم قىلدى. تۇمارىس سۆزىنى داۋام قىلدى:

- ئىرانلىقلارنىڭ ئەھمان ئاتلىق يېتەكچىسى قوراللىق ئىسيان قىلىپ مىدىيە پادىشاھلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولىۋالغانىكەن، شۇندىن بۇيان ئەھمان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىزنىڭ زېمىنىمىزغا دائىم تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغانىكەن، بىزنىڭ بوۋا-ئاتىلىرىمىزمۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغانىكەن. مەسىلەن ئەڭ ئۇلۇغ بوۋىمىز پادىشاھ جەمشىد ئىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى ئەفرىدۇن، ئۇنىڭ ئوغلى تۇر ئىكەن. تۇر ئۇزۇن يىل پادىشاھلىق قىلغانلىقتىن بۇ زېمىن تۇران دەپ ئاتالغانىكەن. تۇرئەھمانىينىڭ ئوغلى تىسفىسنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش قىپتۇ، تۇرنىڭ ئوغلى يەسۇبەخ㊱تىسفىسنىڭ ئوغلى ئارىيامۇننىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش قىپتۇ. يەسۇبەخنىڭ ئوغلى ئەفراسىياپ يەنى ئالىپ ئەرتۇڭا دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ بوۋىمىز، ئارىيامۇننىڭ ئوغلى قوبىينى I نۆدەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش قىپتۇ. ئۇرۇش ئۇزۇن يىل داۋام قىپتۇ. ئەفراسىياپنىڭ ئوغلى ئارجاسىپ - يەنى مېنىڭ چوڭ دادام ۋە ئەفراسىياپنىڭ ئىنىسى گەرسىۋەزمۇ قوبىينى I نۆدەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. ئەمدىچۇ ئوغلۇم، ئېسىڭدە بولسۇن، تەرىتۋارۇ بىلەن مەن قوبىينى I نۆدەرنىڭ نەۋرىسى، مۇنى چەھرەنىڭ ئوغلى، ئەھمانىيلار سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىپ، قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە ھالىتىگە كەلتۈرگەن مەشھۇر پادىشاھ، ئاچكۆزكەيخۇسراۋنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش قىلدۇق. ئاتاڭغۇ شۇنداق ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە ئېغىر يارىلىنىپ كېيىن قازا قىلدى. ئۇندىن كېيىنمۇ مەن كەيخۇسراۋ بىلەن ئىككى قېتىم ئۇرۇش قىلدىم. بۇندىن كېيىنمۇ بۇنداق ئۇرۇشلارىيەنە يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەل-يۇرتنى تاجاۋۇزچىلاردىن قوغداش بىزنىڭ بۇرچىمىز، ئېسىڭدە چىڭ تۇت!

سىپارگاپىرىس ناھايىتى ئۇزۇن، قىزىقارلىق بىر قىسسە - دەرس ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ، ئېتىغا غەزەپ بىلەن قامچا ئۇردى. قاغجىراپ ياتقان دالا باغرىدا ئوت-چۆپلەر ئەمدىلەتىن بىخ سۈرۈشكە باشلىغانىدى. سىپارگاپىرىس ئاتىسىنى ئويلايتتى، ئاتىسىنىڭ مەردانە - جەسۇر قىياپىتىنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. يۈرىكى غەزەپ، قىساس يالقۇنلىرىدا لاۋۇلداپ ياناتتى، تۇمارىسمۇ ئۇنىڭ دەل مۇشۇنداق ھېسسىياتقا كېلىشىنى كۆزلەپ ئۆتمۈش توغرىسىدا سۆزلىگەنىدى. ئۇ، ئات ئۈستىدە ئاستا كېلىۋېتىپ خىيالغا چۆمدى. ئەلچىلەر بىلەن دېيىشكەن گەپلەر ئۇنىڭ خىياللىرىنى چۇلغاپ تۇراتتى. ئەشۇنداق روھىي ھالەتلەر ئىچىدە ئۇ غورۇرىنىڭ قاتتىق خورلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى، ۋىجدانىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ئاستا-ئاستا چوڭقۇر ھېس قىلاتتى. ئەشۇ خورلۇق ۋە ئازاب ئۇنىڭ غالىب جەڭچىلەرگە خاس يۈكسەك ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭ تاۋلايتتى.

كۈزدە، تۇمارىس قىز كۆچۈرگۈچىلەرنى سالامەت ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئاقساقاللارغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى بىر بۆلەك چەۋەنداز-پاسىبانلىرى بىلەن ئالدىن يولغا چىققانىدى. ئۇ، كېچە-كۈندۈز توختىماي ئات چاپتۇرۇپ قارار گاھىغا كەلگەندە بىر ئاقساقال: «ئەي، ھۆرمەتلىك كاڭ㊲، ئەلچىلەر كەلگىلى ئىككى كۈن بولدى، ئوبدان مېھمان قىلدۇق، ھازىر ئۇلار سىزنى كۈتۈپلا ئولتۇرىدۇ» دېدى. تۇمارىس ئالدىراپ كەتمىدى. ئۇ، شۇ كېچىسى قانغىچە ئۇخلاپ ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن يۇيۇنۇپ - تارىنىپ ئاندىن سەھەردە ئاستىغا بۇرسلان، ئېيىق، تۈلكە، بۇغا-مارال تېرىلىرى سېلىنىپ، ئۈستى سايىۋەن قىلىنغان ۋاقىتلىق قوبۇل مەيدانىدا ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئىككى تەرەپ روبىرو ئولتۇرۇشتى، تېرە دەستىخانلار-ماسساگېتلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتى بويىچە تۈرلۈك، مول تاماق -غىزالار بىلەن تولدۇرۇلدى، مەي-شارابلارنىڭ ئەڭ ئېسىللىرى قويۇلدى. دەستۇرخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئەلچىلەرنىڭ چوڭى كەيخۇسراۋ ئەۋەتكەن 90 ھارۋىلىق سوغا-سالامنى بىر-بىرلەپ ئىسمىنى ئاتاپ تۇمارىسقا ھەدىيە قىلدى. ئۇنچە- مەرۋايىتلار، گۆھەر-جاۋاھىر-لار، ئارپا-بۇغداي، خورما، خورمىدىن ئىشلەنگەن شارابلار شۇنچە جىق ئىدى. تۇمارىس ئادەت- قائىدىگە مۇۋاپىق كەيخۇسراۋنىڭ ھىممىتىگە ۋە ئەلچىلەرگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتتى ۋە شۇ جايدىلا يېنىدىكى ئاقساقاللاردىن بىرىگە، قوبۇل قىلىنغان سوۋغاتلاردىن ئىككى باراۋەر كۆپ سوۋغا تەييارلاشنى، ئەلچىلەر كېتىدىغان چاغدا كەيخۇسراۋغا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن ھەر ئىككى تەرەپ رەسمىي سۆھبەتكە ئۆتتى. تۇمارىس ئىنتايىن مەغرۇر، ئەدەبلىك، قىزغىن بىر قىياپەتتە ئىدى، كەيخۇسراۋنىڭ قانداق ھىيلىلەرنى ئويلاپ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆڭلىدە مۇلاھىزە قىلاتتى.

ئەلچىلەرنىڭ چوڭى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەۋۋەل ئەھمانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەمدە پادىشاھ كەيخۇسراۋنىڭ سەلتەنىتى توغرىسىدا ئاجايىپ دەبدەبىلىك، پاساھەتلىك مەدھىيە سۆزلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن مەقسەتكە كۆچتى: «ئۇلۇغ شاھىنشاھىمىز كەيخۇسراۋ ئالىيلىرى ئۆزۈڭدىن بېرى سىلىنىڭ ھۆسن ئىقلىمىدا يېگانە، لەتاپەت، پاراسەت بابىدا تەڭداشسىز ئىكەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ غايىبانە ئاشىق بىقارار بولۇپ يۈرگەنىكەن، بۇ قېتىم سىلىنى نىكاھىغا ئېلىش ئارزۇسى بىلەن بىزنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى». تۇمارىس ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى، قەلبىدە پەيدا بولغان غەزەپ چىرايىغا تەپتى. «كەيخۇسراۋ پادىشاھلىق بويتاقمىدى؟» دەپ سورىدى

ئۇ. «ياق، ـ دېدى ئەلچىلەرنىڭ چوڭى، ـ كەيخۇسراۋ ئالىيلىرى سىلىنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئەمرىدىكى ھەممە خانىشلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بىرىنچى خانىش قىلماقچى، شۇ ئارقىلىق سىلىگە بولغان ھۆرمەت، مۇھەببىتىنى پۈتكۈل ئالەمگە نامايىش قىلماقچى، شۇنداقلا ئىران بىلەن تۇراننى سىلى بىلەن بىرلىكتە سورىماقچى. شاھىنشاھىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ مەقسەتلىرى ئەمەلگە ئاشسا تەڭرىمۇ، پۈتكۈل ئالەممۇ خۇشال بولىدۇ، ئەلۋەتتە». تۇمارىس غەزىپىنى باسالماي تىترەپ تۇرۇپ:

«مەككار! . . . مەن سېنى بىلمەمدىمەن؟ !» دېدى، بۇ گەپ ئەلچىلەرگە قارىتىلدىمۇ، كەيخۇسراۋغا قارىتىلدىمۇ، سۆھبەت ئەھلى دەماللىققا ئاڭقىرالماي بىر-بىرىگە تەئەججۈپ ئىلكىدە قاراپ قېلىشتى. تۇمارىسنىڭ كۆكۈش كۆزلىرى چەكچىيىپ چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئەمدىلەتتىن چۈشەنگەن ئاقساقال، سەركەردىلەر قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقىرىپ بىردىنلا ئەلچىلەرگە يوپۇرۇلدى. تۇمارىس: «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق!» دەپ توۋلىدى-دە شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ قوبۇل مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەلچىلەر نائىلاج قايتىشقا جابدۇنغاندا، تۇمارىس كەيخۇسراۋغا ئەۋەتمەكچى بولغان سوۋغىلارنى ئەمەس، بەلكى، ئۇ ئەۋەتكەن سوۋغىلارنى ئەلچىلەرگە ئۆز پېتى قايتۇرۇپ بېرىشكە پەرمان بەردى. شۇ كۈنىدىن باشلاپ تۇمارىسنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، ئىشتىھاسى تۇتۇلدى، ئەقىل نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئاچچىق غەزەپ ئوتى يىلىنجىدى، گۈزەل چىرايىنى تەگسىز خىياللار بۇلۇتى توسۇۋالدى. تۇمارىس كەيخۇسراۋنىڭ تۇران زېمىنىنى جەڭ بىلەن ئىشغال قىلىشنىڭ تەسكە چۈشىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆز مەقسىتىگە نىكاھ ئەھدىسى ئارقىلىق يەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىپ يەتكەنىدى. كەيخۇسراۋ ھەقىقەتەن ئۇچىغا چىققان ھىيلىگەر، رەزىل ئالدامچى ئىدى.

ئاتلار يورغىسىنى ئاستىلىتىپ ئالدىرىماي بىرخىل رېتىمدا ماڭاتتى. تۇمارىس شۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ ئوغلىغا دېيىشكە تېگىشلىك قىسمىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭسىزمۇ سىپارگاپىرىسنىڭ قەلبىدىكى قىساس يالقۇنى غايەت زور گۈلخانغا ئايلانماقتا ئىدى.

نەۋرۇز بايرىمى داۋام قىلىۋاتاتتى. ھەممە يەردە ئادەملەر دېڭىزى ئۈركەشلەيتتى. داقا-دۇمباق، نەي-تۈمرۈك㊳ سادالىرى ئەۋجىگە چىققانىدى. ماسساگېتلار قۇياشقا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى، سەكرىشەتتى، ئىلتىجا قىلىشاتتى. سىپارگاپىرىس ئاتىسىنىڭ تۇپراق بېشىدىن ئىنتايىن ئېغىرلاشقان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ، ئانىسى بىلەن خەيرلىشىپلا زارىنانى ئىزدەپ تاپتى. زارىنا بىر چەتتە ـ بايرام ئەھلىگە قاراپ مۇڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇ، چاچلىرىغا جالا، قۇلاقلىرىغا تۇلغاغ㊴ سالغان بولسىمۇ، سىپارگاپىرىسنىڭ يوقلىقىدىن كۆڭلى يېرىم ئىدى. سىپارگاپىرىس ئۇنى قولىدىن تارتقىنىچە خېلى ماڭغاندىن كېيىن ھارۋىنىڭ ئىچىگە ئەكىردى-دە باغرىغا باستى، قەتئىي بىر ئاھاڭدا قۇلىقىغا:

ـ مەن بۈگۈن باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالدىم، يەنى ھەقىقىي ئادەم بولدۇم، ـ دېدى پىچىرلاپ.

زارىنا كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە سىپارگاپىرىس ھەقىقىي يىگىت ـ ئەر، كېلىشكەن، سۇباتلىق، باتۇرچەۋەنداز ئىدى. سىپارگاپىرىس زارىنانىڭ يۈزىگە، لەۋلىرىگە سۆيۈپ تۇرۇپ، ئانىسى بىلەن نەگە بارغىنىنى، نېمىلەرنى كۆرگىنىنى، ئانىسىدىن نېمىلەرنى ئاڭلىغىنىنى ۋە ئەمدى ئۆزىنىڭ قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى:

ـ ئوغۇلبالىنى جەڭگە ياراتقان، ـ دېدى زارىنا ھاياجانلىق بىر ئاۋازدا تېز-تېز سۆزلەپ، ـ سەن ئاتاڭنىڭ قىساسىنى ئېلىشىڭ كېرەك، بولمىسا سەن بىر ئەرسۇ㊵ بولۇپ قالىسەن.

ـ ئەيلۇق! ئەيلۇق! ㊶ ـ سىپارگاپىرىس سەل قىزارغان ھالدا دېدى، ـ ئابام نېمىدېگەن سۆيۈملۈك مېھرىبان، جاسارەتلىك، مەردانە ئايال ـ ھە، ئۇ كەيخۇسراۋدەك قۇدرەتلىك بىر پادىشاھتىن قىلچ قورقمايدىكەن.

ـ سەنمۇ ئاتاڭدەك، ئاباڭدەك قورقماس باتۇر بول!

ئىككىسى ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى. نەۋرۇز بايرىمى بېدە كۆكى غىزاسىنى يېيىش بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇندىن كېيىنكى كۈنلەردە تەبىئەت ئۆز قوينىدا تۇرلۇك-تۈمەن ناباتاتلارنى ئۆستۈردى، بىپايان يايلاقلاردا ھايۋاناتلار، ئۇچارقاناتلار، جان-جانۋارلار كۆپەيدى. چوپانلار چالغان نەيلەرنىڭ يېقىملىق ئاۋازى يىراق-يېراقلاردىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىركۈنى سىپارگاپىرىس ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتتى. ساۋچىلار تۇمارىسقا:

ـ ئوغلۇڭ ياكسارتىس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا توپ-توپ چەۋەندازلارنى ھەرب ㊷ قىلدۇرۇۋاتىدۇ، ـ دېدى.

تۇمارىسنىڭ ئەندىشىلىرى ئىپتىخارلىققا ئايلاندى. بىراق، ئاز ئۆتمەي تۇمارىس تەپ كېسىلى بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قالدى. كەيخۇسراۋنىڭ نىكاھ ئەھدىسى توغرىسىدىكى تېتىقسىز، سۇيىقەستلىك تەلەپلىرى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئوغىسىنى قاينىتىپ بىئارام قىلماقتا ئىدى. ياز مەۋسۇمى كەلدى، تۇمارىسنىڭ بەزى قىياسلىرى توغرا چىقتى. ئۆكۈز دەرياسىنىڭ غەربىدىن ۋە قاراقۇم㊸ چۆللىرىدىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن ساۋچىلار، چاپارمەنلەر كەيخۇسراۋنىڭ لەكمىڭ-لەك-مىڭ لەشكەرنى باشلاپ، نۇرغۇن قەبىلە ـ ئەللەرنى بېسىۋېلىپ، مۇشۇ تەرەپكە ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىر-بىرىدىن جىددىي،

www.uyghurkitap.com

قورقۇنچلۇق خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ئاقساقاللار كېڭىشىدە تۇمارىس ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى. كېڭەش ئەھلى جەڭگە پۇختا تەييارلىق قىلىپ، دۈشمەنگە ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئاتلىنىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەتتا تۇمارىس كىمنى قوماندانلىققا تەيىنلىسە، شۇ دەرھال ئاتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

- بولمايدۇ، - دېدى ئاقساقاللار كېڭىشىگە تۇنجى قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن سىپارگاپىرىس، - بۇنداق قىلساق قان تۆكۈلۈش كۆپ بولىدۇ. مەن تازا خىللانغان ئۈچ-تۆت مىڭ چەۋەنداز بىلەن ئاتلىنىپ دۈشمەننى كەلگەن جايىغا قوغلىۋېتىمەن. ئانا، بۇ قېتىم جەڭگە مېنى ئەۋەت!

- مەن بىتاپ㊹، - دېدى تۇمارىس، - ئەسلىدە ئۆزۈم باش بولۇپ جەڭگە بېرىشىم كېرەك ئىدى، ئوغلۇم بارسۇن، جەڭ كۆرسۇن، پىشسۇن.

جەڭ قاراقۇم چۆللىرىدە باشلاندى. كەيخۇسراۋنىڭ لەشكەرلىرى بىرقانچە يولغا بۆلۈنۈپ، ئايرىم-ئايرىم سەپ تۈزۈپ جەڭگە تەييارلاندى. سىپارگاپىرىس چەۋەندازلىرىنى بۆلمەي، پۈتۈن تۇپى بىلەن دۈشمەننىڭ غەربىي شىمال تەرەپتىكى سېپىگە قارشى ئاتلاندۇردى، ھەمدە ئۇلارنىڭ باشقا سەپلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى. ئىككى تەرەپ دەسلەپ ئادەت بويىچە پالۋانلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ يەكمۇيەك ئېلىشتى. سىپارگاپىرىس بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا چۈشكەنىدى. ئۇ، شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتەتتى، ئەپچىللىك بىلەن نەيزە ئۇراتتى، رەقىبىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئېتىدىن قاماللاپ ئېلىپ بېشى ئۈستىدە كۆتۈرگىنىچە چەۋەندازلىرىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلايتتى. بەزىدە چېكىنگەن بولۇپ تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، قوغلاۋاتقان رەقىبىنى شارت قىلىپ چېپىپ تاشلايتتى. ئاخىرىدا ناغرا-دۇمباق چېلىنىپ ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە تاشلاندى. ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا بوش كەلمەيتتى. سىپارگاپىرىس كۆپ جەڭلەرگە قاتنىشىپ چېنىققان سەركەردىلەرگە خاس ماھىرلىق ۋە باتۇرلۇق بىلەن قاقشاتقۇچ زەربە بېرەتتى. بوراندەك تېز قوغلاش، ئېلىشىپ تۇرۇپ چېكىنىش، ئالدىدىن، ئوڭ ياكى سول يانىدىن ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش، ئەسىر ئېلىش، جەڭ غەنىمەتلىرىنى يىغىش بىلەن ياز ئايلىرىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ھاۋا سوۋۇشقا باشلىغاندا ھەر ئىككى تەرەپ قايتىدىن جانلىنىپ قالدى، كەيخۇسراۋنىڭ غەربىي جەنۇبتىكى سېپىمۇ ئاخىرى جەسەتلەر دۆۋىسىگە ئايلاندى. قالدۇق لەشكەرلەر ياردارلىرىنىمۇ تاشلاپ قېچىشتى. تېرە، قېيىشتىن ياسالغان ھەرخىل ئات جابدۇقلىرى، سۇنغان قىلىچ-نەيزىلەر، ئۆتۈك، مىجىلغان دۇبۇلغىلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇراتتى.

سىپارگاپىرىس دۈشمەننىڭ ئۈچىنچى سېپىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، كەيخۇسراۋ چېكىنىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئۇ، مەغلۇب بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ۋە ھەربىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ، كېيىنكى قەدەمدە تېخىمۇ زور كۆلەملىك ھۇجۇم باشلاش نىيىتىگە كەلدى. سىپارگاپىرىس دۈشمەننى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتتى، ئۇنىڭ ئېتىغا ئۆزى ئۆلتۈرگەن دۈشمەن سانغۇنى㊺نىڭ بېشى سېلىنغان تۇلۇم غانجۇغىلانغانىدى.

ئۆكۈز دەرياسىنىڭ سۈيى زەڭگەر ئاسماندەك سۈزۈك ھەم ئۇلۇغ ئىدى. سىپارگاپىرىس ئۆز چەۋەندازلىرى بىلەن دەريا بويىدىكى ھاۋالىق، مەنزىرىسى گۈزەل بىر جايدا دەم ئالغاچ غەلىبىسىنى تەبرىكلەۋاتاتتى. دۈشمەن سانغۇنىنىڭ بېشى سويۇلۇپ، مېڭىسى چىقىرىۋېتىلىپ جام ياسالدى. سىپارگاپىرىس ئەشۇ جامدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن جەڭچىلەرگە شاراب تۇتماقتا ئىدى㊻. ھەممەيلەن غەلىبە شادلىقى ۋە شاراپ تەسىرىدىن غەرق مەست بولغاندا كەيخۇسراۋ كۆرسەتكەن ھىيلە بويىچە ئۇنىڭ ماسساگېت چەۋەندازلىرىچە ياسانغان بىر توپ لەشكەرلىرى تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ سىپارگاپىرىس ۋە ئۇنىڭ ئون نەچچە سەركەردىسىنى ئەسىر ئېلىپ باغلاپ يوشۇرۇنچە ئېلىپ كەتتى.

* * *

مىلادىدىن بۇرۇنقى 529-يىل.

مۇزلار ئېرىپ، سۇلار ئۇلغىيىپ ياكسارتىس دەرياسى بىلەن ئۆكۈز دەرياسى دەھشەتلىك نەرە تارتىشقا باشلىدى. غەرب تەرەپتىن ئاچكۆز، ياۋۇز، مەككار ھەمدە كۈچلۈك بىر ئەجدىھا تۇران تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە ئىدى.

سىپارگاپىرىسنىڭ نۇسرەت تۇغىنى جەۋلان قىلدۇرۇپلا تۇيۇقسىز غايىب بولۇشى پۈتكۈل ماسساگېت-ساكلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. تۇمارىس بىلەن زارىنانىڭ غەم-ئەندىشىسى ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. ئۆكۈز دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغاقلىرىدىن تەرەپ - تەرەپكە خۇددى يائوقلىرىدەك ئېتىلىپ-تاراپ كەتكەن ساۋچىلار، چاپارمەنلەر، ئايغاقچىلار زىمىستان قىش زەھەردەك ئاچچىق نەشتەرلىرىنى سانجىۋاتقان ئايدالالاردا كۈنۈ-تۈن ئايلىنىپ يۈردى. ئۇلار ئاغمىخاندەك چاققان، بۆرىدەك چەبدەس ئىدى. بەزىلىرى ئىقابلىنىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ ئەھمانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگىچە باردى. ھەممەياق جىمجىتلىققا چۆككەنىدى. مەستلىكتىن يېشىلگەن ماسساگېت -ساك چەۋەندازلىرى سىپارگاپىرىسنى ئىزدەش بىلەن بىر قىشنى سەرسانلىقتا ئۆتكۈزدى. ئىشەنچلىك خەۋەر ئاخىرى قىش ئاخىرلىشاي دېگەندە ئاندىن تۇمارىسقا يەتكۈزۈلدى.

ئاقساقاللار كېڭىشىدە تۇمارىس بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇ، كېڭەش ئەھلىنىڭ سىپارگاپىرىسنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۇسۇللىرى توغرىلىق ئاقىلانە بىر گەپ قىلىشىنى كۈتەتتى، ئۇلار

بولسا ئەۋۋەل تۇمارىسنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى خالايتتى. تۇمارىس قىرى باقشىغا تىكىلدى. باقشى زارىنانىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندىكىدەك يالغاندىن بىرنېمە دەي دېدىيۇ، يەنە توختۇلۇپ، بېشىنى ئېگىپ تۇمارىسنىڭ نەزىرىدىن ئۆزىنى قاچۇردى. سۈكۈت بەكمۇ ئېغىر بولۇپ خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. بۇنىڭدىن سىپارگاپىرىسنى قوتۇلدۇرۇۋېلىشنىڭ بىردىنبىر ئاقىلانە ئۇسۇلى يەنىلا جەڭ قىلىش دېگەن مەنا چىقامدىكىن؟ ئېھتىمال، تۇمارىس قان تۆكمەي باشقىچە بىر ئۇسۇل قوللىنىشنى ئويلاۋاتقاندۇ؛ چۈنكى بىر ئوغلىنى دەپ پۈتكۈل ئەلنى قانلىق جەڭگە سۆرەپ كىرىش تۇمارىس ئۈچۈن قەتئىي مۇناسىپ كەلمەيتتى، ئەلۋەتتە. بىراق، ئۇ نېمىلا بولمىسۇن، بىرنېمە دېيىشى كېرەك ئىدى. گەپ قىلاي دەپ لەۋلىرىنى مىدىرلاتسىلا كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپ توختىمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغانىدى. زارىنانىڭ كىچە-كۈندۈز قىلغان نالىسى، چەككەن پەريادى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ يىغا-زارىدىن زېمىن تىترەيتتى. بىر قىش ئەنە شۇنداق ۋەسۋەسە، ۋەھىمە، غەم-قايغۇ ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى.

سۈكۈت، يۈرەكنى ئېزىدىغان دەھشەتلىك سۈكۈت داۋام قىلماقتا ئىدى. تۇمارىس كېچەشىنىڭ بۇنداق ئوڭايسىز ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىغا تاقەت قىلالماي چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ، يېقىندىن بۇيان خېلىلا ئوڭشىلىپ، كېسىلى ياخشى بولۇپ قالغانىدى. كېچەش ئەسلى ئۇنىڭ تۇرگۇن قىياپىتىگە قاراپ گاڭگىراپ قېلىشتى. دەل شۇ چاغدا چالڭ كۆتىرىلىپ بىر ساۋچى ئات چاپتۇرۇپ تېزلىكتە يېتىپ كەلدى.

-پاكپۇر ئابا! پاكپۇر ئابا!

-كىلاجۇ؟ (47) - تۇمارىسنىڭ كۆزلىرى ساۋچىغا مىختەك تىكىلگەنىدى.

-يىغى كېلىۋاتىدۇ! تۇران قانغا پاتتى! ھېلىقى ئەجدىھا يەنە ھۆركىرەپ كېلىۋاتىدۇ!

ساۋچى ئۆزىنىڭ ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئەڭ باتۇر، ھوشيار ئايغاقچىلارنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ ئاندىن يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىنى بايان قىلدى.

كەيخۇسراۋ قىشتىن بېرى جىددىي تەييارلىنىپ، تۇران زېمىنىغا غەرب، شىمال، جەنۇب تەرەپتىن تەڭلا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنىدى. ئۇلار كۈندۈزلىرى يوشۇرۇنۇپ، كېچىلىرى چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەپ ئاۋارلار، سوغدىلار ۋە ساكلار ياشاۋاتقان زېمىنلارنى قانغا پاتۇرۇپ، ئۆكۈز دەريا ۋادىلىرىغىچە يېتىپ كەلدى. كەيخۇسراۋ دەريا بويىدىكى سىپارگاپىرىس شاراب ئىچكەن، ئەسىرگە چۈشكەن جايغا ئۆز نامىغا ئاتاپ بىر شەھەر بىنا قىلىشقا تۇتۇندى.

تۇمارىسنىڭ چىرايلىق قوشۇملىرى تۈرۈلدى، كۆكۈش كۆزلىرىدە مەمنۇنلۇق ئالامىتى ئەكس ئەتتى. ئەمدىلىكتە ئاقساقاللارنىڭ، سەركەردىلەرنىڭ، دانىشمەن-باقشىلارنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگىمۇ، بىشارەت بېرىشىگىمۇ ھاجەت قالمىغانىدى. نامەرد، مەككار دۈشمەن بىلەن پەقەت جەڭ قىلىش ۋە ئانا تۇپراقنى، ئەلنى قوغداپ قېلىشلا بىردىنبىر، باش تارتىپ بولمايدىغان چارە ئىدى.

تۇمارىس ھەش-پەش دېگىچە خانلىق تاجى قادالغان بىرونزا دۇبۇلغىسىنى، بىرونزا ساۋۇتىنى، بىرونزا زەنجىرلىك شىم-پايپىقىنى، بىرونزا ئۆتۈكىنى كىيگەن، گورگەن (48) نىڭ مەشھۇر ئۇستىلىرى ھەدىيە قىلغان ئۆتكۈر قىلىچىنى بىرونزا كەمىرىگە ئاسقان، ئۆزىنىڭ مەخسۇس تۇلپارىغا مىنگەن ھالدا توپ ئالدىدا پەيدا بولدى. ھەممەيلەنگە ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكى بەشقولدەك ئېنىق ئىدى. باھار قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرىدا تۇمارىسنىڭ تۇرقى گىگانت ئالتۇن ھەيكەلدەك جۇلالىنىپ غايىۋىي، ھەيۋەتلىك تۇس ئالغانىدى. ئۇ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېگىز كۆتۈردى ۋە:

- ماسساگېتلار-ساكلار، پۈتكۈل تۇرانىي قەبىلىلەر جەڭگە! -دەپ ۋارقىرىدى.

- تۇران ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

- قانغاقان!

- جانغاجان!

دېيىشىپ، چۇقان سېلىپ ھەممەيلەن قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ھاۋادا پۇلاڭلاتتى. شۇ ھامان ساۋچىلار، چاپارمەنلەر، ئاقساقاللار، سەركەردىلەر بەلگىلەپ بەرگەن مەنزىللەرگە قاراپ ئات سېلىشتى. جاكارچىلار ھەربىر كۆچمەننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. تۇمارىسنىڭ پەرمانى پەرغانە ئويمانلىقىدا، پامىر تاغلىرى ئەتراپىدا ياشايدىغان ساك ھاۋماۋەرگە - مۇقەددەس دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا چوقۇنىدىغان ساكلارغا يېتىپ باردى. ئالاي (49)، بالقاش كۆلى، ئىسسىقكۆل (50) ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ياشايدىغان ساك تىگىراخۇدا - قىرلىق جەزقالپاقلىق ساكلارغا، ھەم ئۆكۈز دەرياسى ۋادىسىدا، خەزەردېڭىزى، كاسپىي دېڭىزى بويلىرىدا ياشايدىغان ساك قايتارا دىيارا - دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ساكلارغا يېتىپ باردى، ھەم شۇ زېمىندا ساكلار بىلەن قېرىنداش بولۇپ ياشاۋاتقان ئاۋار-ئارىيان، ھۇنگار، تۇرا، تۇرك، توخرى. . . لارغىمۇ يېتىپ باردى. بۇ زېمىندا ياشايدىغان قەبىلە-قەۋملەر ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ھەم كۆچمەن، ھەم چوپان، ھەم ئوۋچى، ھەم چەۋەنداز جەڭچى ئىدى. كىچىكىدىن تارتىپ ئات مىنىشنى، قىلىچ-نەيزە ئىشلىتىشنى، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىپ ماھىر چەۋەنداز بولۇپ يېتىشەتتى. جەڭ-ئۇرۇش توغرىسىدا پەرمان كەلگەن ھامان ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ، سەپ تۈزەتتى، جەڭ ئاتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ جابدۇقلىرىنى، جەڭ قوراللىرىنى، يېمەك-ئىچمەكنى ئۆزلىرى غەملەيتتى. چەۋەنداز بولمىغان ، جەڭ كۆرمىگەن

يىگىتلەرنىڭ ئۆز قەبىلىسى ئارىسىدا قىلچە يۈز-ئابرويى، ھۆرمەت-ئىناۋىتى بولمايتتى، قىزلارمۇ ئۇنداقلارنى پەس كۆرۈپ ياراتمايتتى، تەگمەيتتى.

تۇرانلىقلار تۇمارىسنىڭ قارارگاھىغا شامالدەك تېز يېتىپ كېلىشتى. ئەرەنلەرچە ياسىنىۋالغان جۇۋان-قىز چەۋەندازلارمۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. زارىنا ئۇلارغا باش بولۇپ سەپ تۈزۈۋاتاتتى. ئارسلان تېرىسىدە ياسالغان ئۈچ بۇرجەكلىك جەڭ تۇغى ھەربىر سەپنىڭ ئالدىدىكى تۇغچىنىڭ قولىدا لەپىلدەيتتى.

تۇمارىس ئۆكۈز دەريا ۋادىسىغا يېتىپ كېلىپ بارىگاھ تىكتى. ياپيېشىللىقتا چۆمگەن تۇران تۈزلەڭلىكى باھار قۇچىقىدا ئەللەيلىنەتتى. ھايۋاناتلار، ئۇچارقاناتلار، جان-جانىۋارلار غەمسىز تىرىكچىلىك قىلماقتا ئىدى، پەقەت ئادەملەرلا جىددىيلىشىپ، ، ھاياجانلىنىپ جەڭنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرىلىق ئويلانماقتا ئىدى. تۇمارىسنىڭ ئالدىغا ساقچىلار، چاپارمەنلەر، ئايغاقچىلار كېلىپ -كېتىپ تۇراتتى. بۇلار: — ئەي پاكپۇر ئابا، كەيخۇسراۋ سەن كېلىشتىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن دەريانىڭ غەربىي جەنۇب قىرغىقىغا كېلىپ بولغان، ئەمما ئۇ بارىگاھ تىكمىدى.

— ئەي ئۇلۇغ ئابا، كەيخۇسراۋ بىر ياخشى جايغا قورغان بىنا قىلىۋاتىدۇ، دېيىشەتتى.

بارىگاھ تىكمىگەنلىك، كەيخۇسراۋنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ، داۋاملىق ئىچكىرىلەپ ئۇرۇش قىلىپ تۇران زېمىنىنى پۈتۈنلەي ئىستېلا قىلىشىدىن دېرەك بېرەتتى، بىنا قىلىۋاتقان قورغىنى بولسا، ئۇنىڭ قالدۇرماقچى بولغان نام-نىشانى ئىدى. بىر ساقچى قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ كەلدى.

— كەيخۇسراۋ دەريا لېۋىگە چۈلۈك[51] ياغىچىدىن 70 گەز ئېگىزلىكتە بىر مۇنار ياساتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە سىپارگاپىرىسنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئۇنۇق[52] تا باغلاپتۇ، ئۇنۇقلارنىڭ ئۇچلىرىنى پەستە ئىككى لەشكەر چىڭ تارتىپ تۇرىدۇ.

تۇمارىسنىڭ تاپىنىدىن بىر پاتمان ئوت كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى، چىرايى بىر قارىداپ يەنە ئەسلىگە كەلدى. ئۇ، كېچىچە ئۇخلىماي لەشكەرلەرنىڭ چېدىرلىرىنى ئارىلاپ چىقتى، ھېچكىم ئۇخلىمىغانىدى. تاڭ ئاتقاندا كەيخۇسراۋنىڭ ئەلچىلىرى دەريادىن ئۆتتى. تۇمارىس كەيخۇسراۋ بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى، ئاندىن بارىگاھتىن چىقىپ دەريا بويىغا ئاتلىق يېتىپ كەلدى. دەريا سۈيى لايقىپ، قىنىغا پاتماي، تاشقىنلاپ-ئۆركەشلەپ ئاقاتتى. تۇمارىس مۇنار ئۈستىدە ئوغلىنى كۆردى. كەيخۇسراۋ مۇنارنىڭ يېنىغا قۇرۇلغان ۋاقىتلىق تەختتە كېدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇمۇ ئاتقا مىنگەن بىر ئايالنى كۆردى-دە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھەجايغاندەك قىلدى. تۇمارىس ئۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلماستىن پەقەت ئوغلىنىلا قارايتتى. سىپارگاپىرىسمۇ بېشىنى تىك تۇتۇپ بۇ تەرەپكە نەزەر سېلىپ - تەلمۈرۈپ تۇراتتى. كەيخۇسراۋ بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلدى. دەريا سۈيى توختىماي شاۋقۇن سېلىپ، گۈركىرەپ تۇرغاچقا تۇمارىس رەقىبى بىلەن سۆزلەشسىمۇ ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ شۇئان بارىگاھىغا قايتىپ كەلدى ۋە كەيخۇسراۋغا ماڭدۇرۇدىغان ئەلچىلەرگە مۇنداق دېدى:

— تۇمارىس دەيدۇ: ئەي ئەشەق[53]، ئۆترۈك[54]، قانخور زالىم كەيخۇسراۋ! . . . قىلغان ئىشىڭ بىلەن ماختانمايلا قوي، سەن ئوغلۇمنى يۈزمۇيۈز جەڭ قىلىپ يەڭگىنىڭ يوق، ئۇ سېنى يېڭىپ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ بەزمە قىلىۋاتقاندا ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلدىڭ. ئەمدى مېنىڭ مەسلىھەتىمگە كىر، ئۆز ماكانىڭغا زىيان-زەخمەتسىز كېتەي دېسەڭ، ئوغلۇمنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەر! چۈنكى، مەن قان تۆكۈشنى خالىمايمەن! ئەگەر ئۇنىمساڭ، ماسساگېت - ساكلارنىڭ تەڭرىسى سىۋالىيۇ بىلەن قەسەمياتكى، مەن سەندەك ئاچكۆز يۇھانى قان بىلەن سۇغۇرىمەن! . . .

ئەلچىلەر قايتىپ كېلىشىگە كەيخۇسراۋنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى، ئۇلارمۇ كەيخۇسراۋنىڭ سۆزلىرىنى تۇمارىسقا يەتكۈزدى:

— مەن ماسساگېتلارنىڭ خانى، گۈزەل-چىرايلىق تۇمارىسقا ئاشىق بىقارار. ئۇ مېنىڭ نىكاھىمغا ئۆتۈپ، خانىشىم بولۇپ، ئىران بىلەن تۇرانغا بىرلىكتە ھۆكۈمران بولۇشقا قوشۇلسىلا ئوغلىنى ئازاد قىلىمەن، ھەم ئۇ تۇمارىس بىلەن ئىككىمىزنىڭ تەخت ۋارىسىمىز بولىدۇ. تۇمارىس بۇنىڭغا قوشۇلمىسا ئوغلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆكۈز دەرياسىدىن ئۆتۈمەن، تۇران زېمىنىنى زەبت قىلىپ، پۈتكۈل ئادەملىرىنى ئۆزۈمگە قۇل قىلىمەن!

ئەلچىلەر كەتتى، ئەمدى سەبر قىلىشقا بولمايتتى. تۇمارىس ئوغلىنىڭ ھاياتىنى، بەختىنى دەپ كەيخۇسراۋدەك ئەشەددىي دۈشمىنىنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەندىن، شۇ ئارقىلىق ئۆز ئېلىنى ھىيلىگەر دۈشمەنىنىڭ قولىدا خار-زەبۇنلۇققا قويغاندىن كۆرە ئۆزىگە ئۆلۈمنى ئەلا كۆرەتتى. ئۇ، ئاقساقال-سەركەردىلىرىنى ، چەۋەنداز-جەڭچىلىرىنى باشلاپ دەريا بويىغا كەلدى. سىپارگاپىرىس ھېلىھەم مۇنار ئۈستىدە تۇراتتى، تۇمارىسنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئەتراپىدىكىلەر ئالا-چۇقان كۆتۈردى، زارىنا بىرلا چىرقىراپ ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ، ھوشىدىن كەتكەنىدى. تۇمارىس ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھاۋادا ئىككى ياققا ئۈچ قېتىم شىلتىدى، بۇ، دۈشمەن بىلەن مۇرەسسەلەشمەيدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. سىپارگاپىرىس پەقەت شۇ دەقىقىدىلا، شاراب ئىچىپ دۇچار بولغان ئاقىۋىتىنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ

باردىغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى، يىگىتلىك ۋىجدانى، ئار-نومۇسى ھەممىدىن غالىب كەلدى ۋە ئۆزىنى مۇناردىن كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان سۇغا ئاتتى. ماسساگېتلار شۇئان ئالا-چۇقان، داد-پەرياد كۆتۈرۈشۈپ دۈشمەن تەرەپكە يالىرىدىن ئوق ئۈزۈشتى. قارشى تەرەپتىنمۇ ئوقلار ئۇچۇپ كەلدى. سىپارگاپىرس ئارغامچىلارنىڭ ئۇچلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تارتىۋاتقان ئىككى لەشكەرنى سۇ تەرەپكە تارتتى، ئىككى لەشكەر ھەرقانچە تىركىشىپمۇ سىپارگاپىرسنى سۇدىن تارتىپ چىقىرىش تۈگۈل ئۆزلىرى سۇ تەرەپكە سىلجىپ باراتتى. كەيخۇسراۋنىڭ پەرمانى بىلەن يەنە تۆتتىن سەككىز لەشكەر ئارغامچىلارنىڭ ئۇچلىرىغا ئېسىلدى. كەيخۇسراۋ سىپارگاپىرسنىڭ سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈشىنى خالىمايتتى، ئۇ، ئۇنى ئانىسىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈشنى ئويلايتتى. سىپارگاپىرس بىرلا ئوخچۇپ-موللاق ئېتىپ سۇ يۈزىگە چىقتى، ئارغامچىلارنى بار كۈچى بىلەن تارتىپ ئۇن نەپەر دۈشمەننى دەرياغا سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى. دۈشمەنلەر سۇغا غەرق قىلىۋېتىلدى، سىپارگاپىرس ئۆزىمۇ قاتتىق كۈچىگەنلىكتىن ھالسىراپ بولالماي قالدى. شىددەتلىك دولقۇن زەربىسىدە تەتۈر قايىنامغا چۈشۈپ قېلىپ چۆرگىلەپ - پىرقىراپ سۇ تەكتىگە كىرىپ كېتىپ غايىب بولدى. قاراپ تۇرغان كەيخۇسراۋ:

- بەكلا ياش ئىكەنسەنۇ، لېكىن ئاجايىپ باتۇر، ئار-نومۇسلۇق ئوغلان ئىكەنسەن، شۇڭا مېنىڭ قولۇمدا ئۆلۈشتىن، ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى شەرەپ بىلدىڭ، مۇبادا شۇنداق قىلمىغان بولساڭ، مەنمۇ سېنى ھامان ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم، ئۆلتۈرمەي ھايات قالدۇرغان بولسام، كەلگۈسىدە مەشھۇر سەركەردە، غالىب قوماندان بولاتتىڭ، ئېست! - دېدى.

ئىككى تەرەپنىڭ مەرگەنلىرى بىر-بىرىگە جان-جەھلى بىلەن ئوق ئېتىشاتتى، ئوقلارنىڭ كۆپىنچىسى دەريا ئۈستىدىكى بوشلۇقتا بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ سۇغا چۈشۈپ كېتەتتى. ئېتىشىش تازا ئەۋجىگە چىققاندا كەيخۇسراۋنىڭ مەرگەنلىرى تۇيۇقسىز ئېتىشىشتىن توختىدى، كەيخۇسراۋ چېكىنىشكە پەرمان بەرگەنىدى.

تۈن كېچە. تۇمارىسنىڭ بارگاھى ئەتراپىدايىغا بىلەن قوشۇلۇپ ئېيتىلغان ئالىپ ئەرتۇڭا داستانى تاڭ ئاتقىچە توختىمىدى:

ئۆلىشىپ ئېرەن بورلەيۇ،
يىرتىپ ياقا ئورلايۇ،
سىقىرىپ ئۈنى يۇرلايۇ،
سىلتاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر[1]

ناخشا ئاۋازى دەريا دولقۇنلىرىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىغا ئوخشايتتى. ماسساگېت جەڭچىلىرى ئەشۇ مەرسىيىلىك ناخشا ئارقىلىق ئۆزلىرى ياخشى كۆرۈدىغان قەھرىمانى سىپارگاپىرسنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان قايغۇسىنى ئىپادىلەيتتى، زارىنا ياقا يىرتىپ پەرياد ئۇراتتى، تۇمارىس ماتەم سۈكۈتىگە چۆمگەنىدى. بۇ ھال پۈتكۈل تۇران چەۋەندازلىرىنىڭ قېنىنى قايناتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ساۋچىلار كەيخۇسراۋ لەشكەرلىرىنىڭ گاھ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، گاھ تۆۋەن ئېقىنىدا پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى، گاھ غايىب بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ماسساگېت - ساكلار گويا پەرۋانىغا ئوخشاش قەيەردە ئوت كۆرسە شۇئان ئۆزىنى ئۇرىدىغان ھالەتكە يەتكەنىدى. تۇمارىس كەيخۇسراۋنىڭ ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىۋاتقىنىنى ھوشيارلىق بىلەن سېزىۋالدى ۋە ئەلچىلەرنى تەيىنلەپ مۇنداق دېدى:

- تۇمارىس دەيدۇ: ئەي تەكەببۇر، مەككار پادىشاھ! بىز بىلىمىزكى، سەن تىنچلىقنى خالىمايسەن، شۇ سەۋەبتىن ئۈستىمىزگە ئات سېلىپ كەلدىڭ. ھازىر بىزنى پەقەت دەريالا ئايرىپ تۇرۇپتۇ، ئۇرۇشماقچى بولساڭ، گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولۇپ بىزنى ئاۋارە قىلما، ھىيلە-مىكىر ئىشلەتمە، مەردلەرچە مەيدانغا چىق! دەرياغا كۆۋرۈك سالىمەن دەپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزمە. بىزگە ئېيتساڭ، بىز ساڭا دەخلى يەتكۈزمەي، مۇشۇ تۇرغان جايىمىزدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراق جايغا يۆتكىلىپ كېتىمىز، بىمالال دەريادىن ئۆتسەڭ، ئۇندىن كېيىن يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىمىز. ئەگەر بىز بىلەن دەريانىڭ سەن تۇرغان تەرىپىدە ئۇرۇشماقچى بولساڭ، ئۇنىمۇ بىزگە ئېيت، بۇنىڭغىمۇ بىز رازى بولىمىز، لېكىن نامەردلىك قىلما!

كەسكىن ۋە قەتئىي تەلەپ كەيخۇسراۋنى ئىزتىراپقا سېلىپ، تەمتىرىتىپ قويدى، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ تاجاۋۇزچىلىق نىيىتىدىن ھەرگىز يانمايتتى، بىراق، بىرلا بۇيرۇق بىلەن لەشكەرلىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. تەرىتۋارۇ بىلەن، تۇمارىس بىلەن، ئاخىرىدا سىپارگاپىرس بىلەن ئۇرۇشقاندىكى قانلىق ساۋاقلار ھېلىھەم ئېسىدە ئىدى. ئادىتى بويىچە ئۇ كېڭەش چاقىرىپ سەركەردىلىرىدىن بىرەر ھىيلە-مىكىر بىلەن ماسساگېتلارنى يېڭىشنىڭ چارىلىرىنى تېپىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ ئارقىلىق ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈپ قارشى تەرەپنى بىخوتلاشتۇرۇشمۇ مۇمكىن ئىدى.

تۇمارىس يەنە خېلى ۋاقىت كۈتكەندىن كېيىن دۈشمەننىڭ نىيىتىنى بىلىپ قالدى-دە كېچىدە دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن ئۆتتى ۋە دۈشمەننىڭ يان تەرىپىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ سەپ تۈزدى، بۇ، كەيخۇسراۋنى يۈزمۇيۈز جەڭ قىلىشقا مەجبۇرلاش ئىدى. كەيخۇسراۋمۇ نائىلاج دەرھال سەپ تۈزدى. تۇمارىس بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا چۈشتى. كەيخۇسراۋ

---

[1] بۇ شېئىرنىڭ يەشمىسى:
ھەممەيلەن بۆرىدەك ھۇۋلاشتى،
ياقىلىرىنى يىرتىپ ۋارقىراشتى،
ئۈنشتەك ئاۋازىدەك ئىڭراشتى،
يىغلاپ كۆزى ئۆرتەندى.

ئېتىنى دېۋىتىپ سەل ئالدىغا چىقتى:

ـ مەن پادىشاھ كەيخۇسراۋ، مەن بىلەن ئېلىشىشقا پادىشاھلىق چىقسۇن! ـ دەپ ۋارقىرىدى:

ـ مەن شۇ! ـ تۇمارىس بەرجەم قادالغان دۇبۇلغىسىنى بېشىدىن ئالدى، بۇلۇتتەك تۇزغۇپ تۇرغان قويۇق، قوڭۇر چاچلىرى چۇۋۇلۇپ يەلكىسى بىلەن دۈمبىسىنى ياپتى، ـ سەن ئاشىق بولغان تۇمارىس ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ؛ سەنمۇ ئاڭلىغان، بۇگۈن شۇ قەسىمىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن!

ـ ئاھ، تەڭرىم! ـ كەيخۇسراۋ تۇمارىسنىڭ گۈزەل ھۆسنى، بەرنا قەددى-قامىتىنى ئۇچۇق كۆرۈپ تۇۋلىۋەتتى ۋە مەڭدەپ قالدى.

تۇمارىس چاچلىرىنى بېشىغا تۇرتەكلەپ دۇبۇلغىسىنى كىيدى. ئىككى پادىشاھ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ بىربىرىگە قاراپ ئات سېلىشتى. ئاتلار چاپچىدى، ئۆرىدىدى، قىلىچلار جاراڭلىدى، ئوت-چۆپلەر چەيلەندى، توپا-توزان كۆتۈرۈلدى. ھەر ئىككىسى ئۆز ماھارىتىنى نامايىش قىلدى. كەيخۇسراۋ ھاياتىدا بۇنداق باتۇر ئايال چەۋەندازنى كۆرمىگەنىدى. بۇرۇنقى جەڭلەردە ئۇمۇ، تۇمارىسمۇ بىۋاستە تۇتۇشمىغانىدى. كەيخۇسراۋنىڭ قىلىچ تۇتقان قوللىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى. تۇمارىس ئۇنىڭ ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن قىلغان ھۇجۇملىرىنى ئىنتايىن چەبدەسلىك، ئۇستىلىق بىلەن توسايتتى ۋە ئۆزىمۇ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى. كەيخۇسراۋنىڭ قىلىچ ئۇرۇشىغا زادىلا ئىمكان بەرمەيتتى. تەكرار-تەكرار ئېلىشىشلاردىن كېيىن تۇمارىس ئاخىرى بىرلا ئېتىلدى-دە كەيخۇسراۋنىڭ بېشىنى نىشانلاپ قىلىچ ئۇردى، قىلىچ ئۇنىڭ بويىنىغا تەگدى. ئۇ، ۋاي دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى، شۇئان ئىككى تەرەپ خۇددى مۇشۇك چاشقانغا ئېتىلغاندەك بىر-بىرىگە ئېتىلىشتى، چالما-توزانلار قۇياشنى توستى، قىر-چاپ سادالىرى، داد-پەريادلار پەلەككە يەتتى. جەڭ بىر كۈندۈز بىر كېچە ، يەنە بىر كۈندۈز داۋاملاشتى، ئىران لەشكەرلىرى سەركىسىدىن ئايرىلغان تۈي پادىلىرىدەك چېچىلىپ-قىرىلىپ بىتچىت بولدى، جەڭ تۇمارىسنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. زارىنامۇ خېلى كۆپ دۈشمەننى ئۆلتۈردى. ئۇ، دۆۋە-دۆۋە جەسەتلەرنى ، سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن باشلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئېتىغا كەيخۇسراۋنىڭ ۋەزىرى كېزىرىنىڭ بېشى سېلىنغان تۇلۇم غانجۇغىلاقلىق ئىدى. زارىنا خېلى ئۇزاق ئاۋارە بولۇپ دەسلەپ جەڭ باشلانغان يەرگە كەلدى ۋە كەيخۇسراۋنىڭ جەستىنى مىڭ تەستە تاپتى. جەسەتنىڭ گەۋدىسى بىلەن بېشىنى بويىنىدىكى ئازغىنە تېرە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى، زارىنا باشنى كېسىۋېلىپ تۇمارىسنىڭ بارگاھىغا كەلدى.

تۇمارىس كەيخۇسراۋنىڭ ۋەزىرى كېزىرىنىڭ بېشىنى جام-قەدەھ قىلىشقا قالدۇردى ۋە بىر تۇلۇمغا لىق قان تولدۇرۇشنى بۇيرىدى، ئاندىن كەيخۇسراۋنىڭ بېشىنى ئاشۇ تۇلۇمغا سېلىپ:

ـ ئەي نامەرد! تاجاۋۇزچىلىقلىرىڭغا قارشى ھالاللىق بىلەن جەڭ قىلىپ سېنى يېڭىپ كېلىۋاتقان مەندەك بىر ئايالنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىدىن جۇدا قىلىپ پەرزەنت داغىدا كۆيدۈردۈڭ! سەن ئۆمرۈڭ بويى قانغا تويمىدۇڭ! مەن ئۆز قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ مانا سېنى قان بىلەن سۇغاردىم، ئەمدى توي! باشقىلارنىڭ ئەل-يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇپ كىرگەنلەرنىڭ جازاسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ! ! ! ـ دېدى قەھرلىك ئاھاڭدا.

1999-يىل نويابىر-دېكابىر، ئاقتۇ

## سۆزلۈك

(1) قوچۇرا ـ قارىغاينىڭ بىرخىلى (2) باقشى ـ ئالىم، ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى (3) سۇرجەڭ ـ مەشرەپ (4) سىدىرىم ـ تاسما، كەمەر (5) ئەگىنەك ـ قىلىچ (6) قىرناق ـ چۆرە، دېدەك (7) قىزىلئوردۇ ـ ئىلىدىكى قاش دەرياسى بويىغا بىنا قىلىنغان شەھەر (8) بالقاش كۆلى ـ قازاقىستاندىكى كۆل (9) دەشتىئاتا ـ گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ (10) پەرغانە ـ ئۆزبېكىستاننىڭ بىر رايونى (11) ئوردۇكەنت ـ ھازىرقى قەشقەر (12) ھىندىقۇش ـ جۇڭگو، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان چېگرىلىرىدىكى تاغلار (13) جىنجۇ ـ ئۈنچە-مەرۋايىت، گۆھەر (14) تۇغراغ ـ بۇيرۇق (15) ياكسارتىس ـ سىر دەرياسى، ئۆزبېكىستاندا (16) ئوغۇر ـ ئوڭۇشلۇق بولسۇن، خەيرلىك بولسۇن (17) ئۆكۈز ـ ئامۇ دەرياسى (18) قۇرگەنداز ـ پال ئاچقۇچى، رەمچى (19) بۇرسلان ـ قاپلان (20) سىرتلان ـ بۆرە (21) جەغرى ـ قارچىغا (22) توغرۇل ـ بىرخىل يىرتقۇچ قۇش (23) قەرىنجەق ـ چۈمۈلە (24) تەس ـتەكىرما ـ يۇپيۇمىلاق (25) سۇۋالىيۇ ـ قوياش (26) ساۋچى ـ خەۋەرچى، ئالاقىچى (27) پاكپۇر ـ ساكلار ئۆزپادىشاھىنى شۇنداق ئاتايدۇ (28) ئابا ـ ئانا، ئاپا (29) ئارمىغان ـ سوۋغا-سالام، ھەدىيە (30) خەزەر ـ ئارال كۆلى (31) بەرتۇ ـ كەمزۇل، پەشمەت (32) باشماق ـ ئاياغ كىيىم (33) بەرجەم ـ جەڭ كۈنلىرى قالپاق ، دۇبۇلغىغا قادىۋالىدىغان جەڭ بەلگىسى، قوتاز قۇيرۇقى پاكى رەخت (34) شۇمشە ـ ئادەملەر يەيدىغان بىرخىل گىياھ (35) ساكلار ئۆلگەنلەرنىڭ يېنىغا بىر كومزەك شاراب قويۇپ بىللە كۆمەتتى (36) يەسۇبەغ ـ تارىخي مەنبەلەردە ھۇشەڭ دەپمۇ ئاتالغان (37) كاڭ ـ پادىشاھ ـ ساكلار تىلى (38) تۇمرۇك ـ داپ (39) تۇلغاغ ـ ھالقا، سىرغا، سۆكە (40) ئەرسۇ ـ پەس، قەدىرسىز نەرسە (41) ئەيلۇق ـ شۇنداق، ھەئە (42) ھەرب ـ مەشق، تاكتىكا، ماھارەت (43) قاراقۇم ـ تۈركمەنىستاندىكى چۆل، قۇملۇق (44) بىتاپ ـ بىمار، ئاغرىق (45) سانغۇن ـ گېنېرال، قوماندان، سەركەردە (46) ساڭ ـ ماساگېت قەبىلىلىرى جەڭدىن كېيىن شۇ ئۇسۇل بىلەن غەلىبىنى تەبرىكلەيتتى (47) كېلاجۇ ـ سۆزلە، دە (48) گۇرگەن ـ ھازىرقى ئۈرگەنچ شەھىرى (49) ئالاي ـ قىرغىزىستاننىڭ بىر رايونى (50) ئىسسىقكۆل ـ قىرغىزىستاندىكى كۆل (51) چۈلۈك ـ چىنارنىڭ بىرخىلى (52) ئۈنۈق ـ ئارغامچا (53) ئەشەق ـ تۆۋەن، پەس (54) ئۆترۈك ـ ھىيلىگەر، ئالدامچى، يالغانچى.

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى (M2)



# ئاسمىي

(هېكايە)

جالالىددىن بەھرام

. . . باللىق خاتىرىلىرىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ: بىر يىللىرى ئاكام چاپچالدا بىر باي دېھقاننىڭ تاۋۇزلۇقىنى باقتى. مەن ئۇ چاغلاردا ئالتە ياشلاردا بولسام كېرەك. . . بىر كۈنى دەريا تەرەپتىن بىر توپ ياۋا توڭگۇز خارتىلدىشىپ مەھەللىگە كىرىپ كېلىشتى. مەن قورققىنىمدىن بىر شورا تامغا يامىشىپ چىقىۋالدىم. ھالرەڭ يىلىنلىرى يەرگە ساڭگىلاپ، ئىككى قاتار ئەمچەك توپچىلىرى لاي بىلەن بۇلغانغان بىر مىكىجىن ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى يالماپ كەلگىنىچە، چويۇندەك قېتىپ كەتكەن سېغىز يەرنى پۇراپ، تۇمشۇقىدا تۇرتۇپ كولىغىلى تۇردى. ئۇ، جاھىللىق بىلەن پىرقىراپ يۇرۇپ بىر غېرىچتەك چوڭقۇر كولىغاندىن كېيىن بىرماي قۇتىسىنىڭ داتلىشىپ كەتكەن قەلەي ئېغىزىنى تۇرتۇپ چىقاردى ۋە تۇمشۇقىنى لىپىلدىتىپ پۇرىغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ پۇراش سېزىمىنىڭ نەقەدەر ئۆتكۈرلۈكىنى ئۇزۇن يىللارغىچە ئۇنتالمىدىم. . لېكىن ھازىر ئويلىسام، بەزى ئادەملەرنىڭ پۇراش سېزىمى ئاشۇ توڭگۇزدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن. . . چۈنكى توڭگۇز بارنەرسىنى ھىدلاپ تاپالىغان بولسا، ئۇ ئادەملەر يوق نەرسىلەرنىمۇ پۇراپ تاپالايدىكەن.

**- ئاپتور**

*　　*　　*

ئابدۇمۇسا ئاتىسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار ئىدارىلاردا كاتىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا مۇخبىر، نەشر-مەتبەئە ئورۇنلىرىدا مۇھەررىردېگەندەك خىزمەتلەرنى ئىشلەش جەريانىدا پىشىپ يېتىلگەن بىر زىيالىي. ھەتتا ئۇ تۇز- تەمى تېتىپ كەلمىسىمۇ، شېئىرىيەتنىڭ ھەرخىل نەۋئىيلىرىگە قەلەم تەۋرىتىپ، خېلى كۆپ نەرسىلەرنى يازدى. كېيىنچە شائىرلىقتا كۆزى يەتمەي يازغۇچى بولغىسى كەلدىمۇ، ئىشقىلىپ، پروزا ساھەسىگىمۇ كۆچتى. كىچىك بولسىمۇ بىر نەچچە شېئىر ۋە ھېكايە توپلىمى چىقىرىۋالدى. ھەقەمسايىلىرى ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭ قازان بېشىدا، چۆمۈچ قولۇڭدا بولغاچقا قاپاقنىڭ لېشىدەك لاۋزا بىر نەرسىلىرىڭنى چىقىرىۋاپسەن. . » دەپ چاقچاق قىلسا، ئۇ ئىچىدە «ھۇ كۆرەلمەس، ئىچى قوتۇر ناكەسلەر» دەپ تىللايتتى. . . دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى يازغان شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەرلىرىگە ھېچكىم بىرەر بەتلىك تەسىرات ماقالىسى ياكى ئوبزور يېزىپ باقماپتۇ، ياكى سورۇنلاردا بىرەرسى ماختاش ئەمەس، ئېغىزىغىمۇ ئالماپتۇ. شۇڭا ئۇ بىر نەچچە قەلەمكەش يېقىنىغا: «سەن بولۇپ، بىز بولۇپ. . . » دەپ باققانىدى، ئۇلاردىن بىرى ھېچ ئايانمايلا:

-قىزىقكەنسەن، ئۆتكەندە بىر ئاغىنەمنىڭ يالۋۇرۇشىغا چىدىماي يېزىپ سالپتىكەنمەن، ئەمدىلىكتە ئېتىم «ھەرە كېپەكى» بولۇپ قالدى. . . -دېدى.

-ئۇ نېمە دېگىنىڭكەن؟

-شۇنىمۇ بىلمىدىڭما؟ «ھەرە كېپەكى» چاينىغاندەك سەسكەندۇرۇۋېتىدىغان نەرسىنىمۇ ماختاپسەن، دېگىنى ئەمەسمۇ. . .

يېغىرىنى ئاچىدىغان بۇنداق سۆزلەر ئابدۇمۇسانىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپ، ھىرىس قاچىسىنى زەھەر بىلەن تولدۇراتتى. باشقىلار كىملەرنىڭدۇر ئەسەرلىرىنى ماختاپ، مەدھىيە سۆزلىرىنى ياغدۇرسا، ئۇ، ساغرىسىغا ئوغرى تىكەن سانچىلغاندەك ئولتۇرالمايلا قالاتتى ۋە ئۇ ئەسەرنىڭ سىيوژىتى، پېرسوناژلىرى، تىلى ھەققىدە قانداقتۇر چەك باسمايدىغان ئەيىبلەشلەرنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. ھېرىپ ھەر تىنىقىدا: «شۇنداق ئەمەسمۇ!» دېيىش

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق «دوست تارتىپ» بېرىدىغانلارنى ئىزدەيتتى. . . ناۋادا بىنەم ئۇنىڭدەك ئۆزلۈشۈپ كېتىدىغان سىرداشلىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ چېيى چېچەكلەپ، ئېشىكى تۆت چىشلىق بولاتتى-دە، مەتبۇئاتلاردا چىقىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ مىزىنى تىتىپ، ئۆزىچە پوچۇق تېپىنغىمۇ ئەرزىمەيدىغان قىلىۋېتەتتى. بولۇپمۇ بىرەر يىرىك ئەسەر دۇنياغا كۆز ئېچىپ، ئۇنىڭغا گېزىت-ژۇرناللاردا ئوبزور ـ ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىچى تارتىلىپ، گېلىدىن ھەپتە ـ ئايلاپ تاماق ئۆتمەيتتى. ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان مەدھىيە، ئالقىش، ماختاشلارنى ئاڭلىغانسېرى غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكىدەك بولۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا توي- تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، مەرىكىلەر ئۇنىڭ ئۇچۇن تېپىلماس پۇرسەت ئىدى. ئۇ: «سەھرادىن كەلگەن بىر تۇغقىنىمىز بۇ ئەسەردىن مۇنداق تەسىرات ئاپتۇ. . . » دېيىش ئارقىلىق ئادەمنىڭ تېنىنى سۈر باسقىدەك تىكەنلىك-تىكەنسىز ئىلمەك گەپلەرنى قىلاتتى. . . ئولتۇرغانلار ئۆتكۈر نەزەرلىرىنى تىككىنىدە، «لېكىن، مەن ئۇنداق ئەمەستۇ. . . دەپ قويدۇم» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنى قاچۇراتتى.

ئابدۇمۇسانىڭ بىر نەچچە كىتاب ئۈستىدە باش ناتۇرۇپ توقۇپ چىققان ئىغۋالىرى ئاقمىغاندىن كېيىن، «مېنىڭ تەسىراتىم»، «بۇ كىتاب ئۈستىدىكى قاراشلىرىم» دېگەندەك توقۇمىدا بىر ماتېرىيال يېزىپ، چاقماقچى بولغان كىتابنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇدىغان ئىشقا ئۆگەندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بەزى كىتابلارنى يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكەن بولسىمۇ، كۆپلىرىدە بۇرنىغا يېدى. ھەتتا ئابدۇمۇسا گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزورلاردىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان كىتابلارنىڭ ئېلانىنى ئاڭلىغان ھامان مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ: «بۇ كىتابنىڭ ئىسمىدىنلا چاتاقلىقى چىقىپ تۇرمامدۇ. . . » دەيتتى. شۇڭا باشقىلار ئۇنى: « بىر كاتەكتە ئۆسكەن ھەمراھلىرىغا ئېغىز سالالايدىغان تەدبىرلىك ئىت» دېيىشەتتى.

بىر كۈنى ئاغزى-بۇرنىنى ماسكىبىلەن يۆگەپ، پەلتۇسىنىڭ ياقىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋەتكەن ئابدۇمۇسا تۆت ئەتراپىغا غىل-پال قارىغىنىچە كوچىنىڭ چەت ياقىلىرىدىن، دەرەخ دالدىلىرىدىن مېڭىپ باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. چۈنكى ئۇ ئىككى ھەپتە ئالدىدا يېڭىدىن نەشر قىلىنغان بىر كىتابنى «خاتىرجەملىكنى بۇزغۇچى ئاپەت» تېمىلىق پاش قىلىش ماتېرىيالى بىلەن بىرگە ئەكىلىپ بەرگەنىدى. ئىشخانىدا باشلىق بىلەن ئۇنىڭ ياش كاتىبى بار ئىدى. باشلىق ئۇنى كۆرۈپلا خۇددى چىشى ئاغرىپ قالغان ئادەمدەك تەرىنى تۈردى ۋە خۇشياقمىغان ھالدا ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى.

ـ سىز ھېلىقى ئىش توغرىلىق كەلدىڭىز، ـ دېدى باشلىق ئاق ئارىلىغان شالاڭ چاچلىرىنى بارماقلىرىدا تاراپ قويۇپ، ـ بىز مۇتەخەسسىسلەردىن بىر قانچىنى يىغىپ كىتاب توغرىلىق ئۇلارنىڭ پىكىر، كۆز قاراشلىرىنى ئاڭلىدۇق. لېكىن سىز يازغاندىكىدەك مەزمۇن يوقكەن، شۇڭا. . .

ـ ۋاھ، بۇ قانداق گەپ بولدى-ھە؟ ـ ئابدۇمۇسانىڭ كۆزلىرى چۈمچۈكلاپ كەتتى، ـ جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان قالايمىقانچىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوترىپ قېلىشى نەق مۇشۇ كىتاب سەۋەبىدىن ئەمەسمۇ. سىلەر بىر نەچچە كۆككە زىيالىينىڭ بىر تىللىق بولۇۋېلىپ چىقارغان يەكۈنلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ، مۇنداقلا بولدى قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭچە بۇ مەيدان مەسىلىگە بېرىپ. . .

ـ توختاڭئاكا، ـ كاتىپ گەپ قىستۇردى، ـ «كۆككە زىيالىي» دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ بىز چاقىرتقان كىشىلەر ئالىي ئۇنۋانلىق، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە تەسىرى بار، ھۆرمەت ۋە ئىپتىخارغا سازاۋەر ئالىملار. ئاغزىم بار دەپ جۆيلۈۋېرىدىكەنسىز. . .

ئابدۇمۇسا كاتىبنىڭ مىزىدە تۇرۇلگەن قېلىن قاراقاشلىرىغا، ئاچچىق ئىستىھزا يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تەلۋىلىك بىلەن قارىدى. ھەتتا ئۇ كاتىبنىڭ بېغىررەڭ پارقىراپ تۇرغان بەتىنكىسىگە بىرنى تۈكۈرگۈسى كەلدى. . .

ـ سىلەر. . . مېنىڭ. . . ـ ئابدۇمۇسا ئاچچىقىدا دۇدۇقلاپ كەتتى، ـ جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى، خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ قىلغان پىداكارلىقىمغا مۇ. . . مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرامسىلەر؟. . .

ـ سىز تولا ھاياجانلانماڭ، ـ دېدى باشلىق قولىنى كۆتۈرۈپ، ـ ئەدەبىيات-سەنئەتتە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» دېگەن فاڭجېن بار. بىر ئەسەرنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى ئوبزورچىلار باھالايدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا خەلق ئايرىيدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟. . .

ـ قاراڭ «ئاكا»، ـ ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان كاتىبنىڭ غەزىپى تېشىغا تەپتى، ـ ئۇ كىتابتا بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى تارىخىي ۋەقەلەر تېما قىلىنغان تۇرسا، قورسىقىڭىزدا جىن بولمىسا نېمىدەپ قەستەن ئۇنى ھازىرقى دەۋرىمىزگە باغلىۋالىسىز؟. . .

ـ بۇ. . . بۇ. . . سىلەردىكى نېمىدېگەن غاپىللىق. ھوشيارلىقىمىزنى ئۈستۈرمەي بولامدۇ؟!

. . . ـ ئابدۇمۇسا قويىنىدىكى كىتابنى چىقاردى، ـ بۇ. . . بۇ. . . كىتابتا خاقان-بەگلەرنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق بىزگە دارىتىملاپ ھۇجۇم قىلغان. . . مانا. . . ، مانا. . .

ئابدۇمۇسا ئاچچىقىدا، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كىتابنىڭ قاتلانغان يەرلىرىنى ئاچتى-دە، ئاستىغا سىزىلغان ئابزاست ـ قۇرلارنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

ـ بىز ھەممىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ كۆرگەن، ـ دېدى باشلىق زەردە بىلەن، ـ سىز، بىزگە تاپشۇرغان كىتابتا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ يەرلەرگە قىزىل رەڭدە بەلگە قويۇلغان. . . بىراق سىز دېگەندەك مەزمۇنلار ھەرگىز تېپىلمىدى. . .

-بىراق، شۇنچە ئەكسىيەتچى گەپ-سۆزلەر...

-نېمانداق غەرەز ئوقمايدىغان بۇدۇشقاق ئادەمسىز، - سەبىر قاچىسى تاشقان كاتىپ گەپنىڭ بىلىگە تەپتى، -خاقان-بەگلەر ۋە شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، تۈزۈم-نىزاملىرى ئەينەن ئىپادىلەنمىسە، قانداق قىلىپ شۇ ماكان، زاماننى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ؟ شۇڭا بىز ئۇنى تارىخىي رومان دەيمىز.

-يا...ق!...

- ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، - باشلىق بىر غۇلاچ سوزۇلغان «ياق» نىڭ بىلىگە تەپتى، -يىغىنىمىز بارىدى.

«ئەمىسە شۇنداق بولسۇن»، بۇ سۆز سىيلىق ئېيتىلغىنى بىلەن، «كەشكىنى توغرىلا» دېگەن مەزمۇننى بىلدۈرەتتى. ئابدۇمۇسا تېلىقىپقىنا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى ۋە نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ بوسۇغىدا بىردەم تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭ سەزگۈر قۇلاقلىرى كاتىپنىڭ: «قانداق ئۇنتۇيرۇقى نېمە ئۇ...» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئابدۇمۇسا يولنىڭ ئوي-چوڭقۇرىنى پەرق ئەتمەي كېتىۋاتاتتى. قارا، ئۇنىڭ شۇنچە جانپىدالىق بىلەن قىلغان ئەجرى ئاۋۇ ئاقباش قېرى بىلەن ھېلىقى سويمەكنىڭ بىر پەنجىسىگە يارىمىدا؟!...خەپ، سەنلەرنىڭمۇ ئۇستۇڭدە ئادەم باردۇ؟!... جاھان ئۇزۇن تېخى، ئابدۇمۇسانى كۆرۈپ قالىسەن... مايمۇندەك چىرقىرىتىۋەتمەيدىغان بولسام، ئېتىمنى يۆتكىۋېتەرمەنا... ھەي... ھېلىقى بىر زامانلار ئەجەب جەڭگىۋار ئۆتكەنىدى...

ئابدۇمۇسانىڭ كۆڭلىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كەچكەنىدى. بىر ئىغىز گەپ بىلەن بايىقىدەك ئاقباشلار «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» بولۇپ، كۈرەش، دۇمبالا-تېپىكنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالاتتى. كۆزۈڭنى بىرلا قىسىۋەتسەڭ، ھېلىقى كاتىبتەك سويمەكلەر «شيۇجېڭجۇيى (رېۋىزىئونىزم) نىڭ مايىسى» دېگەن قالپاقنى كىيىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ماڭاتتى. ئۇ چاغلاردا ئابدۇمۇسا «ئۆزمەي زەربە بېرىش» جەڭگىۋار ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ نى-نى تۆھپىكار، ئىختىراچىلارنىڭ بېشىدا قازان قاينىتىپ، ئۆزىنى چۆللەردە سۈيىنى كۆللەردە قىلىۋەتكەنىدى. ھەي خۇدايىم، شۇ كۈنلەردە ئۇلۇڭ كۆزۈڭدە قاراپ: «ئالە قولۇم» دەپ ماڭمۇ مەنسەپ بېرىۋەتكەن بولساڭ، سېنىڭدىن نېمە كېتەتتى... بەرگەندىمۇ ئاشۇ ئاقباش بىلەن ھېلىقى سويمەك كاتىپنىڭ ساغرىسىغا تەپكەندەك، ئاياغلىرى ئاستىدا ئۆمۈلەتكۈدەك چوڭنى بەرسە... ئابدۇمۇسامۇ ئۇ گويلارنى نېمە قىلىۋېتەرىدى-ھە!...

تەمە، ھىرىس تورلىرىغا چىرمىلىپ قالغان ئابدۇمۇسا كاتتا مەنسەپنىڭ لەززىتىنى غايىبانە سۈرۈۋېرىپ، بىر كۈنى تاڭ سەھەردە چۈش كۆردى. ئۇ، قاپقارا پارقىراپ تۇرغان «كادىلاك» ماركىلىق پىكاپتا كېتىۋاتقۇدەك، يېنىدا ئىككى مېيىقىدىن كۈلۈمسىرەش كەتمەي، خۇشامەت قىلىپ ئولتۇرغان شوپۇر ھېلىقى ئاقباش باشلىقمىش... بىر قارىسا ياش كاتىپ بولۇپ قالارمىش... تۇيۇقسىزلا ئابدۇمۇسانىڭ يېنىدىكى يان تېلېفون سىگنال بېرىپ چىرقىرىدى. ئۇ، يان تېلېفوننى قۇلىقىغا تۇتۇشى بىلەن ئەمىرانە ئاۋاز ئاڭلاندى:

- يېشىڭىز توشقانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىدىن پېنسىيىگە چىقىرىش ھەققىدىكى تەستىق چۈشتى...

-نېمە...نېمە؟مې...مېنىڭ تېخى بىر يىل بىر ئاي بىر كۈن ۋاقتىم بار ئىدىغۇ...

-دەرھال كېلىپ رەسمىيەتلەرنى ئۆتەڭ...

تېلېفون ئۈزۈلدى. چىرايى تاتىرىپ، كالپۇكلىرى مىتىلداپ، قوللىرى تىترەپ تۇرغان ئابدۇمۇسا يېنىدىكى شوپۇرنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىغا ئۈمىسىزلىك قارىدى. بىراق ياش كاتىپ ئۇنى تۈگۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق تەپتىكى، ئۇ، كادىلاكنىڭ ئىشىكىدىن تۈپتەك دومىلاپ، بىر گوداڭغا چۈشۈپ كەتكىنىنى ئۆزى سەزمەي قالدى.

..

-ۋايجان!...

-ۋاي خۇدايىم، ئابدۇمۇسا نېمە بولدىڭىز؟..

. ئەجەب قورقۇتتىڭىز...

مۇزدەك تەرلىگەن ئابدۇمۇسا كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان يېرىم يالىڭاچ ئورۇق خوتۇننى كۆردى. ئۇنىڭ چاي خالتىسىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان كۆكسىگە كۆزى چۈشكەن ئابدۇمۇسا زەردە بىلەن: «ئۇخلا» دېدى-دە، يەنە كۆزىنى يۇمدى. بىراق كۆز ئالدىدىن ياش كاتىپنىڭ غەزەپلىك چىرايى زادى كەتمىدى.

خۇددى «تېرىق پاتمىغان گېلىمغا ئات كاللىسى غولدۇر-غوپ» دېگەندەك، ھېلىقى تارىخىي روماننى تۈنجۇقتۇرالماي تۇرغىنىدا، نەشىردىن چىقىش بىلەن ئالقىشقا ئېرىشىپ، بىردىنلا شۆھرەت قازىنىپ كەتكەن «تۈگىمەس ئارزۇلار» دېگەن كىتاب تارقىلىشى ھامان ئابدۇمۇسانىڭ كۆتىگە ھوناق چىققاندەك ئولتۇرالمايلا قالدى. يەنە كېلىپ، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورىنى كىم دەمسىز؟ ئابدۇمۇسانى «ئۇنتۇيرۇقى» دەپ تىللىغان، چۈشىدە بىر تېپىپ بىلەن كادىلاكتىن چۈشۈرۈۋەتكەن ھېلىقى ياش كاتىپ ئىدى! توي - مەرىكە، نەزىر سورۇنلىرىدا كىتابتىكى پېرسوناژلار، تەسۋىرلەر ھەم تىلى ھەققىدە بەس - بەس بىلەن ئېيتىلىۋاتقان مەدھىيىلەر... بولۇپمۇ تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دولقۇن كۆتۈرۈپ ئوقۇشى ئابدۇمۇسانى يىڭنە يەپ، ئوغا يۇتقاندەك قىلىۋەتتى... ئۇ، بىر قانچىلىغان ئەپلىك پۇرسەتلەرنى تېپىپ: «پالانى دېھقان مۇنداق تەسرات ئاپتۇ»، «پۈكۈنى ئىشچى ئۇنداق چۈشىنىپتۇ...» دەپ گەپ ئويىنىتىپ باققانىدى، شۇ ھامان بۇرنىغا يېدى... شۇنداقتىمۇ تەرەپ - تەرەپلەردە قاتراپ يۈردى، بىراق داۋسىنى يېدى. بىركۈنى ئۇ يۇندىغا چىلاشقان خامدەك بوشىشىپ

www.uyghurkitap.com

قايتىپ كەلدى -دە، بالدۇرلاياتتى . ئەمما ئۇنىڭ خوتۇنى بىر گېزىتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى:

- قارىڭا، سىز ئەكسىيەتچى ، دەپ سۆزلەپ بەرگەن كىتابنى باختاپ ماقالە بېسىلىپتۇ. . .

- نېمە؟ ! - ئابدۇمۇساسەكرەپ تۇردى - دە، ماقالىنى خۇددى خوتۇنى يازغاندەك گېزىتنى سىلكىپئىلىپ ئۇنىڭغا گۆلەيدى، -ۋۇ نىجىسلار. . .

ئابدۇمۇسا «ئەدەبىيات ئاسمىنىدا چاقنىغان يېڭى يۇلتۇز» سەرلەۋھىلىك ئوبزورنى ۋە تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن خەت ھەم تېلېفونلارغا جاۋاپ بېرىش يۈزىسىدىن قوشۇپ باسقان تەھرىر ئىلاۋىسىنى كۆرۈپ، خۇددى ئونيىل كېسەل تارتقانئادەمدەك سارغىيىپ، پېشانىلىرى ئۇششاق تەرلەپ كەتتى. پۈتۈن بەتكە بېسىلغان ئوبزوردا «تۇگىمەس ئارزۇلار» باشتىن ئاخىر مەدھىيلىنىپ، ئاپتورغا يۇقىرى باھا بېرىلگەنىدى. ئابدۇمۇسا كۆزلىرىنى يۇمغىنىچەياستۇققائۈزىنى تاشلىدى -دە، خۇددى جان سەكراتىدا دۇنياغا كۆز قىيالماي تۇرغان ئادەمدەك نەم دىدارى قالمىغان تاماقلىرىنى تامشىدى. يوغان ئېچىلغان ئاغزى تورۇسقا قاراپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا راستىنلا هارام ئۆلۈدىغاندەك هالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

* * *

پىتنىخورلانىڭ كۆڭلىدەك قاراڭغۇ كېچە ئىدى. ئىگىز بىنالار ئاستىدىكى تار كوچىلاردا ئاچچىق شامال ئۇشقۇتاتتى. پەلتوسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پېتىللىرىگىچە تۇگمىلەنگەن ، يەڭلىرىگە قوللىرىنى قاپلاپ تىققان ئابدۇمۇسا تىك كۆتۈرۈلگەن ياقىسىغا بېشىنى يوشۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، چېقىمغا ماڭغاندا شۇنداق نىقابلىنىۋالاتتى. ئەگەر كۈندۈزى بولغان بولسا چىرايىنىڭ خۇددى ئاغزىغا تارتقان ماسكىسىدەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەك ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. كۆزلىرىنىڭ خۇنى قېچىپ، قارىچۇقلىرىمۇ بىسەرەمجان پىلدىرلايتتى. يانچۇقىغا سېلىۋالغان گېزىت ئىسىگە كېلىش بىلەن تەڭ، دەممۇدەم چىشلىرى غۇچۇرلاپ ئېڭەك گۆشلىرى لىپىلدايتتى . . .

ئابدۇمۇسا زور ئۈمد ۋە ئىشەنچ بىلەن شاكىر ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. شاكىر ئەپەندى ئەل ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر، تىلى ئۆتكۈر شائىر، يازغۇچى ھەم جامائەت ئەربابى ئىدى. ئۇنىڭ يىقىندا 70ياشقا تولغانلىق خاتىرە تويى ئۆتكۈزۈلۈپ، تون كىيگۈزۈلدى . . . ياشلار بۇ مۆتىۋەرنى «ئاقساقال» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئاپئاق مەشۇتتەك چېچى بىلەن كەكە ساقىلى شۇنداق يارىشىپ كەتكەنىدىكى، پاكىز چىرايى خۇددى ئاپئاق چىچەكلەر ئىچىدىكى قىزىل مەرۋايىتتەك نۇرانە ئىدى. ئەگەر بۇ پىشىۋانى ئىندەككە كەلتۈرۈپ، ئىككى ئېغىز سۆزلىتەلىسە ئابدۇمۇسانىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشۈپ، ئۇنىڭ نامىنى ھەممىلا يەردە سېتىپ يەپ، دېۋانە غايىب خەزىنىگەئېرىشكەندەك بولاتتى.

شاكىر ئەپەندى ئابدۇمۇسانى چاقىرتقىنىدە، ئەمما تۆت ئەتراپىنى خورمىرەڭ كىتاب جاھازلىرى ئىگىلىگەن كۇتۇپخانىسىدا كۇتۇۋالدى ۋە مىنتەتتەك پارقىراق پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ، ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلدى.

- ھە، ئابدۇمۇسا ئىنى، چاي ئىچىڭ. . . تاتلىق - تۇرۇملەرگە بېقىڭ، - دېدى شاكىر ئەپەندىم ئۇنىڭ سۇرتۇلمىگەن ئەينەكتەك دۇتلىشىپ تۇرغانچىرايىغا سەپسېلىپ، - ئەجەپ - ھە، بۇ يېرىم كېچىدە مېنى ياد ئېتىپ قاپسىز؟ . . .

ئابدۇمۇسا گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي بىر هازا بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ، بىرقىسىم رەھبەرلەرنىڭ ئەدەبىياتتىكى «ئوڭ» ۋە «سول» ئېغىشلارنى توسماي، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىۋاتقانلىقىنى دادلاپ، ھېلىقى ئاقباش باشلىق بىلەن ياش كاتىپنى سۆكسۇنمۇ ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ھېسابسىزقان - تەر سىڭدۇرگەن پىشقەدەملەر نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىلىپ، نەدىكى سويمەكلەرنىڭ مەدھىيلىنىۋاتقانلىقىنى سۆزلەش ئارقىلىق شاكىر ئەپەندىنىڭ ئاغزىنى تاتلىسۇنمۇ؟ !

. . . ئەڭئەپلىك چارە كېيىنكىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئابدۇمۇسا يانچۇقىدىكى گېزىتنى چىقىرىپ شاكىر ئەپەندىگە سۇندى.

- بۇ ئوبزورنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟ . . .

- ئوقۇدۇم، - شاكىر ئەپەندى قىزىل بويىلىپ كەتكەن قۇرلارغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، - ئوبزورنى ئاتاقلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى مالىك پەيزۇللا يېزىپتىغۇ.

- بۇ جاھان زادى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ-ھە؟ !- ئابدۇمۇساقوللىرىنى شىلتىپ بىردىنلا قايناپ كەتتى، - تۈنۈگۈن ئېغى يوق ئىشتان كىيىپيۈرگەن ماڭقىلار كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ماختالسا، ھەرقايسىلىرىدەك پىشۋالىرىمىزنى كۆز قىرىغا ئېلىپمۇ قويمىسا . . . بۇ. . . بۇ بىر قارا يۈزلۈك . . . سىزگە ئوخشاش بىر ئۆمۈر ئىجادىي مېھنەت شۇغۇللانغان ئۇلۇغلىرىمىز، ئاتاقلىق پىشقەدەملىرىمىزگە نىسبەتەن ھاقارەت! . . .

- سىز كۆڭزى تەلىماتى بويىچە «ئاتا - ئاتا بولسۇن، بالا - بالا بولسۇن» دېمەكچىغۇ؟ - شاكىر بوۋاينىڭ پاكىزچېھرىدە ئىنچىكە كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى، -ھە، قېنى، سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە!

-ھەببەللى، ئەلۋەتتە ھەممە ئىشنىڭ ئۆز قائىدە - يولى بولۇشى كېرەكتە. . . قائىدە بۇزۇلسا ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كەتمەمدۇ؟ - ئابدۇمۇسا ئەينەك شىرەگە پاقىلدىتىپ ئۇردى، - قاراڭ، مالىك پەيزۇللا ھېلىقى سويمەك كاتىپنى بولۇشىغا ماختاپ، ئوبزورنى «مۆجىزە ياراتتى» ، «قۇدرەتلىك بەدىئىي تىندۇرمىغا ئىگە» ، «قالتىس بىر بەدىئىي ھادىسە. . .» ، «قىيامىغا يەتكۈزۈپ يورۇتۇپ بەردى. . .» دېگەندەك مەدھىيە، مۇبالىغە بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن. . . تېخى ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايناتتىپ: «هازىرغىچە بىرەر ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتىدە يورۇتۇلمىغان يېڭى تېما. . .» دەپتۇ.

- ئەمما مالىك پەيزۇللا بۇ سۆزىنى، - دېدى شاكىر ئەپەندىم گېزىتنى كۆرسىتىپ، - «بۇ تېمىدا خېلى كۆپ ئەسەرلەر يېزىلدى، لېكىن ئۇ ئەسەرلەر تۇرمۇش ئاساسى، بەدىئىيلىكى، خاراكتېرلار خاسلىقى، بەدىئىي تۈسىنىڭ ئاجىزلىقلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالمىدى» دەپ شەرھىيلەپ ئۆتۈپتىغۇ؟

- شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، - گەپتە تۇتۇلۇپ قالغان ئابدۇمۇسا كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقىدەك ئۇزۇن تىلىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى، - بۇ هاراقكەش ئوغرى جاهانسازلىقتا ئۇستا. ئۇ، ئۆزىگە ئوخشاش ئۆلپەتلىرىنى...

- هاي، هاي ئابدۇمۇسا، - شاكىر ئەپەندىم تاقەت قىلالمىدى، - ئورۇنسىز ئادەم تىللاش - ئاجىزلىقنىڭ ئالامىتى. سىز «هاراقكەش» دېيىش ئارقىلىق مېنىمۇ هاقارەتلەۋاتىسىز. مەنمۇ قانلىرىمنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن هەركۈنى ئارا رومكىدا ئىككىكىنى كۆتۈرۈۋالىمەن.

- ئەمدى... ئەمدى، - ئۇ، گەدىنىنى قاشلىدى، - ئۇ باشقا گەپتە...

-توغرا، مالىك پەيزۇللا بۇ ئىشتىن خالىي ئەمەس... بىراق نەۋائىي، مەشرەپ، ئۆمەر هەييام قاتارلىق نۇرغۇن شائىر - پەيلاسوپلىرىمىز مەي - شاراب هەققىدە ئاجايىپ ئۆلمەس نەزمىلەرنى پۈتكەن، - شاكىر ئەپەندىم يەنە هازىرقى زامان شائىرلىرىدىن بىرمۇنچىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چىقتى، - مانا بۇلارمۇ خۇدا ھېچكىمگە ئاتا قىلمىغان ئەسەبىي هېس-تۇيغۇ مەجنۇنلىقىدا ئىچىپ قويۇشىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تىلىدىن تامغان شەربەتلەر، قەلبىدىن تۆكۈلگەن دۇر - گۆھەرلەرنىڭ ئوندىن بىرسىمۇ تېخى سىز بىلەن مېنىڭ قەلىمىمىزدىن تۆكۈلگىنى يوق.

-ئۇنداقتا، شاكىر ئەپەندىم، سىز مالىك پەيزۇللاغا چوقۇنىدىكەنسىز-دە؟

-سىز قانداق چۈشەنسىڭىز مەيلى، ئەمما بۇ هەقىقىي بىلىمگە بولغان هۆرمەت، - شاكىر ئەپەندىم نازۇك بارماقلىرىدا ئاپئاق ساقاللىرىنى تارىدى، - مالىك پەيزۇللا مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ تونۇلغان تالانتلىق ئوبزورچى، ئىزدەنگۈچى. ئەقىل بىلەن ئويلىنىپ كۆرسىڭىز، ئوبزورچىلار «مەدهىيە ۋە قامچا» ئارقىلىق ئەسەر هەم يازغۇچىنى تەربىيىلىگۈچى ۋە تونۇتقۇچىلاردۇر. بېلىنىسكىي «ئۆلۈك جانلار» رومانىنى قامچىلاش ئارقىلىق گوگولنى قان قۇستۇرۇۋەتتى، ئەمما ئۇنى پۈتكۈل دۇنياغا تونۇتتى...

-مەن «مەدهىيە» ۋە «قامچىلاش» نى ئىنكار قىلىۋاتقىنىم يوق، - دېدى ئابدۇمۇسا جۇدۇنى ئۆرلەپ، - ئۇ جايىدا بولسۇن-دە... بۇرۇن تونۇلمىغان نەدىكى بىر سويمەكنىڭ كىتابىنى شۇنچە ماختاپ كەتسە، كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئەسەر مەيدانغا كەلسە ئۇنى ماختايدىغانغا گەپ تېپىلماي قالار؟!

- چۈشىنىۋاتىمەن، سىز نامى يوللۇقلارنى مەدهىيلەش، تېخى ئاتانمىغانلارنى «قامچىلاش» ياكى تىلغا ئالماسلىقنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز، - شاكىر ئەپەندىنىڭ كۆزلىرىدە ئاچچىق ئىستىهزا ئۇچقۇنلىرى ياندى، - ئەدەبىياتتىكى يېزىقچىلىق قىيىنچىلىق يىللاردىكى كۆكتات، گۆش-نانغا تىزىلغانلارنىڭ باشتىكىسى باشتا ئالىدىغان ئۆچرەتكە ئوخشىمايدۇ. بۆسۈش خاراكتېرلىك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەنىكەن، ئۇنى يازغان ئادەمنىڭ ياش-قېرى، تونۇلغان - تونۇلمىغانلىقىغا قارىماستىن، بەلكى ئەسەرنىڭ ئۇنۇمىگە قاراش كېرەك. مانا بۇ، رېئاللىقنىڭ يېمىرىلمەس قانۇنىيىتى...

شاكىر ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى بىرسى مىخ، بىرسى زىخ بولۇپ داۋاملىشىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ: « بەزىلەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تېترات دەپتىرىدەك بىرنەچچە توپلىمىنى چىقىرىۋېلىپ نوپۇز كالتىكىنى ئوينىتىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئابدۇمۇسانىڭ ئىچىنى تىرنا سالغاندەك تىلغىۋەتكەن بولسا، «ياخشى ئەسەرلەر چىقسا، ئەپكار ئامما ئالدىدا سېپىتىپ، هۆكۈمەتكە چاقىدۇ» دېگەن دوقلىرى ئۇنى يەتتە قات ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك بولدى. شۇڭا ئابدۇمۇسا ئىچىدە: «خەپ، ئالجىغان قېرى، بىر پۇرسىتى كەلسۇن، سېنىڭمۇ كۆتىكىنى كۆك توپىدا قويىمىسام» دەپ تىللىماقتا ئىدى.

- سىز بىرنەرسىگە دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ - دېدى شاكىر ئەپەندى ساقاللىرىنى سىيپاپ قويۇپ، - هازىر رادىئو-تېلېۋىزورلاردا تەشۋىق قىلىنىۋاتقىنى ساپ بىز پېشقەدەملەر. سىزنىمۇ مۇخبىرلار زىيارەت قىلغىنىنى تېلېۋىزوردا كۆردۈم. سىز بىلەن بىزنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان قانچىلىك چوڭ دەستۇر، ئەسەرلىرىمىز بار؟!... نېمە ئۈچۈن خەلق بولۇپمۇ ياشلار بىزنىڭ شۇنچە تۆسبە-ئېتىبارىمىزنى قىلىپ، باشلىرىدا كۆتۈرۈشىدۇ؟ چۈنكى بىزنى هازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۇلىنى قۇرغۇچىلار، يولىنى ئاچقۇچىلار، ياشلارنىڭ يولىغا شولا چاچقۇچىلار، دەپ ئۇلۇغلايدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق مەرھەمەت ۋە خاسىيەت بولسۇن؟!

پۈتىغا هۆل خىش قويۇپ، شاكىر ئەپەندىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز هېسداشلىق سۆزىگە ئېرىشەرمەن، ئۇنى پۈۋدەپ سەمرىتىپ «دەسمىي قىلارمەن» دەپ خام تەمەدە بولغان ئابدۇمۇسا پالتا-كەكىسىنى قاقتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى. خۇددى «هەسەتخور ئادەم چايان، ئۇنىڭ نەشتىرى ئاخىر ئۆزىگە سانچىلىدۇ» دېگەندەك، يۈرىكىدىكى ئاچچىق زەھەر پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارقىلىپ، لاسىدە بولۇپ قالدى... چۈنكى شاكىر ئەپەندىم ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قېقىۋەتكەنىدى.

- سىز «تۈگىمەس ئارزۇلار» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ كۆردىڭىزمۇ؟ - سورىدى شاكىر ئەپەندىم ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ.

- ياق.

- ئۇنداقتا بىر ئوقۇپ چىقىڭ، شۇندىلا ئوبزورغا توغرا باها بېرەلەيسىز. خوش ئەمىسە.

- هۇ يۇزسىز قېرى، - ئابدۇمۇسا قاراڭغۇ كوچىغا چىقىش بىلەن ئۈنلۈك تىللىدى، - يەتمىش

www.uyghurkitap.com

ياشقا كىرگەنلىك يوبلىسىنى ئۆتكۈزۈپ ئالا توندىن بىرنى كىيگۈزۈپ قويۇۋىدى، قىپكەتكەن تەشۋىقلىرىنى كۆرەيمۇ. . . «تىترات دەپتەردەك توپلاملىرىڭ» دەپ نەشتىرىنى سانجىيدا تېخى. . .

ئابدۇمۇسا كۆڭلىگە چېكىلگەن نىيىتىدىن ئاسانلا يالتىيىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئەتىسىلا ئۇ ھېلىقى كىتابتىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئەستايىدىل «پۇراپ» چىقماقچى بولدى. ئەگەر بولمىسا، ئۇنىڭدا خەلق ماقال- تەمسىللىرى باردۇ. ماقال - تەمسىل دېگەن قەيەرگە بۇرىساڭ شۇياققا كېتىۋېرىدىغان بۇرغۇلۇق تۆگىدەك نېمە. . . ئەدناسى كىتابنىڭ ئىسمىدىنلا غەلىتە پۇراقلار كېلىۋاتامدۇ. . . سەگەكلەشكەن ئابدۇمۇسا ھازىرلا ئىش باشلايدىغاندەك قەدىمىنى تېزلەتتى. ياق! . . . تېز بولمىسا بولمايدۇ. . . قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. ئاشۇ بىر يىلىمۇ ئابدۇمۇسا بىر كىتابنى چېقىش ئۈچۈن ھەپتە باش قاتۇرۇپ، چېقىم ماتېرىيالى يېزىپ ئاپارغاندا، باشقىلار ئۇنىڭدىن چاققان كەلگەن ئەمەسمىدى. مانا ئەمدى ئابدۇمۇسا ئاغزىدىكى ناننى تارتىۋالىدىغان ناكەسلەردىن ھېزى بولمىسا بولامدۇ؟ ! . . .

* * *

ئابدۇمۇسا ئەتىسى «تۇگىمەس ئارزۇلار» دىن بىرنى سېتىۋېلىپ «تەتقىقات» قا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ، ئۇيقۇسىز، بەزىدە ناشتىسىز، ھەتتا دەم ئالماي ھەر بىر باب، بۆلۈم، ئابزاست، قۇرلارغىچە ئىنچىكىلىك بىلەن پۇراپ ئون كۈن بولغاندا 51بەتلىك، «تۈگىمەيدىغان ئارزۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى» دېگەن قورقۇنچلۇق «باھا» نى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ، «باھا» نى : «ئۆلكە ئازاد بولۇپ ، خەلقىمىز ئارزۇلىرىغا يەتتى، ئەمما ئاپتورنىڭ تۈگىمەيدىغان ، يېتەلمەيۋاتقان يەنە قانداق ئارزۇلىرى بار؟ » دېگەن سوئال ئارقىلىق كىتابنىڭ نەق ماۋزۇسىنى ئوپېراتسىيە قىلىشتىن باشلىغانىدى.

«ياخشى ئويلانغان پىكىر پەھلىۋانلىقتىن ياخشى» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويغان ئابدۇمۇسا «باھا» نى تەشۋىقات بۆلۈمىگە ياكى نەشرىياتچىلىق ئىدارىسىنىڭ كىتاب تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا ئاپارماي، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈمىگە تاپشۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ، مېھمانلىق كاستيۇم - بۇرۇلكىسىنى كىيىپ، گالستۇكىنى باغلاپ، قاچاندۇر تۆت كىتابنى تەھرىرلىگەندە ئالغان ئىززىنىكىنى تۇپۇگدەپ پارقىراتقاندىن كېيىن، كۆزگە كۆرۈنگىدەك يەرگە تاقىدى-دە، ئەينەككە قارىدى. دەرۋەقە، سىرتىدىن قارىغاندا، خېلى سالاپەتلىك ئىلىم ئەھلىگە ئوخشاپ قالغانىدى. . . ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى كىتاب ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭمۇ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان قانۇن ئورنى-دە! . . . شۇڭا ئالىيجاناب، ئېسىل سۈپەت تەسىرىبېرىشى كېرەك. ئەتتىگىنەي، . . . بۇرۇنلا شاكىر بوۋايدەك «زىيالىيلار ساقىلى» قويۇۋالغان بولسىچۇ كاشكى. تېخىمۇ سالاپەتلىك،

مۆتىۋەر كۆرۈنەمتى!

ئابدۇمۇسا قىزىل قەلەمدە قورۇنمۇ قۇر سىزىلغاننىڭ ئۈستىگە ۋاراقلىرى قاتلىنىپ تومپىيىپ كەتكەن بۇ كىتابقا «باھا» سىنى قوشۇپ ئاپىرىپ بەردى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان قىياپەتتە بىر مۇنچە ئىزاھلارنى بېرىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى جىددىيلەشمەكتە ئىدى. ھەر كۈنى كىتابخانىلارغا چاپاتتى. «تۈگىمەس ئارزۇلار» نىڭ چەكلەنگەن - چەكلەنمىگەنلىكىنى تىڭ-تىڭلايتتى. ھەتتا ئۇ نۇرغۇن سورۇنلاردا، يولدا ئۇچرىغانلارغا: «تۈگىمەس ئارزۇلار» دىكتاتورا ئورۇنلىرى تەرىپىدىن چەكلىنىپتۇ. . . دېگەن ئىغۋانى ئالدىنئالا تارقىتىۋەتتى. ئابدۇمۇسا بۇلۇڭ-پۇشقاقلار، قاراڭغۇ پىنھانلاردا پىتراپ قانچە رىيازەت چەككەنسېرى كىتابنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ ، ئوقۇرمەنلەر بەس-بەستە سېتىۋېلىشماقتا ئىدى. سەبر قاچىسى تولغان ئابدۇمۇسا بىر ئاي بولغاندا ئۆزى باردى. لېكىن بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭغا خۇددى ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى غەلىتە مەخلۇققا قاراۋاتقاندەك ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قالدى.

- مەزكۇر كىتاب ھەققىدە بىزگە يازغان ماتېرىيالىڭىزنى تەپسىلىي ئوقۇغاندىن كېيىن كىتابنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتۇق، - دېدى بۆلۈم باشلىقى كەسكىن تەلەپپۇزدا، - لېكىن سىز تەھلىل قىلغاندەك مەزمۇنلارنى تاپالمىدۇق. ئەگەر بۇنىڭغا قايىل بولمىسىڭىز، يازغۇچى ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتچىلىرىنى ، شۇنداقلا ئاپتورنى چاقىرىپ مۇھاكىمە يىغىنى ئاچىمىز. بۇنىڭغا سىزمۇ قاتنىشىسىز. ئىلمىي مۇنازىرە ئارقىلىق ھەق-ناھەقنى ئايرىيمىز. . .

ئابدۇمۇسانىڭ كالپۇكلىرى بىردىنلا كۆكىرىپ تىترەشكە، كۆزلىرى چۆمچۈكلەپ، تىزلىرى پۈكۈلۈشكە باشلىدى. يۈرىكىنىڭ قانداقتۇر نازۇك بىر تومۇرى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك ئەلەڭلەپلا قالدى. . . ئۇ، «دىكتاتورا ئورۇنلىرى كىتابنى كەسكىن ھالدا تارقىتىلىشتىن توختىتىپ، ئاپتورنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىدۇ» دەپ چۆچۈرىنى خام سانىغانىدى. لېكىن كىم بىلىپتۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىنچىكە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشىنى. . . ئەگەر مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىدىغان بولسا، يىرگىنچلىك نىجاسەتكە، چىرىگەن تاپقا ئايلىنىپ قالامدۇ؟ ! . . . ئۇ، «باھا» ماتېرىيالى بىلەن كىتابنى قولتۇقلاپ ئىلەڭ-سىلەڭ سەنتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتتى.

ئابدۇمۇسا كېچىسى زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئىچىدە بىر ئوت كۆيۈۋاتقاندەك، قانداقتۇر ئوغرى مۈشۈكلەر ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئىچ-باغرىنى تاتىلاۋاتقاندەك ھەرتەرەپكە ئۆزىنى تاشلايتتى. . . دەم-دەم ئۇخلايتتىيۇ يەنە قانداقتۇر قاباھەتلىك چۈشلەر ئىلكىدە ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتەتتى. «تۈگىمەس ئارزۇلار» نى مەدھىيىلەپ گېزىت-ژۇرنال-لاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئوبزور-ماقالىلار، رادىئو-تېلېۋىزورلاردا تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان بۇ ئەسەر ۋە ئاپتور ھەققىدىكى باھا، سۆھبەت يىغىنلىرى

ئېسىگە كېلىش بىلەنلا يەنە ئەسەبىيلىكى تۇتۇپ، باشقىدىنلا غالىلداپ تىترەپ كېتەتتى. ئاخىرى تاڭغا يېقىن ئۇنىڭ جاغى ساڭگىلاپ، كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى تارتىلىپ، يۈرىكىدىكى ھىرىسنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى تۇپەيلىدىن، تۇرمايھېقىق تۇتقىلى تۇردى. كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەندەك جىمىپ قالدى.

دانالار: «كىشىگە ھەرقانداق بالا يەتسە، ھىرىس ۋە تەمە سەۋەبىدىن يېتىدۇ... ھىرىس قاچىسى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسە بىلەن تولمايدۇ» دەپ توغرا تەبىر بەرگەنىكەن. شۇنداق قىلىپ ئابدۇمۇسا ئۆلۈپ قالدى. ئۇنى جامائەت قەبرىستانلىققا ئېلىپ چىقىشتى ۋە كۆمۈپ قويۇشتى. ئاخۇنۇم: «قالۇئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئەلەيھى راجىئۇن»❶ دېگەن ئايەتنى تولىمۇ مۇڭلۇق قىرائەت قىلغاندىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئېلىم - بېرىم ھەققىياتلىرى ھەققىدە جامائەتنىڭ كەچۈرۈشلىرىنى ئۆتۈندى. بىزدە ئۆلگەندىن كېيىن «رەھمەتلىك» بولىدىغان گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ ئەپۇچان خەلق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، پۈتكۈل جامائەت نېرى - بېرىسىنى ئويلىماي: «بىز رازى... مەرھۇمنىڭ جايى جەننەتتە بولسۇن...» دەپ ۋارقىراشتى.

خۇدايىم شۇنچە نۇرغۇن بەندىلىرىنىڭ «جايى جەننەتتە بولسۇن» دېگەن ئىلتىجالىرىدىن تەڭلىكتە قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئابدۇمۇسانىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ، «ۋاي بوپتىلا» دېگەن چېغى، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتتى.

ئوھو، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ. ئابدۇمۇسا جەننەتكە كىرگەندىن كېيىن يايراپلا كەتتى. ئادەمئاتام بىلەن ھەۋۋائانامغا بۇغداينى يېگۈزۈپ شەرمىسار قىلغان شەيتاننىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن دوستلاشتى. لېكىن ئۇ «ئۆگەنگەن خوي ئۆلگىچە» دېگەن ئەقلىيە دۇردانىسىغا رىئايە قىلمىدى. «ھەرقانداق خوي ئۆلگىچە بولارمىش، مەن بولسام ھازىر جەننەتتە» دېگەننى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئۇ، «يەتتە جەننەت ئۈچۈرلىرى»، «دوزاختىكى قىيىن سىناقلار» دېگەن رىسالىلەرنى كۆرۈپ كونا كېسىلى يەنە قوزغالدى:

— ۋاھ، — دېدى ئابدۇمۇسا «يەتتە جەننەت ئۈچۈرلىرى» نى ئوقۇغاندىن كېيىن، — بىز تۇرغاندا نەدىكى ھۆرۈ - غىلمان، پەرىشتىلەرنى ماختامدىكەن. مانا مەن ئۇياقتىن ئۆلۈپ بولغىچە، بۇ ياقتىن جەننەتكە كىرىپ بولغانمەن. قانداق بىمەنىلىك بۇ، نەدىكى بىر نېمىلەرنى ماختاپ...

— شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ — دېدى ئابدۇمۇسا «دوزاقتىكى قىيىن سىناقلار» نى ئوقۇۋېتىپ، — دوزاق مۇلازىملىرى نېمانداق لاتا نېمىلەر. قىيىن - قىستاق، ئازاب، ئوتلۇق زەنجىر، يىلان - چايانلار بىلەن قىيناقنى كۈچەيتىپ، ھەيۋىسىنى كۆرسەتسە بولمامدۇ.

ئابدۇمۇسا شۇنىڭدىن باشلاپ، مەدھىيلەنگەن ھۆرۈ - غىلمان، پەرىشتىلەرنى غاجاپ، دوزاق مۇلازىملىرىنى چېقىپ ئەرز - دادىنى قىلىۋەردى. ئەسلىدىمۇ خۇدايىم بەندىلىرىنىڭ ئىلتىجاسى بىلەن ئابدۇمۇسانى جەننەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. مانا ئەمدى بۇ پاسىق بەندىسى بالانىڭ قېپىنى يېرىپ، جەننەتنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ تەپرىقچىلىق، گىنە - كۇدۇرەت، تېتىقسىز غوۋغا، بەدنۇيي ئارازلىق ئۇرۇقلىرىنى چاچماقتا ئىدى. بىر كۈنى خۇدايىمنىڭ بىر ۋەھىيسى بىلەن پەرىشتىلەر ئابدۇمۇسانى جەننەتتىن قوغلاپ چىقاردى.

— بوپتۇ، — دېدى ئابدۇمۇسا جەننەتنىڭ نۇر تاملىرىغا قاراپ، — سىلەر مېنى قوغلىۋەتتىڭلار، مېنىڭ يەنە ئامالىم بار.

ئابدۇمۇسا ئىيسا، بۇبى مەريەم، ساكيامۇنىلارنىڭ تائىپىلىرىنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ، ئاسمانپەلەك شەپەق سېپىلىنىڭ قۇۋۇقىدا ئايپالتا، گۈرزى، ئۇمۇت، نەيزىلەرنى تۇتۇپ تىك تۇرغان ئىككى رەت مۇلازىملاردىن تېنى ئەيمىنىپ توختاپ قېلىشىغا، ئۇلاردىن بىرسى تويۇقسىزلا ۋارقىرىۋەتتى:

— مۇھەممەدنىڭ ئۈممەتلىرىدىن بىرسى پەيدا بولۇپ قالدى!...

— ۋوي بۇ، جەننەتتىن قوغلاندى قىلىنغان ھېلىقى ئاسىي بەندىغۇ.

— شۇنداق، ئۆز تائىپىسىنى غاجاپ گۇناھقا پاتقان مۇناپىقنىڭ ئۆزى شۇ!...

ئابدۇمۇسا ئىچىدە: «تۇۋا، باقىيدا خەۋەجەب تىز تارقايدىكىنا» دەپ ئويلاپ ئۈلگۈرمەيلا بىرنەچچە مۇلازىم ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ باغلاپ بولدى. قورقىنىدىن كېپەنلىكى ئۈچىسىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن ئابدۇمۇسا ۋارىرىدە يىغلاپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— مەن... مەن... سىلەرنىڭ ئايىغىڭلار ئاستىدا ئىتتەك ئۆمىلەپ، خىزمىتىڭلارنى قىلاي... ھەرقانداق يېڭى كىتاب چىقسا، سىلەرگە مەلۇم قىلاي... مەن يەنە...

— ئۆز تائىپىسىگە ۋاپا قىلمىغان سەندەك پاسىق، بىزگە ۋاپا قىلارمىدىڭ؟ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ ۋەيلۇن دوزاققا تاشلاڭلار، بۇنداق قەبىھ ئاسىي پۈتكۈل ئادىمىزاتقا ئاپەت!

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئابدۇمۇسا كەڭ سۇپىدىكى كۆتەككە ياتقۇزۇلدى ۋە زەرب بىلەن ئۇرۇلغان ئايپالتا ئۇنىڭ كاللىسىنى قاياققىدۇر ئۇچۇرۇۋەتتى...

— ۋايجان بېشىم!

كارنۋاتتىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتكەن ئابدۇمۇسا خوتۇنىنىڭ قوچاقلىۋېلىشىدىن يۇلقۇنۇپ، ئۆي ئىچىدە يۈگۈرگىنىچە تامغا ئۇستى - دە، يەرگە قاڭقىپ چۈشتى. بىراق ئۇ شۇ ھالىتىدىمۇ ئىككى قولىدا بېشىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

1999 - يىل 18 - فېۋرال، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى

(M2)

---

❶ بىز ئاللانىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئىبرەتلىك پاراڭلار

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

## راست گەپ قىلىدىغان بالا

ۋاك روگو

دانىيىلىك باللار چۆچەكچى يازغۇچىسى ئاندېرسېننىڭ مەشھۇر چۆچەكى «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» دە «تو ۋا، ئۇ ھېچنېمە كىيمەپتىغۇ!» دېگەن راست گەپنى قىلغان چوڭ كىشى بولماستىن، بەلكى بىر كىچىك بالا. ئەسلىدە چوڭلار تېخىمۇ كۆپ نەرسىنى بىلىشى، ھېلىقى ساختىپەزنىڭ پادىشاھنى ئالدىغان ئالدامچىلىقى ۋە ھىيلە-نەيرىڭىنى تېخىمۇ ئوچۇق پاش قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، چوڭلار بەك جىق نەرسىلەرنى، راست گەپ قىلىشنىڭ تەسلىكىنى، ھەتتا خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، زۇۋان سۈرمەي تۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن راست گەپ قىلىش ۋەزىپىسى جاھاننىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ كەتمەيدىغان كىچىك بالىنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ قالغان. ئەمما، بۇ بالىنىڭ راست گەپنى دەپ تاشلىغاندىن كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولغان؟ ئاندېرسېن بۇنى يازمىغان. لېكىن تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈدىغان بولساق، بۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق ئۈچ خىلدىن نېرىغا ئۆتمەيدۇ:

پادىشاھ خاتالىقىنى تونۇيدۇ، بالىنى مۇكاپاتلاپ، ئالدامچىنى قولغا ئالىدۇ؛

پادىشاھ بۇ ئىشنى ئاڭلىمىغانغا سېلىۋېلىپ، ئالدامچىنىڭ داۋاملىق ئالدامچىلىق قىلىشىغا يول قويىدۇ؛

پادىشاھ غەزەپلىنىدۇ، ئالدامچىغا مەنسەپ ۋە ئىنئام بېرىپ، بالىنى تۇتۇپ جازالايدۇ.

مېنىڭچە، بۇ ئۈچ خىل ئاقىۋەتتىن ئۈچىنچى خىلىنىڭ ئېھتىماللىقى تېخىمۇ چوڭدەك قىلىدۇ. بولۇپمۇ مەن روسىيە يازغۇچىسى سولژېنىتسىننىڭ بۈيۈك ئەسىرى «گۇلاگ تاقىم ئاراللىرى» نى ئوقۇغاندىن كېيىن شۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدىم.

سولژېنىتسىننىڭ «گۇلاگ تاقىم ئاراللىرى» ئۇنى دۇنياۋى شۆھرەتكە ۋە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتۈردى. كىتابتا بىرلا ئوقىسا ئەستىن چىقمايدىغان بىر ۋەقەلىك بار، بۇمۇ راست گەپ قىلىدىغان بالا ھەققىدىكى ھېكايە.

20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى ئەنگلىيىگە قېچىپ كەتكەن بىر روسىيىلىك يازغۇچى سولوۋېتس ئارىلىدىكى دوزاق كەبى تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن بىر كىتاب يازغان. ئاڭلىشىمچە، بۇ، يازغۇچىنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرى بىلەن كۆرگەن-بىلگەنلىرىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىسى ئىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالاقىدار تەرەپلەر بۇ كىتابتىكى «پەسكەشلىك بىلەن ئويدۇرۇپ چىقىلغان تۆھمەت» لەرگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات پېشىۋاسى گوركىينى مۇشۇ ئارالنى بىۋاستە كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەكلىپ قىلىش، ئۇستازنىڭ ئىسپاتلىقتىن ئۆتۈشى بىلەن بۇ كىتابتىكى بۆھتانلارغا رەددىيە بېرىشنى قارار قىلغان.

سولوۋېتس ئارىلىدىكى جىنايەتچىلەر ئۇستازنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىنقىلاب بوران-چاپقۇنىنىڭ بۇ كۈيچىسىنىڭ ئۆز ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى چۈشىنىشىنى ۋە ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشىنى ئارزۇ قىلغان. ئارالدىكىلەر دەررۇ سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، هويلا-ئارامىلارنى سۈپۈرۈپ زىننەتلىگەن؛ يىلتىزسىز شەمشادلارنى يول بويىغا تىكلەپ «دەرەخلىك يول» ياساپ چىققان. گوركىينىڭ كېلىشىگە بۇ يەردىكى تەييارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈپ، ئۇستازنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىلا قالغان. ئەمما، «تېزىنى باسسا مىزى» دېگەندەك، باشلىقلار توساتتىنلا بىر ئىشنى بايقىغان: ئۈستىبېشىنى يارا بېسىپ جۇدەپ بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، تاغار پارچىلىرىنى يېپىنىۋېلىپلا ئىشلەۋاتقان جىنايەتچىلەرنى قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇ تاقىر ئارالدا يا ئۇلارنى يوشۇرۇپ قويغىدەك بىرەر جاي بولمىسا؟ سۇغا تاشلىۋەتكۈلۈك-مۇ ياكى يەرگە كۆمۈۋەتكۈلۈكمۇ؟ بىراق ئۇنداق قىلىشقا بولمايدىكەن. چۈنكى ئۇلارنى يەنە ئىشلىتىدىغان گەپ-تە! ۋاقىت ئىنتايىن قىس، ئەمدى ئۈلگۈرگىلى بولمايدىكەن. جىددىي پەيتتە نازارەتچى ئەقىل تېپىپ، جىنايەتچىلەرگە: «ئىشنى توختىتىپ ھەممىڭلار بىر يەرگە يىغىلىڭلار، سىغدىلىپراق تۇرۇڭلار، يەرگە ئولتۇرۇۋېلىپ قىمىرلىماڭلار، كىم قىمىرلىسا شۇنىڭ جېنىنى ئالىمەن!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىغا يوغان بىر كاناپنى يېپىپ قويغان.

گوركىي ئارالغا كەلگەن، يەنە كېيىنگە چىقىپ گۈزەل مەنزىرىلىك جايلاردىن بىرسائەتتىن ئارتۇق هوزۇرلانغان، ھەقىقىي ئەھۋالنى بايقىمىغان. ئارقىدىن خۇرۇم چاپان، خۇرۇم ئىشتان كىيىۋالغان، دۆلەتلىك سىياسىي قوغداش ئىدارىسىدا ئالاھىدە خىزمەتچىلىك قىلىدىغان كېلىنىنىڭ ھەمراھلىقىدابالىلار تەربىيە يۇرتىغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلغان. ھەممە نەرسە شۇنداق مەدەنىي، رەتلىك، بالىلارمۇ ناھايىتى بەختلىكتەك تۇيۇلغان. توساتتىن 14ياشلىق بىر ئوغۇل بالا پوسۇققىدە ئەينەن ئەھۋالنى دەپ تاشلىغان، ئۇ، گوركىينى: «كۆرگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى يالغان!» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. بىر سائەتتىن كېيىن ئۇستاز ئىش لاپىسىدىن يۈم-يۈم يىغلىغىنىچە يېنىپ چىققان، بىر ئات هارۋىسى ئۇنى لاگېر ئەمەلدارىنىڭكىگە تاماققا ئېلىپ كەتكەن. گوركىي كەتكەندىن كېيىن بالىلار ھېلىقى ئوغۇل بالىنى چۆرىدىۋېلىپ: «پاشىنىڭ ئىشىنى دېدىڭمۇ؟» دەپ سورىغان:

— «دېدىم!»

— «بىزنى ئات، ئۇرۇندۇق قىلىپ مىنگىنىنى دېدىڭمۇ؟»

— «دېدىم!»

— «پەلەمپەيدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتكىنىنىچۇ، قارلىقتا تۇنگىنىمىزنىچۇ؟»

راست گەپ قىلىدىغان بالا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېگەن. ئەمما، دېگىنى بىلەن قانداق بولغان؟ ئۇستازنىڭ كېيىنكى ئارالدىن ئايرىلىشى بىلەنلا ھېلىقى ئوغۇل بالىنى سۆرەپ چىقىپ ئېتىۋەتكەن!

ئۇستاز كېلىنى بىلەن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، كېلىنى ماقالە يېزىپ: «سولوۋېتس ئارىلى تىپتىنچ ۋە ھەيران قالغۇدەك گۈزەل ئىكەن. كەچتە مۇزىكا كېچىلىكىگە قاتناشتۇق، بىزنى شۇ جايدا چىقىدىغان قۇلۇلىخور بېلىق بىلەن كۈتۈۋالدى، مۇنداق بېلىق يۇمشاق ۋە مەززىلىك بولىدىكەن، ئاغزىڭىزغا سالسىڭىز ئېرىپ كېتىۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدىكەن» دېگەن. گوركىيمۇ ماقالە يېزىپ سولوۋېتس ئارىلىدىكى تۇرمۇش جەننەتتىكىدەكلا گۈزەل ئىكەن، دەپ ماختاپ ئۇچۇرغان - ئۆزىنىڭ راست گەپ قىلىدىغان بالىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ كەتكەنلىكىنى ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا پاك-پاكىز ئۇنتۇپ كەتكەن كىشى بولۇۋالغان.

سولژېنىتسىن مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇستازنىڭ «رەھىمسىزلىكى ۋە خامۇشلۇقى» نى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ: «ھەي، ئىنسان قەلبىنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇستىسى! ئىنسانشۇناسلىقنى پىششىق بىلىدىغان مۇتەخەسسىس! نېمىشقا ھېلىقى بالىنى ئېلىپ كەتمىگەن بولغىيتتىڭىز؟» دېگەن.

ئەمما گوركىي راست گەپ قىلىدىغان بالىنى ئېلىپ كېتىپ قوغداپ قالغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ نەتىجىسى يەنە قانداق بولاتتى؟ ئۇ، بارلىق بالىلارنى قوغداپ قالالامتى؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇستاز شۇ چاغدا راست گەپ قىلغان بولسا، ئۇمۇ ئاشۇ بالىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان بولاتتى.

جۇڭگودىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا گومورومۇ ئۆزىنىڭ كاتتا مەرتىۋىسى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتى بىلەن، راست گەپ قىلغان ھېلىقى بالىسى گوشىيىڭنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدىغۇ؟ جاڭ جىنشىن راست گەپ قىلغانلىقتىن ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلىش ئالدىدا يەنە شەپقەتسىزلىك بىلەن كېكىردىكىنى كېسىپ تاشلاش قىسمىتىگە گىرىپتار بولدىغۇ؟ لىن جاۋنىڭ ئانىسى، راست گەپ قىلغانلىقتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان قىزىدىن شۇنچە يىراقتا تۇرسىمۇ، جىخ ئىدارىسى يەنىلا ئۇنىڭدىن ئوق پۇلىنى ئالدىغۇ؟

ئاندېرسېننىڭ چۆچىكىدە پادىشاھ ئالدانغۇچى، ئالدامچى ئىككى سەيپۇڭ. ئەمما جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، «بۇندا بۇلبۇل ناخشا ئېيتسا، قارلىغاچ ئوينار ئۇسسۇل» دېگەندەك ئالدامچىلىقلارنى پەيدا قىلغانلار ھەمىشە پادىشاھلار بولۇپ چىققان. مەسىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» دە يېزىلىشىچە، سۈي سۇلالىسىنىڭ خانى ياڭدى لوياڭدىكى چەت ئەللىكلەرگە ئۆز قۇدرىتىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ھەر يىلى 1-ئايدا لوياڭ كوچىلىرىغا 100 نەچچە مەيدان ئويۇن ئورۇنلاشتۇرغان، ئويۇن قويۇشقا قاتناشقان ناخشىچى قىزلار 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. چەت

ئەللىكلەر لو ياڭنىڭ فېگدۇ شەھىرىگە سودا قىلغىلى كەلگەندە، ئۇ، ھاراق-شاراب، يېمەك-ئىچمەك دۇكانلىرىغا چەت ئەللىكلەرنى تويغىچە يېگۈزۈپ، قانغىچە ئىچكۈزۈپ، بىر يارماقمۇ پۇل ئالماسلىق توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن، تېخى: «جۇڭگو دېگەن باي، تاماق يەپ ھاراق ئىچكەنگە ئەزەلدىن پۇل ئېلىپ باقمىغان» دېگەن. ئۇ يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ كوچىدىكى دەل-دەرەخلەرنى تاۋار-دۇردۇنلار بىلەن ئوراپ زىننەتلەتكەن. ئەمما چەت ئەللىكلەر بۇ ئالدامچىلىقنى ئېچىپ تاشلاپ: «جۇڭگودىمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان نامراتلار بار ئىكەن، بۇ نەرسىلەرنى شۇلارغا بەرمەي نېمىشقا دەرەخنى ئوراپ قويدۇڭلار؟» دەپ سورىغان. راست گەپ قىلىش چوڭلارغىمۇ، باللارغىمۇ ئوخشاشلا خەتەرلىككەن، قارىغاندا يەنىلا چەت ئەللىكلەرنىڭ سۆزلىگىنى بىخەتەررەككەن. ئۇنداق ئەمەسمۇ-يا؟

گۇاڭجۇدا چىقىدىغان «جەنۇب كۆزنىكى»《南风窗》ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىل 6-سانىدىن

# پارىخور ئەمەلدارنىڭ مەستلىكتە دەپ تاشلىغانلىرى

## جاڭ خۇگېن

ھىم، سىلەردەك بىر نەچچە چۈپرەندىنىڭ مېنى ئەرز قىلىپ ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولغىنىڭلار ھەقىقەتەنمۇ چۈمۈلىنىڭ دەرەخنى لىڭشىتماقچى، ياچۇۋەكنىڭ ھارۋىنى توسماقچى بولغىنىدەك بىر ئىش. سىلەر پاش قىلىش خېتىڭلارنى مەركەزگە، گوۋۇيۈەنگە ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «دىققەت مەركىزى» پروگراممىسىغا ئەۋەتىپ بېرىپسىلەر، راستىنى دەپ قوياي، بۇ، بىكار، خەت-چەكلەرنىڭ ھەممىسى نەدىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە قايتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە شۇ پېتىچىلا تەپتىش مەھكىمىسىگە چۈشۈرۈپ بېرىلىدىكەن، بۇنى تەپتىش مەھكىمىسىدىكىلەر ماڭا تولۇق دېدى. ئۆتكەن قېتىم تەپتىش مەھكىمىسىدىكىلەر بېسىمنىڭ زورىدىن تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئەمما ھەقىقىي تۈردە تەكشۈردىمۇ؟ ياق. چۈشتە ئۇلارنى «ۋۇلياڭيې» بىلەن بىر ھازا سىناپ، كەچتە ھەر بىرىگە بىردىن «قىزىل بولاق» بېرىپ قويۇۋېدىم، كەتكىچە دولامغا شاپىلاقداپلا قويدى. تاپە قېنى، ئۇلار نېمە دېگەندۇ؟ ساڭا مەن دەپ بېرەي، ئۇلار: «جورۇڭجىنىڭ ئۆزى كېلىپ سېنى تەكشۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس، كەچتە خوتۇنۇڭنى قۇچاقلاپ خاتىرجەم ئۇخلاۋەر» دېدى. ئۇلار قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە، ھېچقانداق چوڭ ئىش تاپالمىدۇق، دەپ دوكلات قىلىدۇ. سىلەر «دىققەت مەركىزى»گە ئەۋەتىپ بەرگەن خېتىڭلارنى كۆرۈشكە «دىققەت مەركىزى»دىكىلەرنىڭ چولىسى تەگمەيدۇ، مېنىڭ بۇ كىچىككىنە ئىشىمغا ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەپكەلگىلى بولاتتىمۇ؟ ساڭا دەپ قوياي، ئۇلار دېگەن ئاخبارات ئورنى، قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ئورۇن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاخبارات ۋاستىلىرى «پاش قىلىش» بىلەن ھەپىلىشۋەرسىمۇ بولمايدۇ، «پاش قىلىش» كۆپ بولۇپ كەتسە، بىزنىڭ بۇ جەمئىيىتىمىزگە ئوبدان بولامدۇ؟ بۇ جەھەتتە تىزگىنلەپرەك تۇرمىسا بولمايدۇ. قاتتىق تىزگىنلەنسە ماڭا تازا چوڭ ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ. خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكرى! شۇڭا سىلەر يۇقىرىغا نەچچە ئون قېتىم ئەرز قىلىش تۇگۇل، ئون مىڭ قېتىم ئەرز قىلساڭلارمۇ، ساقىلىڭلارغا ئاق كىرگىچە ئەرز قىلساڭلارمۇ، ئايىغىڭلارنىڭ چەمى تېشىلىپ كەتكىچە ئەرز قىلساڭلارمۇ بەرىبىر ئاقمايدۇ! مېنى ئەرز قىلىپ ئاغدۇرۇۋېتەلىسەڭلەر، خوتۇنۇڭلارنىڭ يۇندىسىنى ئىچەي.

راستىنى ئېيتسام، سېنىڭدىن يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمايمەن، خىيانەت قىلغىنىم راست، بەك بولسا بىرەر مىليوندىن ئاشار. ئەمما بۇ بىرەر مىليوننى ھېساباتتىن تاپقىلى بولمايدۇ. مەن باشقىلار تەكشۈرسۇن دەپ ھېساباتقا يېزىپ قويىدىغان ساراڭمىدىم؟ ھېسابات مېنىڭ كۆڭلۈمدە، سەن تەكشۈرۈپمۇ تاپالمايسەن، ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتىڭ بولمىسا، ماڭا قانداق جىنايەت ئارتالايسەن؟ ساڭا شۇنىمۇ دەپ قوياي، مەن بۇ پۇلنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىشلىتىپ يۇقىرىدا ھازىرلىق كۆرۈپ قويدۇم، مەن ئوتتۇرىغا چىقىپ قالسام يۇقىرىدىكىلەرنىمۇ نەس باسامدۇ؟ نېمىشقا سىلەر يۇقىرىغا ئەرز قىلساڭلار، يۇقىرىدىكىلەر سىلەرنى خەلقئارادا قېلىپلىشىپ قالغان قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئەپلەپ-سەپلەپ يولغا سالىدۇ؟ چۈنكى بىز ئاللىقاچان بىر ئاكوپتىكى سەپداشلار، بىر ئوغرى كېمىسىدىكى كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. سەن ئۆز پۇلۇڭنى خەجلەپ ئەرز قىلىۋەر، مەن كومپارتىيىنىڭ پۇلى بىلەن يول ئاچاي، قېنى كىم كىمنى يېڭىدىكىن. يۇقىرىدا بىرەر شەپە بولغان تەقدىردىمۇ، باشلىقىم ئېيتىنىشىپ يۈرۈپ مېنى ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. مېنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئادەتتىكى مۇناسىۋەت ئەمەس. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پاش قىلغۇچىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كەلدى، ئەمما مەن سىلەرنىڭ پاش قىلىش خېتىڭلارنى بىرنى قالدۇرماي كۆرۈپ تۇردۇم. سىلەر بىرەر ھەرىكەت قىلساڭلارلا، ئۇلار مەن بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلاشتى. قانداق، ئۇلار ئاغىنىدارچىلىقتا يارامدىكەن؟

مېنى نىيىتى ئەگرى دېسەڭلارمۇ، ھاراقنى كۆپ ئىچىۋالدى دېسەڭلارمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ مەن مۇشۇنداق ئويلايمەن. ھازىر ھوقۇقى بولسا كىم

خىيانەت قىلمايدۇ؟ بۇ يەردىكى مەسىلە خىيانەتنىڭ ئاز-كۆپلىكىلا، خالاس. سەن خىيانەت قىلمىساڭمۇ، خەق سېنى خىيانەت قىلدى دەيدۇ. بۇ، ئون ئادەمنىڭ ئىچىدە توققۇزى ئوغرى بولسا، يەنە بىر ياخشى ئادەم توققۇز ئوغرىنىڭ ئىچىدىكى يامان ئادەم بولۇپ قالغاندەك بىر ئىش. هازىر مېنىڭ ئۆيۈممۇ، پىكاپىممۇ، پۇلۇممۇ، ئاشنامىمۇ بار، يەنە كېلىپ بۇندىن كېيىنكى يولۇمنى ناھايىتى كەڭ راسلىۋالدىم. سىلەر مېنى ئاغدۇرۇۋېتەلمەيلا قالماستىن، مەن يەنە ھەر يىلى «ئىلغار» بولۇپ سايلىنىۋاتىمەن. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئۆز كۆڭلۈمدەك چۈشىنىپ بېقىڭلار، ئەگەر سىلەرگە مەنسەپ بەرسە، ھوقۇق تۇتقۇزسا، سىلەر خىيانەتچىلىك قىلمايمىز دېيەلەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ مېنى پاش قىلغىنىڭلار «بويى يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق» دېگەندەك ئىش بولماي نېمە؟

مەن سىلەرنى جېلە قىلماقچى ئەمەس، سىلەرگە پو ئاتماقچىمۇ ئەمەس، مېنى ئەرز قىلغىنىڭلار بىكار، چېرىكلەشكەن مەنلا ئەمەس، ھەممىلا كىشى چېرىكلىشىۋاتىدۇ، جامائەتكە جىنايەت ئارتقىلى بولمايدۇ. مەن يەنىلا سىلەرنى قايتىپ بېرىپ ئۆيقۇڭلارنى ئۇخلاشقا، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلارنى تېجەپ ئاز-تولا ياخشى ئىش قىلىشقا نەسىھەت قىلىمەن. نەسىھىتىمگە قۇلاق سالمىساڭلار، ئىسمىلىكىڭلار قولۇمدا تۇرۇپتۇ، مەنسىپىم ئۆسكەن چاغدا ئەدىپىڭلارنى بېرىپ قالسام ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايسىلەر!

---

چاڭچۇندە چىقىدىغان «تاغدىن-باغدىن» 《东西南北》 ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىل 10-سانىدىن (M1)

## نەسرلەر ۋە ئەدەبىي پارچىلار

### جېلىل ئاۋۇت

#### ئىككى پونكىت ھەققىدە قىسسە

ئەلقىسسە، يېزا تاشيولىنىڭ شىمال تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ساقچى پونكىتى بۇ يېزىدىكى بىردىنبىر ئىككى قەۋەتلىك قورۇ ئىدى. ئۇنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك فورما كىيگەن سېمىز ساقچىلار ئاپتوموبىل ھەم ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتتا ئولتۇرۇپ ۋەھىمىلىك سىگنال بېرىپ، كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى...

ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ياغاچ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان پاكارغىنە كونا ئۆي بولسا مۇشۇ يېزىدىكى بىردىنبىر ئىسمى بار، جىسمى يوق پونكىت - يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى ئىدى. ئۇنى مۇشۇ مەكتەپتىن دەم ئېلىشقا چىققان بىر ئاغرىقچان بوۋاي يالغۇز ۋە ھەقسىز باشقۇراتتى. بۇ پونكىتقا ئاددىي كىيىنگەن، ئېغىر روھىي بېسىم ۋە ئىقتىسادىي بېسىمدىن چىرايلىرىدىن توپا ئۆرلەپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلار كۆپرەك كىرىپ - چىقاتتى...

#### ياتلىشىش

ئىدىيە ئەركىنلىكى بولمىغان جەمئىيەتتە يالغان سۆز ۋە ساختا ئېتىقاد بازار تاپىدۇ.

#### ئۈچ پۈتلۈق داڭقان

مەكتەپ، مەسچىت ۋە قانۇن ئورگانلىرى جەمئىيەت تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇرۇدىغان ئۈچ پۈتلۈق داڭقان.

#### شەرەپلىك ئائىلە

مەن «ئۆچتە ياخشى پېئونېر»، دادام «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، بوۋام «بەشتە ياخشى ئىمام»، ئۇلۇغ بوۋام...

#### ئوغرى ۋە غەپلەت ئۇيقۇسى

مەن ئوغرىدىن ئېھتىيات قىلمايمەن، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئېھتىيات قىلىمەن. ئوغرى پەقەت پۇل ۋە مال-مۈلۈكلەرنى ئوغرىلىشى مۇمكىن. لېكىن، غەپلەت ئۇيقۇسى ئەركىنلىك، ئىمان - ئېتىقاد ۋە باشقا ھەممە، ھەممە بەخت-سائادەتلىرىمنى ئوغرىلاپ كەلدى.

#### دەھشەت

ئەرلەر ئىمان - ئېتىقادىنى سېتىپ ياشايدىغان ئەلدە ئاياللارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى سېتىپ ياشىشى ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەس.

---

ئاپتور: باي ناھىيە توقسۇن يېزا جىغلاڭ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى (M1)

www.uyghurkitap.com



## مەدەنىيەت - سەنئەت ئۇچۇرلىرى

### چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ئاۋمېندا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىلىپ داڭق چىقاردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئاۋمېن شۆبىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» نى ئورۇنداش ئۆمىكى ئاۋمېندا ئويۇن قويۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

بۇ قېتىم شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئاۋمېن شۆبىسى تەكلىپ قىلغان بىردىنبىر ئۆلكە دەرىجىلىك ئۆمەك سالاھىيىتى بىلەن ئاۋمېنغا بېرىپ ئويۇن قويدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى لى كاڭنىڭ ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دوەن تۇڭخۇا، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئابلىجان ھېيت مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى بۇ ئۆمەك 1999-يىلى 19-دېكابىردا ئاۋمېندىكى ھەرقايسى ساھە، كوللېكتىپلارنىڭ ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئۇلار بارغانلىكى يەردە قىزغىن قارشى ئېلىندى. ئاۋمېن جۇڭخۇا مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ۋۇباۋياۋ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇللىرىنىڭ رىتىمى تېز، ئارتىسلارنىڭ كىيىملىرى يارىشىملىق بولغاچقا بۇگۈن كەچتىكى كەيپىياتنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. داڭلىق ناخشا چولپىنى شى شۇلەن شىنجاڭلىق سەنئەتكارلار بىلەن بىللە ئويۇن قويدى. ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىن بارغان ناخشىچى جاڭ لىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: سىلەر بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، سىلەرنىڭ ئويۇنلىرىڭلار قالتىس

مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى
2000-يىل [illegible]

ئىكەن. سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئويۇن قويۇشىڭلار ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنىشىنى پۈتكۈل مەملىكەت تەڭ تەبرىكلىگەنلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى.

شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى بارلىق ئارتىسلار 20-دېكابىر ئاۋمېن يېڭى پورتىنىڭ «دوستلۇق» يولىدا قىزغىن مەشرەپكە چۈشۈپ، ئاۋمېندا تۇرىدىغان قوشۇنىمىزنىڭ ئاۋمېنغا كىرىشىنى قارشى ئالدى. مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى يەنە «گۈزەل ئەتىگە قەدەم تاشلاش» ناملىق چوڭ تىپتىكى تەبرىك سەيلىسىگە قاتناشتى. ئۇلار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ يول بويىدىكى نەچچە ئون مىڭ ئاۋمېنلىقنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

«پۈتكۈل مەملىكەت تەڭ تەبرىكلىمەكتە» دېگەن ئارقا كۆرۈنۈش سۈرىتى ھاسىل قىلىنغاندا، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار يىقىملىق دۇمباق رېتىمىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كىردى. داڭلىق ئۇسسۇلچى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان، دىلنار ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇل «تەبرىكلەش» بىر قانچە مىڭ ئاممىنىڭ ئالدىدا ئوينالغاندا، پۈتكۈل مەيداندا ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

23- دېكابىر كەچتە ئۆمەكتىكىلەر ئاۋمېن-گواڭشى بىرلەشمە دوستلۇق باش جەمئىيىتى ۋە ئاۋمېن - جيانىڭ مەسلىھەت بېرىش ھەمسىدارلىق شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «يۈگلىي» تىياتىرخانىسىدا مەخسۇس ئويۇن قويدى.

چېن يەن

## «جۇڭگو خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرى قامۇسى شىنجاڭ تومى» نەشر قىلىندى

ئۆز خەۋىرىمىز: 2000-يىلنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلىنغان «جۇڭگو خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرى قامۇسى شىنجاڭ تومى» نى تارقىتىش مۇراسىمى 1999-يىلى 29-دېكابىر چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مجىت ناسىر، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتۇمەن زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پاشا ئىشان قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشتى.

3مىليون خەتلىك نادىر ئەسەر «جۇڭگو خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرى قامۇسى شىنجاڭ تومى» جامائەتچىلىكنى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ناخشا-مۇزىكىسى، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. «شىنجاڭ تومى» دا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق 13مىللەتنىڭ 1898خەلق ناخشىسى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان. باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىشلىگەن مۇشۇ خىلدىكى توپلاملارغا سېلىشتۇرغاندا «شىنجاڭ تومى» نىڭ كۆلىمى زور، بەت سانى كۆپ بولۇپ، ناخشا تېكىستى، نوتا، سۈرەتلەر كىرىشتۇرۇلگەن.

بۇ تومدىكى ماتېرىياللارنى يىغىش، تەكشۈرۈش، رەتلەش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار ئون نەچچە يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ تاغ-دەريالىرى، يېزا-قىشلاقلىرىنى ئارىلاپ، 10مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق ماقالە يېزىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا مىراسلىرىنى قېزىشقا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

ئىگىلىنىشىچە، مەملىكەت بويىچە 300توملۇق مىللىي خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت توپلىمى 2001-يىلى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىنىپ بولىدىكەن. نازارىتىمىزغا قاراشلىق بۇ سەنئەت تەتقىقات ئورنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان يەتتە تەزكىرىنىڭ بەشى ھازىر ئىشلىنىپ بولغان.

مەتتۇمەن زاكىر مۇراسىمدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: بۇ كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى يەنە بىر كاتتا ئىش بولۇپ، ئۇ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئۆسۈپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## «تەڭرىتاغدا ئەجدىھا» ناملىق سەنئەت كېچىلىكى شىنجاڭنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى نامايان قىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 2000-يىللىق چاغان ھارپىسىدا قەلبى خۇشاللىققا تولغان شىنجاڭ ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى 23-يانۋاردا «خۇالىڭ» سودا شەھەرچىسى سەھنىسىدە بۇ يىل چاغانلىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى «تەڭرىتاغدا ئەجدىھا» نى ئورۇندىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز رەھبەرلىرىدىن جۇشىڭشاۋ، چېن دېمىن، ۋۇدۇنفۇ، جاڭ چىلى، مجىت ناسىر، ماجيېنگو، مەتتۇمەن زاكىر، پاشا ئىشان ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى رەھبەرلىرىدىن يۈبىڭلى، دىڭ شىكاڭ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش يىغىنىدىن ئىبارەت «ئىككى يىغىن» ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 3000غا يېقىن تاماشىبىن شىنجاڭنىڭ 2000-يىللىق چاغانلىق سەنئەت كېچىلىكىگە قاتناشتى.

پۈتكۈل كېچىلىك قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇللىرى بىلەن تولغان بولۇپ،

«تەڭرىتاغ شادلىقى»، «قىزلار باھارى»، «ئالمىخان»، «گۈل ئېمىشقا مۇنچىۋالا قىزىل»، «سۆيۈملۈك ئەتىرگۈل» قاتارلىق ناخشا-ئۇسسۇللار تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قويۇق دەۋر پۇرىقىغا ئىگە ناخشا-ئۇسسۇل «ياخشى كۈنلەر» قاتارلىق نومۇرلار ۋە شياڭگاڭ، بېيجىڭ ناخشىچىلىرى ئورۇندىغان ناخشىلار، خەلق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «شەھەر رايونىدىن بىر كۆرۈنۈش» قاتارلىق قىزىقارلىق ئىتوتلار تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

كېچىلىك چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل «يېڭى دەۋرگە يۈزلىنىش» بىلەن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، سېرك ئۆمىكى، ئوپېرا ئۆمىكى، سەنئەت ئىنىستىتۇتى، ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى، بىڭتۈەن ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى، «ئاق تېرەك كۆچىتى» باللار سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلار ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى.

## مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى «قوش ئىلغار»لار تەقدىرلەندى
## شىنجاڭدىن بەش ئورۇن،بەش شەخس تەقدىرلەندى

ئۆز خەۋىرىمىز: 2000-يىلى 16-فېۋرالدىن 17-فېۋرالغىچە ئېچىلغان «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەرگە نام بېرىش، تەقدىرلەش يىغىنى»دا، شىنجاڭدىن قەشقەر شەھىرى، ماناس ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» قاتارىدىن ئورۇن ئالدى؛ شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، قاراماي شەھەرلىك كۇتۇپخانا ۋە دۆربىلجىن ناھىيىسى مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن ئادىل مۇھەممەت، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئامىمۋى سەنئەت يۇرتىدىن قۇربان بىبى، ئالتاي شەھەر سارخۇسۇن يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىن رەھمىتۇللا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن يۇيۇرېن ۋە ئىلى ئوبلاستلىق كىنو شىركىتىدىن جۇيىسىنلار «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## «2000-يىللىق شياڭگاڭ خەلقئارا سەنئەت بايرىمى»دا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى
## ئۇيغۇر 12مۇقامىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى

شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى دۇڭ جيەنخۇا ئەپەندىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «2000-يىللىق شياڭگاڭ خەلقئارا سەنئەت بايرىمى»دا، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى ئۇيغۇر 12مۇقامىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، 23-فېۋرال ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

بۇ قېتىمقى سەنئەت بايرىمىغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى زۇنۇن قۇتلۇق ۋە شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم باقى باشچىلىقىدا، ناخشىچى، سازەندە، ئۇسسۇلچىلاردىن بولۇپ 37كىشى قاتناشتى. بۇ ئانسامبىل 11-فېۋرال ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ 12-فېۋرالدىن باشلاپ «شياڭگاڭ تۇنمىن مەدەنىيەت مەركىزى»، «شياڭگاڭ مەدەنىيەت مەركىزى» ۋە «چۈەنۋەن مەدەنىيەت مەركىزى» كۆڭۈل ئېچىش زالىدا ئۇيغۇر 12مۇقامىنى جەمئىي سەككىز مەيدان ئورۇندىدى. 12مۇقامنىڭ ئەنئەنىۋىلىكىنى ئامىمىغا تېخىمۇ كەڭ تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇقام تېكىستلىرى كومپيۇتېر ئارقىلىق خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلىنىپ، تاماشىبىنلارغا كۆرسىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن تاماشىبىنلار ئارتىسلار ئورۇندىغان نومۇرلارنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەردار بولدى. ھەر نۆۋەتلىك ئويۇن ئاخىرلاشقاندا تاماشىبىنلار زالدىن چىقىپ كەتمەي قايتا-قايتا چاۋاك چېلىپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئارتىسلار «تاغ سۇلىرى»، «ئاتۇش پەدىسى» قاتارلىق ئۇسسۇللۇق ناخشىلارغا ئۇسسۇل ئويناپ تاماشىبىنلار ئارىسىغا بېرىپ ئۇلارنى ئۇسسۇلغا تارتىپ بىللە ئۇسسۇل ئوينىدى. بۇ قېتىمقى ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇ بولدىكى، باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئەربابلار شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلىنى ئۆز دۆلەتلىرىگە بېرىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلدى.

16-فېۋرالدىكى سەنئەت بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، مۇراسىمغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان مەتتىمىن زاكىر، زۇنۇن قۇتلۇقلار دۇڭ جيەنخۇا ئەپەندىگە دوپپا، تون كىيگۈزدى.

- مېھرىنسا مەتنىياز(M2)

www.uyghurkitap.com




# جۇرئەت ئوبۇلقاسىمغا شان - شەرەپ

## جۇرئەت ئوبۇلقاسىم 2000-يىلدىكى تۇنجى دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ياراتتى

ئەنۋەر ئەزىزى

جۇرئەت ئوبۇلقاسىم 1998-يىلى 22-ئۆكتەبىردىن 2000-يىلى سائەت نۆلدىن نۆل مىنۇت ئۆتكىچە بولغان 436كۈندە موتسىكلىت بىلەن 73مىڭ كىلومېتىر يول بېسىپ مەملىكىتىمىزدىكى 31ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە 312ناھىيە (شەھەر) نى ئايلىنىپ چىقتى. بۇ، جۇڭگو شائىخەي دۇنيا جىننىس رېكورتى باش شتابى تەرىپىدىن 2000-يىلدىكى دۇنيا جىننىس رېكورتى، دەپ ئېتىراپ قىلىندى. 2000-يىلى 18-يانۋار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ۋە ئاخبارات - تەشۋىقات ساھەسىدىكىلەردىن 100دىن ئارتۇق كىشى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىغا چىقىپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن جۇرئەت ئوبۇلقاسىمنى قارشى ئالدى. مىجىت ناسىر ئەپەندى ئۇنىڭ جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي، قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىپ، 2000-يىلدىكى تۇنجى دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يارىتىپ، خەلقىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈرگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك، باتۇرلۇق روھىغا يۇقىرى باھا بەردى.

جۇرئەت ئوبۇلقاسىم ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن بىللە ئۆيىگە قايتىش يولىدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ ئالدىدا ئۇنى يەنە بىر قېتىم قىزغىن قارشى ئالدى.

### يېڭى ئەسىرگە سوۋغا

www.uyghurkitap.com

# يېڭى ئەسىر سوۋغىسى

## — جۇرئەت ئوبۇلقاسىمنىڭ موتسىكلىت بىلەن جوڭگونى ئايلىنىپ چىقىپ 2000-يىلىدىكى تۇنجى دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقانلىقى توغرىسىدا

ئىلھام ئىمىن

### مۇقەددىمە

بىر تىجارەتچىنىڭ ئۆزيېنىدىن 100نەچچە مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، موتسىكلىت بىلەن جوڭگونى ئايلىنىپ چىقىپ، يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ياراتقانلىقى يېڭى 1000يىلغائەمدىلا قەدەم قويغان دەۋرىمىز ياشلىرىغا مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن توختاۋسىز ئىلگىرىلەش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. جۇرئەت ئوبۇلقاسىم قەيسەر ئىرادىسى، ۋەتەنگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئىستىكىنىڭ تۈرتكىسىدە، كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان نى-نى قىيىنچىلىقلارنى بىر-بىرلەپ يېڭىپ، خەلقىمىزگە ئەسىر سوۋغىسى سۇندى. ئۇ ياراتقان دۇنيا جىننىس رېكورتى باشقا كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى دۇنيا جىننىس رېكورتلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، تەبىئەتكە جەڭ ئېلان قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. مەملىكىتىمىزدىكى 31ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر، 312ناھىيە (شەھەر) دە ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى قالدى. جۇرئەت ئوبۇلقاسىمنىڭ ۋەتەن - خەلققە شان-شەرەپ كەلتۈرۈش روھى دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

### يېڭى 1000يىلدىكى تۇنجى دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يارىتىمەن

1971-يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان جۇرئەت كىچىكىدىنلا قەيسەر ئىرادىلىك، تەۋەككۇلچى بالا ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ، تىجارەت يولىغا مېڭىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئارىسىدا قاتراپ يۈردى. 1997-يىلى 22-ئىيۇندا خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ئادىل ھوشۇر چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان سۇ يۈزىدىن 402مېتىر ئېگىزلىكتىكى، 640.7مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىدىن 13مىنۇت48سېكۇنتتا ئۆتۈپ، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كانادالىق كوچرەين 1995-يىلى 28-ئۆكتەبىردە بۇ يەردە ياراتقان 53مىنۇت ئون سېكۇنتتا ئۆتۈشتەك دۇنيا جىننىس رېكورتىنى بىراقلا 39مىنۇت63سېكۇنت ئالدىغا سۈرۈش ئارقىلىق دۇنيا يېڭى جىننىس رېكورتى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرغا نىسبەتەن چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالدى ۋە كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭدىمۇ مەلۇم بىر تۈردە دۇنيا جىننىس رېكورتى يارىتىپ، ۋەتەن-خەلققە شەرەپ كەلتۈرۈش ئىستىكى قوزغالدى. ئۇ موتسىكلىت مىنىشكە ھەۋەس قىلغاچقا، موتسىكلىت مىنىشنىڭ مەلۇم ھالىتىدە جىننىس رېكورتى ياراتماقچى بولۇپ، شاڭخەي دۇنيا جىننىس رېكورتى باش شىتابىدىكى خادىملاردىن مەسلىھەت سورىدى. ئۇ يەردىكى خادىملار: مۇشۇنچىلىك غەيرەتكە كەلگىنىڭىزگە قايىل بولدۇق. موتسىكلىت بىلەن جوڭگونى بىر يولىلا ئايلىنىپ چىقسىڭىز، سىزگە دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ياراتقانلىق گۇۋاھنامىسى بېرىمىز، دېدى. جۇرئەت ئوبۇلقاسىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، موتسىكلىت بىلەن جوڭگونى بىر ئايلىنىپ چىقىشقا بەل باغلىدى ۋە تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن جوڭگونىڭ ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ يەرشەكلى خەرىتىسىنى سېتىۋېلىپ، جوڭگونىڭ يەرشەكلى بىلەن بىر قۇر تونۇشۇپ چىقتى. ئۇ، بىرنەچچە يىل تىجارەت قىلىش جەريانىدا ئازراق پۇلمۇ تاپقانىدى. ئۇ بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تاپقان-تەرگىنىنى مۇشۇ ئىشقا ئاجرىتىش قارارىغا كەلدى.

### يول ئازابى گۆر ئازابى

جۇرئەت ئوبۇلقاسىم كۆپ تەرەپلىمە تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق 1998-يىلى 23-ئۆكتەبىردە ئالاھىدە ياسالغان شىنداجۇ (يېڭى قىتئە) ماركىلىق موتسىكلىتنى مىنىپ، خەينەن ئۆلكىسىنىڭ خەيكۇ شەھىرىدىن يولغا چىقتى. ئېھتىمال سىز موتسىكلىت بىلەن جوڭگونى ئايلىنىش نېمە دېگەن ياخشى ئىش، ساياھەت قىلغاچ جوڭگونىڭ ھەممە جايلىرىنى تاماشا قىلغىلى بولىدىكەن، دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن. سىز جۇرئەت ئوبۇلقاسىم يولۇققان قىيىنچىلىق ئىچىدىن تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى ئاڭلىسىڭىزلا جوڭگونى ئايلىنىش سەپىرىنىڭ سىز ئويلىغاندەك ئاسان ئىش

ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايسىز.

1999-يىلى ئاپرېل. شەرقىي شىمالغا كېلىپ قالغان جورگەت خاربىندىن يولغا چىقىپ، چىچىخار ئارقىلىق خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان شەھىرى خېيخېغا قاراپ ماڭىدۇ. 4-ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ ، ھاۋاسى سوغۇق شەرقىي شىمالدا قار-مۇزلار تولۇق ئېرىپ بولالمىغانىدى. خېيخې شەھىرىگە ئاز قالغانىسىرى ھاۋا تېخىمۇ سوۋۇپ كەتتى. ئارىلىقتىكى ناھىيە، يېزىلارمۇ شالاڭلاشقا باشلىدى. بەش ئايدىن ئارتۇق يول يۈرگەن جورگەتنىڭ بەدىنى خېلىلا ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەيدىغان تۈزۈك نەرسە بولمىغاچقا، ئۇ، خېيخې شەھىرىگە تۆت كۈن قالغىچە بىرۋاقمۇ تاماق يېيەلمەي، كۈندە ئازراق مېۋە ۋە قورۇق تەييار چۆپ بىلەن قورسىقىنى گوللاپ ماڭىدۇ. خېيخې شەھىرىگە ئۈچ سائەتچە قالغاندا ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە ئىككى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ، موتسىكلىتنى توختىتىپ، ئازراق ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە يولغا چىقتى. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە مىڭ تەسلىكتە خېيخې شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا كېچە سائەت 12 بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ، موتسىكلىتنى بىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ بىلەت كەستۈرۈپ ياتاققا كىردى. ئۇ، كارىۋات يېنىغا كېلىشىگىلا بېشى ئايلىنىپ، كارىۋات ئۈستىگە گۈپپىدە يىقىلدى. ئۇنىڭغا يەر-جاھان پىرقىراۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئاتا-ئانىسى، ئايالى، ئوماق قىزى كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ، بۇلارنىڭ ئوڭ ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى. ھەددىدىن زىيادە چارچاش، ئاچ قېلىش ئۇنى ئېغىر دەرىجىدە ماغدۇرسىزلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ: مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ، دېگەن يامان خىياللارنى قىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭ يېنىدا يان تېلېفون بارئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەرگۈسى كەلدىيۇ، ئۆيدىكىلەر ئەنسىرەپ قالمىسۇن، دەپ بۇ خىيالدىن ۋاز كەچتى. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولدى. بۇ چاغدا سەھەر سائەت ئۈچ بولغانىدى. ئۇ، مىڭ تەستە ئورنىدىن تۇردى. سىرتقا چىقىپ بىرەر بوتكىدىن پېچىنە ئېلىپ بولسىمۇ قورساقنىڭ ئاچلىقىنى باساي، دەپ ئويلاپ، تامىنى ياقىلاپ مېڭىپ، ئاران دېگەندە سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ كۆزىگە مېھمانخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر كىچىك بوتكا چېلىقتى. بوتكا تاقاق بولغاچقا، ئۇ، جانسىز قوللىرى بىلەن بوتكىنى قاقتى. بىر ھازادىن كېيىن بىر ياش بوتكا ئىشىكىنى ئېچىپ، پۇتلىرى تىترەپ ئاران ئۆرە تۇرغان بىر جاننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئاڭغىچە جورگەت قورسىقىنىڭ بەك ئېچىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پىرەنىك سېتىپ بېرىشىنى ئېيتتى. بوتكا ئىگىسى دەرھال ئۇنى بوتكا ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ، پېچىنە ۋە ئىچىملىك ئېلىپ بەردى. ئىچىرقاپ كەتكەن جورگەت پېچىنە بىلەن قورسىقىنى بىرئاز تويغۇزغاندىن كېيىن، بوتكا ئىگىسىگە رەھمەت ئېيتىپ، ياتاققا قايتىپ كەتتى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ بىر تۇتۇلغان ئاشخانىسىدا ئىككى كۈنگىچە ئوبدان غىزالىنىپ، بىرئاز ماغدۇرلىنىۋالدى. 3-كۈنى ئۇ يەنە موتسىكلىتىنى مىنىپ، ئىچكى موڭغۇل ئارقىلىق شىنجاڭغا يول ئالدى.

1999-يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى. قاغىلىقتىن شىزاڭغا بارىدىغان يولنى كەلكۈن ئېلىپ كەتكەچكە ، چاقىلىق ئارقىلىق چىڭخەيگە كىرگەن جورگەتنىڭ يولىنى بىرمۇنچە كىچىك دەريا-ئېقىنلار توسۇۋالدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئەۋۋەل ئۆزى سۇغا چۈشۈپ سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، قايسى ئورۇندىكى سۇ ئاستىنىڭ بىر ئاز تۈزلىكىنى تەكشۈرۈپ باقاتتى، ئاندىن موتسىكلىتنى سۇغا سېلىپ، 1-خوتتا ھەيدەپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا ئۇچرىغىنى ئېقىنى تېز، سۈيى كۆپرەك دەريا ئىدى. ئۇ، ئادەت بويىچە سۇغا چۈشتى. سۇ چوڭقۇر، سوغۇق بولۇپ، ئاستىدا يوغان تاشلار بار ئىدى. ئۇنىڭ موتسىكلىت بىلەن سۇدىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتمەي، شۇ جايدا قونۇپ قالماقچى بولدى. ئەتراپىدا ئوت قالىغۇدەك ئوتۇنمۇ يوق ئىدى. ئۇ، سومكىسىدىن ئۈچ كىيىملىرىنى ۋە بىر ئىشتان-چاپاننى ئالدى-دە، ئۇنىڭغا بېنزىن تۆكۈپ ئوت تۇتاشتۇردى. ئۇ، گۈلخان ئەتراپىدا كىيىملىرى-نى قورۇتقاچ ئوت سۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ موتسىكلىتىنى چۇۋۇپ ، تۆت-بەش سۇلياۋ خالتىغا قاچىلىدىدە ئۇلارنى بىر-بىرلەپ سۇدىن ئۆتكۈزدى، ئاندىن ئۇنى يەنە قوراشتۇرۇپ، سەپىرىنى داۋام قىلدى. شۇ ماڭغانچە كەچكىرگىچە مېڭىپمۇ ئادەمىزات بار جاينى ئۇچرىتالمىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇ موتسىكلىتنى توختىتىپ، خەرىتىنى ئېلىپ قولچىراغنى ياندۇرۇپ مېڭىش يولىنى ئىزدىدى. بىر چاغدا ئارقا تەرەپتىكى يانتۇلۇقتىن ئۇششاق تاشلارنىڭ سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقىنى ئاڭلاندى. ئىنس - جىن يوق بۇ جايدا نېمە ئاۋازدۇر بۇ؟ جورگەت ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قول چىرىغىنى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىتىۋىدى، ئۇنىڭ نەچچە جۈپ پارقىراپ تۇرغان كۆز كۆرۈندى. بۇ يەردە قوي نېمىشقىلىدىغاندۇ؟ جورگەت دەسلەپ شۇنداق ئويلىدى. كېيىن سەپسېلىپ قارىسا ئۇلارنىڭ قوي ئەمەس، ئىچىرقاپ كەتكەن بىر توپ بۆرە ئىكەنلىكىنى بايقىدى. جورگەتنىڭ تېنى شۈركەندى. بۇ چۆلدە بۆرە بارلىقىنى كىممۇ ئويلىغان، ئادەمىزات يوق مۇشۇ يەردە بۆرىلەرنىڭ كەچلىك تامىقى بولۇپ كېتەرمەنمۇ؟ جورگەتنىڭ كاللىسىغا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇ خىياللار كەلدى. ھايات قېلىش ياكى بۆرىلەرگە يەم بولۇش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانىدى. بۆرىلەرنىڭ ئەلپازىدىن ھازىرلا ئېتىلىپ كېلىدىغاندەك قىلاتتى. ئېيتماق ئاستا،

www.uyghurkitap.com

قىلماق تېزدىگەندەك شۇ ئەسنادا جۇرئەت قولچىرىغىنى تاشلىدى-دە، چاقماق تېزلىكىدە موتسىكلىتقا مىندى. كەچلىك غىزاسىنىڭ قولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بۆرىلەر چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ئېتىلىپ كەلدى. ئاڭغىچە جۇرئەت موتسىكلىتنى ئوت ئالدۇرۇپ، قويۇندەك يۈرۈپ كەتتى. ئۇ، بىر سىكۇنتلا كېچىككەن بولسا، بۆرىلەر ئۇنى موتسىكلىتتىن سۆرەپ چۈشۈپ، تىتما كاتاڭ قىلىۋەتكەن بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار كۆز ئالدىدىكى بۇ ئولجىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىماي، موتسىكلىتنىڭ ئارقىسىدىن جېنىنىڭ بارىچە ئېتىلدى. جۇرئەت ماينى كۆچەپ بېرىپ، ئوقتەك كېتىۋاتاتتى. ئارقىدىن بولسا بىر توپ بۆرە ئىزبېسىپ قوغلاۋاتاتتى. جۇرئەت قانچىلىك ماڭغىنىنى بىلەلمىدى. ئىشقىلىپ بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، قوغلاپ كېلىۋاتقان بۆرىلەر كۆرۈنمىدى. ئۇ، ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، موتسىكلىتنى ئالدى تەرەپتىكى دۆڭلۈككە قاراپ ھەيدىدى. ئۇ، دۆڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن كۆز يېتىم جايدا يېقىلغان بىر قانچە گۈلخاننى كۆردى. . .

1999-يىلى نويابر. يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن يولغا چىققان جۇرئەتنىڭ يېنىدا 10نەچچە يۈەنلا پۇل قالدى. ئۇ، گۇاڭشىغا بارغىچە پۇلنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، يول بويى تەييار چۆپ ۋە ئانچە-مۇنچە مېۋە-چېۋە ئېلىپ يېدى. شۇ كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئۇنىڭ ياتاقتا ياتقۇدەك پۇلى بولمىغاچقا، تاغ باغرىدىكى يوغان بىر قورام تاشنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى يەنە ئۇ ئاچ قورساق يولىنى داۋاملاشتۇردى. يول پاتقاق بولغاچقا ، بىرنەچچە يەردە موتسىكلىتتىن چۈشۈپ ئىتتىرىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ، نەچچە كۈن تۈزۈككرەك تاماق يېمىگەن جۇرئەتكە موتسىكلىتنى پاتقاقتا ئىتتىرىپ ماڭماق ناھايىتى تەسكە توختىدى . شۇ كۈنى يەنىلا گۇاڭشىغا يېتىپ بارالمىدى . شۇ ئاخشىمى دالىدا يەنە بىر كۈن قوندى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇ ئاران دېگەندە گۇاڭشىغا يېتىپ بارالىدى . ئۇنىڭ يېنىدا پۇل بولمىغاچقا ، موتسىكلىتنى گۆرۈگە قويۇش ھېسابىغا مەلۇم بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتى ۋە ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ ، دەرھال پۇل ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ، پۇل كەلگىچە شۇ مېھمانخانىدا تۆت كۈن تۇرۇپ قالدى. كۈندە بىر ۋاق تەييار چۆپ يېگەندىن باشقا قالغان ۋاقىتلاردا ئاسمانغا قاراپ ياتماقتىن باشقا ئامال تاپالمىدى. ئۆيىدىن 3000 يۈەن پۇل كەلگەندىن كېيىنلا ئۇ گۇاڭدۇڭغا قاراپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى . . .

2000 -يىلى سائەت نۆلدە جۇرئەت ئوبۇلقاسىم سەپىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان خەينەن ئۆلكىسىنىڭ خەيكۇ شەھىرىگە غەلىبىلىك يېتىپ بېرىپ ، شاڭخەي دۇنيا جىننىس رېكورتى باش شتابىدىن كەلگەن ۋاڭ يىجۇ ئەپەندىنىڭ قولىدىن دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقانلىق گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا جىننىس رېكورتى قامۇسىغا «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇردىن كېيىن يەنە بىر تەگرىتاغ ئوغلانىنىڭ نامى پۈتۈلدى .

## خاتىمە

جۇرئەت ئوبۇلقاسىم جۇڭگونى ئايلىنىش سەپىرىنى غەلىبىلىك تاماملىدى . لېكىن، ئۇنىڭ تارتقان جاپاسىنى كىممۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن ؟ جۇرئەت سەپەرگە چىقىش ئالدىدا بويى 1.80مېتىر، ئېغىرلىقى76كىلوگرام كېلىدىغان، قەددى قامىتى كېلىشكەن، زەبەردەست يىگىت ئىدى، ھازىر ئورۇقلاپ54كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى، ياپياش تۇرۇپلا سەل مۈكچىيىپ قالدى. ئۇ، سەپەرگە چىقىپ ھازىرغىچە ياتاق، تاماق، ماي، موتسىكلىت رېمونتى، زاپچاس، يول ھەققى، كۆۋرۈك ھەققى، تەشۋىقات ھەققى (تەشۋىقات ۋەرەقىسى باستۇرۇش ھەققى) قاتارلىقلار ئۈچۈن260مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل سەرپ قىلدى، بۇنىڭ 100مىڭ يۈەنىنى ئۇ ئۆزى چىقاردى، 80مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى جەمئىيەتتىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ياردەم قىلدى، 70مىڭ يۈەندەك پۇلنى باشقىلاردىن قەرز ئالدى. دىلشات، ئابلىمىت خالىس ھاجىم قاتارلىق بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەر 5000يۈەندىن 10مىڭ يۈەنگىچە ياردەم قىلدى .

جۇرئەت ئوبۇلقاسىم ئادەتتىكى كىشىلەر تەساۋۋۇر قىلالمايدىغان نى - نى مۇشكۈلاتلارنى باشتىن كەچۈرگەن، بەدىنى ئاجىزلاپ، نەچچە 10 مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، مۇشۇ ئىش بىلەنلا توختاپ قېلىشنى خالىمىدى. ئۇ، ۋەتەن، مىللەتكە شەرەپ كەلتۈرۈشنى ھەر ۋاقىت قەلبىگە پۈكۈپ كەلدى. ئۇنىڭ كېيىنكى پىلانى، بۇ يىل ئۆكتەبىردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تەكلىماكان چۆللۈكىنى موتسىكلىت بىلەن شەرقتىن غەربكە قاپ بېلىدىن كېسىپ ئۆتۈش. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغىمۇ نۇرغۇن ئىقتىساد لازىم بولىدۇ. تەگرىتاغدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان بۇ باتۇر ئوغلانىنىڭ بۈيۈك ئىشلىرى سىز-بىزنىڭ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ، ھەممىمىزنىڭ قوللىشىغا موھتاج.

# 2000 - يىل 20 - يانۋاردا ئۆتكۈزۈلگەن جۈرئەت ئوبۇلقاسىمنى مۇبارەكلەش كېچىلىكىدە ئوقۇلغان تەبرىكنامىلەردىن تاللانما

## 2000 - يىلىدىكى تۇنجى دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتقان تەڭرىتاغ ئوغلانى جۈرئەت ئوبۇلقاسىمغا بارىكاللا

مىجىت ناسىر

بىز يېقىنقى يىللاردىن بېرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىققان بىر تۈركۈم خەلقئارالىق چولپان تۆھپىكارلارنى ئارقا - ئارقىدىن تەنتەنە بىلەن قارشى ئالغان بولساق، بۈگۈن 2000 - يىلىنىڭ تۇنجى دەقىقىسىدىلا دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتقان تەڭرىتاغ ئوغلانى جۈرئەت ئوبۇلقاسىمنى ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر چەكسىز ئىپتىخار ئىلكىدە قۇتلۇقلاۋاتىمىز.

شىر يۈرەك ئوغلان جۈرئەت ئوبۇلقاسىم يۈكسەك غايە بىلەن كۆڭلىگە پۈككەن خاسىيەتلىك 1999 - يىلدا جۇمھۇرىيەتنىڭ 50 يىللىق مەرىكىسىنى، ئاۋمېنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىدەك تارىخىي نەتىجىنى، شۇنداقلا يېڭى ئەسىرنى شىنجاڭلىقلارغا ۋەكالىتەن زور تۆھپە بىلەن كۈتۈۋېلىش ئارزۇ - ئىستىكىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ 2000 - يىلىدىكى تۇنجى دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتتى.

ئۇ، بۇ ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادە تىكلەپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق جۈرئەتتە ھېچقانداق ياردەمچى ھەمراھ ئالماي، خەۋپ-خەتەرگە قارىماي تەنها موتسىكلىتتا مىنىپ، يۈك-تاقىنى ئۆزى يۈدۈپ 436 كۈندە ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ 73 مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ، مەملىكىتىمىزدىكى 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر، 312 ناھىيە (شەھەر) نى ئايلىنىپ چىقىش ئارقىلىق تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرىنىڭ يېڭىلمەس روھى، قەيسەرلىكى، ئەقىل-پاراسىتى، جاسارىتىنى نامايىش قىلىپ تارىخ سەھىپىسىدە، جىنىس رېكورتى خاتىرە بەتلىرىدە مەڭگۈ ساقلىنىدىغان بۇ ئۇزۇن تارىخىي سەپەرنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇپ ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى.

ئۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئىناق چوڭ ئائىلىسىدە ۋە ئىلگىرى ئاياغ باسمىغان ياقا يۇرتلاردىمۇ ھەقىقىي ئادىمىيلىكنى ھېس قىلىپ ۋە ئىنسانلار ئارا روھىي كۈچ ھەم ماددىي ياردەمگە ئېرىشىپ، بۇ مۇشكۈل سەپەردە قاتمۇ قات قىيىنچىلىق، توسالغۇ، بېسىملارنى، تەبىئەتنىڭ دەھشەتلىك جۇدۇن - چاپقۇنلىرىنى يېڭىپ، قۇترىغان ئاچ بۆرىلەرنىڭ ياۋۇزلارچە تاشلىنىشىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ، يوقسۇزلۇق، ئاچلىق، كېسەللىكنىڭ دەھشەتلىك سىناقلىرىدىن ئوغۇلبالىغا خاس قەيسەرلىك بىلەن ئۆتۈپ ئاخىرى كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى ۋە ۋەتىنىمىز، خەلقىمىز، يۇرتىمىزغا تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى نامىدىن دۇنياۋىي يېڭى ئەسىر سوۋغىسى ئاتا قىلدى. بىز بۇ باھادىر - غەيۇر ئوغلاندىن ۋە ئۇ ياراتقان كاتتا شان - شەرەپتىن پەخىرلىنىمىز، چەكسىز ئىپتىخارلىنىمىز، ئۇنىڭغا يېڭى شان - شەرەپ، قۇت - زەپەر تىلەيمىز.

پەخىرلىك ئوغلانىمىز، يېڭى ئەسىر قەھرىمانى جۈرئەت ئوبۇلقاسىمنىڭ يېڭى ئەسىر دۇنيا جىنىس رېكورتىنى يارىتىش سەپىرىدە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇپ، مەنىۋى، ماددىي جەھەتتە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىنى ئايىمىغان، قىزغىن قوللىغان يولداشلارچە ھەمدەمدە بولغان خېنەن ئۆلكىسى ۋە قېرىنداش ئۆلكە - شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە ھەرمىللەت قېرىنداشلارغا شىنجاڭ خەلقى نامىدىن مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

ئىلگىرى، خۇددى مۇشۇنداق قۇتلۇق كۈنلەرنى كۆڭلىگە پۈككەندەك، ئىسمى ھەم ئاسماندىن چۈشكەندەك، يېڭى ئەسىرگە ئۈلگۈرتۈپ جۈرئەتلىك جۈرئەتنى - بۇ پەخىرلىك تەڭرىتاغ ئوغلانىنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلغان ئېسىل ئاتا، پروفېسسور ئوبۇلقاسىم ئەپەندىگە، مېھرىبان ئانا پاتىگۈل خانىمغا، جۈرئەتنىڭ ۋاپادار ئۆمۈر يولدىشى گۈلبەھرەمگە، جۈرئەتنى يېقىندىن قوللىغان، بۇ تەبرىك سورۇننى ئويۇشتۇرغان قېرىنداشلىرى ئارزۇگۈل، ئاينۇرلارغا ھەم ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، بۇ پەخىرلىك - باتۇر ئوغلانىمىزنىڭ تەكلىماكان سەپىرى ئۈچۈن مەردانىلىك بىلەن پۇل ئىئانە قىلغان سېخىي - مەرد، ساخاۋەتلىك قەدىردانلىرىمىزغا ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىمىز ۋە كامالىي ئېھتىرامىمىز بىلەن رەھمەت ئېيتىمىز. جۈرئەت ئوبۇلقاسىمنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى گۈلنىگار ۋە بارلىق ياشلارنىڭ جۈرئەتتەك جۈرئەتلىك بولۇپ يېڭى ئەسىر تۆھپىكارلىرىدىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(گۈلدۇراس ئالقىشلار)

www.uyghurkitap.com

# ياشاڭ ياشلار

## ئىمىن تۇرسۇن

بولسا كىم ئىرادىسىز رەپتاردا بولماس،
يانا، ھىممەت بولمىسا رەتتە تۇرالماس.

زاماننىڭ تەقەززاسى چوڭ ـ چوڭ ئاتلىماق،
ئازراقىنە خۇش قىلغۇر تارىخ يادلىماق.

دەستۇرخىنى كەڭ، ئوچۇق قول ـ بىر خىسلىتىمىز،
ئۇيۇم نامغا تاقابىل بار ئىللىتىمىز.

توڭگۇرنى يۇيسا كىتەر، ئىللەتمۇ يىتتەر،
ئىلگىرلىسە مىللەتمۇ ئۆزگىگە يىتەر.

يارىش ـ تارىم تۈزىدە ئۈينىتىپ كەتمەن،
ئەھيا قىلغان بوستانغا بولدى كۆپ زوقمەن.

جۇغىمىزغا جۇغلانغاچ بىلىك ـ ماھارەت،
ياراتقان كارىزۇ بۆز، كاشىن ئىمارەت.

شۇڭا نامىم بوز ئوغلان ھىكايەتلەردە،
بوۋامغا خاس ئۆتمۈشۈم رىۋايەتلەردە.

ئىسلاھاتتا ياتمىدۇق ئەسلەپ قەدىمنى،
رەتتە بولدۇق رەپتاردا تاشلاپ قەدەمنى.

بىقىپ يىڭى زامانغا كۆزلەپ نىشاننى،
كونا باغنى تۈزەتتۇق ئىچىپ گۈلشەننى.

بۆسۈپ بىلىم بەھرىنى ئۈزمەكتە ئالىم ـ
دوكتور ئاشتى، ھۈنەرۋەن بولدى ئىقبالىم.

پەنجە ئۇرۇپ پەرەڭنىڭ پەنجىگە ئوغلان.
سەكرىدى داۋان ـ داۋان يۈرىكى قاپلان.

ئادىل[1] ئاتلىدى چەبدەس ئەزىم دەريانى،
ھەيران قىلىپ ھەرمىللەت ئەھلى دۇنيانى.

شۇ ئوغلاندىن كۆردۇقكىم جۇرئەت ئەليارنى،
سەپەر ئەيلەپ موتوردا كەزدى دىيارنى.

ئوتتۇز ئىككى ئىقلىمنى يۈرۈپ چاغلىدى،
يەر شارىنىڭ بېلىدىن قاتلاپ باغلىدى.

ياڭراپ مۇقام بىر ئالدى ئالەم يۈزىنى،
شۇكۇر[2] رەھمان[3] كۆكەرتتى بوكسيۇر كۆزىنى.

ئىرپان ئۈچۈن چاچماقتا زەردار مالىنى،
ئۆگىشماقتا قەۋمنىڭ تۇرمۇش ھالىنى.

غەربكە يۈرۈش باشلاندى زور ئۇران بىلەن،
شۇ ئۇرانغا قوشۇلدۇق بىز سۈرەن بىلەن.

يورۇتتى ھاۋانانى بىزدىن بىرجۇپ ئاي[4]،
دېدى قانچە سەنئەتكار تاڭ قىلىپ ھاي-ھاي.

چىقۇر بىزدىن ئۈزۈلمەي نۇرغۇن نەۋاتور،
بىلىك ـ ھۈنەر ئىگىلەپ بولغۇسى باتۇر.

ياشاپ ـ ياشناڭ ياشلىرىم ئۆزگىدەك ياشاڭ،
بۇ زاماندا ياشالماس ھۇرۇن ھەم قاشاڭ.

سىپىڭىزدە ئۆلگىڭىز جۈرئەتلىك بولۇڭ،
ئۆلگىدىن ئۆلگە ئىلىپ سۈرئەتلىك بولۇڭ.

مۆجىزىنى بىر كۈيلەپ يازدىم مەسنىۋىي،
يازماقتا مانا قانچە ئەدىب ـ مەۋلىۋىي.

(گۈلدۇراس ئالقىشلار)
ئابدۇرېھىم توختى فوتوسى (M2)

---

[1] ئادىل ـ «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر
[2] شۇكۇر ـ جۇڭگو بوكس شاھى ئابدۇشۇكۇر مىجىت
[3] رەھمان ـ ئاسىيا بوكس چىمپىيونى ئابدۇراخمان ئابلىكىم
[4] بىرجۇپ ئاي ـ 1997-يىلى كۇبا پايتەختى ھاۋانادا ئۆتكۈزۈلگەن 14-نۆۋەتلىك خەلقئارا ياشلار-ئوقۇغۇچىلار سەنئەت فېستىۋالىدا «كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتكارلار ئالىي مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان بىلەن ئايتۇرسۇن نىياز كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



# ئەدەب بوستانى
# ۋە
# ئەخلاق گۈلىستانى

ـ ئەرەب، پارس، تۈرك، تاتار ۋە ئەزەربەيجان تىللىرىدىن ئۆزبېكچىگە **مەھمۇد ھەسەني** تەرجىمىسى

## تەقرىز

ئۆزبېكىستانلىق شەرقشۇناس ئالىم ۋە شائىر مەھمۇد ھەسەني 40تىن ئارتۇق ئىلمىي، تەرجىمە ۋە ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپىدۇر. ئۇنىڭ قولىمىزدىكى ئۇشبۇ كىتابى ئەدەب-ئەخلاق مەسىلىلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان ھېكمەت، ھېكايەت ۋە مەسەللەردىن تەشكىل تاپقان. تەرجىماننىڭ بۇ كىتابى ئۇنىڭ كۆپ يىللىق ئەمگىكىنىڭ يېمىشى بولۇپ، تېخى ھېچ يەردە نەشر قىلىنمىغان نۇرغۇنلىغان قولىيازمىلاردىن تاللاپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە مەخسۇس ماۋزۇ ـ بابلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن. 1994-يىلى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ «پەن» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپە ئېھتىياجىدىن مەزكۇر كىتابنى سەل-پەل قىسقارتىپ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھوزۇرى ئېتىبارلىرىغا سۇندۇق.

**ـ مۇھەررىردىن**

### مۇقەددىمە

ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدىكى ھېكمەتلەر خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن بېرى سۆيۈپ ۋە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان مەنىۋى ئوزۇقلىرىدىن سانىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۆزى ۋەز-نەسىھەتلەردىن ئىكەنلىكى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. دىن ئادەملەرنى پاكلىققا ۋە كامىللىققا يېتەكلەيدۇ. ئەسلىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم: «دىن ـ نەسىھەتتۇر» دېگەنىدى. ئەسىرلەردىن بېرى كىشىلەرنى دولقۇنلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان ۋە ئەدەب-ئەخلاقنىڭ گۈلتاجىلىرى سانالمىش ھەدىسلەردە: «ھېكمەت ـ بۇ مۇئمىن كىشىنىڭ يوقاتقان نەرسىسىدۇر» دېيىلىدۇ. ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇمكى، كىشى بىرەر نەرسىنى يوقىتىپ قويسا، ئۇنى توختىماستىن ئىزدەيدۇ، ئۇنى تاپمىغۇنچە كۆڭلى تىنچىمايدۇ.

### ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە

www.uyghurkitap.com

دېمەك، ھەر بىر مۇئمىن كىشى ھېكمەت ئۆگىنىشكە ئىنتىلىشى، بىر ھېكمەتنى ئۆگەنسە، يوقاتقان نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك قۇۋۇنىشى زۆرۈر. خۇددى شائىر ئېيتقاندەك:

گۈزەللىك دۇنياسى ھېكمەت ئىچىدە،
لەززەتنىڭ ئاساسى ھېكمەت ئىچىدە.
بۇزۇلغان پېئىل ئىلە ئايىنغان خۇلقۇڭ،
ئەڭ ئۆتكۈر داۋاسى ھېكمەت ئىچىدە.

ھېكمەتلەردە: «ئەدەب بۈيۈك تاجدۇر، ئۇنى كىيگىندە خالىغان يېرىڭگە بارىۋەر» دېيىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئەدەب تاجىنى كىيگەن كىشى ھېچيەردە خار بولماس، قايەرگىلا بارسا، ئادەملەر ئۇنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالغاي، ئەدەبسىز بولسا، ھەممە يەردە خاردۇر.

ھېكمەتنىڭ مېغىزىنى چاقمىغان نادان،
ئادىشىش ئىچىدە دائىم باغرى قان.
دانالار پەندىگە ئەمەل قىلغان ئەر،
غەم-ئەندۇھ توردىن ھەمىشە ئامان.

ئۆتمۈشتە ياشىغان ماشايىخلار، ئۆلىمالار، شائىرلار، دانا-پازىل كىشىلەر ئادەملەرنىڭ يۈكسەك ئەخلاقلىق ۋە مەنىۋى پاكلىق ئىگىلىرى بولۇشلىرىنى ئارزۇ قىلىشقان. شۇ تۈپەيلى بۇ ساھەگە بېغىشلانغان يۈزلەپ كىتابلار پۈتۈلگەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەرەب، پارس تىللىرىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەب ئېلىپبەسىدە يېزىلغان ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ياكى قولىيازما ھالىدا دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. شۇ سەۋەبلىك، خەلقىمىز ئۇلاردىن تا شۇكۈنگىچە پايدىلىنالماي كەلمەكتە.

مەن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا كۆپ يىللاردىن بېرى ئىشلەپ كېلىش جەريانىدا ، قولۇمغا چۈشكەن ئەنە شۇنداق نادىر كىتابلاردىن ئۆزۈمگە ياققانلىرىنى تاللاپ ئېلىپ، تەرجىمە قىلىپ يۈرەر ئىدىم. كېيىنكى يىللاردا ئۇلارنى تەرتىپلىدىم ۋە باب-ماۋزۇلارغا ئاجرىتىپ كىتاب شەكلىگە كەلتۈردۈم ھەمدە سىز ئەزىز ئوقۇرمەنلەر ھۆكمىگە ھاۋالە قىلىشقا تۇغۇچ قىلدىم. ئۇ، ئونلاپ كىتابلاردىن يىغىپ ئېلىنغان ئەدەب-ئەخلاققا ئائىت ھېكايە، ھېكمەت ۋە مەسەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، «ئەدەب بوستانى ۋە ئەخلاق گۈلىستانى» دەپ ناملاندى.

ئىنسان ئەزىزلىكى ئەدەب تۈپەيلى،
ئەلدە لەزىزلىكى ئەدەب تۈپەيلى.
چوڭۇ كىچىك ئۈچۈن يېقىملىقلىكى،
شىرىن، تەمىزلىكى ئەدەب تۈپەيلى.

مەزكۇر ھېكمەت ۋە ھېكايەتلەر ئۆزبېك تىلىغا بىرىنچى قېتىم تەرجىمە قىلىنماقتا. بۇنىڭغا ئۆزبېك شائىرلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر كىرگۈزۈلمىدى. چۈنكى بۇ نەمۇنىلەر بىزنىڭ دەۋرىمىزدە بېسىلىپ چىققان بولۇپ، خەلقىمىز ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىدۇر.

بىزنىڭ ئەرەب، پارس، تۈرك، ئەزەربەيجان ۋە تاتار تىللىرىدىكى ئەسەرلەردىن يىغىپ ئېلىپ، تەرجىمە قىلغان بۇ كىتابىمىز كۆڭۈللىرىڭىزگە شادلىق بېغىشلىسا، ھېكمەتلەر مەززىسى بىلەن تىلىڭىزنى شىرىن قىلالىسا ، ئۆزىمىزنى مەقسەتكە يەتتۇق، دەپ ھېسابلايمىز.

ئەل ئۈچۈن تەر تۆكسە ئەگەر ئادەمزات،
بىر ئۆمۈر ئەل ئىچرە نامى بولۇر ياد.
قۇياشقا بىر قارا، دائىم خىزمەتتە،
شۇنىڭچۈن چوڭۇ كىچىك ئۇندىن شاد.

زەكى تەبىئەتلىك ئەزىز ئوقۇرمەنلەر بۇ گۈلشەن گۈللىرىدىن ھىدلىغىنىدا، ئۇندىن ئالغان زەۋقۇ ساپاسى توغرىسىدا ياكى بۇ باغنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئورۇنسىز ئۆسۈپ قالغان تىكەنلىرى ھەققىدە ئۆز پىكىرلىرىنى يېزىپ ئەۋەتكىنىدە ئىدى، چەكسىز مەمنۇن بولار ئىدۇق.

تەنقىد ۋە تەنبىھ دىلنى غەش قىلۇر،
قىزارتار، بوزارتار، كۆڭۈل ئېچىشۇر.
-ياق، ياق، ئۇنداق دېمە، ئانارغا قارا،
باشتا خام ئىدى ئۇ، قىزىرىپ پىشۇر.

سۆزنى قىسقا ۋە ئىخچام قىلىپ، نەزەرىڭىزنى تۈپ مەقسەتىمىزنى باشلىغۇچى كەمتەرىن قۇلىڭىز **مەھمۇد ھەسەنىي.**

ئۇيقۇغا باش قويدۇم، يېنىمدا كىتاب،
كىتابتىن ناگاھان كەلدى بىر خىتاب:
ـ ئەي ئىنسان، غەپلەتنىڭ بەندىسى بولما،
ئۆمۈر ئاز، ئۆتىدۇ سۇ كەبي شىتاب.

**ـ مەھمۇد ھەسەنىي**

* * *

## ئەدەب، تەلىم-تەربىيە، ئىستىبداد؛ ئەدەبسىزلىكتىن كېلىدىغان زەرەرلەر، قابىلىيەتسىز كىشىلەرنى تەربىيەلەش توغرىسىدا

بىر كۈنى بۇقراتتىن سورىدى:

ـ ئەدەبلىك ئادەم بىلەن ئەدەبسىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق قانداق؟

ـ سۆزلەيدىغان ھايۋان بىلەن سۆزلىمەيدىغان ھايۋان ئارىسىدىكى پەرققە ئوخشاش، ـ دەپ جاۋاب بەردى بۇقرات.

ـ «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئاتا-ئانىسى ئۆلگەن ئادەمنى ئەمەس، ئەدەب-ئەخلاقى بولمىغان ئادەمنى يېتىم دە.

— «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھېكايەت. ئەدەب خەزىنىسىنى كۆڭلىگە جايلاشتۇرغان بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ، ئۆز بەختىنى تاپالماي بىر مەزگىل سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۈردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ نۇشىرۋاننىڭ خادىملىرىدىن بىرىنىڭ خىزمىتىگە كىردى. ئۇ يەردىكى قىيىنچىلىق ۋە ھىيلە-مىكىرلەرنىڭ ئازابىغا ھەرقانچە چىدىسىمۇ بىرەر پايدا كۆرمىدى. قاراڭغۇ تۈنلەرنى بولسا ئېغىر خىياللار بىلەن ئۆتكۈزدى. بېيىت:

كۈننىڭ جامالىنى كۆرەي دېگەندە،
تۈندە سەبرقىلماق پەقەت چارەسى.
گۆھەر ئىزدىگۈچى جاپادىن قورقسا،
قولىغا چىقمىغاي دۇرنىڭ سەرەسى.

بىر كۈنى نۇشىرۋان مەجلىس قۇردى. سوڭ ئۆز مۇلازىملىرىدىن: «ئەڭ يۇمشاق نەرسە نېمە؟» دەپ سورىدى. بىرسى: «شايى» دەپ جاۋاپ بەردى. يەنە بىرسى: «توزنىڭ پەرلىرى» دېدى. يەنە بىرەيلەن بولسا: «شايىدىنمۇ يۇمشاق نەرسە بولۇشى مۇمكىنمۇ!» دېدى. شۇ چاغدا ھېلىقى يىگىت ساراي تۆپىسىدە تۇرغانىدى. ئۇ، مۇلازىملارنىڭ جاۋابلىرىدىن نۇشىرۋاننىڭ قانائەتلەنمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ، سۆزلەشكە ئىجازەت سورىدى ۋە ئىجازەت بېرىلگەچ، دېدى: «ئەڭ يۇمشاق نەرسە تىنچلىقتۇر!» نۇشىرۋان ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى ۋە يەنە سورىدى: «ئەڭ ياخشى غىزا قانداق غىزا؟» يىگىت: «شەھۋانىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرمايدىغان ۋە تەندە ئىللەت پەيدا قىلمايدىغان غىزا-ئەڭ ياخشى غىزادۇر» دېدى. يەنە سورىدى: «ئەڭ ياخشى شاراب قانداق شاراب؟» يىگىت: «ئەقىلنى زايە قىلمايدىغان ۋە كېسەللىك پەيدا قىلمايدىغان شاراب» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە سورىدى: «گۈللەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خۇش پۇراقلىقى قايسى؟» يىگىت جاۋاب بەردى: «ئاتا-ئانا تىرىكلىكىدە ئۇلارنى خۇرسەن قىلىدىغان، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرىدىغان ھايات گۈلى بولمىش پەرزەنت!»

نۇشىرۋان يىگىتنى تەقدىرلىدى ۋە ئۆز ھەكىملىرى قاتارىغا ئالدى. بېيىت:

دانا ناچارلىقتا قالسىمۇ بىركۈن،
ئۈمىدى ھوسۇلدىن كۆرسىتۇر نىشان.
مۇشكنى كۆر لىباسقا يوشۇرۇلسىمۇ،
ھىد چىچىپ ئۆزىنى قىلۇر نامايان!

— مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ئەدەب — ئۇلۇغلۇق ۋە يۇكسەكلىك قەسرىنىڭ شوتىسىدۇركى، بۇ شوتا ئارقىلىق ھەممە مەقسەت مەنزىلىگە يېتىش مۇمكىن. شەرم گۈلزارىدىن بولسا بارچە مۇددىئا گۈللىرىنى دەستىلەش مۇمكىن. لەتىپ سىرلار ھەقىقىتىنى چۈشەنگۈچىلەر ۋە ھەر قانداق رەمزمەنىسىنى تەتقىقلىغۇچىلار ئېيتىدۇرلەركى، ئادىمىلىك رىسالىسىنىڭ دەرسلىرىنى ئوقۇشقا باشلاپ، بەختىيارلىق كوچىسىغا قەدەم قويغۇچى ھەر بىر ئىنسانغا ئالدى بىلەن شەرم-ئەدەب قائىدىسىنى ياد ئالماق شەرتتۇر. تاكى بەخت مۇئەللىمىنىڭ يوللانمىسى بىلەن ھايات قانۇنى ئىلمىنى ئىدراك قىلىشتا بىلىملىك ۋە ئۇستا بولالىسۇنكى، ھەقىقەتەنمۇ ئەدەب ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاجايىپ تاج ۋە ئادىمىيلىك بېزىكى ئۈچۈن قىممەتباھاگۆھەردۇر.

— بەرخۇردارئىبىن مەھمۇد

بىر كۈنى خەلىپە مەئمۇن ئەدەب بىلەن سۆزلەۋاتقان بىر بالىدىن: «كىمنىڭ ئوغلىسەن ؟» دەپ سورىدى. بالا: «ئەدەبنىڭ ئوغلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. خەلىپە مەئمۇن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ: «ئەجەبمۇ ئېسىل ئاتاڭ بارئىكەن-ھە!» دەپ ئۇنىڭغا تەھسىن ئوقۇدى.

— مۇھەممەد زېھنىي

ئۆزۈڭدىن كېيىنكىلەرگە ئۈلگە بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭدىن ئىلگىرىكىلەردىن ئۈلگە ئال.

— «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

چىن ئىنسان ھەمىشە ئىلىم ۋە ھۈنەر ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ. ئىلىم بىر دەرەخ بولسا، ئەدەب ئۇنىڭ مېۋىسىدۇر. ئەدەبسىز ئالىم — مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ.

— مۇھەممەد زېھنىي

ھېكمەت ئەربابلىرىنىڭ ئېيتىشلىرىچە، كىشىنىڭ ۋۇجۇد گۈلى ئەدەب رەڭگى ۋە ھىدىدىن خالىي بولسا، ئۇ كىشى ئادەملەر نەزەرىدە تىكەندەك خار ۋە بىئېتىبار بولۇر، خەلق كۆڭلى ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن قالۇر ھەمدە خاھ ياتلار بولسۇن ياكى ئاغىنىلىرى بولسۇن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈر. ئۇنىڭ ئەھۋالى بەتلىرىگە نەپرەت قەلىمى بىلەن يىرگىنچلىك ۋە ياتلىق بەلگىلىرىنى قويۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرم-ھاياسىز ۋە ئەدەبسىز كىشىلەر دەۋرانىنىڭ دەككىسى ۋە تەنبىھىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىق قاناتلىرىنى سىنغان ھالدا كۆرگەي ۋە ئۇلارغا ھېچكىم ھېچقاچان مېھر-مۇھەببەت كۆرسەتمىگەي.

— بەرخۇردار ئىبىن مەھمۇد

تەربىيە تەسىر قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچ تائىپىگە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچىسى، ئاق بىلەن قارىنى زادىلا تونۇمىغان باللار. ئۇلارنىڭ تەبىئىيىتى يامانلىق چاڭ-توزانلىرى بىلەن تېخى كىرلەنمىگەن، كۆڭلى بولسا يامان ئىشلار زۇلمىتى بىلەن قارىلانمىغان بولۇپ، بۇنداق باللارغا نەسىھەت تېز تەسىر قىلىدۇ. بۇنداق باللارنى توغرا يولغا ئاسان ئۆگەتكىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئاق بىلەن قارىنى ئاجرىتالايدىغان بولۇپ قالغان باللار. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆز نەپسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ياخشىلىقىسىرى بۇرۇلالمايۋاتقان بولىدۇ. بۇنداقلار قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ يامانلىقىنى بىلىدۇ، نۇقسانلىرىنى بولسا تەن ئالىدۇ. بۇنداقلارنى تەربىيىلەش بىرىنچى

خىلدىكىلەرگە قارىغاندا قىيىنراق، ئەمما ئۇلارغا دائىملىق تەربىيە بېرىلىپ، ھەرخىل نەسىھەت ۋە تەنبىھلەر قىلىپ تۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ياخشى يولغا كىرىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئائىلىدە بولمىغۇر ئوي ۋە بۇزۇق پىكىرلەر بىلەن ئۆسۈپ ئۇلغايغان كىشىلەر. ئۇلار ئۆمۈر بويى ناھەق ئىشلارنى ھەق، دەپ بىلىپ كەلگەن ۋە شۇنىڭغا ئەستايىدىل ئېتىقاد قىلغان بولىدۇ. يامانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزلىرىچە ياخشىلىق، دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى تەربىيىلەش ناھايىتى قىيىن. ئۇلارنى تەربىيىلىمەك خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغانغا ياكى تېخى قىزىپ چوغقا ئايلانمىغان تۆمۈرنى بولقىلىغانغا ئوخشاشتۇر.

دانالار ياخشى ياكى يامان خۇلقلۇق بولۇشنى ئائىلىگە باغلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، بۇزۇق خوتۇندىن تۇغۇلغان ۋە رەزىل ئاتا قولىدا تەربىيىلەنگەن بالىدىن ياخشىلىق كۈتۈش قىيىن. چىرايلىق خۇلق قۇياشقا ئوخشايدۇكى، قۇياش مۇزنى ئېرىتىۋەتكەنگە ياكى سۇ تۇزنى ئېرىتىۋەتكەنگە ئوخشاش چىرايلىق خۇلقمۇ ھەممە يامانلىقلارنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ.

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

مۇرەببىيسى بولمىغان ئادەمنى ھاياتنىڭ ئۆزى تەربىيىلەيدۇ.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

ئىستېدات ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش شۇنداق بىر كىمىيادۇركى، ئۇ قارا تۇپراقنى ساپ ئالتۇنغا، ناقىس تاشنى بولسا ئەيىبسىز گۆھەرگە ئايلاندۇرىدۇ. مىسالى ئېيتىدۇرلەركى:

تەربىيىدىن تۇپراق گۆھەر بولىدۇ،
ناف ئىچرە مۇشكى ئەسفەر بولىدۇ.
قىممەتسىز بىر قارا تۆمۈرنى ئىسكىر،
تەربىيە ئەيلىگەچ ساپ زەر بولىدۇ!

**- خوجا سەمەندەر تېرمىزىي**

ئەزىزىم، ھۈنەر ئەھلىنىڭ تەربىيىسى يولىدا تىرىشقىن. ھۈنەرسىز كىشىلەرگە ئاتىسىنىڭ خىزمەتلىرى تۈپەيلى ئېتىبار قىلما! ئادەملەرنى ئاتىسىنىڭ تۆھپىلىرى تۈپەيلىدىن ئەمەس، ئۆزلىرىدە بولغان قابىلىيەت سەۋەبىدىن تەربىيىلىمەك لازىم! بېيىت:

ئۆلۈكتۇر ھاياتتا ھۈنەرسىز كىشى،
ھۈنەرسىز بولغاندىن ئۆلگىنى ياخشى!

**- خوجا سەمەندەر تېرمىزىي**

ئەدەبسىزلىك شۇنداق سەلكى، ئۇ ئابروي ۋە بۈيۈكلۈك قەسرىنى گۇم قىلىپ، ئىدراك بويىنىنى ھەر خىل ئارقانلار بىلەن باغلاپ تاشلايدۇ. ئاقىللارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ئەدەب رىئايىسى شۇنداق سۈرمىكى، ئۇنىڭ توزۇندىسىنى ھەرقانداق كىشىگە سۈرتسە، ئېتىبار كۆزىنىڭ روشەنلىكى ھېچقانداق سەۋەب بىلەن زەئىپلىك ۋە ئىللەتكە يولۇقمايدۇ.

زاماننىڭ ئۇلۇغ-ئۇششاقلىرى ئۇنىڭ مۇزۇرىنى مېھر-مۇھەببەت بەزمىسىنىڭ چىرىغى، دەپ بىلگەيلەر. بۇنداق كىشىلەر ئىقبالىنىڭ يۇلتۇزى كۈندىن كۈنگە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈۋېرىدۇ. خۇددى مۇنۇ ھېكايەتتىكى بالىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ سائادەت ۋە ئىززەت سەھىپىلىرى شاھانە ئىلتىپاتنىڭ يورۇق چىرىغىدىن بېزىنىۋېرىدۇ.

**ھېكايەت.** ھۇشيارلىقنىڭ كىميا تەبىئەتلىك سەررافلىرى بۇ ھېكايەتنىڭ بىباھا ئالتۇننى شۇنداق پۇل قىلىپ چېكىدۇرلەركى، بىر كۈنى باغداد ۋىلايىتىدە بىرنەچچە بالا كوچىدا ئويناۋاتاتتى، شۇ شەھەرنىڭ ھاكىمى دەم ئېلىش نىيىتىدە ئاتقا مىنىپ، شۇ كوچىدىن ئۆتۈپ قالدى. ھاكىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر بالا ئەقلىنىڭ مۇئەللىمى ياردىمىدە بۇ ھالنى سېزىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەدەب يۈزىسىدىن چەتكە چىقىپ، تام تۈۋىدە تۇردى. باشقا بالىلار بولسا ھېچنەرسە سەزمىگەندەك ئويۇننى ئويناۋەردى. بۇنى كۆزىتىپ تۇرغان پادىشاھقا ھېلىقى بالىنىڭ ھەرىكىتى ياقتى. ئۇ ئېتىنى بالا تەرەپكە ئازراق ماڭدۇرۇپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە قاراتتى. ئۇنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە قولىدىن ئۈزۈكىنى چىقىرىپ بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتتى ۋە دېدى: «كىمىكى ئۈزۈكنى بىرىنچى بولۇپ تېپىپ كەلسە، شۇ شاھانە تارتۇق ئالىدۇ». بالىلار بىرىنچى بولۇپ ئۈزۈكنى تېپىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىشتى. كۈتۈلمىگەندە ئۈزۈكنى بىر بالا تېپىپ، پادىشاھقا ئېلىپ كەلدى. ھېلىقى بالا بولسا ئۆز ئايىغىنى ئەدەب چېگرىسىدىن چىقارماي، جايىدا قىمىرلىماي تۇردى.

فەرد:

ھەركىم ئەدەب سۈرمىسىنى تارتسا ھايا كۆزىگە،
مەقسەت كېلىنىنى قىلۇر شەكسىز ئۇ رام ئۆزىگە.

پادىشاھ كۆز قىرى بىلەن ئۇ بالىنىڭ ھالىتىنى كۆزىتىپ تۇرار ئىدى. شۇڭا، بۇ قىممەتلىك ئۈزۈكنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. بالا بولسا يەردىن ئېلىپ تۇپىسىنى ئېرتتى-دە، بىر سۆيۈپ، ئەدەب ۋە ھايا بىلەن ئاستا-ئاستا مېڭىپ كېلىپ، ئىككى قوللاپ پادىشاھقا ئۇزاتتى. پادىشاھقا ئۇنىڭ ئەدەب ۋە ھاياسىنىڭ چىرايلىقلىقى يېقىپ، دېدى:

ئەدەب ئۆز ئىگىسىن يەتكۈزۈر بىر كۈن،
ئىززەتۇ ئابرويغا ۋە سائادەتكە.
ئەدەبنىڭ بېغىدىن تەرسە ھەركىم گۈل،
ھاياتى تولغۇسى خۇش تاراۋەتكە.
ئەدەبلىك كىشىلەر تاپار ياخشىلىق،
ئەدەبسىزلىك نىشاندۇر، بىل، مالامەتكە.

كەينىڭ قىسقىسى، پادىشاھ بالىلارنىڭ ھەممىسىنى تارتۇقلىدى ۋە سول خادىملىرىدىن بىرىگە دېدى: «مانا بۇ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تېپىپ، رازى قىل، بالىسىنى بىزگە بەرسۇن، تەربىيىلەشكە ئەرزىيدىغان بالا ئىكەن».

www.uyghurkitap.com

قىتئە:
پاكىزە، ئەقىللىق، هوشيار ھەر بالا،
ھەيفتۇر كۆرمىسە ئەگەر تەربىيەت.
ئىلىمنىڭ شولىسى نۇرىنى چاچمىغاي،
كىشىدە بولمىسا ئەگەر مەرىپەت.
ياقۇتنىڭ يۈزىگە بەرمىسە پەرداز،
ھېچقاچان بولالماس تاجى سەلتەنەت!
**- بەرخوردار ئىبنى مەھمۇد**

## ئالىم، ئىلىم، كىتاب، قەلەم، ئۇستاز، كەسىپ-ھۈنەر، ياخشى پەزىلەتلەر، ئوبدان خىسلەتلەر ۋە سالاملىشىش توغرىسىدا

لوقمان ھەكىم ئېيتۇر:
- ئالىملار بىلەن بىللە بول، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىئال، قاغجىرىغان يەرلەر ئاسمان سۈيى بىلەن كۆكەرگىنىگە ئوخشاش ئۆلگەن قەلبلەر ھېكمەت نۇرى بىلەن تىرىلۇر.
**- مۇھەممەد زىھنى**

ئەفلاتۇن ھەكىم ئېيتۇر:
- ئۈچ خىل كىشىلەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ: باي تۇرۇقلۇق كەمبەغەلگە ئايلانغان كىشىلەرگە، ئۇلۇغ بولۇپ تۇرۇقلۇق خارغا ئايلانغان كىشىلەرگە ۋە ئالىم بولۇپ تۇرۇقلۇق نادانلار سۆھبىتىگە قاتناشقان كىشىلەرگە!
**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن**

ئەگەر ئىنسان ئىلىم نۇرى بىلەن ئۆز يولىنى يورۇتمىسا، نادانلىق ۋە زۇلمەت كوچىسىدا قالىدۇ. كىشى قەلبىنىڭ نۇرى ئىلىم ۋە مەرىپەت بىلەن قۇۋۋەتلىنۇر. ئىنسانىيەتنىڭ قەدرى ئىلىم بىلەن ھاسىل بولۇر. ئىلىمدىن ھازىرغىچە ھېچكىم زىيان كۆرگەن ئەمەس. ئىلىمنى ئىگىلەشنىڭ ئۆزى بىر سەنئەتتۇر. دۇنيادا قانداق ياۋۇزلۇقلار يۈزبەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نادانلىق تۈپەيلى كېلىپ چىققان. ئەڭ زور ھالاكەت نادانلىق، ئىنسانىيلىقنى يوق قىلغۇچىمۇ نادانلىقتۇر. ياخشى تەھسىل كۆرگەن ۋە ئىلىم نۇرى بىلەن خۇلقىنى ياخشىلىغان ئايال ھەر يەردە ئىززەت تاپقاي. ئىلىم-ئايال ئۈچۈن زىننەت. ئەقلىنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ھەر بىر ئايال نومۇس، ئىززەت، ئاياللىق قەدرىنى چۈشىنىپ يەتكەي. بۇنداق ئايال ھېچ بىر ئىشتا ئاداشمىغۇسى. ئىلىمسىز ئايال بولسا بالا تەربىيىسىدە تۈرلۈك كەمچىلىكلەرگە يول قويىدۇ. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر نەرسىلەر-نومۇس، ئىززەت، ھايا قاتارلىق پەزىلەتلەر ئىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق كەسىپ قىلىنۇر.

بەختىنىڭمۇ، راھەتىنىڭمۇ، بايلىقىنىڭمۇ تۈپ نېگىزى ئىلىمدۇر. ئالىم ۋە كامىل كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسى شۇ سەۋەبلىك يۇقىرى بولۇر.
**- فەخرۇلبەنات سۇلايمانىيە**

ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بولسا، ھەر ئۈچىلىسىگىمۇ ئىلىم ئۆگەتكىنى ياخشى. مۇبادا بۇنداق ئىمكانىيەتكە ئىگە بولمىسا، بىرىگە ئىلىم ئۆگەتسۇن، بىرىگە ھۈنەر، يەنە بىرىگە دېھقانچىلىق ياكى تىجارەت ئۆگەتسۇن. ئومۇمەن ئۇلارنى بىرەر پايدىلىق ئىش بىلەن مەشغۇل قىلىپ، بىكارچى ۋە قەبىھ كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت ۋە ھەمسۆھبەت بولۇپ قېلىشىدىن ساقلاش كېرەك.
**- مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل-جامى**

ئىلىم ۋە ئەدەب - ئىنساننى دۇنيادا ئەزىز ۋە مۇكەررەم قىلغۇچى، ئاچكۆزلۈك، پەسكەشلىك ۋە جاھىللىقتىن قۇتقۇزغۇچى، مەرىپەت نۇرىغا ۋە سائادەت گۈلشىنىگە يېتەكلىگۈچىدۇر.
**- ئەبدىبەك شىرازى**

ئىبنى ئابباستىن سوراشتى:
- سەن قانداق قىلىپ شۇنچە كۆپ ئىلىمگە ئېرىشتىڭ؟
ئۇ شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:
- سوئال بەرگۈچى تىل، بىلگۈچى قەلب ۋە چىداملىق ئوقۇتقۇچى بىلەن.
**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن**

شەئبى ئېيتىدۇ:
- ئىلىم بابىدا نېمىنى ئىشتكەن بولساڭ يېزىۋال، قەغەز بولمىسا تامغا بولسىمۇ يېزىۋال؛ چۈنكى يادلىۋېلىنغان نەرسە ئۇنتۇلىدۇ، يېزىلغان نەرسە مەڭگۇ قالىدۇ.
**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن**

تۆت نەرسە ئۆلۈك دىلنى تىرىلدۈرىدۇ: ئۇستاز، ياخشى دوست، مۇۋاپىق يار ۋە دۆلەت-ئىقبال سەۋەبچىسى بولىدىغان دانا ئەقىل.

**- مۇئىنىددىن جۇۋەينى**

بىر كۈنى ئىسكەندەردىن سورىدى:
- سەن ئۇستازىڭنى ئاتاڭدىنمۇ كۆپرەك ھۆرمەت قىلار ئىمىشسەن، شۇ راستمۇ؟
- ھەئە، - دەپ جاۋاب بەردى ئىسكەندەر، - ئاتام مېنى يوقلۇق ئاسمىنىدىن ئېلىپ چۈشتى، ئۇستازىم بولسا، مېنى يەردىن كۆككە كۆتۈردى!
**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن**

بۇزۇرگمېھردىن:
- نېمە ئۈچۈن ئۇستازىڭنى ئاتاڭدىنمۇ ئۈستۈن دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىسەن؟ - دەپ سورىدى.
- چۈنكى ئاتام مېنى ئۆتكۈنچى ھاياتقا ئېلىپ كەلدى، ئۇستازىم بولسا ماڭا باقىي ھايات بېغىشلىدى، - دەپ جاۋاب بەردى.

ھەقىقەتەنمۇ ئۇستاز ئىلىم بېرىش بىلەن كىشىنىڭ نامىنى ئۇلۇغلاپ ئەۋلادلار ئاغزىدا قالدۇرىدۇ ۋە ئىككىنچى ھايات بېغىشلايدۇ.
**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن**

كىشىلەرگە ئۇلاردىن ئاۋۋالراق سالام بېرىشكە

ئالدىرا. چۈنكى بۇ ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرىدىن بولۇپ، كەمتەرلىك نىشانلىرىدىن بىرىدۇر.

**- مۇھەممەد ھۇسەيىن**

قەلەم ئالەمنى ئىدارە قىلىدۇ.

قەلەمنىڭ كۈچى قىلىچتىن ئۈتكۈر.

قىلىچنىڭ كۈچى-قەلەمنىڭ ئۇچى.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

سەھل ئىبنى ھارۇن ئېيتىدۇ:

- قەلەم كۆڭۈلنىڭ بۇرنىدۇر، ئۇ قاچان قانىسا سىرلارنى دەپتەر يۈزىگە چاچىدۇ ۋە ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. قەلەم قەغەز يۈزىگە گۆھەر تىزغۇچى ئەسۋابتۇر. كىتاب بىر باغكى، يېزىقلىرى ئۇنىڭ گۈللىرىدۇر.

**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن**

كىتاب - ئالىملار پىكرىنىڭ پاناھگاھى، دانا كىشىلەر بوستانىنىڭ چەمەنى، ئاددىي كىشىلەرنىڭ تاماشاگاھىدۇر. ئۇ - ھېچكىمى يوق كىشىلەرگە كۆڭۈل ئاچىدىغان باغ، غەمكىن كىشىلەرگە رەھنەمادۇر. ئۇ ھەممە يەردە ھەممە بىلەن ئاشىنا، دەردلىك كىشىلەر دىلىغا داۋادۇر.

ئارىفىي كىتابنى ماختاپ تۆۋەندىكىچە كۈيلەيدۇ:

بىر دوستكى، ھېچكىمگە بەرمىگەي ئازاب،

ئۇزاق سىناپ كۆردۇم، بىلسەڭ ئۇ كىتاب.

سىرنى يوشۇرماس ئوقۇغۇچىسىدىن

خەۋەر بېرۇر ساڭا يازغۇچىسىدىن.

خىلۋەتتە سەن بىلەن بولۇپ ئۇ ئۈلپەت،

جىمغىنا قۇرىدۇ يېقىملىق سۆھبەت.

ھېچكىمدىن قېلىشماس بىلىملىك ئەھباب،

ئۇنىڭدىن سورىساڭ بەرمىگەي جاۋاب.

**- مۇھەممەد جەبەلرۇدىي**

كىمكى كىتابنى كۆپ كۆرسە، كىتاب ئۇنىڭ زېھنىنى ئاچىدۇ، زوقىنى ئاشۇرىدۇ، سۆزگە چېچەن قىلىدۇ.

كىتاب - يالغۇزلۇقتىكى ئەڭ يېقىن سىرداشتۇر.

كىتاب - ھەم ئۆتمۈشتىن، ھەم كېلەچەكتىن خەۋەر بەرگۈچىدۇر.

كىتاب - ئىنساندىن ھېچ نەرسە تىلىمەيدۇ، ئەمما ئۇنى كامىللىققا يەتكۈزىدۇ.

كىتاب - ئەدەب-ئەخلاقنىڭ كانى، بىلىمنىڭ بۇلىقى.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

ئەي ئەزىز! كىشى ئۈچۈن كىتابتىن ئەزىز ۋە يېقىملىق سۆھبەتداش يوقتۇر. كىتاب - پاساھەت، بالاغەت، لاتاپەتتە تەڭداشسىز ۋە مۇناپىقلىقتىن خالىي ھەمراھتۇر؛ يالغۇزلۇقتا ۋە غەملىك كۆڭۈلەردە سىرداش ئۈلپەتتۇر. ئۇنىڭدا ئىككىيۈزلىمىلىك ۋە گىنە يوقتۇر. ئۇ شۇنداق ھەمدەمكى، سۆزلىرىدە يالغان ۋە خاتا بولماس، سۆھبىتىدىن كىشىگە مالاللىق يەتمەس. ئۇ ئۆز دوستىنىڭ دىلىنى ئاغرىتمايدۇ.

ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن ساڭا شۇنداق ئېسىل پايدىلار يېتىدۇكى، بۇنداق پايدىنى كىشىلەردىن تاپالمايسەن. ئەكسىچە، كۆپلىگەن ئادەملەر سۆھبىتىدىن كىشىگە زىيان يېتىدۇ. كىتابتىن ئىبارەت بۇ دوست ئىچىدە بارچە ئىلىم-ھۈنەر مۇجەسسەمدۇركى، ئۇ، كىشىلەرنى ئۆتمۈشتىن ۋە كېلەچەكتىن خەۋەردار قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، «كىتاب-ئەقىل قەلئەسىدۇر» دېيىلۇر.

**- مۇھەممەد جەبەلرۇدىي**

ئەبۇ بەكر ئەلخارەزمىي ئۆلۈم تۆشىكىدە ئىدى. ئۇنىڭدىن سوراشتى:

- كۆڭۈللىرى نېمىنى خالايدۇ، ئىشتىھالىرى نېمىگە تارتىدۇ؟

ئۇ دېدى:

- كىتاب يۈزىگە بىر قارىۋالسام!

**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن**

ھۈنەر ۋە سەنئەت شۇنداق نەرسىكى، ئۇ كېرەكسىز قالمايدۇ، ئىشلەتمىسەڭ يوقالمايدۇ، كېرەك چاغدا بولسا ساڭا ياردەمچى بولىدۇ. ئەر كىشىگە 40تۈرلۈك ھۈنەرمۇ ئاز. ئەركەك بولۇپ تۇرۇپ «مەن بۇنى بىلمەيمەن» دېيىش ئۇياتتۇر.

**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن**

ھېكمەت. ھەركىمنىڭ ئالتۇنى بولمىسىمۇ، ھۈنىرى بولسا، دۇنيادا ھېچبىر خەۋپ-خەتىرى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشى ھۈنەر زىننىتى بىلەن بېزەنمىكى لازىم. ھۈنەرسىز كىشى قۇرۇق سۆلەتتۇر. قۇرۇق سۆلەت كىشى قېتىپ تۇرغان سۈرەتكە ئوخشايدۇ. سۈرەتكە قارىغىنىڭكى، ئۇ ئادەمگە ئوخشىسىمۇ ، جېنى يوقتۇر. دەرەخ شېخى يېمىشسىز بولسا، ئۇنىڭ ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزىدىن نېمە پەرقى بولسۇن؟! قەلەم گەرچە چۆپ بولسىمۇ، ئىلمۇھۈنەرنى ئاشكارا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەزىزدۇر. كۆزگۈگۈزەللەر يۈزى تۈپەيلى قولدىن چۈشمەيدۇ.

**- مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار**

ھەقىقەتەنمۇ، ھۈنەر-مېھرىبان دوست، شەپقەتلىك يار ۋە ھالاۋەتكە يەتكۈزگۈچى بىر چاپقۇر ئاتتۇركى، ئۆز چەۋەندازىنى راھەت ۋە ئېتىبار مەنزىلىگە تېزلا يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇ شۇنداق ھىمايىچىدۇركى، ئۆز ئىگىسىنى تەمە ئوتىدىن قۇتقۇزۇپ، ئامان ساقلايدۇ.

**- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

ئەي ئوغۇل! بۇ نەسىھەتلەرگە قۇلاق سال، كەسىپ-ھۈنەر ئۆگىنىشتىن ئۇيالما، ئەمگەك قىلىشنى ئۆگەن! يۇرت ۋە ئەلنىڭ راۋاجلىنىشىمۇ ھۈنەرگە باغلىق. ئەڭ ھالال ۋە ئەڭ تاتلىق يېمەك-لىك، يارىشىملىق كىيىم-كېچەك ھۈنەردىن ھاسىل بولۇر. ھۈنەر-يوشۇرۇن خەزىنە! كۆلەرنىڭ بىرىدە دۇنيا تاسادىپلىرى تۈپەيلى مال-مۈلكۈڭدىن ئايرىلساڭمۇ، ھۈنىرىڭدىن ھېچقاچان ئايرىلمىغايسەن! ھۈنەر سېنىڭ دائىملىق ھەمراھىڭ، مەدەتكارىڭدۇر.

www.uyghurkitap.com

— مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

ئىنساننىڭ ھۈنىرى — ئۇنىڭ بايلىقى.
پۇل تۈگەيدۇ، ھۈنەر تۈگىمەيدۇ.

— «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھۈنەر سەھىپىسىگە رەقەم چەككۈچىلەر قۇتلۇق قەدەملىرى ئارقىلىق ھەر بىر يۇرت ۋە مەملىكەتنىڭ قىزىل تىللا كەبىي مۆتىۋەرلىرىنىڭ، شېرىن سۆزلۈك ئۇلۇغ-ئۇششاقلىرىنىڭ رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ ئىلكىدە قابىلىيەتنىڭ تازا ئالتۇنىدىن بىر دىرھەم بولسا، ئىبغىر كۆنلەردىمۇ ئۇنىڭ كۆزى تەمە چاڭلىرى بىلەن بۇلغانمايدۇ ۋە ئائىلە خەزىنىسى بايلىقنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشىدىن خالىي بولمايدۇ.

— بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

ئادەمنىڭ بەرىكەتلىك ۋە بەدۆلەت بولۇشى ئۈچۈن ھۈنەر — كەسىپتىنمۇ قىممەتلىك ماتا يوق ھەمدە ئۇلۇغلۇق ۋە سائادەت ئاسمىنى ئۈچۈن بولساقابىلىيەت-تىن يارقىنراق يۇلتۇز يوق. ھۈنەر سۆيى بىلەن سۇغۇرۇلمىغان كىشى خۇددى يېمىشى ۋە سايىسى يوق قۇرۇق دەرەخكە ياكى ھىدى ۋە رەڭگى بولمىغان گۈلگە ئوخشايدۇ. دەرھەقىقەت، بۇ جەننەت كەبىي گۈلشەننىڭ رەيھانلىرى ھىدىدىن دىمىقىنى خۇش بۇي قىلغان كىشى خىلمۇ خىل، تېپىلغۇسىز لەززەتلىك نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ نېمەتنىڭ يېقىملىق شارابىدىن بىر يۇتۇم تېتىمىغان كىشى دائىما بەختسىزلىك ۋە ئاجىزلىق بىلەن بېشى ئاغرىپ، خۇمار بىلەن يۈرىدۇ ھەمدە كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتلەر يۈكىنى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىلىم ۋە ھەقىقەت بېغىنىڭ باغۋەنلىرى كەسىپ-ھۈنەرسىز كىشىلەرنى جەمئىيەتنىڭ رەزىل ۋە پەسكەش كىشىلىرى، دەپ ھېسابلايدۇ. كەسىپ كامالسىز كىشى ھېچكىمنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ ۋە ھېچكىم كەسىپ-ھۈنەرسىز كىشىگە ياردەم قولىنى سوزمايدۇ. مۇئەللىپ ئېيتىدۇ:

ھۈنەر بىلەن ھاياتنىڭ يولىنى ئېگىلىگەنلەر،
بەخت خەزىنىسىنىڭ كېلىتىگە مۇيەسسەر.

— بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

## ئائىلە، ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا، قېرىنداش ۋە قوشنىلار توغرىسىدا

بەختىيار بولۇشنى ئىستىسەڭ مۇنۇ خىسلەتلەرنى مۇجەسسەم قىل: ئەۋۋەلا ئاتا-ئاناڭنىڭ ھەققىنى ئادا قىل، ئاتا-ئانا خۇرسەنلىكى كىشى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا چوڭ دۆلەتتۇر.

— مۇھەممەد ھۈسەيىن

«ئىھيا» ۋە «كىميا» كىتابلىرىدا پەرزەنت توغرىسىدا تۆۋەندىكى سۆزلەر ئېيتىلىدۇ: «پەرزەنت ئاتا-ئانا قولىدىكى ئامانەتتۇر، ئۇنىڭ دىلى بولسا نەپىس گۆھەرگە ئوخشايدۇ. گۆھەرگە ھەر خىل نەقىشلەر قويۇش مۇمكىن بولغىنىغا ئوخشاش بالا دىلىغىمۇ تۈرلۈك پىكىرلەر نەقىشىنى سىلىشقا بولىدۇ. بالا قەلبى تازا يەرگە ئوخشاشكى، ئۇنىڭغا قانداق ئۇرۇق سەپسەڭ، شۇ ئۇرۇق ئۈنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئىشتا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، پەرزەنتلەر دىلىغا ياخشىلىق ئۇرۇقىنى سەپمەكلىرى لازىم».

ھېكايەت. «رەۋزەئى‌خۇلد» ئەسىرىنىڭ مۇئەللىپى مەۋلانا مەجدىددىننىڭ يېزىشىچە، ئۇ بىر كۈنى يەزد شەھىرىدە ۋەز ئېيتىۋاتقانىكەن. سۆز ئاتا-ئانا ئۈستىدە بولۇۋاتقان چاغدا، بىر بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ يىغلىغىنىچە : «ئەي مەۋلانا، ئاتىسىنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇرغان پەرزەنت توغرىسىدا نېمە دەيدۇلا؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭدىن: «ئاتىسى ئۇنى نېمە ئىشقا ئۆگەتكەنىدى؟» دەپ سورىدۇم. ئۇ: «ئېشەكنى ئىجارىگە بېرىشكە» دەپ جاۋاب بەردى. «ئەيىب ئۇنىڭ ئاتىسىدا»، — دېدىم ئۇنىڭغا، — بالىنى كىچىكىدىنلا ئىلىم ئۆگىنىشكە جەلپ قىلغىنىدا ۋە ياخشى كىشىلەر سۆھبىتىگە ئەۋەتكىنىدە ئىدى، بۇنداق ئىش يۈز بەرمەس ئىدى. ئاتا بۇنداق قىلىش ئورنىغابالىنى ئېشەكنى ئىجارىگە بېرىشكە ئۆگىتىپتۇ. نەتىجىدە بالا ئېشەكنى نوختىسىدىن تارتىپ، بېشىغا تاياق بىلەن ئۇرۇشقا ئۆگىنىپ قالغان. ئۆز ئاتىسىنىڭ ساقىلىنى ئېشەكنىڭ نوختىسى، دەپ ئويلاپ تارتقان، بېشىنى ئېشەكنىڭ بېشى، دەپ ياغاچ بىلەن ئۇرغان».

دېمەك، پەرزەنتنى نادانلىق زىمىستانىدىن ئېلىپ ئىلىم ئاپتابىستانىغا يېتەكلىگىنىكى، ئىلىم-ئىنسان پەخرى، نادانلىق بولسا غەپلەتتۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل-جامىي

ئاتىلىرىمىز ئائىلىنىڭ يىرىقىنى يېقىن، يوقىنى بار قىلىش ئۈچۈن دائىم ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار بىزلەرنىڭ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئۆي-جاي ھازىرلايدۇ، كىيىندۇرۇش ئۈچۈن كىيىم-كېچەك تاپىدۇ، ئىچىشىمىز ۋە يېيىشىمىز ئۈچۈن ئاش-نان تېپىش كويىدا بولىدۇ. قىسقىسى، ھەر بىر ئائىلىنىڭ گۈللەپ-ياشنىشى ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ ھەرىكەت قىلغۇچى كىشى-ئاتىدۇر.

باللار! ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىز ئۈچۈن تەر تۆكۈپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ياخشىلىقلىرىنى بىزلەرگە تەييارلاش يولىدا بار ۋۇجۇدى بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم ۋە بۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشىمىز، ئاتىلىرىمىز چارچىغاندا ھەم ياردەم كېرەك بولغاندا، شۇ زامان ياردەملىشىشكە ئالدىرىشىمىز، پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ھەمىشە تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك.

ھەر بىر پەرزەنتنىڭ ئاتا-ئانىنى ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام قىلىشى ھەمدە ئۇلارغا نىسبەتەن شەپقەت ۋە

www.uyghurkitap.com

مەرھەمەتلىرىنى كۆرسىتىشى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۆز ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلمايدىغان، ئۇلارنى رەنجىتىدىغان پەرزەنتنىڭ ئىشلىرى ھېچقاچان ئىلگىرى كەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەل ئالدىدا ئابرويى بولمايدۇ.

ـ مۇستەفا ھامىيپاششا

**ھېكايەت.** ئېيتىشلىرىچە، بىر باي كىشىنىڭ بىرلا ئوغلى بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئىسراپچى ۋە ئورۇنسىز پۇل سەرپىلىگۈچى ئىدى. بېيت:

دۆلەت ھەرگىز ئەمەس ئويۇن ئۈچۈن جاھاندا،
بەلكى ئۆزنى ساقلاش ئۈچۈن دائىم ئاماندا.

ئاتا ئۆز ئوغلىنىڭ يارامسىزلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئالدىنئالا چارە كۆرۈپ، بۇ جاھاندىن كۆز يۇمار چېغىدا ئۇنىڭغا ئۈگۈت -نەسىھەت قىلىپ دېدى:

-ئەي ئوغلۇم، مەن ئۆلگىنىمدىن كېيىن بايلىقىمنىڭ بەرى ساڭا قالىدۇ. ئىشەنچىم كامىلكى، سەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنسىز خەجلەپ تۈگىتىسەن. قولۇڭدا ھېچنەرسە قالماي، ئاچلىق ۋە خارلىق دەستىدىن ئاخىرى ئۆلۈمگە رازى بولىسەن. مەن نېرىقى ئۆينىڭ شىپىغا بىر ئارقان باغلاپ قويدۇم. جېنىڭدىن تويغان چېغىڭدا ئۆزۈڭنى ئەنە شۇ ئارقانغا ئاسۇرسەن!

ئاتا شۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ جان بەردى. يارامسىز ئوغۇل كۆپ ئۆتمەي ھەممە پۇل-پۇچەكلىرىنى سەرپلەپ تۈگەتتى. ئاخىرى تىلەمچىلىك قىلىشنى ئار بىلىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماقچى بولدى. ئاتىسى تەيىنلەپ قويغان ئۆيگە كىرىپ سىرتماقتا بويىنىنى سېلىپ ئۆزىنى تاشلىدى. لىم ياغاچ ئۇنى كۆتۈرەلمەي سىنىپ كەتتى ۋە شۇ ھامان ئاتىسى بالىسى ئۈچۈن سۇقۇپ قويغان بايلىقلارمۇ توپا ئارىلاش يەرگە چۈشتى. بايلىقنىڭ ئەمگەك ئارقىلىقلا تېپىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئوغۇل ئەمدى پۇلنى ئويلاپ ئىشلىتىدىغان ، خەيرلىك ئىشلارغا سەرپلەيدىغان بولدى. ئاتىسىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن خەلقنى خۇشھال قىلىشقا ۋە ساخاۋەت نۇرىدىن بەھرىمەن قىلىشقا كىرىشتى.

ـ «مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

باللار! ئانىلىرىمىز بىزلەرنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن مېھرۇ مۇھەببىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئارامىدىن كېچىپ، كېچىلىرى كۆز يۇماي، ئاق سۈت بېرىپ، تەربىيىمىزگە مەشغۇل بولغان. خاپا بولۇپ قالساق ياكى كۆڭلىمىز بىرئاز رەنجىپ قالسا ئەتراپىمىزدا پەرۋانە بولغان، تاۋىمىز قېچىپ قالسا ، ھوزۇر-ھالاۋىتىنى يوقاتقان ھەم ئانا. مەلۇمكى، باغۋەنسىز بىرەر دەرەخنىڭ يېمىشى ياخشى بولماس. ئانا بولسا بىزلەرنىڭ باغۋەنىمىزدۇر. ئۇ ھەر دائىم بىزلەرنى پەرۋىشلەش كويىدا يۈرىدۇ. بۇنى چۈشەنگەن ھەرقانداق بالا ئۆز ئانىسىنى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن قويغۇسى ۋە ھەمىشە ھۆرمەتلىگۈسى.

ئەقىللىق پەرزەنت ھېچقاچان ئانا مېھرىنى ئەستىن چىقارماس، كىچىككىنە بىر ئىشقا كىرىشكەندىمۇ ئانىسىنى بۇنىڭدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالۇر. ئانىسىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ مەسلىھىتىگە ئەمەل قىلۇر. ھەر ۋاقىت ئانىسىنى مىننەتدار قىلىشقا ئۇرۇنۇر.

ۋايىغا يەتكەن باللار ياخشى تەربىيە ئېلىپ، بىرەر كەسىپ ئىگىلەپ ئالغاندىن سوڭ، ھەر قېتىم ئانىلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە ، ئۆزىنىڭ شۇ ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىدا پەرۋىش تاپقانلىقىنى ئويلاپ، ئانىسىغا ھەرگىزمۇ قاتتىق -يىرىك سۆزلىمەس، يۇمشاق سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالۇر. ئانىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن چەككەن جاپالىرىنى كۆز ئوڭىغا كەلتۈرۈپ، شۇ چەككەن جاپا-مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇر ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭۈل رىزالىقىنى ئېلىپ، بىر ئۆمۈر شادىمان قىلۇر.

ـ مۇستەفا ھامىيپاششا

ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ھەر بىر پەرزەنتنىڭ بۇرچىدۇر. ئەمما بۇ بۇرچ ئاتا-ئانا قاچانكى پەرزەنتنىڭ خىزمىتىگە موھتاج بولۇپ قالغاندا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

پەرزەنتنىڭ ئاتا-ئانا ئالدىدىكى ئەدەب-ئەخلاقى شۇنداقكى، پەرزەنت ئاتا-ئانا نېمە دېسە دىققەت بىلەن قۇلاق سالىدۇ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قوشۇق سالمايدۇ، نېمىنى بۇيرۇغان بولسا بۇيرۇغان نەرسىلىرىدە خىيانەت ياكى گۇناھ ئىش بولمىسىلا جان-دىل بىلەن بېجىرىدۇ. ئۇلار ئولتۇرغان جايلىرىدىن تۇرسا پەرزەنتمۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، چاقىرسا، «لەببەي» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھەمىشە ئۇلارنى خۇرسەن قىلىش كويىدا يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەزىم بىلەن تۇرىدۇ. قىلغان ئىشلىرىنى مىننەت قىلمايدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ئاچچىقلىنىپ، ئۇلارغا ھومايمايدۇ. ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەرگە چىقمايدۇ.

يەنە باشقا ھوقۇقلىرىدىن بەزىلىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەدەب بىلەن ئولتۇرىدۇ، يېشىنىپ ئولتۇرمايدۇ. بىرەر يېرى ئاغرىۋاتقان بولسا ئاتا-ئانىنى تەشۋىشكە سالماسلىق ئۈچۈن ئىمكانى بارىچە ئۇلاردىن يوشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئەدەب قائىدىلىرىنى جاي-جايىغا قويىدۇ.

ـ مۇھەممەد ئىبىن مۇھەممەد ئەل-جامىي

سائادەتمەن ئەقىل ئىگىلىرى پەرزەنتلىرىنى خۇددى ئادەم بەدىنى ئەزاسىغا ئوخشىتىدۇ. ھەر بىر ئەزا ئۆز ئىگىسىگە قانچىلىك كۆپ ئىش قىلىپ بەرسە، شۇ ئەزانى باشقىلىرىغا قارىغاندا كۆپرەك ئەزىزلەيدۇ. پەرزەنت قانچىلىك ئەزىز ۋە مۇكەررەم بولسۇن، ئەگەر ئۇ ئەدەب زىننىتىدىن نېسىۋىسىز بولسا، بەئەينى كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئايرىلغان كۆزگە ئوخشايدۇ.

پەرزەنت بولسا ئەگەر نا ئەھلى بەدكار،
يېمىشسىز دەرەختۇر بىسەمەر، بىنار!

— بەرخوردار ئىبنى مەھمۇد

كىتابلاردا بايان قىلىنىشىچە، ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتتە سەكسەن تۈرلۈك ھەققى بار. ئۇلارنىڭ قىرىقى ئاتا-ئانا تىرىكلىكىدە، قالغان قىرىق تۈرلۈكى ئۆلگەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. تىرىكلىك چاغدىكى قىرىق ھەققىنىڭ ئونى تەنگە، ئونى تىلغا، ئونى دىلغا ۋە ئونى مالغا تەئەللۇقتۇر.

تەنگە تەئەللۇق بولغان ئون ھەق ئاتا-ئانىغا چىن دىلىدىن خىزمەت قىلىشتۇر. بۇ شۇنداقكى، ئاتا-ئانىغا ھەممە ۋاقىت ھۆرمەت كۆزى بىلەن قارىلىشى، قىلما، دەپ بۇيرۇغان ئىشلار قىلىنماسلىقى، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى ۋە رازىلىقىسىز ھېچبىر ئىشقا قول ئۇرۇلماسلىقى لازىم. يەنە ئۇلار سەن ئولتۇرغان جايدا ھازىر بولسا ، دەرھال ئورنىڭدىن تۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشىڭ، ئۇلار ئولتۇرغان بولسا، سەن ئۆزۈڭ ئۆرە تۇرۇشۇڭ، ئۇلار ئولتۇرىدىغان جايغا سەن ئولتۇرماسلىقىڭ، يولدا بىرگە كېتىۋاتقان بولساڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالماسلىقىڭ كېرەك. ئەگەر توپىلاڭ، پاتقاق، سۇلۇق ياكى ئومۇمەن خەۋپلىك جايلارغا كەلگەندىلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالساڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوچۇق چىراي بىلەن ئولتۇر. قاپىقىڭنى سالما، ھومىيىپ قارىما، چاقىرغىنىدا يۈگرۈپ بار.

دىلغا تەئەللۇق ئون نەرسە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچى، ئۇلارغا رەھمۇ شەپقەت بىلەن قارا؛ ئىككىنچى، ئۇلارغا ھەر دائىم قولۇڭدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىل؛ ئۈچىنچى، سېنىڭ شادلىقىڭ ئۇلارنىڭ خۇرسەنلىكى بىلەن بولسۇن؛ تۆتىنچى، ئۇلار غەم چەكسە، سەنمۇ قايغۇر ۋە ئۇلارنىڭ دەردىگە مەلھەم بولۇش يولىنى ئىزدە؛ بەشىنچى، ئۇلار ئوشۇقچە سۆزلىسىمۇ مالال كۆرمە؛ ئالتىنچى، ئۇلار تەنبىھ بەرسە خاپا بولماستىن خۇرسەن بول؛ يەتتىنچى، ئۇلارغا ھەرقانچە ياخشىلىق قىلساڭمۇ ۋە ھەقلىرىنى ھەرقانچە ئادا ئەتسەڭمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ زەررىچە ئازار يەپ قېلىشىنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئار دەپ بىل؛ سەككىزىنچى، ئۇلارنىڭ قانداق نىيەتلىرى بولسا، شۇ نىيەتلىرىگە يېتىشلىرى ئۈچۈن ھەرىكەت قىل؛ توققۇزىنچى، ئۇلار قانچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسە، شۇنچىلىك خۇشھال بول؛ ئونىنچى، قانچىلىك دەردلىك بولسا، كۆڭۈللىرىنى ئېلىشقا شۇنچىلىك تىرىشقىن.

تىلغا تېگىشلىك بولغان ئون ھەق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچى، ئاتا-ئاناڭغا مۇلايىم مۇئامىلە قىل ۋە دائىم تەۋازۇدا بول؛ ئىككىنچى، ئۇلارغا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىمە؛ ئۈچىنچى، ئۇلارغا كۆپ سۆزلىمە ۋە قوپاللىق قىلما؛ تۆتىنچى، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرما؛ بەشىنچى، ئۇلار سۆزلەۋاتقاندا سۆزىنى بۆلمە؛ ئالتىنچى، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى رەت قىلما؛ يەتتىنچى، ئۇلار سېنى ئىشقا بۇيرىسا، ياق، دېمە؛ سەككىزىنچى، ئۇلار قاتتىق ئاۋازدا گەپ قىلسىمۇ، سەن پەس ئاۋازدا سۆزلە؛ توققۇزىنچى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئاھ-ئۇھ دەپ كەتمە. . .

مالغا تەئەللۇق بولغان ئون ئىش تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، ئۆزۈڭگە كىيىم-كېچەك قىلىشتىن ئىلگىرى ئاتا-ئاناڭغا قىلىپ بەر؛ ئىككىنچى، ئۇلارغا ئۆزۈڭ يەيدىغان تائاملاردىنمۇ ئېسىلراق تائام قىلىپ بەر؛ ئۈچىنچى، بىر دەستۇرخاندا غىزالىنىۋاتقىنىڭدا يېمەكلىكلەرنىڭ ياخشىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قوي. ھېكايە قىلىنىشىچە، ھەننان ئىبنى ئەتىيە ئۆز ئانىسى بىلەن بىر دەستۇرخاندا تا ماق يېيىشتىن قورقىدىكەن. ئۇ دائىم: «ئانامنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئەمدى يەي ، دەپ تۇرغان مېۋىسىنى بىلمەستىن يەپ قويسام، بۇنىڭدىن ئانامنىڭ كۆڭلى رەنجىسە ، مەن گۇناھكار بولۇپ قالسام، ئۇچاغدا ھالىم نېمە بولماقچىدى، مەن شۇنىڭدىن قورقىمەن» دەر ئىكەن؛ تۆتىنچى، قانداق نەرسىنى سېتىۋېلىش ئىستەكلىرى بولسا، شۇ نەرسىسىنى سېتىۋېلىپ بەر، چۈنكى سەن ياش چېغىڭدا نېمىنى خالىساڭ، ئۇلار شۇ نەرسىنى سېتىۋېلىپ بەرگەن؛ بەشىنچى، ئۆيلىرىنى ياخشىلا ۋە ئۇنى جاھازلاپ بەر؛ ئالتىنچى، سورىمىسىمۇ پۇل بېرىپ تۇر، چۈنكى بۇنى ئۇلار ئاشكارە ئېيتالماسلىقلىرى مۇمكىن؛ يەتتىنچى، ئۇلارغا: « تاپقان-تۆككىنىمنىڭ ھەممىسى سىزلەر ئۈچۈن، نېمىنى خالىسىڭىزلار شۇنى بىمالال ئېلىۋېرىڭىزلار ھەممىسنى ئۆزىڭىزلەرنىڭكىدەك كۆرۈڭىزلەر» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئارىدىكى ئۆيلىش ۋە تارتىنىشلارنى كۆتۈرۈۋەت؛ سەككىزىنچى، ئەگەر ئاتا-ئاناڭدىن يىراق يەردە ئولتۇرساڭ، گاھ-گاھ مېھمانغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىل؛ توققۇزىنچى، ئاتا-ئاناڭنىڭ دوستلىرىنىمۇ ھۆرمەت قىل، بۇ ئىشىڭ بىلەن سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ ئۆز دوست-ئاغىنىلىرى ئالدىدا يۈز تاپىدۇ. . .

مەلۇمكىز بولغايكى، ئاتا-ئانا ئۆلگەندىن كېيىن قىلىنىشى كېرەك بولغان قىرىق تۈرلۈك ھەق-ھوقۇقتا تۆۋەندىكىلەر كىرىدۇ: بىرىنچى، ئۆلۈكنى تېزلىك بىلەن دەپنە قىلىش چارىلىرىنى كۆر، چۈنكى ئۆلۈكنىڭ ئىززىتى ئۇنى تېزلىك بىلەن ئۇزىتىشتا. يەرلىكىدە قويۇشتىن ئىلگىرى جەسەتنى يۇيۇپ-تاراشنى ۋە كېپەنلەشنى ئۇنتۇما. ئۆزۈڭ داد-پەرياد قىلىپ يىغلىما ۋە ئۆزگىلەرنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىغا يول قويما.

ئاتا-ئانا يەرلىكىگە قويۇلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ تۇپراق بېشىغا پات-پات بېرىپ تۇر. ئەگەر ھەپتىدە بىر قېتىم زىيارەت قىلىشنى ئادەت قىلساڭ، ئۇلۇغ كىشىلەر يولىنى تۇتقان بولىسەن. باشقىلارنىڭ ئۆلگەن ئاتا-ئانىلىرى توغرىسىدا يامان سۆزلەر قىلمىغىنىكى، ئۇلارمۇ سېنىڭ ئاتا-ئاناڭنى شۇنداق

www.uyghurkitap.com

يامان سۆزلەر بىلەن يادلىمىسۇن. ھېكمەت كىتابلىرىدا ئېيتىلىشىچە، كىمكى ئۆز ئاتا-ئانىسى ئۆلگەندىن سوڭ ئۇلار توغرىسىدا يامان سۆزلەر قىلسا، ئۇ مەلئۇن كىشىدۇر.

ئاتا-ئاناڭ ۋاپات بولغاندىن سوڭ، ئۇلارنىڭ يارۇ دوستلىرىنى ئۆيۈڭگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە ئاتا-ئاناڭ خاتىرىسىنى ياد ئەت، ئاتا-ئاناڭ ياخشى كۆرگەن يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، بۇرادەرلىرىنى ئېغىزلاندۇر!

- مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل-جامىي

پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسىغا ئىتائەت قىلىپ، ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئىلىشلىرى كېرەك. ھەربىر سائادەتلىك ۋە ئەزىز پەرزەنت ھەربىر ئىشتا ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلىپ، ئۇلارنى خۇشھال قىلىدۇ. ئاتا-ئانا خۇرسەنلىكىنى ئۆزىگە كېلىدىغان ياخشىلىقنىڭ باشلامچىسى، دەپ بىلىدۇ. نىجات ئىشىكىنىڭ كېلىتى ۋە سائادەت گۈلزارىنىڭ نەسىمى ئاتا-ئانا رازىلىقى تۈپەيلى ھاسىل بولىدۇ. پەرزەنت تەربىيىلەشتىن مەقسەت شۇلكى، ئۇلار ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئاتا-ئانا خىزمىتىنى قىلسۇن ۋە ھەرگىز ئۇلارغا ئۇيات ۋە شەرمەندىچىلىك كەلتۈرمىسۇن. چۈنكى ئۇيات ۋە شەرمەندىچىلىك ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان كۆزگۈسىنى خىرەلەشتۈرىدۇ ھەم بۇنداق يامان پەرزەنتتىن ياتلارنى ياخشىراق، دەپ بىلىدۇ.

- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇ ئىلىم ئېلىشقا ئۆگىتىلگەي ۋە نادانلىق پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىلغاي. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتىشنىڭ ئىلاجى بولمىسا، بىرەر ياخشى ھۈنەرگە ئۆگىتىلگەي.

ئەگەر سېنىڭ بايلىقىڭ قانچە كۆپ بولسا، ئۇلارنى پەرزەنتىڭنىڭ ئىلىم ۋە ھۈنەر ئىگىلىشى يولىدا سەرپلە. چۈنكى مال-بايلىققا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئىلىم-ھۈنەر بولسا ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ. ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگەنمەيدىغان كىشىلەر توغرىسىدا ئالىملار ئۈچ تۈرلۈك سەۋەب بارلىقىنى ئېيتىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەر يا زاھىد، يا ھورۇن، ياكى تەكەببۇر كىشىلەردۇر. ئەگەر ئۇ زاھىد بولسا، پات ئارىدا تەنە بالاسىغا گىرىپتار بولىدۇ. ئەگەر ھورۇن بولسا، گادايلىق كوچىسىغا كىرىدۇ. ئەگەر تەكەببۇر بولسا، ئىلاجىسىزلىقتىن ئاخىرى ئوغرىلىق يولىغا كىرىدۇ. كىمكى كەسپكارغا ئىگە بولسا، بۇنداق ئىللەتلەردىن يىراقتا بولىدۇ.

- مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل-جامىي

ئاتا-ئاناڭغا قانداق مۇئامىلىدە بولغان بولساڭ، پەرزەنتلىرىڭدىنمۇ خۇددى شۇنداق مۇئامىلىنى كۈت.

- «مەخزەنۇل ئۇلۇم»دىن

ھېكايەت. قىز يىگىتنىڭ سوئالىغا جاۋابەن دېدى:

- كىشىنىڭ قەلبىدە تۆۋەندىكىدەك بوستانلار بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىلىم بوستانى؛ ئىككىنچىسى، مۇلايىملىق بوستانى؛ ئۈچىنچى، ئىخلاس بوستانى؛ تۆتىنچى، كەمتەرلىك بوستانى؛ بەشىنچى، ساخاۋەت بوستانى؛ ئالتىنچى، رىزا بوستانى؛ يەتتىنچى، ئۈمىد بوستانى.

- بۇ بوستانلاردا نېمىلەر بولىدۇ! - دەپ سورىدى يىگىت.

قىز دېدى:

- كىشىكى روناق تاپاي دېسە، ئەۋۋىلەم ئىلىم بوستانىغا كىرىدۇ ۋە ئۇ يەردىكى نادانلىق، جاھىللىق خەس-خەشەكلىرىنى يۇلۇپ، ئۇزاققا تاشلايدۇ. سوڭ مۇلايىملىق بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا ھەسەت تىكەنلىرى ئۈنگەن بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ تاشلايدۇ. كېيىن ئىخلاس بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ يەردە رىيا ۋە بەد گۇمانلىق ئوتلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ بوستاننى تازىلايدۇ. ئاندىن كەمتەرلىك بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا تەكەببۇرلۇق ھەم مەغرۇرلۇق خەشەكلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ تازىلايدۇ. ئۇندىن سوڭ رىزا بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا مەنمەنلىك، جاھىللىق تىكەنلىرى بولسا، بوستاننى ئۇلاردىن خالىي قىلىدۇ. سوڭ ئۈمىد بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك تىكەنلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇۋېتىدۇ.

يىگىت قىزنىڭ ئەقلىگە تېخىمۇ قايىل بولدى ۋە شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ بۇنداق ئاقىلە قىزنى كۆرمىگىنىنى ھېس قىلدى. سوڭ قىزدىن سورىدى:

- ئەي قىز، تېخى ياشلا تۇرۇپ شۇنچە ئىلمۇ ھېكمەتنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟

- ئاتا-ئانامدىن! - دەپ جاۋاب بەردى قىز.

- مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

بالىلارنىڭ يامان، بىلىمسىز كىشىلەر بىلەن دائىملىق سۆھبەت-پاراڭدا بولۇشلىرىغا يول قويماسلىق كېرەك. چۈنكى ئۇلار نېمىنى كۆرسە ۋە كىمگە ئەگەشسە، شۇلارغا تېزدىن كۆنۈكۈپ قېلىشىدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۇ چاغدا لوقمان ھەكىم ۋە ئەفلاتۇننىڭ مىڭلاپ ئۈگۈت-نەسىھەتلىرى بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن ئادەتلىنىپ قالغان ئىشلىرىنى چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

سورىدى: ئوغۇلدىنمۇ تاتلىق نەرسە نېمە؟ ئېيتتى:

- نەۋرە

ئوغۇل قوۋانسا، ئاتا-ئانا يايرايدۇ.
ياخشى ئوغۇل ئاتىسىنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ.
بالا بالدىن تاتلىق.

- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

ھەقىقىي پەرزەنت ھەر بىر ئىشتا ئۆز ئاتىسىنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىدۇ.

- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارغا چىن دىلدىن ئىشىنىش ۋە ھەر بىر ئىشتا ئۇلارنى سىرداش، دەپ بىلىش لازىم. چۈنكى بالىلارغا قارىغاندا ئاتا-ئانىلار كۆپنى كۆرگەن، ئەقىل ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلغان ھەم ياخشى-ياماننى بىلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار بالىلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ، نەسىھەت ۋە مەسلىھەتلەر بېرىشى، بالىلار بولسا ئۇلارغا ئەمەل قىلىشى كېرەك.

ئاتا-ئانىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ، ئۆزىنى ئۇلاردىن ئەقىللىق ۋە ئىشبىلەرمەن ، دەپ سانىغان بالىلار كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلار ۋە ھەرخىل ئاپەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. چۈنكى ئىشەنچسىزلىك ئادەمدە ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىقنى تۇغدۇرغۇسى، يالغانچىلىق بولسا ھەممە قەبىھلىكلەرنى يۈزەگە چىقىرىدۇ. بىراۋغا يالغان سۆزلەش ئەڭ چوڭ ئەيىب بولۇپ، ئاتا-ئانىنى ئالداش تېخىمۇ ئېغىر يارىماس ئادەتتۇر. ئاتا-ئانىنى غەپلەتتە قالدۇرۇش، ئىش - ئەھۋاللارنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەرسىز قالدۇرۇش ئاتا-ئانا ئۈچۈن زور ئوقۇبەت ۋە ھاقارەتتۇر. بالىلار قىيىن ئەھۋال ۋە ئېغىر كۈلپەتكە دۇچار بولغىنىدا ئۆز ئاتا-ئانىلىرىنى ئۇنىڭدىن ۋاقىپلاندۇرسا، ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى، تەجرىبىلىرى بىلەن بۇ قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگۈسى.

ھاياتتا خاھ كىچىك، خاھ چوڭ ئىش بولسۇن، بىرەر بالىغا: «بۇنى ئاتا-ئاناڭدىن يوشۇر، ئۇلارغا ئېيتما» دېسە، ئۇ كىشى دوست ئەمەس، بەلكى دۈشمەندۇر. بۇنداق ئادەمنى كۆرگەن بالا ئۇنى دۈشمەن دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن قېچىشى كېرەك. سۆزنىڭ قىسقىسى شۇكى، ھەر بىر پەرزەنت ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ئۆز ئەھۋالىدىن، قىلىۋاتقان ئىشىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئۈگۈت - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىشى ۋە ئەمەل قىلىشى لازىم. ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىدىن ئۈلگە ئالمىقى، تەجرىبىلىرىدىن پايدىلانمىقى كېرەك.

ھەربىر بالا بىرەر تاسادىپ تۈپەيلى بىرەر خاتاغا يول قويسا، بۇ خاتانى تۈزىتىشكە دەرھال كىرىشىشى، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىنى ئاقلىشى، ئىككىنچىلەپ بۇنداق ئىشنى قىلماسلىق ئۈچۈن جان-جەھدى بىلەن كۈرىشىشى كېرەك.

**— مۇستەفا ھامىيپاشا**

بالىلار ھاياتتا ئۆسۈپ ئۇلغايغانلىرىدا ئۇلارنىڭ تەلەي-تەقدىرى مۇنۇ ئىككى نەرسىدىن بىرى بولىدۇ: يا بەخت-سائادەتلىك بولىدۇ، ياكى گۇمراھلىق يولىغامېڭىپ، بەختسىز بولىدۇ.

بالىلار قانداق قىلىپ بەختلىك بولۇشلىرى مۇمكىن؟ ئەگەر بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالسا، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن يولىدىن چىقمىسا، بەرگەن مەسلىھەتلىرىنى جان دەپ قوبۇل قىلسا، ئۇلارغا ئانچىكىم قۇلاق سېلىپلا قالماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەل قىلىشقا تىرىشسا ۋە دائىم يادىدا تۇتسا، بۇنداق بالا چوڭ بولغاندا ئەلۋەتتە بەختلىك بولىدۇ.

بالىلار قانداق قىلىپ بەختسىز بولۇپ قالىدۇ؟ ئەگەر بالا ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ غەرەزسىز، چىن كۆڭلىدىن مېھرىبانلىق قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىسا، بەرگەن مەسلىھەتلىرىنى قۇلاققا ئالمىسا، باشقىلارنىڭ ئۈگۈت - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىسا، بارغانسېرى يولدىن ئادىشىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە بەختسىز بولۇپ قالىدۇ. بەختسىز بالىلار چوڭ بولغىنىدا ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكىگە ئۆزلىرىنى ئەيىبدار دەپ ھېسابلىماي، ئاتا-ئانىلىرىغا تۆھمەت تاشلىرىنى ئاتىدۇ ۋە بەختسىزلىكلىرىنىڭ سەۋەبچىسى قىلىپ ئۇلارنى كۆرسىتىشىدۇ.

ئەي بالىلار! سىزلەر كىشىلىك ھاياتتا كۆرۈپ تۇرغىنىڭىزلاردەك، ئىلىملىك ۋە مەرىپەتلىك كىشىلەر ھەمىشە ئىززەت ۋە ئىكرامدا بولىدۇ، پۇلى كۆپ، مەنمەن دېگەن بەدۆلەت كىشىلەر بولسا، ئابروي جەھەتىدىن ئۇلاردىن پەس تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىلىم كىشىنى ئەل ئالدىدا ئەزىز ۋە مۆكەررەم قىلىدۇ.

**— مۇستەفا ھامىيپاشا**

ئاتاڭ ياكى بوۋاڭنىڭ نەسلى نەسەبى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەمگىكىڭ ۋە ھۈنىرىڭ بىلەن كېرىل!

ئاتا-ئانا، ئۇرۇق -تۇغقانلارنى ئىززەت-ئىكرا قىلماق پەقەت ياشلىق كۈنلىرىمىزدىلا ياك- باي-بەدۆلەت ئۆتكەن چاغلىرىمىزدىلا بولماي، ئۆمرىمىز ئاخىرىغىچە ۋە كۈچىمىزدىن قالغانغا بولۇشى كېرەك. چوڭلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت-ئالا قىلىرى باشقىلارغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ياشلار بۇ مۇناسىۋەتلەردىن ئۈلگە ئالىدۇ.

بىز ئاتا-ئانىمىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقىنىمىزدا ئۇلارنى دائىم خۇشھال قىلىشىمىز، ئۇلارغا كۆرسىتىلىدىغان ئىززەت-ئىكرام قائىدىلىرىگە نۇقسان يەتكۈزمەسلىكىمىز، ھەر دائىم ھال-ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇشىمىز لازىم. ئۆيلۈك بولۇپ باشقا يەرگە قورۇ-جاي قىلىپ كۆچۈپ چىقىپ كەتكىنىمىزدىن كېيىن بولسا، ئۇلارنىڭ يېنىغا تېز-تېز بېرىپ تۇرۇشىمىز، قوللىرىنى ئۆپۈپ دۇئاسىنى ئېلىشىمىز، بۇنداق ئىمكانىيەت بولمىغىنىدا خەت ئارقىلىق ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ ئىلمىمىز ۋە كەسپىمىز ئاتا-ئانىمىزنىڭكىدىن يۇقىرى بولسا، بۇنىڭغا ئەسلا مەغرۇرلانماسلىقىمىز كېرەك، بۇ، ئىنساني پەزىلەتلەردىن سانىلۇر. ئاتا-ئانا ئالدىدا ئەمەل ۋە كەسىپ بىلەن ماختىنىپ كېرىلىشتىن كۆرە، نادان ۋە ئىلىمسىز بولغان ئەۋزەلدۇر.

ئاتا-ئانا تىرىكلىكىدە ئۇلارنى خۇش قىلىش، ۋاپاتىدىن كېيىن بولسا ئۇلارنىڭ تىرىكلىكىدە ئېيتقان نەسىھەتلىرى ۋە مەسلىھەتلىرىگە ئەمەل قىلىش،

ئۇلارنى ياخشى خىسلەتلىرى بىلەن ئەسلەپ تۇرۇش - سادىق ۋە ۋاپادار پەرزەنتلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئادەتلىرىدىندۇر. شۇنىسىمۇ مەخپىي قالمىغايكى، ئاتا-ئانىدىن باشقا يەنە ئۆزىگە ئالىي ھىممەتلىك قىلغان ۋە ياخشىلىق قوللىرىنى سوزغان كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ئىكرامىنى بىجا كەلتۈرۈشتىمۇ ھېچبىر نۇقسانغا يول قويماسلىق كېرەك.

- مۇستەفا ھامىيپاشا

ئىسمى «ئاكا» بولسىلا، ئاكا بولۇۋەرمەيدۇ.

- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇرما، ئۇلارغا مەرھەمەت كۆزى بىلەن باق. ئۇلارنىڭ كېيىگە قۇلاق سال ۋە ھەمىشە ياخشىلىقىڭنى ئايىما! رەھىم-شەپقەت ئۇزاق ياشاشنىڭ ۋاسىتىسىدۇر ۋە ئۇ كىشىنىڭ تىنچ، پاراۋان ياشىشىنىڭ سەۋەبچىسىدۇر.

بېيىت:

كىمەرسىدىن رازى بولسا گەر قېرىنداش،
ئېشىپ ئابرويى، بولغاي ھەممىگە باش.

- مۇھەممەد ھۇسەيىن

ھېكمەت. قوشنىلارنىڭ كىم ۋە قايسى مىللەت كىشىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ھۆرمەتلىمەك ۋە قوشنا ھەق-ھوقۇقىنى ئادا قىلماق ئادىمىيلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. قوشنىلارنىڭ ئىتتىغا سەۋەبسىز تاش ئېتىش، مۈشۈكىنى پىش، دېيىش ئۇلارنى ھاقارەتلىگەنگە ئوخشاشتۇر.

بىر كىشى دوستىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆيىدە چاشقان كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلدى. دوستى ئۇنىڭغا مۈشۈك بېقىشنى مەسلىھەت قىلدى. ئۇ بۇنىڭغا قوشۇلماي: «مۈشۈك باقسام ئۆيۈمدىكى چاشقانلار قوشنامنىڭكىگە قېچىپ چىقارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن» دېدى. دېمەك، ئۆزۈڭگە نالايىق ھېسابلىغان نەرسىنى ئۆزگىلەرگىمۇ راۋا كۆرمە!

- مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

قوشنا يامان بولسا ياخشى قوشنىنىڭمۇ ئابرويى چۈشۈپ كېتىدۇ، دوستى يامان بولسا ياخشى كىشىنىڭمۇ ھۆرمىتى كېمىيىدۇ.

- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

قوشنىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىدىن بىرىنى ئېيتسام، بۇ شۇكى، قوشنىغا ھېچ ۋاقىت ئازار بەرمەسلىك ۋە ئۇنى خاپاقىلماسلىقتۇر. قوشنا كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن ھال سوراش، بېشىغا مۇسىبەت چۈشسە ياردەم قىلىش، خۇشاللىق ۋە قايغۇلۇق كۈنلىرىدە بىللە بولۇش، ئۇنىڭدىن خاتالىق ئۆتسە كەچۈرۈش، خوتۇن-قىزلىرىغا يامان كۆز بىلەن قارىماسلىق، بىرەرياققا كەتسە ئۆيىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇش - مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشنىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى قوشنا قەرز سورىسا قەرز بېرىلىشى، مېۋە-چېۋە تېرىلغان بولسا، مېۋە بىلەن يوقلىنىشى كېرەك.

بىر كىشى بىر دانا ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

- ئېيتىپ كۆرسىلىچۇ، مەن ياخشىمۇ ياكى يامان، بۇنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

- قوشنىلىرىڭىزدىن سوراڭ، ئەگەر ئۇلار سىزنى ياخشى دېسە، دېمەك سىز ياخشىسىز! - دەپ جاۋاب بەردى دانا.

- مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

## سۆھبەت - يىغىلىش، سۆھبەتداش، سۆھبەت ۋە سۆھبەتداشنىڭ ياخشى ۋە يامان تەسىرلىرى توغرىسىدا

ياخشىلار سۆھبىتىنى ئىزدەپ، پەسقۇپۇجۇر ئەھلىدىن قاچ. سەبرقىل، ئالدىراڭغۇلۇقنى ئادەت قىلما، سىرىڭنى ھەركىمگىلا ئېيتىۋەرمە، پۇل-مېلىڭنى يولى بىلەن خەجلە.

- «مەخزەنۇل ئۇلۇم»دىن

ھېكمەت. سېخىي ۋە ئالىيجاناب كىشىلەر بىلەن سۆھبەتداش بولماق كىشىنى يېقىملىق پېئىل ۋە چىرايلىق خىسلەتلەرگە رىغبەتلەندۇرىدۇ. پېئىلى يامان ۋە تەبىئىتى بۇزۇق كىشىلەر بىلەن بولغان سۆھبەت بولسا، ئادەمنى يېقىمسىز سۇپەت ۋە قەبىھ ئىللەتلەرگە يېتەكلەيدۇ. ياخشىلار بىلەن يامانلار سۆھبىتى ئارىسىدىكى پەرق ۋە ئۇلار بىلەن قىلىنغان سۆھبەتنىڭ تەسىرى خۇددى شامالغا ئوخشاشتۇر. شامال پاسكىنا جايدىن ئۆتۈپ قالسا، بەدبۇي پۇراقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئەگەر شېرىن ھىدلىق جايلاردىن ئۆتسە، خۇش بوي ئىسلەرنى كەلتۈرىدۇ.

بېيىت:

ھەركىمنىڭ بارئىكەن تەندە جانى،
كىم بىلەن سۆزلەشسە تەسىرى ئۇرار.
يامانلىق بولمىسا كىمنىڭ ئەپئالى،
دائىم ياخشى بىلەن خۇش سۆھبەت قۇرار.

- مەجدىددىن خەۋافىي

ئەي ئەزىزىم، جاھىل ۋە نائەھلى كىشىلەر سۆھبىتىدىن قاچقىل، ئاقىل ۋە كامىل كىشىلەر سۆھبىتىگە ئىنتىلگىنكى، پەسقۇپۇجۇر ئەھلىنىڭ سۆھبىتى خۇددى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساڭا زىيان كەلتۈرگۈچى يىلان سۆھبىتىگە ئوخشايدۇ. ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بەئەينى پايدىدىن خالىي بولمايدىغان ئەتتارلىق دۇكىنىغا ئوخشايدۇكى، ئەتتارنىڭ دۇكىنى كىشىلەرنىڭ دىمىقىنى ھەمىشە ئۆزىنىڭ يېقىملىق ھىدلىرى بىلەن بەھرىمەن قىلىدۇ. بېيىت:

ئەتتار كەبى بولغىن، چۈنكى ئۇ ئەتتار
ئۆزگىلەر لىباسىن قىلۇرمۇئەتتەر.

- خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ھېكمەت. بىر ھەكىم ئۆز ئوغلىغا نەسىھەت

قىلىپ دېدى: «بىرەر كىشى بىلەن سۆھبەتتە بولساڭ، ئۇنىڭغا دەرھال دوستلۇق سۆزلىرىنى ئىزھار ئەيلىمە. سىنالمىغان كىشىگە ئىشەنگىلى بولماس. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، ئېتىبارىڭغا لاياقەتلىك بولسا، دوستلۇققا ئەرزىسە، ئۇنىڭغا يېقىنلاش ۋە ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا ياردەم قولۇڭنى سوز!» بېيت:

بىراۋ دوستمەن دېسە ئىشەنمە ئەسلا،
ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىلماي ئىمتىھان.
ئەگەر ئۇ دوستلۇققا بولسا سازاۋەر،
سۆھبىتىگە پىدا ئەيلە ھەتتا جان.
پەقىرلىكتە قالسا دوستلىرىڭ ئەگەر،
بىساتىڭدا بارىنى ئەيلىگىن ئېھسان!

— مۇئىنىددىن جۇۋەينى

بىر كىشى مالىك ئىبنى دىنارنىڭ سۆھبىتىگە بارغانىدى. قارىسا، مالىك ئىبنى دىنارنىڭ يېنىدا بىر ئىت بار بولۇپ، ئىت ئۇنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ياتقانىكەن. ھېلىقى كىشى ئىتنى ھەيدىمەكچى بولدى. شۇچاغدا مالىك ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي بۇرادەر! ئىتقا چېقىلما، ئۇنىڭدىن ماڭا يا زەرەر، يا ئازار تەگمەس، يامانلار سۆھبىتىدىن كۆرە، ئىت بىلەن ئولتۇرغىنىم ياخشى، — دېدى.

— مۇھەممەد زىھنى

## دوست، دوستلۇق قائىدىلىرى، دوستلۇقنىڭ پايدىلىرى ۋە دوستلۇققا لايىق كىشىلەر توغرىسىدا

**ھېكمەت.** بىر ھەكىمدىن سورىدى:

— غېرىب كىم؟

— دوستى يوق كىشى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— مۇئىنىددىن جۇۋەينى

«نادان دوستتىن زېرەك دۈشمەن ياخشى» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان. ئەگەر سەن بىركىم بىلەن دوست تۇتۇنماقچى بولساڭ، شۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۈچ خىسلەت بولمىسا، ئۇ، دوستلۇققا يارىمايدۇ. ئۇلار مۇنۇ نەزمىدىكىلەردۇر:

ھەردوستكى، دىلىدا ئۈچ خىسلەت بولماس،
كەچ ئۇنىدىن، دوستلۇققا ئەسلا ئەرزىمەس.
بىرى ۋاپادارلىق، بىرى سىر ساقلاش،
بىرى بايلىقىن سەندىن ئايىماس، بەس!

— مۇھەممەد جەبەلرۇدى

ھەر نەرسىنىڭ يېڭىسى ياخشى، ئەمما دوستلۇقنىڭ كونىسى.

— «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھەكىملەرنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ھەركىمكى بەدۆلەت چېغىدا دوستلىرىغا ياردەم قولىنى سوزمىسا، كەمبەغەللىشىپ قالغان چېغىدا ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سوزمايدۇ.

سورىدىلەركى: «دوستى كىم؟» . جاۋاب بەردىلەر: «ئېغىر كۈنلەردە ياردەم قولىنى سوزغان كىشى!»

— «مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

ئەي ئەزىز، بىلگىنكى، دوست دوستىنىڭ يېنىدا بولسۇن ياكى يىراق يەردە بولسۇن، ئۇلار بىر-بىرلىرىگە نىسبەتەن زادىلا ئۆزگەرمەيدۇ، بىر-بىرىنىڭ شادلىقىغا ھەمدەم بولىدۇ، بېشىغا غەم چۈشسە تەڭ قايغۇرۇشىدۇ، دوستىغا ياخشىلىق قىلسا ئۇنى ئۇنتۇيدۇ، دوستى ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلسا ھېچقاچان ئۇنتۇمايدۇ. ئەگەر دوستىدا خاتالىق يۈز بەرسە كەچۈرىدۇ، دوستىغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ قاچان قايتۇرىدىكىن، دەپ تەمە كۆزىنى تىكمەيدۇ. پەقەت مالپەرەس كىشىلەر، ھەممە نەرسىنى بايلىق بىلەن ئۆلچەيدىغان كىشىلەرلا شۇنداق خىيالدا يۈرۈشى مۇمكىن.

— ئەبۇلبەرەكات قادىرى

بىرھەكىم بۇيرۇيدۇ: «دوستۇڭ ساڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئېرىنسە، توغرا يول كۆرسىتىشكە ئۇرۇنمىسا، ئەيىبىڭنى بىلىپ تۇرۇپ سېنى ئاگاھلاندۇرمىسا، ئۇنداق دوستتىن كەچكىنكى، ئۇنىڭدىن كېچەيمۇ-كەچمەيمۇ ياكى يىراقلىشايمۇ-يىراقلاشمايمۇ، دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق».

كىمەرسىكى ئەيىبىڭنى ئېيتسا ئەگەر يۈزۈڭدە،
شاد بولۇپ ئۆپەڭ ھەمكى ئاز ئېرۇر، كۆزلىرىگە.

— ئەبۇلبەرەكات قادىرى

مىڭ ئادەمنى ئۆزۈڭگە دوست قىلىمەن، دەپ بىر ئادەمنى ھەم دۈشمەنگە ئايلاندۇرما. چۈنكى دوست مىڭ بولسىمۇ ئاز، دۈشمەن بىر بولسىمۇ كۆپتۇر.

— «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

دانالاردىن بىرى ئېيتىدۇ:

— يامان كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇشتىن قاچقىن. چۈنكى ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئوغرىدۇر. ئۇ، ياخشى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتداش بولغىنىدا ياخشى خىسلەتلەردىن بەھرىمەن بولغىنىغا ئوخشاش، يامانلار بىلەن ئۈلپەت بولغىنىدا ئۇلاردىن ئازغىنە بولسىمۇ يامان ئادەت ئوغرىلاپ ئالىدۇ.

— مۇھەممەد جەبەلرۇدى

بىرەركىمسە بىلەن دوستلىشىش ۋە سۆھبەتداش بولۇشتا سەككىز تۈرلۈك ھەق بار بولۇپ، ئۇلارغا تولۇق ئەمەل قىلىش زۆرۈر.

بىرىنچىسى، مال ھەققى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچ دەرىجە بار: بىرىنچى دەرىجە شۇنداقكى، سىز ئۆز ئائىلىڭىز ۋە بالىلىرىڭىزنى قانداق مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىر قىينالماي ياشىشىنى بويىنىڭىزغا ئالغان بولسىڭىز، دوستلىرىڭىزغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق يول تۇتۇشىڭىز كېرەك؛ ئىككىنچى ۋە ئوتتۇرىچە دەرىجە شۇنداقكى، سىز دوستلىرىڭىزنىمۇ ئۆزىڭىزدەك تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز لازىم، مەسىلەن، سىز ئۆز مال-مۈلكىڭىزگە قانداق

www.uyghurkitap.com

ئىگىلىك قىلسىڭىز، ئۇلارنى ئىشلىتىشتە قانچىلىك ئەركىن بولسىڭىز، دوستلىرىڭىزنىڭمۇ شۇنداق يول تۇتۇشىغا ئىمكان بېرىڭ؛ ئۈچىنچى ۋە ئالىي دەرىجە شۇنداقكى، دوستلىرىڭىزنىڭ ئىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىڭىزدىن يۇقىرى قويۇشىڭىز كېرەك؛

ئىككىنچى، نەپەس ھەققىدۇر. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دوستلىرىڭىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، سىزدىن بىرەر نەرسە ياكى ياردەم سوراپ كېلىشتىن ئىلگىرى، سىز ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا ئالدىرىشىڭىز كېرەك؛

ئۈچىنچى، تىل ھەققىدۇر. تىل دېيىشتىن مۇراد نۇتۇقدۇر، يەنى دوستلىرىڭىزغا قاتتىق سۆزلىمەڭ، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يۈزىگە سالماڭ، كەمچىلىكلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇڭ، ياخشىلىقلىرىنى ماختاڭ، ئۇلارغا يالغان مۇئامىلىدە بولماڭ، ئۇلارنى شادلاندۇرىدىغان ۋە قۇۋاندۇرىدىغان ھەق سۆزلەرنى سۆزلەڭ؛

تۆتىنچى ھەق ئەزالار ھەققىدۇر، يەنى دوستلارنىڭ تەن ئەزالىرىدا بىرەر يامانلىق ياكى نۇقسان كۆرۈلسە، ئۇلار كەچۈرۈلىدۇ. بىرەر ئىشتا ئۆزرىسىنى ئېيتسا، كەچۈرۈلىدۇ؛

بەشىنچى، ۋاپا ھەققىدۇر. ۋاپانىڭ مەنىسى شۇلكى، دوستلۇق بابىدىكى سۇبات ۋە ئۇنىڭغا ئۆلگۈچە ئەمەل قىلىشتۇر. ئۆلگەندىن كېيىن بولسا، بۇ ھەقنى دوستلارنىڭ باللىرىغا ياكى دوستلىرىغا نىسبەتەن داۋاملاشتۇرۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دانالار: «تىرىكلىكىدە كۆرسىتىلگەن كۆپ ۋاپادىن ئۆلگەندىن كېيىن كۆرسىتىلگەن ئازغىنا ۋاپا ئەۋزەلدۇر» دېيىشلەر. چۈنكى دوستلارغا ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان ۋاپا ئۇلارنىڭ تىرىكلىكىدە قىلىنغان ۋاپاغا قارىغاندا ساپ ۋە تازا ھەم رىيادىن خالىي بولىدۇ؛

ئالتىنچى، ئىخلاس ھەققىدۇر. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دوست ئۆزىدىن يىراقتا ياكى يېنىدا بولغان پەيتلىرىدە ئۇنىڭغا بىرخىل مۇئامىلە قىلىنغاي، ئۆزگەرمىگەي، ئىككى ئوتتۇرىدا بولغان مۇھەببەت ۋە ساداقەتكە رىئايە قىلىشتا زەررىچە نۇقسانغا يول قويۇلمىغاي؛

يەتتىنچى، يوقلاش ھەققىدۇر. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دوستلار تىرىكلىكىدە ۋە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە ئەۋلادىمۇ ياخشى سۆزلەر بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەمىشە ئامەت تىلىنىدۇ، ئۆزىگە قانداقلىكى ياخشى نەرسە تىلىسە، ئۇلارغىمۇ قوشۇپ تىلەيدۇ.

سەككىزىنچى، ئۆزىنى تىيىشنى بىلىش ھەققىدۇر. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تەكەللۇپ ئومۇمەن تەرك ئېتىلىدۇ، ھەرقانداق ئورۇنسىز تەكەللۇپلارغا يول قويۇلمايدۇ، چۈنكى تەكەللۇپچىلىق نالايىق ئىش بولۇپ، تەكەللۇپ قىلغۇچىنىمۇ، دوستلارنىمۇ قىينايدۇ ۋە تولايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

**— مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد**

**ھېكمەت.** بىر ھەكىمدىن سوراشتى: «قانداق سەپەر ئەڭ ئۇزاق سەپەر؟». ھەكىم جاۋاب بەردى: «سادىق دوستنى ئىزدەش سەپىرى». بېيت:

ئىزدىگەن نەرسىنى تېپىش مۇمكىندۇر،
بىراق سادىق دوستنى تېپىش قىيىندۇر!

**— مۇئىنىددىن جۇۋەينى**

دانالارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ئۈچ گۇرۇھ كىشىلەر بىلەن دوستلۇق يولىنى تۇتۇش مەقسەتكە مۇۋاپىقتۇر.

بىرىنچىسى، ئىلىم ئەھلى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئۆمۈرلىرىنى ئىلمۇ ئەدەب بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە ھاياتنىڭ ھەممە ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى تېتىغان بولىدۇ؛

ئىككىنچىسى، خۇشھال تەبىئەتلىك سائادەتمەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلا ئۆ ز دوستلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى باشقىلاردىن يوشۇرىدۇ ۋە ھېچقاچان ئاشكارىلىمايدۇ. دوستلىرىدىن سادىر بولغان خاتالارنى خىلۋەت جاي تېپىپ ئۆزلىرىگە ئېيتىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۈگۈت-نەسىھەتنى ئايىمايدۇ؛

ئۈچىنچىسى، غەرەزسىز ۋە تەمەسىز كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ھەقىقىي بولىدۇ، بىرەر پايدىنى كۆزلەپ دوستلاشقان بولمايدۇ.

**— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

**ھېكايەت.** بىر ھەكىمدىن سوراشتى: «دوستلىرىڭىزنىڭ قايسىسى سىزگە كۆپرەك ياقىدۇ، قايسىسى ئاكىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى، ئۇلاردىن قايسى بىرىگە مۇھەببىتىڭىز ئارتۇق؟». ھەكىم شۇنداق جاۋاب بەردى: «ئورۇشۇپ قالسام يارىشىدىغىنى ۋە ئۆزرە سورىسام كەچۈرىدىغىنى».

**— مۇئىنىددىن جۇۋەينى**

بۇقرات ھەكىم ئېيتىدۇ: «ئىككى ئاقىلنىڭ دوستلۇقى ئەقىل تەقەززاسىغا مۇۋاپىق بولۇپ، بۇ دوستلۇقنىڭ ئۆمرى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. ئەمما ئىككى نادانىڭ دوستلۇقى بولسا تۇراقسىز بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى دەپ ئاسانلا ئورۇشۇپ قالىدۇ. ئىككى جاھىلنىڭ دوستلۇقى ھېچقاچان باقىي بولمايدۇ، ئۇلار بىرەر ئىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ، نەتىجىسى بولسا زىيان بىلەن تۈگەيدۇ».

**— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

دانالارنىڭ ئېيتىشلىرىچە ، دوست ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچىسى «جان دوست» بولۇپ، بۇنداق دوست ھەقىقىي دوست ھېسابلىنىدۇ ۋە دوستى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ؛ ئىككىنچى خىلى «تىل دوست» بولۇپ، ئۇ، رەسمىيەت يۈزىسىدىن تىلىنىڭ ئۇچىدا دوستلۇق ئىزھار قىلىدۇ، ئەمما دوستىنىڭ بېشىغا بىرەر كۈلپەت چۈشسە، ئۆزى تۇرماق قارىسىنىمۇ

كۆرسەتمەيدۇ؛ ئۇچىنچى خىلى «مال دوست» بولۇپ، بۇنداق دوست يەپ-ئىچىش ئۇچۇنلا دوست بولىدۇ، پۇلۇڭ تۈگىگەندە بولسا، سايىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ.

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

**ھېكايەت.** دوست ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچى خىلى، تاماققا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلاردىن ھېچقاچان ئايرىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ ئىككىنچى خىلى، دورىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارغا ئارىلاپ-ئارىلاپ ئېھتىياج چۈشىدۇ؛ ئۈچىنچى خىلى، دەردكە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلاردىن ھېچقانداق ياخشىلىق كەلمەيدۇ. بېيت:

تەلپىلىك يار بىلۇر دوستلۇق قەدرىنى،
مۇھەببەت مېھرىنى تاقاپ قەلبىگە!

— مۇئىنىددىن جۇۋەينى

دانالارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، دوست ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىنچى خىلدىكى دوستلار ھەقىقىي دوستلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئالىمى، جىنسىيىتى ۋە پەيئىل-ئەتۋارىنىڭ مۇۋاپىقلىقى بىلەن دوستلىشىدۇ؛ ئىككىنچى خىل دوستلار بولسا، ۋاقىتنىچە بىرەر ئىشنى ئادا قىلىۋېلىش ئۈچۈن، بىر-بىرلىرىگە زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن دوستلۇق يىپىنى باغلايدۇ. بىرىنچى خىلدىكى دوستلارنىڭ دوستلۇقى مەڭگۈلۈك، ئىككىنچى خىلدىكىلەرنىڭ دوستلۇقى بولسا ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

بەزى ھەكىملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر دوست ئىككىنچى بىر دوستىنىڭ بىرەر ئەيىبىنى بىلىپ قالسا، ئۇنى ھەرگىز باشقىلارغا ئېيتمايدۇ. ئەمما دوستىنىڭ بىرىاخشى خىسلىتى ۋە ھۈنىرى بارلىقىنى بىلسە، ئۇنى باشقىلارغا ئۇن قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شېئىر:

بىر ھۈنىرىڭ بولسايۇ، يەتمىش ئەيىبىڭ،
دوست ئەيىبىڭنى كۆرمەس، كۆرەر ھۈنىرىڭ!

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

**ھېكمەت.** دوست ئۈچ گۇرۇھتۇر: دوست، دوستۇڭنىڭ دوستى، دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى. دۈشمەنمۇ ئۈچ تائىپىدۇر: دۈشمەن، دوستۇڭنىڭ دۈشمىنى، دۈشمىنىڭنىڭ دوستى. بېيت:

دۈشمىنىڭگە دۈشمەن بولىدۇ دوستۇڭ،
دۈشمىنىڭگە ئۇل ھەم بولىدۇئەغيار.
دۈشمىنىڭگە دوستلۇق ئەيلىسە دوستۇڭ،
دۈشمەندۇر ئۇ ئاكاڭ بولسا ھەم زىنھار.

— مۇئىنىددىن جۇۋەينى

ئەزىزىم، ئاچچىقى يامان كىشىلەر بىلەن دوست ۋە ھەمسۆھبەت بولمىغىنىكى، ئۇلارنىڭ ئەھدى بوش، ۋاپا بىناسى زەئىپ بولىدۇ. ئۇلار مۇرۇۋۋەت يۈزىنى جاپا تىرىنقى بىلەن تىرنايدۇ، مەردانىلىك بۇلىقىنى نامەردلىك تۇپرىقى بىلەن لايلايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە دوستلۇقنىڭ ھۆرمىتى، كونا ئۇلپەتچىلىكنىڭ

قەدىر-قىممىتى بولمايدۇ. بېيت:

قىلما خىزمەت قەدرىن بىلمەس كىممىلەرنىڭ خىزمىتىن،
قىلماس ئۇلار ئەسلا سېنىڭ نەھۆرمەتۇ ئىززىتىڭ.

— خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ئەي پەرزەنت، دۇنيادا ئەڭ يامان ئىللەت — دوستلارغا ھىيلە-مىكىر قىلىشتۇر.

— مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

**ھېكمەت.** ھېساب ۋە خىراجەت-مۇئامىلە ئۈچۈن، ياردەم، ئىخلاس ۋە ئۆزرىخاھلىق — دوسلۇق-مۇھەببەت ئۈچۈندۇر. بېيت:

ھەركىمگە تەنە تېشىنى ئاتما،
گەرچە ئۇ بولسىمۇ جاھىل ياكى شۇم.
ئەيىبسىز دوستلارنى تاپماق مۇئەمما،
ئېيتقىنا، خاتادىن كىم پاكۇ مەسۇم.
كىمكى دوستلىرىغا خۇش پېئىل بولمسا،
دوستلۇق ئىززىتىدىن بولىدۇ مەھرۇم.

— مۇئىنىددىن جۇۋەينى

بىر كەمبەغەل ئادەم بىلەن بىر باي كىشى دائىملىق ھەمسۆھبەت ئىدى. ئۇلار كۆپ ۋاقىتلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزەرئىدى. بىر ھەكىم كېتىۋېتىپ ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇلاردىن: «سىزلەر دوستمۇ؟» دەپ سورىدى. «ھە، شۇنداق!» دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار. ھەكىم: «يالغان ئېيتىۋاتىسىزلەر، ئەگەر سىزلەر دوست بولسىڭىزلار، نېمىشقا بىرىڭىزلا بايۇ، بىرىڭىزلار كەمبەغەل؟» دېدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دوستلار بىر-بىرىدە ھېچنەرسىسىنى ئايىماسلىقلىرى، دوستى كەمبەغەر-پەقىر بولسا، ئىلكىدە نېمىسى بولسا ئۇنىڭغا بېرىشى ۋە ياردەم قولىنى سوزۇشى كېرەك.

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

**سۇقرات ھەكىم نەسىھەتلىرىدىن.**

ئۇنىڭدىن سوراشتى:

— ئەڭ ياخشى بايلىق نېمە؟

ئېيتتى:

— خالىس دوست!

— «جاۋىدانى خىرەد»تىن

دوستىنىڭ جامالى دەردنى ئېرىتىدۇ.

دوستىنىڭ يامىنى شۇنداقكى، دوستىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇنتۇيدۇ، يامانلىقىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

**ھېكمەت.** ئۈچ نەرسە ئۈچ خىل كىشىدە بولمايدۇ: دوستلۇق لەۋادا، شەپقەت ئاچچىقى ياماندا، ھالاللىق ئاچكۆزدە! بېيت:

غەزەپنى ئۇچۇرمەك، گەپنى ئاز قىلماق-
ياخشى كىشىلەرنىڭ ئېزگۇ خىسلىتى.
نەپسىڭدىن ھەزەر قىل ئىمكان بارىچە،
ئاچكۆزنىڭ دىلىدا بولماس ھىممىتى.

— مۇئىنىددىن جۇۋەينى

ھېكمەت. دوست شۇنداقكى، سۆھبىتىڭنى مالال كۆرمەيدۇ، يىراقتا يۈرسەڭ ئۇنتۇمايدۇ، بايلىقىڭدا ۋە كەمبەغەللىكىڭدە ئۆزگەرمەيدۇ، ھاجىتىڭ چۈشسە جان-جەھدى بىلەن ئورۇنداشقا كىرىشىدۇ، قىلغان ياخشىلىقىنى مىننەت قىلمايدۇ، بىرەر ھاجىتى بولسا سېنىڭدىن يوشۇرمايدۇ، ھال-ئەھۋالىنى سىر تۇتمايدۇ، ساڭا قانچە كۆپ ياخشىلىق قىلسا، ئۇنى شۇنچە ئاز، دەپ ھېسابلايدۇ، سېنىڭدىن ئازراق ياخشىلىق كۆرسە، ئۇنى كۆپ دەپ بىلىدۇ، ئۆزىنى ھەممە ئىشتا سېنىڭ بىلەن ھەمنەپەس ھېسابلايدۇ. بېيت:

سودىگەر دىلىدىن مېھىر ئىزدىمە،
ھەر كىم بىلەن قىلۇر ئالاقە ھەر ئان.
خۇش ئاۋاز قۇشنى كۆر ھەربىر لەھزىدە،
ئۆزگە گۈل ئالدىدا كۈيلەر بىئارمان.
مەرد بىلەن دوستلۇقنىڭ يىپىنى باغلا،
نامەرد بىلەن دوستلۇق قىلما ھېچقاچان!

**— مۇئىنىددىن جۇۋەينىي**

ھېكمەت. ئۈچ تائىپە ئادەملەر باركى، ئۇلار بىلەن دوستلىشىشتىن ئېھتىيات قىلماق كېرەك. بىرىنچى خىلى پىسقۇ پاساتچى ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھىممىتى بۇزۇق نەپسىنىڭ ئاستىدا پۈكۈلگەن بولىدۇ؛ ئىككىنچى خىلى، ئەخمەق كىشىلەر بولۇپ، باشقا چۈشكەن زەرەرنى قايتۇرۇشتا ھەم، بىرەر پايدىغا ئېرىشىشتە ھەم ئۇلارغا ئىشەنمەسلىك لازىم. كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن نەپى زەرەر، خەيرلىك ئىشى بولسا ياۋۇزلۇقتىن بەتتەر بولۇپ چىقىدۇ؛ ئۈچىنچى خىلى، يالغانچىلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن بولغان سۆھبەت جانغا ئازاب، ئۇلپەتچىلىكى بولسا دىل ئۆيىنى خاراب قىلىدۇ. ئۇلار ياتلارغا سېنىڭ توغراڭدا يامان گەپلەرنى تارقىتىشىدۇ، باشقىلار ئۇلار ھەققىدە ساڭا دەھشەتلىك خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈشىدۇ.

## دۈشمەن ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلىسى ھەم زىيانلىرىدىن ۋاقىپ بولۇش توغرىسىدا

ھېكمەت. مۇھەببەت ۋە دوستلۇق دەۋاسىنى قىلغان تەقدىردىمۇ دۈشمەنگە ئىشەنمەك خاتادۇر، جانىجانلىق توغرىسىدا لاپ ئۇرسىمۇ سۆزلىرىگە ئالدانماق بالادۇر. سۇ گەرچە ئوتقا يېقىنلىشىپ سوۋۇقلۇقىنى تاشلىسىمۇ، ئىمكانىنى تاپسا ئوتنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرىدۇ.

**— مۇئىنىددىن جۇۋەينىي**

بىلگىكى، دۈشمەن نەسىھىتىگە قاراپ ئىش تۇتماق خاتا، ئەمما نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويماق راۋا. ئۇنىڭ ئېيتقىنىغا قارشى ئىش تۇتساڭ توغرا قىلغان بولىسەن. بىر دانا ئېيتۇركى، ئەگەر بىركىمنىڭ دوست ياكى دۈشمەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭغا مەسلىھەت سال، بەرگەن مەسلىھىتىنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىغا قارا، شۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىۋالىسەن.

**— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلغۇچى ئاجىز كىشى ئۆز كۈچىگە مەغرۇرلانغان كۈچلۈك كىشىگە نىسبەتەن خاتىرجەملىككە يېقىندۇر.

**— مۇھەممەد زېھنىي**

ئەقىللىق دۈشمەن نادان دوستتىن ياخشى.

سىناقتىن كىشى يا قەدىر تاپىدۇ، يا قەھىر.

•كىشىنىڭ تېيىشى ئايىغىنى قانىتىدۇ، تىلنىڭ تېيىشى بارچە نېمەتلەردىن مەھرۇم ئېتىدۇ.

دۈشمەننىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ئىش قىلغۇچىنىڭ ھالىغا ۋاي! دۈشمەن ھېچقاچان ياخشىلىقنى راۋا كۆرمەيدۇ.

**— مۇھەممەد زېھنىي**

ئەزىزىم، دۈشمەننىڭ يالغان سۆزىگە ۋە بىمەنە گەپلىرىگە ئىشەنمە، ساڭا قىلغان ئازراق ئىلتىپاتىنى كۆرۈپلا ئۇنى سادىق دوست دەپ ئويلىما! دۈشمەن مىڭبىر خىل نەقىش بىلەن تاۋلانسىمۇ، بەربىر ئۇنىڭ دىلىدا ئاداۋەت ئۇچقۇنلىرى قالىدۇ. شۇڭا ئېيتىدۇرلەر:

دۈشمەن ئەگەر دوستلۇق لاپىنى ئۇرسا،
ئەقىل ساھىبلىرى سانىماس ھېچ دوست.
يىلان يىلانلىقىچە قالۇر ھامانەم،
تېرىسىنى ئۆزگەرتىپ، تاشلىسىمۇ پوست.

**— خوجا سەمەندەر تېرمىزىي**

ئەزىزىم، سەن دۈشمەننىڭ سۆزلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمە، ئۇنىڭ سۆزلىرى ھىيلە ۋە ئالدامدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشمەك ئۈچۈن ئۆزىنى ناھايىتى مۇلايىم قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئىچكى دۇنياسىنى تاشقى دۇنياسى بىلەن بوياپ كۆرسىتىدۇ. سېنىڭ غەپلەتتە قالغانلىقىڭنى بىلگەندە، تەدبىر ئوقىنى مەقسەت نىشانىسىگە ئاتىدۇ. ئۇ چاغدا ساڭا چارە-تەدبىر كۆرۈش پۇرسىتى كەتكەن بولۇپ، ھەسرەت ۋە نادامەت ياردەم بەرمەيدۇ. خۇددى بېيىتتا ئېيتقىنىدەك:

دۈشمەن ئىشى ئەۋۋەل ھىيلەيۇ نەيرەڭ،
سوڭ ھۇجۇم باشلايدۇ، قىلىدۇ كاراڭ.
بۇ سەلنىڭ يوللىرى توسۇلمىسا گەر،
يۈزلىنەر ھېسابسىز پىتنەيۇ زەرەر.
پىتنە يولىن بۈگۈن توسمىساڭ مەھكەم،
ئەتىگە كۈچىيەر بولۇپ مۇستەھكەم.

**— خوجا سەمەندەر تېرمىزىي**

ئاتاڭنىڭ دۈشمىنى ھېچقاچان ساڭا دوست بولمايدۇ.

دۈشمىنى كۆپنىڭ راھىتى كەم بولىدۇ.

دۈشمەندىن كېيىن بىر كۈن بولسىمۇ ياشىماق مەقسەتكە يەتكەن بىلەن تەڭ.

**— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

www.uyghurkitap.com

ھەكىملەر ئېيتىدۇ: «سىنالمىغان دوستقا ۋە سىنالمىغان دۈشمەنگە ئىشەنمەك زور خاتالىقتۇر».

— خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ھەكىملەردىن بىرى ئېيتىدۇ: «دۈشمەنلەر بىلەن شۇنداق مۇئامىلە قىلغىكى، ئەگەر ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى دوستلۇققا ئايلىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئېيتقان سۆزلىرىڭدىن ئۇيىلىپ قالما. دوستلار بىلەن شۇنداق مۇئامىلە قىلغىكى، مۇبادا ئۇلار دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالسا، سىرلىرىڭ ئاشكارا بولمىسۇن».

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

كىمنىڭ دوست ۋە كىمنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىر كۈنلەردە بىلىنىدۇ.

دۈشمەن يۈزىگە كۈلۈپ باق.

دۈشمەنگە بويۇن ئېگىش — ئۆلۈم دېمەكتۇر.

دۈشمەنگە قارشى ھىيلە ئىشلەتمىسەڭ، دۈشمەن ھىيلىسىدىن ئۆلىسەن.

— «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

## ئەقىل، ئەقىلنىڭ پەزىلەتلىرى، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشنىڭ پايدىلىرى، دانالىق ۋە نادانلىق، ئەخمەقلىقنىڭ زىيانلىرى توغرىسىدا

كىشىدىكى ئەقىل شۇنداق بىر يوشۇرۇن بايلىقكى، ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ ۋە ئادەمنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ ئەقىل دائىرىسىنى سېزىش مۇمكىن ئەمەس. ئەقىل شۇنداق بىر كۆزگۈدۇركى، ئەگەر ئۇ نەپسى بۇزۇقلۇق، ھەسەت ھەمدە بېخىللىق چاڭلىرى بىلەن بۇلغانمىسا، ھەممە نەرسىنى كۆزىتەلەيدۇ.

— «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئېيتىشلىرىچە، ھەرقانداق نەرسە ئەقىلگە موھتاج، ئەقىل بولسا تەجرىبىگە موھتاجدۇر. ئەقىل بىلەن تەجرىبىنىڭ مۇناسىۋىتى سۇ بىلەن يەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. سۇ بىلەن يەر بىرلەشمىسە يەردە بىرەر نەرسىنىڭ ئۈنۈشى ئېھتىمالدىن يىراق.

— «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

بەزى ھەكىملەرنىڭ پىكرىچە، ئادەمنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ ھەممەيلەن بىلەن مۇرەسسەلىشىشنى بىلىشىدە، كىشىلەر بىلەن ئورتاق تىل تېپىشالىشىدا ۋە ئۇلارنى توغرىلىقسىرى باشلىيالىشىدادۇر. ماقالىدا: «خەلق بىلەن تىل تېپىشمىغان كىشى — ئەقىل نېمىتىدىن مەھرۇم كىشى» دېيىلىدۇ. خەلق بىلەن مۇرەسسە-مادارالىشىش دېگەندە شۇنداق نەرسىنى چۈشىنىش كېرەككى، ئۇنىڭدا يالغانچىلىق بولمايدۇ، ھېچكىمنى ئالدىمايدۇ، تىلى بىلەن دىلى بىر-بىرىگە ئۇيغۇن بولىدۇ، چوڭ-كىچىك بىلەن بىردەك مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەممە كىشىنى ياخشى ئىشلارسىرى ئۈندەيدۇ، ھېچكىمگە زىيىنى تەگمەيدۇ.

— «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئۆتكەن ئىشقا قايغۇرۇپ ئورۇنسىز پىغان چەكمەك ۋە ئۆز-ئۆزىگە ئازار بەرمەك ئەقىللىق كىشىلەر ئادىتىدىن ئەمەس. ئەقىللىق كىشى بارچە ئېغىر ئىشلار ئالدىدا تەمتىرىمەيدۇ، ئۆزىنى چىڭ تۇتىدۇ، چىدام ۋە ئىرادە شاراپىتى بىلەن غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ئېيتۇرلەر:

ئەقىللىق ئادەم يەتتە خىل كىشى بىلەن ئۆزئارا كېڭەشمەيدۇ. ئۇلار: نادان، دۈشمەن، ھەسەتچى، يالغانچى، قورقۇنچاق، بېخىل، نەپسىگە بېرىلگەن كىشىلەردۇر.

— مۇھەممەد زىھنىي

بىر ھەكىمنىڭ ئېيتىشىچە: ياخشى خۇلقنىڭ ئون بەلگىسى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىلەر: ئەقىل، ئىنساب، ئىلىم، ھىلىم، ئالىيجانابلىق، كۆركەم پېئىل، ئېھسان، سەبىر، شۈكۈر ۋە مۇلايىملىق.

— «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئەقىلنىڭ ئالامىتى كەمتەرلىك، ئەخمەقلىقنىڭ بەلگىسى بولسا تەكەببۇرلۇقتۇر.

— «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئۆزىنى ماختىشىدىنمۇ يامانراق ئەيىبى بولماس. ئەگەر ئۇنىڭ سۆزى راست بولسا ماختانغان بولىدۇ، يالغان بولسا قەدرى كېتىدۇ.

ئەقىللىق كىشى ئۆز نۇقسانلىرى ئۈچۈن ئۆزرە سورايدۇ.

ئەقلى كەم ئادەمنىڭ گېپى تولا بولۇر.

— «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

بىر ھەكىمدىن: «سىلى كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى قانداق قىلىپ بىلۇرلا؟» دەپ سوراشتى. ھەكىم ئۇلارغا: «ئەگەر مېنىڭدە مۇنداق ئىستەك تۇغۇلسا، ئەۋۋەلا شۇ كىشى بىلەن سۆھبەت قۇرىمەن، بەزى نەرسىلەر توغرىسىدا بەھىسلىشىمەن. ئەگەر سۆزلىرى راست ۋە خاتاسى كەم بولسا، دېمەك ئۇ كىشىدە ئەقىل بار ئىكەن، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن يەنە سوراشتى: «ئەگەر ئۇ كىشى بىلەن بىۋاستە سۆزلىشەلمىسىلە، يەنى ئۇ كىشى سىلىدىن يىراقتا بولسا، ئۇنداقتا قانداق قىلىپ ئېنىقلايدىلا؟». ھەكىم دېدى: «ئۇ چاغدا شۇ كىشى ئەۋەتكەن دوستى بىلەن پاراڭلىشىمەن، ئۇنىڭ دوستى ئارقىلىق ئەۋەتكەن گېپى ياكى خېتىدىكى پىكىرلىرىدىن شۇ كىشىنىڭ ئەقىل دائىرىسىنى تەكشۈرىمەن».

— «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

بۇزۇرگمېھردىن سورىدى: «ئادەم ئۈچۈن ئەڭ باھالىق نەرسە نېمە؟» ئۇ ئېيتتى: «ئەقىل!» يەنە سورىدى: «ئۇبولمىسىچۇ؟» دېدى: «ئەدەب-ئەخلاق!» سورىدى: «ئۇمۇ بولمىسىچۇ؟» ئېيتتى: «كۆركەم

www.uyghurkitab.com

خۇلق» . سورىدى: «ئۇ ھەم بولمىسىچۇ؟» ئېيتتى: «بايلىق، چۈنكى بايلىق ئارقىلىق ياخشىلىق قىلىپ، تۈرلۈك تەبىقىلەر ئارىسىدا تىنچ ياشىغىلى بولىدۇ» . يەنە سورىدى: «ئۇمۇ بولمىسىچۇ؟» ئېيتتى: «جىملىقنى ئادەت قىلماق، چۈنكى كىشى جىم تۇرۇش بىلەن ئەيىبلىرى ئاشكارىلانمايدۇ ۋە ئۆزگىلەرنىڭ تەنىسى ۋە مالامىتىنى ئىشتمەيدۇ» . سورىدى: «ئۇ ھەم بولمىسىچۇ؟» جاۋاب بەردى: «چاقماق-يېشىن ياخشى، چۈنكى يۇقىرىدىكى شۇنچە كۆپ خىسلەتلەرنىڭ بىرەرسىمۇ بولمىغان كىشىنىڭ چاقماق سوقۇپ ئۆلگىنى تۈزۈك» .

- ئەبۇلبەرەكات قادىرى

ئەقىل ئەگەر كۆزگە كۆرۈنىدىغان جىسىم بولغىنىدا ئىدى، دۇنيانى قاراڭغۇلۇق باسماس ئىدى.

ئەقىللىق كىشىنىڭ ئالامىتى يالغان سۆزلىمەسلىكتۇر.

ئەقىل بىلەن ئەدەب - جىسىم بىلەن جان.

ئەقىل ئادەمنى ياشنىتىدۇ، نادانلىق بولسا قاقشىتىدۇ.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

دانالارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەقىللىق كىشىلەر بەش نەرسىنى يوشۇرۇشلىرى لازىمدۇر. بىرىنچى، مال-بايلىققا نۇقسان يەتسە، ئۇنى باشقىلار ئالدىدا سۆزلەپ يۈرمەسلىكى كېرەككى، ئۇنى ئېيتقان بىلەن بايلىقى قايتىپ كەلمەيدۇ، باشقىلار ئۇنى ئاچكۆزلۈكتە ۋە پەمسىزلىكتە ئەيىبلەيدۇ، ھۆرمىتى بولسا تۆكۈلىدۇ. ئىككىنچى، ئەقىللىق سانالغان كىشىلەر ئۆزگىلەر ئالدىدا غەم-ئەندىشىلىرى توغرىسىدا نالىسا، ئۇنىڭ تۇتامسىزلىقى ۋە كۆلپەتلەرگە چىدىماسلىقى مەلۇم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىزتىراپلىنىشىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇ ئادەمنىڭ تەدبىر ئەھلى ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. ئۈچىنچى، ئەقىللىق كىشىنىڭ ئۆزىدىن ياكى قەۋم-قېرىنداشلىرىدىن بىرەر ياخشى ياكى يامان ئىش سادىر بولسا ، بۇنىڭ تۆپەيلىدىن ماختانسا ياكى نالىسا بۇمۇ ئەقىللىقلىقنىڭ سۈپىتى ئەمەس. بۇنداق چاغدا ئەقىللىق كىشىگە جىم تۇرۇش يارىشىدۇ. ئەقىللىق كىشى بىر كىمگە ياخشىلىق قىلسا ياكى ياردەم قولىنى سوزۇپ كۆلپەتتىن قۇتۇلدۇرسا ، بۇ چاغدىمۇ جىم تۇرمىقى ۋە بۇ قىلغان ياخشىلىقىنى ھەممىگە ئېيتىپ يۈرمەي، پىنھان تۇتمىقى كېرەك.

- ئەبۇلبەرەكات قادىرى

ئەقىللىق ئادەم ئەۋۋەل مەسلىھەتلىشىپ، سوڭ ئىشقا كىرىشىدۇ. ئەخمەق بولسا ئەۋۋەل ئىشقا كىرىشىپ، كېيىن مەسلىھەتلىشىدۇ.

ئەقىللىق ئادەم ئۆز دەردىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا يولىيورۇق كۆرسىتەلەيدىغان كىشىگە ئېيتىدۇ.

ئەقىللىق ئادەم ئاچ قالماس.

بېتىڭگە باقما، تېنىڭگە باقما، ئىچىڭدىكى جېنىڭغا باق.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

بىرەر كىشى سېنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرغاندا قىمىرلاپ ، ئۇياق-بۇياققا قاراۋەرسە، بىلگىنكى، ئۇ ساڭا نېمىدۇر بىر نېمە دېمەكچى بولىدۇ. بەزى كىشىلەر بىراۋغا بىر نەرسە دېمەكچى بولسا ئەۋۋەل لەۋلىرىنى مىدىرلىتىدۇ. ئەگەر بىرسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالساڭ، ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرسا ياكى كىيىمىنى تۈتۈپ قويسا، ئۇ ئادەم سېنىڭ ئۇزۇن ئولتۇرغىنىڭدىن زېرىككىنىنى بىلدۈرىدۇ.

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئادەمنىڭ ئەقلى سۆزىدىن بىلىنۇر.
ئەقىللىق، ئاڭلىق بولسا ھەر كىشى،
پەقەت كېرەكلىك سۆزنى سۆزلەشتۇر ئىشى. .

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

كىشى پاراسەت ياردىمىدە يان-ئەتراپقا ، مۇھىتقا، ئادەملەرنىڭ قىلمىش-ئەتمىشىگە قاراپ ۋەزىيەتنى ئېنىقلىيالىشى، كىشىلەرنىڭ كەسپۇكارى ۋە پېئىلىنى بىلىۋېلىشى مۇمكىن.

بايان قىلىنىشلىرىچە ، بىرەر قاچىغا ماي قۇيۇپ قويۇلغان بولسا ، ئۇنىڭدا ماي بارلىقىنى ئۇنىڭ سىرتىغا قاراپ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ئادەمنىڭمۇ يۈز-كۆزلىرى، تىلى ۋە كۆرۈنۈشىگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ.

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئەقىللىق كىشى ئادەمنى مىسال ۋە دەلىللەر ئارقىلىق ئىشەندۈرىدۇ، ئەخمەق قەسەم بىلەن.

ئەقىل - بەختكە يېتىش ۋاستىسى.

نادانىنىڭ پايدىسىغا سۆزلىسەڭ ئاچچىقى كېلىدۇ.

ئەقىل ئادەمگە ھەمىشە ھەمدەم ۋە دوست، مال-دۇنيا بولسا تاشلاپ كەتكۈچى ۋاپاسىز مېھمان.

پۇلنى ئىشلەتسەڭ ئازىيىدۇ، ئەقىلنى ئىشلەتكەنسېرى تاكاممۇللىشىپ، كۆپىيىدۇ.

ئەقىللىقلىق ئىككى نەرسىدىن: غەزەپ كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋېلىشتىن ۋە بىراۋدىن كۈچلۈك بولغاندا ئۇنى كەچۈرۈشتىن ئىبارەت.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

نادانلىق كۆندۈرۈلمىگەن ھايۋانغا ئوخشايدۇ، كىمكى ئۇنىڭغا مىنسە خار قىلىدۇ ۋە كىمكى ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ.

- مۇھەممەد زېھنىي

ئارىستوتېل ئېيتىدۇ: «نادان ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەندۇر ، شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئۆزگىلەرگە قانداقمۇ دوست بولالىسۇن؟ !»

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

پەمى يوقنىڭ غېمى كۆپ بولىدۇ.

نادانىنىڭ دوستى، ھەسەتچىنىڭ راھىتى، يالغانچىنىڭ مۇرۇۋۋىتى بولمايدۇ.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھېكمەت. كورلۇق نادانلىقتىن ياخشىراقتۇر، چۈنكى كورلۇق ئۆز ئىگىسىنى ئورىغا غۇلاتسا، بىرەر ئەزاسىنى سۇندۇرىدۇ شۇ، نادانلىق بولسا ئۆز ئىگىسىنى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىدۇ. بېيت:

نادانىنىڭ كۆزى بار، كۆرمەيدۇ ئەمما،
كورلار بار، كۆرمەيدۇ، لېكىن كۆپ دانا.

— مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ئەخمەققە سالام بەرسەڭ مېنىڭدىن قورقۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلار.

ئەخمەقنىڭ يۈرىكى ئاغزىدا، ئەقىللىق ئادەمنىڭ تىلى يۈرىكىدە بولۇر.

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

ئەخمەقلىق — تەربىيىسىزلىك تۈپەيلى كىشىنىڭ تەبىئىتىگە ئورنىشىۋالغان ئىللەتلەردىن بىرىدۇر. ئۇ مۇستەھكەملىنىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنى ھېچبىر ھىيلە ياكى داۋا بىلەن يوقاتقىلى بولماس. بېيت:

بارچە ئىللەت ئۈچۈن داۋا مۇھەييا،
ئەخمەقلىق ئىللىتى ئەمما بىداۋا.

— «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

ئەخمەق كىشى ئەمەلدىن تېز غۇلايدۇ.

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

ھەكىملەر ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىقىنى سىرتتىن كۆزىتىپ بىلىۋالىدۇ. ئەخمەق كىشى كۆڭلىگە نېمە كەلسە ، ئاقىۋىتىنى ئويلىماي دەۋېرىدۇ، تەجرىبىلىك ۋە ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ، ئەقىلسىز ئادەملەر نېمە دېسە ئۇلارغا رازى بولىدۇ، ئۆزىگە تەمەننا قويىدۇ، كىم ئۇنى ماختىسا شۇ كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، سورالغان سوئاللارغا ئويلىماي جاۋاب بېرىۋېرىدۇ، ھەر قانداق ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدۇ، ئىلىمدىن خالىي، خاتانىڭ كانى بولىدۇ، بېيىپ قالسا ياكى بىراۋغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولۇپ قالسا ھېچكىمنى مەنسىتمەيدۇ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ، باشقىلارنى سۆكىدۇ، بىراۋ سوئال سورىسا جاۋاب بەرگۈسى كەلمەيدۇ، سوئالغا قوپاللىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، ئۆزى سورىماق بولسا يېلىنىپ سورايدۇ، كۈلسە قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلىدۇ، يىغلىسا ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

— «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

ئەخمەق غەزەپلەنسە، شەيتان ئۇنىڭغا ئاكىلىق قىلىدۇ.

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

## خەلق، سەپەر، ساياھەت توغرىسىدا

ئەزىزلىك بايرىقىنى كۆتۈرگۈچىلەر ۋە بۈيۈكلۈك ناغرىسىنى چالغۇچىلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار خەلقنىڭ تىنچلىقىنى ئويلايدۇ، كېچە-كۈندۈز شۇ توغرىدا پىكىرلەيدۇ، ھەممە كىشىنى ئۆز ئاكا-ئۇكىلىرىدەك كۆرىدۇ، بىراۋنىڭ دىل شىشىسىنى غەزەپ تېشى بىلەن سۇندۇرمايدۇ، ئاداۋەت ۋە جاپا تىكىنىنى بىچارىلىك سەھراسىدا يۈرگەن يالىڭاياقلار ئايىغى ئاستىغا تاشلىمايدۇ.

— بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

ئەي ئەزىز، خەلقىڭگە دائىم ياخشىلىق قىل، قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۆزۈڭگە قايتىدۇ. ھېچكىمگە قەستلەپ يامانلىق قىلما، كىمكى يامانلىق قىلسا، قىلغان يامانلىقى شۈبھىسىز ئۆزىگە قايتىدۇ.

— مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

خەلق كىمدىن قورقسا، دېمەك شۇ كىشى ياماندۇر.

خەلق بىلەن بىللە خاتا قىلىش يەككە-يالغۇز ھالدا خەيرلىك ئىش قىلىشتىن ياخشى.

سەن خەلققە قانچىلىك ئارىلاشساڭ، خەلقمۇ ساڭا شۇنچىلىك ياندىشىدۇ.

كىمكى خەلققە قانداق مۇئامىلىدە بولسا، خەلقمۇ ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق مۇئامىلىدە بولىدۇ.

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

ياخشى ۋە ئۇزۇن ياشىماق ئۈچۈن خەلقنىڭ دۇئاسى ۋە شادلىقىدىنمۇ ياخشىراق پاسبان ۋە قورۇقلىغۇچى يوقتۇر. فەرد:

بىچارىلەر نەپرىتىدىن قىل ئېھتىيات،
بىر لەھزىدە بەرباد قىلۇر ئالەمنى!

— بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

پىشاي دېسەڭ، سەپەر قىل. سەپەردە بەش پايدا بار: كۆڭۈل ئېچىش، كۈچ توپلاش، بايلىق يىغىش، ئىلىم ۋە ئەدەب ئۆگىنىش، دانالار زىيارىتىدە بولۇش.

ئادەمنىڭ ياخشىسى سەپەردە بىلىنۇر.

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

ئەزىزىم، سەپەردىن كۆپلەپ تەجرىبىلەر ۋە سانسىز پايدىلار ھاسىل بولۇر. كۆرمىدىڭمۇ، ئاسمان دائىم ئايلىنىپ تۇرغانلىقى سەۋەبلىك ھەممە نەرسىدىن يۇقىرى، يەر بىر يەردە تۇرغانلىقى تۈپەيلى، ھەرقانداق ناكەس ئايىغى ئاستىدا خار.

— خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ھېكمەت. ئەزىزىم بىلگەيسەنكى، كىمەرسە ئۇلۇغلۇق تاجىنى بېشىغا كىيىپ، سالامەت بولاي دېسە، ھەرىكەت كەمىرىنى بېلىگە باغلىغاي. كۆرمىدىڭمۇ، پىيادىلەر شاھماتنىڭ كاتەكچىلىرىنى بېسىپ ئۆتكەندىن سوڭ مەردانىلىكلىرى تۈپەيلى پەرزىنلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. كىچىككىنە ئاي 14كۈنلۈك سەيردىن كېيىن ھىلاللىق دەرىجىسىدىن تولۇنئايلىق مەرتىۋىسىگە يېتىشىدۇ.

— خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

## ياشلىق، يىگىتلىك، كۈچ-قۇۋۋەت، غەپلەت، خارلىق توغرىسىدا

ئەگەر بىر يىگىت بار بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن

ئازراق بولسىمۇ نەپ كۆرمىسە، ئۇنداق يىگىت يىگىت سانالمايدۇ. ئەگەر كىشىدىن دۇنيادا بىرەر يادىكارلىق قالمىسا ، ئۇنى ئادەم ھېسابلاش ناراۋادۇر. ئەگەر كىم ئىنساندىن بۇ دۇنيادا بىرەر كىتاب ياكى ئىمارەت قالسا، ئۇ تىرىكلەر قاتارىدا يوقلىنىدۇ ۋە ئۇنداق كىشى ئۆلۈك دېيىلمەيدۇ.

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ياشلىق مەستلىكى شاراب مەستلىكىدىن ئارتۇق.
يىگىت يىگىتتىن يىقىلۇر، ئەمما تەسلىم بولماس.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

**ھېكايەت.** لوقمان ھەكىمدىن سوراشتى:

- نېمىشقا ھەدېسىلا ئوغۇللىرىغا نەسىھەت قىلىۋېرىلا؟

ئۇ شۇنداق جاۋاب قىلدى:

- ياشانغانلارنىڭ ئۈگۈتلىرى ياشلار ئۈچۈن باغۋەننىڭ كۆچەتنى تەربىيەت قىلغىنىغا ئوخشاشتۇر. باغۋەن كۆچەتتىن ئۆسۈپ چىققان ھارام شاخلارنى پۇتاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايدىسىز گىياھلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ ياخشى ئۆسۈشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپلەيدۇ. شۇنداق قىلىنغاندىلا كۆچەت كۈچلۈك بولۇپ ئۆسىدۇ ۋە چوڭ بولغىنىدا شېرىن-شېكەر مېۋە بېرىدۇ. مۇبادا ئارتۇقچە شاخلىرى كېسىپ تۇرۇلمىسا، كۆچەت تېزپېتىلگەن تەقدىردىمۇ ياخشى ھوسۇل بەرمەيدۇ، باغۋەنگە ئۇنىڭدىن پايدا كەم بولىدۇ. دېمەك، بىلىڭكى، بالىمۇ خۇددى كۆچەتنىڭ ئۆزىدۇر. ئەگەر ئۇ تەربىيەت قىلىنمىسا، يامان خۇلقلارغا مۇپتىلا بولىدۇ ۋە پالاكەت خەشەكلىرى ئارىسىدا سولۇپ تۈگەيدۇ.

باغۋەندىن پەرۋەرىش كۆرمىسە نىھال،
ئۆلگىيىپ ئۆسەلمەس ، تاپالماس كامال!

- خۇررەمىي

بىلگىنكى، كىشىلەرگە ھەممە ئىشتا دوست - ئاغىنە كېرەك. يالغۇز كىشى ھېچنەرسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. بولۇپمۇ نومۇسى قاتتىق، غەيرەتلىك يىگىتلەرگە ئەقىللىق مەسلىھەتچى ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىپ تۇرغۇچى ياشانغان كىشى كېرەك.

- خۇررەمىي

ئەي يىگىت، ئۆپچۆرەڭگە باق، مەن-مەن دېگەن زەبەردەست كىشىلەر ئەجەل شەربىتىنى ئىچىشمەكتە. كۆنى كېلىپ بۇ كاسىنى سۇمۇرۇش نۆۋىتى ساڭىمۇ كېلەر. شۇنداق ئىكەن، ئەزىز ئۆمرۈڭنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزسەڭ، بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە شەرمەندىچىلىك ۋە يارىماسلىق بولماس!

- مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

ئۆز غېمىنى ئۆزى قىلمىغان ئادەم ئاخىرى خارلىقتا قالۇر.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئىشقا كىرىشىش ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن ياخشى، غەپلەتتە قېلىش بولسا كۈچلۈك دۈشمەنگە دۈچ كەلگەندىنمۇ يامان.

- مۇھەممەد زېھنىي

كۆچكە ئىگە بولغان چېغىڭدا ئىختىيارىڭ نوختىسىنى بۇزۇق نەپسىڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزمىغىنكى، ئۇ سېنى ھالاكەت ھاڭىغا غۇلاتمىسۇن. غالىب بولغان پەيتىڭدە مۇرۇۋۋەتنىمۇ ئويلاپ قوي. قول ئاستىڭدىكىلەرگە شەپقەت كۆزى بىلەن قارىساڭ، ئۇلارمۇ كۆنى كېلىپ ساڭا شەپقەت كۆزى بىلەن باقىدۇ.

- ئىبنى كەمالپاشا

خارلىق يوقلۇقتىن كېلىدۇ

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

## باتۇرلۇق، شىجائەت، جەڭ، غەيرەت، ھۇشيارلىق ۋە ئۇلارنىڭ پايدىلىرى ھەمدە قورقۇنچاقلىق، نامەردلىكنىڭ زىيانلىرى توغرىسىدا

نۇشىرۋان بۇزۇرگمېھردىن سورىدى:

- شىجائەت نېمە؟

بۇزۇرگمېھر ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى:

- يۈرەكنىڭ قۇۋۋىتى.

نۇشىرۋان يەنە ئۇنىڭدىن:

- نېمىشقا قولنىڭ قۇۋۋىتى ئەمەس؟ - دەپ سورىدى.

- ئەگەر يۈرەكتە قۇۋۋەت بولمىسا، - دەپ جاۋاب بەردى بۇزۇرگمېھر، - قولدىمۇ قۇۋۋەت بولمايدۇ، قول قۇۋۋىتى يۈرەك قۇۋۋىتىگە باغلىق! شېئىر:

يۈرەكنىڭ كۈچىدىن كۈچ ئالىدۇ قول،
كىمدە يۈرەك كۈچلۈك، كۈچلۈكتۇر ھەم قول!

- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ماتانەت - ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز پىكرىدە ۋە ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇشى، بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلغاندا ئۇنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەھكەم تۇرۇشى ۋە ھەممە ئىشتا سەبىر قىلىشىدۇر. ماتانەتسىز كىشى بىر ئىشنى باشلايدۇ، بىراق سەلگىنە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە ، ئۇنى تاشلاپ قويىدۇ. بىرەر كىشى ئۇنى ئازراق ئەيىبلىسە ياكى كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ تەنقىدلىسە ، ئىرادىسى دەرھال پۈكۈلىدۇ ۋە ئىشەنچىنى يوقىتىدۇ، شۈبھە ئاستىدا قېلىپ، قىلىۋاتقان ياخشى ئىشىنىمۇ چالا تاشلاپ قويىدۇ.

- خەيالىددىن ئەل-ھەسەنىي

شىجائەتلىك كىشى شۇنداق كىشىكى، ئۇ ئۆزىنى ئۇلۇغ ئىشلارنى بېجىرىشكە چاققاق قىلىدۇ، دىلىنى بولسا ئېغىر ئىشلارغا چىداشقا تەييارلايدۇ.

بىر كۈنى بىر ھەكىمدىن: « باتۇرلۇق ياخشىمۇ ياكى ئەقىل-تەدبىر؟ » دەپ سوراشتى. ھەكىم: « باتۇرلۇق تىغ بولسا، ئەقىل-تەدبىر قولدۇر. ئەگەر

ئۇلارغا ئىش تاپشۇرۇلىدىغان بولسا ، قول تىغىسىزمۇ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، ئەمما تىغىنىڭ قولسىز بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇئەممە! » دەپ جاۋاب بەردى.

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

هۇشيار شۇنداق ئادەمكى، قولىدا بارىنى دىققەت بىلەن ساقلايدۇ. بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرمايدۇ.

- يىگىت يىگىتتىن نېمىسى بىلەن ئارتۇق؟

- هۇشيارلىقى بىلەن.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

ئېيتىشلىرىچە، بىر ئەرەب سەركەردىسى بار ئىدى. قېرىپ قالغىنىغا قارىماي ئۇنىڭ دىلىدا شىجائىتى زادى يوقالمىغانىدى. بىر كۈنى ئۇ ئاتقا مىنمەك بولدى. ئىككى كىشى كېلىپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئاتقا ئاران مىندۇرۇپ قويىدى. ئۇلاردىن بىرى تەنە قىلىپ: « ئاتقا ئاران مىندۇرۇپ قويغان تۇرساق ، ئۇنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كەلمەكچىدى؟ » دېدى. بۇنى ئىشىتكەن سەركەردە ئۇنىڭغا قاراپ: «هە، راست ئېيتىسەن، ئاتقا ئىككى كىشى مىندۇردى، ئەمما ئۇنى مىڭ كىشىمۇ چۈشۈرەلمەيدۇ! » دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ تۇرغان نۇشىرۋان ئۇنىڭغا تەھسىن ئوقۇپ، دېدى: «هە، ئۇ راست ئېيتىدۇ، قول يۈرەك قۇۋۋىتىگە تەۋەدۇر، ئۇنىڭ يۈرىكىدە باتۇرلۇق كۈچى بار! »

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

ئەزىزىم، ئەقىلسىز كىشى شۇنداق كىشىكى، جەڭ ۋاقتىدا سۈلھ تۈزۈشنى ئىستەيدۇ، تىنچلىق پەيتىدە بولسا جەڭ قىلىشنى خالايدۇ، قەھرىنى چېچىش لازىم بولغان پەيتتە لۇتپۇكەرەم ئىشكىنى ئاچىدۇ. ئۇ، ئاقىللارنىڭ مانا مۇنداق دېگىنىنى بىلمەيدۇ:

بىۋاقىت جەڭ ۋە سۈلھ پايدىسىز - زىيان،
گۈلگە گۈل بولغىنۇ، تىكەنگە تىكەن!

ياكى:

تىنچلىق ئىستىسە تىنچلىقتىن كەچمە،
جەڭگە چاقىرسا يۈز ئۆرۈپ قاچما!

**- خوجا سەمەندەر تىرمىزىي**

ئەفراسىياپ ئۆز لەشكەرلىرىگە: « جەڭگە ھېرىسمەن بولۇڭلار، شۇنىڭدا ئۇزاق ياشايسىلەر، ئۆلۈمگە هازىر بولۇڭلار، شۇ چاغدا بەختلىق ئىقباللىڭلار كۈلىدۇ! » دەر ئىدى

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

نەقىل كەلتۈرۈشلىرىچە ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن جەڭگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئۇستازى ئارىستوتېلدىن نەسىھەت ۋە مەسلىھەت ئالار ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئارىستوتېلنى چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا دېدى: «ئەي ھەكىم، مەن يىراق ئەللەرگە بارماقچىمەن ، ئۇيەرلەردە تۈرلۈك -تۈمەن ئادەملەرگە دۈچ كېلىمەن، ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك؟ » . هەكىم ئۇنىڭغا شۇنداق نەسىھەت قىلدى: « ئەي ئىسكەندەر، ئىلاجىنىڭ بارىچە ئادەملەردە ئۆزۈڭگە نىسبەتەن دۈشمەنلىك تۇيغۇسىنى ئويغاتما، دوستلىرىڭنىڭ هەر خىل سۆز ۋە قىلمىشلىرىنىڭ تۈپەيلى خاپا بولۇشلىرىغا يول قويما. بىراۋ ساڭا دۈشمەنلىك قىلسا، ئۇنىڭغا يامان كۆز بىلەن قاراش ئورنىغا، ئۇنى ياخشى سۆز ۋە سوۋغىلار بىلەن خۇرسەن قىل، نەتىجىدە ئۇ دوستقا ئايلىنىدۇ. دوستلىرىڭنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سال، ئۇلارنىڭ ئىززەت-هۆرمىتىنى جايىغا قوي، شۇنىڭدا ئۇلار دۈشمەنگە ئايلانمايدۇ» . ئىسكەندەر ئۇنىڭغا: « يەنە داۋاملاشتۇرسىلا» دېدى: «دۈشمەنىڭ بىر-ئىككى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز قالما، يۇمشاقلىق بىلەن قىلىش مۇمكىن بولغان ئىشنى قوپاللىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرما! »

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

نامەرد كىشى ئۆزرىڭنى قوبۇل قىلمايدۇ، خاتالىقىڭنى بولسا كەچۈرمەيدۇ.

ئاجىز ئادەم ئېھتىياتكارلىقنى قولدىن بەرمىسە، دۈشمەننى يىقىتىدۇ.

قورقۇنچاقنىڭ جاڭجىلى ئۇزۇن بولىدۇ.

بىراۋنى قورقۇتمىغان بىراۋدىن قورقمايدۇ.

كۈچلۈك ئادەملەرگە ياراشماس ئىش - كۈچسىزلەردىن قىساس ئېلىش.

ئاجىزلارنىڭ قورالى - شىكايەت.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

## ئىشق - مۇھەببەت توغرىسىدا

ھېكمەت. سورىدى: «ئاشىق ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ئوقۇبەت نېمە؟ » . جاۋاب بەردى: «ئۇزاق مۇددەتلىك ئۈمىدتىن كېيىنكى ئۈمىدسىزلىك» .

بېيت:

ئۈمىدۋار بولسا-يۇ، ئۈمىدسىز قالسا،
بۇنىڭدىن ئارتۇق دەرد يوق ئاشىق-مەشۇققا!

**- مەجدىددىن خەۋافىي**

مۇھەببەت مەسلىھەتسىز پەيدا بولىدۇ.

بىرەر نەرسىگە ئارتۇقچە مۇھەببەت قويۇش - كۆزنى كور، قۇلاقنى پاڭ قىلىۋېتىدۇ.

سۆيگۈنىڭ كۆزى قارىغۇ.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

## خۇش خۇلقلۇق، ئوچۇق يۈزلۈكلۈك، شېرىن سۆزلۈكلۈك، رەھىم - شەپقەت، مۇرۇۋۋەتنىڭ پايدىلىرى توغرىسىدا

باللار ئۆز ئاتىلىرىدىن مىراس قىلىپ

www.uyghurkitap.com

ئالدىغان ئۈچ ئەۋزەل نەرسە بار: خۇش مۇئامىلىلىك، ئەدەب ۋە ساداقەت.

**- مۇھەممەد زىھنىي**

بىر ھەكىمنىڭ ئېيتىشىچە، خۇش مۇئامىلىلىكنىڭ ئون بەلگىسى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىلەر: ئىنساب، ئەقىل، ئىلىم، مۇلايىملىق، ئالىيجانابلىق، گۈزەل خۇلق، ياخشىلىق، سەبىر، شۈكۈر، يۇۋاشلىق.

**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن**

بەزى ھەكىملەرنىڭ پىكرىچە، خۇش خۇلقلۇقنىڭ ئون نىشانىسى بار. ئۇلار مۇنۇلار: بىرىنچى، ياخشى ئىشلاردا ھەممىشە ئادەملەر بىلەن بىرگە بولماق؛ ئىككىنچى، نەپس كويىغا كىرمەسلىك؛ ئۈچىنچى، ئۆزگىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەسلىك؛ تۆتىنچى، بىراۋدىن بىرەر ئەيىب يۈز بەرسە، ئۇنى ياخشىلىققا بۇرىماق؛ بەشىنچى، ئەيىبدار كەچۈرۈم سورىسا، ئەيىبىنى كەچۈرمەك؛ ئالتىنچى، موھتاجلارنى ھاجىتىدىن چىقارماق؛ يەتتىنچى، ئۆزىنىڭلا غېمىنى قىلماي، باشقىلار توغرىسىدىمۇ قايغۇرماق؛ سەككىزىنچى، ئۆز ئەيىبىنى تەن ئالماق؛ توققۇزىنچى، ئوچۇق چىراي بولماق؛ ئونىنچى، خۇش مۇئامىلىلىك بولماق. بېيىت:

جاھاندا ئىزدىرىپ كىمدىن سورىمىدىم ،
ياخشى خۇلقتىن ياخشى نەرسە كۆرمىدىم.

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

شىرىن سۆزلۈكلۈك ۋە مۇلايىملىق بالانى قايتۇرۇشقا قادىر.

**- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

ئەزىزىم، دىلىڭغا مۇلايىملىق ۋە سۇبات نۇرى بىلەن ئارا بەرگىنكى، مۇلايىم كىشىنىڭ دىلى گۈزەل بولىدۇ. مەنىلەر گۆھىرىنىڭ خەزىنىچىسى مەۋلەۋىي جالالىددىن رۇمىينىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بۇ مەنىگە گۇۋاھدۇر:

ھىلىم تىغى پولات تىغدىن ئۆتكۈرراق،
ھىلىم يۈز لەشكەرنى يېڭەر بىياراق!

**- خوجا سەمەندەر تىرمىزىي**

ئېيتۇرلەر:

- ئەگەر سەن ھاياتىم ياخشى ئۆتسۇن دېسەڭ دوستقا ھەم، دۈشمەنگە ھەم ئوچۇق يۈزلۈك بول، ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشقا ئۇرۇنما، ئولتۇرغاندا بارماقلىرىڭنى بىر-بىرىنىڭ ئاراچلىرىغا كىرىشتۈرۈپ ئولتۇرما، ئۆزۈكۈڭنى ئوينىما، تىرنىقىڭ بىلەن چىشلىرىڭنى كولىما، بارمىقىڭ بىلەن بۇرنىڭنى تۇتما، ئادەملەرگە قاراپ كىرىلمە!

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

- ئېرىشمەك قىيىن بولغان نەرسىلەرنىڭگە قانداق قىلىپ ئېرىشتىڭ؟

- دۈشمەنلىرىمگە ئوچۇق چىراي بولۇش، دوستلىرىمغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن.

**- «جاۋىدانى خىرەد»تىن**

ھېكمەت. ئۈچ خىل كىشىنى ئۈچ خىل ھالەتتە بىلگىلى بولىدۇ. مۇلايىم ئادەمنى غەزەپ كەلگەندە، باتۇر ئادەمنى جەڭ مەيدانىدا، ھەقىقىي دوستنى ھاجەت چۈشكەندە.

**- مۇئىنىددىن جۇۋەينىي**

ھېكمەت. ئەردەشىر بابەك ئۆز يۇرتىنى ئادالەت زىننىتى بىلەن بېزىگەنىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ ناھايىتى قىممەتباھا كىيىملەر كىيىپ ئالغىنىنى كۆردى. ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ: «ئوغلۇم، كىشى شۇنداق لىباس كىيسۇنكى، بۇنداق لىباس ھېچ بىر خەزىنىدە بولمىغاي!» دېدى.

ئوغلى ئۇنىڭدىن: «ئەي ئاتا، ئۇ قانداق لىباس، نېمىدىن تىكىلىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا دېدى: «ئۇ شۇنداق لىباسكى، ماتاسى ياخشى خۇلق ۋە ياخشى ئىشتۇر، يىپى بولسا مۇرەسسە ۋە سەبىردىن ئىبارەتتۇر!» . بېيىت:

دائىما ياخشىدۇر ئىش بىلەرمەنلىك،
مۇرەسسەمۇ دائىم ياخشىدۇر ئەمما.

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

ئۆز ئورنىدا قىلىنمىغان مۇلايىملىق ئەخمەقلىقتۇر.

تىكەن بولۇشنىڭ ھەم ئۆز ئورنى باردۇر،
بىھۇدە مۇلايىم بولغان ھەم خاردۇر.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

بىر ئۇلۇغ كىشى ئېيتقانىدىكى، گۈزەل خۇلقلۇق كىشى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ: باشقىلاردىن بىرنېمە ئالسا قايتۇرىدۇ، ياخشىلىقتىن مەھرۇم ئېتىلسە ياخشىلىق قىلىدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىسا مۇرۇۋۋەت قىلىدۇ، شۇنداق قىلغان كىشىدىن ئادەملەر ئۈلگە ئالىدۇ.

بىر كىشى بىر ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى كەلتۈرىدۇ: «يېقىملىق خۇلق كىشىنىڭ ھەممە ئەيىبلىرىنى قۇياش نۇرى قارنى ئېرىتىۋەتكىنىدەك ئېرىتىپ، يوق قىلىۋېتىدۇ».

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

بىر ھەكىمدىن: «خۇش خۇلق كىشى قانداق كىشى؟» دەپ سورىدى. ھەكىم: «ھېچنەرسىدىن رەنجىمەيدىغان كىشى!» دەپ جاۋاب بەردى. يامان خۇلقلۇق كىشى توغرىسىدا سورىغىنىدا: «يامانلىق بىلەن ياخشىلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلمەيدىغان كىشى» دەپ جاۋاب قىلدى ئۇ.

**- خۇررەمىي**

كىمكى مۇلايىم بولسا سائادەتلىك، كەمسۆز بولسا سالامەت بولۇر.

تىلى شىرىن ئادەمنىڭ دوستى كۆپ بولىدۇ.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

ھېكمەت. بىر ئاتا ئۆز پەرزەنتىنى دوستلىرى بىلەن ئۆلپەتلىشىشتىن توسار، ئاغىنىلىرىنىڭ ئىلتىپاتىدىن مەھرۇم قىلىشقا ئۇرۇنار ئىدى. پەرزەنت بولسا ئۇنىڭغا بوي بەرمەس ئىدى. بىر كۈنى

ئۇنىڭغا دېدىم: «ئاتائىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتساڭ ياخشى بولامدۇ؟». ئۇ دېدى: «يۈزلەپ ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆكسىتىشتىن كۆرە بىردىلنى ئاغرىتقىنىم تۈزۈك!».

گۆھەر ئۈچۈن پەيدا بولغاچ خېرىدار،
دۈرنىڭ سەدەپ بىلەن نېمە ئىشى بار.

— خۇررەمي

فەرىدۇندىن سورىدى: «ئادەملەرنى ئۆزۈڭدىن ئۆزاقلاشتۇرماسلىقنىڭ چارىسى نېمە؟». ئۇ دېدى: «چىدام ۋە مۇلايىملىق». ئۇنىڭدىن يەنە سورىدى: «مۇشكۈل ئىشلارنى قانداق ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟». ئۇ يەنە: «چىدام ۋە مۇلايىملىق بىلەن!» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەقتە شائىرلار شۇنداق دېيىشىدۇ:

سۆزلىشىش، مۇرەسسە بىلەن پۈتكۈسى
ھەر مۇشكۈل مەسىلە، ھەربىر قىيىن ئىش.
قالقان ۋە تىغ بىلەن پۈتمىگەن ئىشنى
يۇمشاق سۆزلۈك بىلەن مۇمكىن ھەل قىلىش!

— ئەبۇلبەرەكات قادىري

ھەكىملەرنىڭ ئېيتىشلىرىچە، شىجائەت، ساخاۋەت ۋە خۇش خۇلقلۇق ئەڭ ئەلا پەزىلەتلەردىن بولۇپ، بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر ھەر دائىم ئۇلۇغلۇق سەرمايىسىدىن بەھرىمەن بولۇر. مەزكۇر سۈپەتلەر ئىچىدە خۇش خۇلقلۇق ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. چۈنكى شىجائەتكە ئارىلاپ-ئارىلاپ ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ، ساخاۋەت ئالىي پەزىلەتلەر بولسىمۇ ئۇنىڭغا ھەممە كىشى مۇيەسسەر بولۇۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن كىشىگە ھەرخىل شەرت-شارائىتلار كېرەك. ئەمما خۇش خۇلقلۇق شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم ئېرىشەلەيدۇ. يېقىملىق خۇلق ئىگىسىدىن چوڭ-كىچىكنىڭ بارچىسى خۇرسەن بولىدۇ. بۇنداق خۇلق ئىگىسى باشقىلارنى خۇرسەن قىلىشتىن تاشقىرى، ئۆزىمۇ دائىم خۇرسەن يۈرىدۇ، باشقىلاردىن بولسا ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋە مۇلايىملىق قايتىدۇ. قىتئە:

كېلىتىدۇر خۇش پېئىللىق مەڭگۈلۈك سائادەتنىڭ،
ئەمما ئاڭا بەزىلەر دائىم مۇيەسسەر ئېرمەس!

— ئەبۇلبەرەكات قادىري

ھېكمەت. ئەركەك ئۈچۈن ئەڭ ياخشى لىباس — شېرىن سۆزلۈك، خوتۇن ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل كىيىم — ئۇچۇق چىرايلىق.

— مۇئىنىددىن جۇۋەيني

ھېكمەت. كىشىنىڭ ئىككى نەرسىنى ئۆزىدىن قوغلىۋېتىشى قىيىن: بىرىنچىسى، سايە، ئىككىنچىسى، بەدپېئىللىق.

— خۇررەمي

ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلارنىڭ ساڭا رەھىم قىلىشىنى خالىساڭ، ئۆزۈڭدىن پەسلەرگە رەھىم قىل.

— «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

## ۋەدە، ۋەدىگە ۋاپا، ئار-نومۇس، شەرم - ھايا توغرىسىدا

ھەكىملەر ئېيتىدۇ:

— ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغان كىشىنى ياخشى كۆرۈشتىنمۇ خەۋپلىكرەك ۋە قىلغان ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەمگە ياخشىلىق قىلىشتىنمۇ زىيانلىقراق نەرسە يوق!

— مۇھەممەد زىھني

بىراۋغا ۋەدە قىلغان بولساڭ، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل! ۋەدىگە ۋاپا قىلىش — مەرد كىشىلەرنىڭ ئىشى، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ بولسا چىرايلىق خىسلەتلىرىدىن بىرىدۇر. بېيىت:

ۋەدىگە ۋاپادىن كۆرە ياخشىراق
نەرسە يوق جاھاندا، دوستۇم ئويلاپ باق!

— مۇھەممەد ھۈسەيىن

كىشىدىن ھايا كەتسە، تېزدىنلا بالا يېتىپ كېلىدۇ.

— مۇھەممەد زىھني

ھېكمەت. ھايا كىشىلەرنى يامان يولدىن قايتۇرغۇچى ۋە ياخشىلىققا ئۈندىگۈچىدۇر. كىمنىڭ ھاياسى بولمىسا، شۇنىڭ ئۈيىتى بولمايدۇ ۋە بارچە قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ. كىشىدە ھايا بار بولسا، نەپسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھاكىم بولالمايدۇ ۋە كەينىگە ئەگەشتۈرەلمەيدۇ.

— مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى شەرم-ھايا يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى ئۆز ھاياتى روناقلىقىنىڭ سەۋەبى قىلىپ ئالسا، زامانىنىڭ چوڭ-كىچىكى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا ۋە سۆھبىتىگە خېرىدار بولۇر، ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى كۈنسېرى ئاشۇر، ھۆرمەت كۆچىتى بولسا دوستلۇق باھارىنىڭ تەربىيىسى بىلەن مەقبۇللۇق بېغىدا ھوزۇرپەيزىنى سۇرۇۋېرۇر، ئېھتىرام بېغىنىڭ گۈللىرى ھەمىشە كۆز جۇدۇنىنىڭ زەرىرىدىن تەنەززۇلغا يۈزلەنمىگەي. مۇئەللىپ:

ھايا ساھىبلىرى ئىززەتتە بولغاي دائىما خۇشھال،
ھاياسىز بولسا ھەركىم كۈنى قالغاي نادامەتتە!

— بەرخۇردار ئىبىن مەھمۇد

ئىسكەندەر سۆزىدىن. «ۋەدە بېرىپ بېجىرمەسلىك نەقەدەر قەبىھ ئىش، سۆزلىمەي تۇرۇپ بېجىرىش نېمىدېگەن چىرايلىق!». قىتئە:

سۆزلىمەي بېجىرگەن مەرد كىشى بولۇر،
سۆزلەپ بېجىرسە ئۇ يېرىم مەردتۇر.
سۆزلىسەيۇ، بىراق بېجىرمىسە ھېچ،
قالۇر كۆلكىگە، ئۇ پۈتۈن نامەردتۇر!

— ئەبۇلبەرەكات قادىري

# ياخشىلىق، يامانلىق، ياخشى ئادەملەر، يامان ئادەملەر،توغرىلىق ۋە ئەگرىلىك توغرىسىدا

ياخشىلىق كۆزلىگۈچى بوينىغا زىنھار -
قىلىچ تارتما، بولسىمۇ ئۇ گۇناھكار!

**- نىزامىي گەنجەۋىي**

لوقمان ھەكىم ئۆز ئوغلىغا دېدى:

- ئەي ئوغلۇم، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىڭنى ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە ئېسىڭدىن چىقارما! ئەمما قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى كۆز ئالدىڭدىن نېرى قىل!

**- مۇھەممەد زىھنىي**

ھېكمەت. قولۇڭدىن ياخشىلىق كەلمىسە، يامانلىق قىلىشتىن بولسىمۇ قاچ! ئەگەر ئاغزىڭدىن ياخشى سۆز چىقمىسا، ھېچبولمىغاندا تىلىڭنى بوھتان ۋە غەيۋەت بىلەن بۇلغاشتىن ساقلا! بېيت:

بىراۋغا ياخشى سۆز قىلالمىساڭ گەر،
ھېچبولمىسا زەھەر قوشما سۆزۈڭگە!

ياخشى ئىشلار دېڭىزىنىڭ غەۋۋاسلىرى شۇنداق كىشىلەردۇركى، ياخشى ئىشلار جەۋھىرىنى ھۆسنى خۇلق رىشتىسىگە تىزىپ، شېرىن سۆزلۈك شېكىرىنى ئاغىنە-ئاشنىلىرىدىن ئايىماس ۋە خۇددى ئابىھايات كەبي ھەممە مىجەز-خۇلقلىرىغا تىنچلىق ۋە ھالاۋەت بەخش ئېتەر. قوپاللىق ۋە سوۋۇق تەلەتلىك نەشتىرى بىلەن ھېچكىمنىڭ راھەت سىنەسىنى مەجرۇھ قىلماس. فەرد:

ئەگەر بىر دىلنى ئاغرىتماڭ سېنى ھەم ئاغرىتۇر كىمدۇر،
كى بىر ئېغىز سۆزنىڭ تىغى يۈز شەمشەردىن ئۆتكۈر
ئېرۇر.

**- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

ھەكىملەر ئېيتۇرلەر: « ياخشىلىقنىڭ ئاساسى ئۈچ نەرسىدە: بىرىنچى، ھەممە كىشىگە رىياسىز كەمتەرلىكتە؛ ئىككىنچى، مىننەتسىز ساخاۋەتتە؛ ئۈچىنچى، ھەق تەلەپ قىلىنمايدىغان خىزمەتتە. ئادەملەر تۆت نەرسىنى ئىزدىمەسلىككە ئامالسىزدۇر: بىرىنچى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئاجرىتىشقا ياردەم بېرىدىغان ئىلىمنى؛ ئىككىنچى، تىرىكچىلىك قىلىشقا لازىم بولىدىغان ئەسۋاب-جابدۇقلارنى؛ ئۈچىنچى، كەيپىياتنى ياخشى تۇتىدىغان ۋاستىلەرنى؛ تۆتىنچى، ئادەملەر بىلەن مۇرەسسەنى.

بۇقرات ھەكىم ئېيتقانىدى: « تولىمۇ تاتلىق بولمىغىنىكى، يەۋەتمىسۇن، تولىمۇ ئاچچىق بولمىغىنىكى، تۈكۈرۈپ تاشلىمىسۇن» .

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

كۆپچىلىك بىرەر كىشى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارمىغۇنچە، ئۇنى ياخشى-يامان دېيىشتىن تىلىڭنى تىي.

ئىنسان ئەگەر قۇلۇپلانغان ساندۇق بولسا، ئۇنى پەقەت تەجرىبە ئەھلىلا ئاچالايدۇ.

مەيىن شامال گۈلزار ئىچىدىن ئۆتسە گۈل ھىدىنى، سېسىق يەردىن ئۆتسە بەدبۇي ھىدىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

جالىنۇس ۋاپات قىلغاندا، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەت چىقتى. ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى سۆزلەر يېزىلغانىكەن :

«ياخشى ئادەم دۇنيانى تەرك ئەتسىمۇ، ئۇ تىرىك سانىلىدۇ، يامان ئادەم تىرىك بولسىمۇ، بەرىبىر ئۆلۈكلەر قاتارىدا بولىدۇ» .

**- مۇھەممەد زىھنىي**

تارىخ ياخشىنىمۇ يازىدۇ، ياماننى ھەم.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

ھېكمەت. ئۈچ خىسلەتكە ئىگە بولماق ئالىي دەرىجىگە يەتمەكتۇر: بىرىنچى، ساڭا زۇلۇم قىلغان كىشىنى كەچۈرمەك؛ ئىككىنچى، ساڭا يامانلىق قىلغان كىشىنى يامانلاپ يۈرۈشتىن ساقلانماق؛ ئۈچىنچى، يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلماق. بېيت:

مېھرسىز، گىنەچى دۈشمەن دىلىنى
تولدۇرۇشۇڭ مۇمكىندۇر ئېھتىرامغا.
ئۇۋچىنى كۆرسەڭچۇ، ئىبرەت ئال ئۇندىن،
دان بىلەن قۇشلارنى چۈشۈرەر دامغا!

**- مۇئمىنىددىن جۇۋەينىي**

ياخشىلىقى يوق ئادەم يالغۇزلۇقتا جان بېرۇر.
ياخشىلىق يامانلىقنى كۆيدۈرگۈچى ئوت.
ياخشى بىلەن دوست بولغان يامانلاردىن قۇتۇلۇر.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

ھەكىملەردىن بەزىسى شۇنداق دەيدۇ: « كۆپچىلىك سېنى يامان دېسە، دېمەك يامانسەن، ئەگەر ياخشى دېسە، دېمەك ياخشىسەن» .

**- مۇھەممەد زىھنىي**

بىراۋغا ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، ياخشىلىقىڭنى ئېيتىپ، ئۇنى كەمسىتمە، بىر كىمگە ئىچۈرگەن -يېدۈرگىنىڭنى مىننەت قىلىپ، زەھەرگە ئايلاندۇرما!

بىر نەرسىنى كۆزلەپ قىلىنغان ياخشىلىق ياخشىلىق ھېسابلانماس، بەلكى ئۇ مۇنداقلا ئالدى-بەردىدىن ئىبارەت، خالاس.

كىشىلەرگە خەير-ئېھسان قىلىش نەقەدەر ئۇلۇغ پەزىلەت، بىراق، بۇ خەير-ئېھسان غەرەزسىز بولسا تېخىمۇ ياخشى!

مۇرۇۋۋەت مەيدانىنىڭ پەھلىۋانى بولاي دېسەڭ، غەرەز بىلەن ئىش قىلىپ، ئورنىغا بىر كىمدىن پايدا ئېلىشنى ئويلىما!

**- ئەبدىبەك شېرازىي**

دۇنيادا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىنمۇ ئۇزاقراق ياشايدىغان نەرسە يوق.

ئىنسان ياخشىلىقنىڭ قۇلى.

ياخشىلىقى كۆپ كىشىنىڭ دوستلىرى كۆپ بولىدۇ.

ئادەملەرنى دۆلىتىنىڭ زىيادە ۋە ئىشىنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرغاندا ئەمەس، بەلكى بېشىڭغا كۈن چۈشكەن ۋە كەمبەغەللىك چېغىڭدا سىنا، شۇنىڭدىلا ئۇلارنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسەن.

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

بىراۋغا قىلغان ياخشىلىقىڭنى يوشۇر، بىراۋنىڭ ساڭا قىلغان ياخشىلىقىنى بولسا ئەل ئارىسىغا ياي!

— ئەبدىبەك شىرازىي

## سۆز، سۆزلەش قائىدىسى، ئويلاپ سۆزلەش، تىل، تىلنى تىيىش، سۈكۈت، كەمسۆزلۈك ۋە گېپى توللىق توغرىسىدا

ئىنسانىيەت ئەدەب-ئەخلاقىنىڭ ۋە ئادىمىيلىك ئاساسىنىڭ ئۇلۇغ قەسرى تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى-سۆزلەش ۋە نۇتۇقنىڭ قىممەت باھا گۆھىرىنى مۇلايىملىق ۋە ئەدەب ئۈشكىسى بىلەن تەشمەكتۇر. ئەخلاق ئوردىسىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ئىنسانىيەتنىڭ كامالىتى ۋە بىلىمىنىڭ ئۈستۈن مەرتىۋىلىرىدىن بىرى چىرايلىق سۆزلەش بولۇپ، بۇ باغنىڭ گۈلى ئەقىل باھارىستانىنىڭ مەيىن شاملى بىلەن ئېچىلۇر ۋە سائادەتنىڭ يارقىن جاۋاھىر دەستۇرخانىنى ئەقىل سودىگىرىلا ئاچالىغاي. يېقىملىق ۋە قىممەت باھا سۆزلىرى دانالىق ۋە ئىقبال ئەربابىنىڭ تاجى بولغان يۇنان ھەكىملىرىنىڭ ئېيتىشلىرىچە، تىل ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى پەزىلىتى خەزىنىسىنىڭ كېلىتىدۇر ۋە ھەركىمسە بىلىمىنىڭ مىقدارى ئۇنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق مەلۇم بولۇر. سەئدىي:

ھەر كىشى بىرەر سۆز دېمىگەن بولسا،
كەمچىلىك ، خىسلىتى بولغۇسى پىنھان.

— بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

ھەكىملەردىن بىرى دەيدۇ:

— قەدىمكى ھېكمەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىنسان ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشى خاسىيىتى بىلەن ھايۋانلاردىن ئەۋزەل يارىتىلغان. ئۇنىڭغا بىر ئېغىز، ئىككى قۇلاق سوۋغا قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىر قېتىم سۆزلىمىكى ۋە كۆپ قېتىم ئىشتىمىكى كېرەك.

قانچىكى كۆپ بىلسەڭمۇ ئاز سۆزلە، بىراق —
بىرنى يۈز دېمەي، يۈزنى بىر قىل ئەۋزەلراق!

— ئىبنى كەمالپاشا

بىر كۈنى بۇزۇرگمېھردىن: «سۆزلەش ياخشىمۇ ياكى سۈكۈت؟» دەپ سوراشتى. ئۇ: «سۆزلەش!» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن يەنە: «ئۇنداق بولسا، نېمىشقا ئۆتمۈشتىكى ھەكىملەر دائىم بۇنىڭ تەتۈرسىنى ئېيتىپ كېلىشتى؟» دەپ سوراشتى. بۇزۇرگمېھر مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «سۆزلەش ياخشى دېگىنىمنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەگەر بۇ ۋاستە بولمىغىنىدا ئىدى، سۈكۈتتىكى قىياس قىلغۇسىز خىسلەتلەر ئېچىلماي قالار ئىدى».

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ھېكمەت. بىر كىشى بىر ھەكىمنىڭ زىيارىتىگە باردى. ئۇ بىھۇدە سۆزلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق ۋالاقشىدى. سوڭ سۆز ئارىسىدا: «ئەمدى سۆزلەشنى بەس قىلاي» دېدى. ھەكىم ئۇنىڭغا: «ياق، سەن سۆزلىمىدىڭ!» دېدى. بېيىت:

بىھۇدە سۆزلەرنى سۆزدەپ بولمايدۇ،
سۆز ئۇلكى، ئىشتىكەن ئالسۇن بىر پايدا.
سۆزلىسەڭ سۆزۈڭنى بەك ئۇزۇن قىلما،
مالاللىق يېتىدۇ ئۇزارغان جايدا.

يەنە بېيىت:

ھەركىم كەم سۆزلىسە ياخشىدۇر سۆزى،
ئۇنداق كىشىلەردە ئىنسان پەزلى بار.
بىھۇدە سۆزلىگەن بىر يارىماستۇر،
كۆپ سۆزدە كۆپ مەنە بولمايدۇ زىنھار.
راست سۆزنى خالىساڭ قۇلاق سال ماڭا،
لەۋزىدىن گاس كىشى ئەۋزەلدۇر مىڭ بار!

— مەجدىددىن خەۋافىي

ئەي بۇرادەر، بىلگىنكى، ئويلىماي سۆزلەشتىن كۆڭۈلگە ئازار يېتىدۇ، جىملىق ۋە ئېغىر بېسىقلىقتىن ھېچكىمگە ئازار يەتمەيدۇ.

— مۇھەممەد جەبۇلرۇدىي

ھېكمەت. بىر ھەكىمدىن سوراشتى: «ئەقىللىق كىشى كىم؟». ھەكىم دېدى: «سۆزنى لايىقىدا سۆزلىگەن، ھايات قەدرىنى چۈشەنگەن، پۈتكۈل كۈچ-قۇدرىتىنى ئىلىم ۋە كامالەت ھاسىل قىلىشقا سەرپ قىلغان كىشىدۇر».

— مەجدىددىن خەۋافىي

سۆزلەش يولى ئېگىز - پەس ۋە خەۋپلىك بولۇپ، كۆپ خەتەرلەر ئۇچرايدۇ. ئويلىماي-پىكىرلىمەي تۇرۇپ بىرەر سۆزنى ئىزھارلاشقا لەۋنى ئاچماسلىق كېرەككى، ئويلىماي ئېيتىلغان سۆز كۆپلىگەن باشلارنى ئۆلۈم چەۋگانىنىڭ توپىغا ئايلاندۇرغان، جان خەزىنىسىنى زاۋاللىق ۋە نۇقسان قىمارىغا ئۇتقۇزغان.

سۆزلەشتە بىر نەچچە قائىدە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە رىئايە قىلماق لازىم. بىرىنچىسى شۇكى، سەۋەبسىزلىك ۋە بىمەھەللىك كېلىتى بىلەن سۆزلىشىش قۇلۇپىنى ئاچماسلىق كېرەككى، گەرچە سۆز گۆھىرى توغرا ۋە ئېنىق بولسىمۇ، بىۋاقىت ۋە ئورۇنسىز ئېيتىلسا، ئىدراك بازىرىنىڭ گۆھەرشۇناسلىرى ۋە قائىدە بىلگۈچىلىرى نەزەرىدە ئېتىباردىن چەتتە قالىدۇ ۋە ھېچكىم ئۇنى ئاڭلاشقا رىغبەت قىلمايدۇ.

— بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

شۇنداق تىل باركى، بال كەلتۈرىدۇ، شۇنداق تىل باركى، بالا كەلتۈرىدۇ.

تىل تېزلىكىدىن قەدەم تېزلىكى ياخشى.

سۆزلىگۈچى بەدخۇلق كىشى بولسىمۇ، بەزىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىل. گاھىدا يامان ئېغىزدىنمۇ (ياخشى) سۆز چىقىپ قالىدۇ.

سۆزنىڭ ئېيتقۇچىسىغا قارىما، ئېيتقان سۆزىگە قارا.

سۆزىگە باقما، كۆزىگە باق؛ ئۆزىگە باقما، سۆزىگە باق.

ئىككى نەرسە پايدىسىز: ھېكمەتسىز سۆز ۋە تەپەككۇرسىز سۈكۈت.

**— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

بىر ھەكىمنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «ئېغىز ئىچىدىكى تىل قىن ئىچىگە يوشۇرۇنغان قىلىچتۇر». شېئىر:

تىل تىغىنى ئۆتكۈر ئەيلىمە ئەسلا،
ئۆز بېشىڭنى كېسىپ بولمىسۇن بالا.
ئۆلتۈرمەككە قاچان خەنجەر قىلىندى،
تىل شەكلىدە ئۇنىڭ شەكلى تىلىندى.

**— ئىبنى كەمالپاشا**

قولۇڭدىن كەلمىگەن نەرسىنى تىلىڭغا كەلتۈرمە.

تىل تىنچ بولسا، باش سالامەت بولىدۇ.

ھەركىم ئۆز ئاغزىنىڭ قاراۋۇلى بولسا، نەپسى ھېچقاچان بۇغۇلماس.

نابۇت بولسۇن دەپ تىلىدىن ئىنسان،
ئېغىز بولدى ئىنسان تىلىغا زىندان.

كىمنىڭ تىلى ئۇزۇن بولسا، ھالاكىتى يېقىن بولۇر.

كىشىنىڭ سۆزىگە ئەمەس، ئىشىغا باق.

ئاچچىق سۇ ئاچچىق سۆزدىن ياخشى.

**— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

كىمنىڭ دۇمباقتا ئوخشاش ئىچى بوش بولسا، ئۇنىڭ بىھۇدە ئاۋازى باشقىلارنىڭ مېڭىسىنى يەيدۇ، ئۆزىنىڭ ھەلقۇم دەرۋازىسىنى ۋەيران قىلىدۇ.

ياخشى سۆز بىباھا بايلىق ئاساسى، كەمسۆزلۈك بولسا سالامەتلىك سەرمايىسىدۇر.

**— ئىبنى كەمالپاشا**

سۆز-ئەقىلنىڭ تارازىسى.

سۆز باركى تاغدەك كۆتۈرىدۇ، سۆز باركى ھاڭغا ئىتتىرىدۇ.

سۆز-ئەقىل ئۆلچىمى.

**— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

ئېيتىشلىرىچە، بەھرام گۆر بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغانىكەن. شۇ چاغدا ئۈشتۈمتۇت شاخلار ئارىسىدىن بىر قۇشنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بەھرام بىۋاقىت «سۆزلىگۈچى» بۇ قۇشنىڭ ئىشىنى بىر ئوق بىلەن تۈگەتتى. قۇشنىڭ تېنى شۇ ئان شاخلارغا ئۇرۇلدى ۋە جېنى ئوقيانىڭ ئىسسىق زىقى بىلەن تىلىنىدى. ئۇ دېدى: « قۇش ھەم، ئىنسان ھەم ئۆز تىلىنى ساقلىسا ئامان بولىدىكەن».

خورازنى كۆرمىدىڭمۇ، ئۇ بىۋاقىت ۋە بىھۇدە قىچقىرغانلىقتىن سۇبھى ۋاقتى شامغا ئايلاندى.
بېيت:

خوراز قانات قېقىپ بىۋاقىت قىچقىردى،
مۆرۋۇۋۋەت ئورنىغا بېشى قىرقىلدى.

**— ئىبنى كەمالپاشا**

دانىشمەنلەر سۆزنى جاۋاھىرغا، ئادەمنى بولسا كانغا ئوخشىتىدۇ.

**— بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

ئەي ئوغۇل، سەن ھەرۋاقىت سۆزلىمەكچى بولساڭ، ئاۋۋال ياخشىلاپ ئويلا، سوڭ سۆزلە. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندىلا سۆزلەشكە ئادەتلەن، بولمىسا جىم ئولتۇر! كۆپ ئويلاپ ئاز سۆزلەشتە ھېكمەت زور.

**— بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

قەدىمكى يۇنان ھەكىملىرىنىڭ ئېيتىشلىرىچە، كىمكى ئەقىلسىز ۋە يەڭگىلتەك بولسا، ئويلىماي سۆزلەشتە دادىل بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر سۆزىنىڭ شاھانە دۇر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى بىھۇدە چېچىش ئادەملەر ئۈچۈن نۇقسان ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئاڭلىشىمچە، سۇنئاننىڭ ئىشىكىگە تۆۋەندىكى ئۈگۈت يېزىپ قويۇلغانىكەن: «تىلىڭنى سۈكۈتكە يار قىلساڭ، غەم ئاستىدا خار بولمايسەن!». شەيخ سەئدى ئېيتىدۇ:

بىر چالغا يولۇقۇپ يۇنان يۇرتىدا،
دېدىم: ئەي ئاقىلۇ، دانىشمەن، ھوشلۇق.
ئىنسانغا نېمە ئىش ياخشى؟ ئۇ دېدى:
«خاموشلۇق، خاموشلۇق، يەنە خاموشلۇق!»

**— ئىبنى كەمالپاشا**

كىشىنىڭ بېشىغا نېمە كەلسە، تىلىدىن كېلەر.
بېيت:

تۇتى ساقلىيالىسا ئىدى تىلىنى،
قەپەز خىجىل قىلماس ئىدى دىلىنى.

**— بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

ھايۋان نوختا بىلەن باغلىنىدۇ، ئادەم تىل بىلەن.

ئىنسان سۆزى بىلەن تونۇلىدۇ، ئەخلاقى بىلەن ماختىلىدۇ.

ئەقىللىق ئادەمنىڭ سۆزى جانغا ئوزۇق، ئەقىلسىز ئادەمنىڭ سۆزى جانغا قوزۇق.

كىشىنىڭ پەزىلىتى تىلىدىن بىلىنۇر.

**— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

ئەي ئەزىز، بىلگىنكى، كىشى ئۆز تىلىغا ئېھتىيات قىلمىقى، ھەر بىر سۆزنى ئوبدان ئويلاپ، ئاندىن سۆزلىمىكى لازىم. ھەر كىشىكى قەيەردە بولسۇن ۋە قاچان بولسۇن تىلىنى يامان سۆزلەردىن ئاسرىسا، ئويلاپ، مۇلاھىزە بىلەن سۆزلىسە ھەردائىم پايدا تاپقۇسى. ئېيتىلغان سۆز ئېتىلغان ئوق، ئۇنى قايتۇرۇپ بولماس؛ كۆپ سۆزدە كۆپ خاتا بولۇر، دېيىشىدۇ ئاتىلار. كۆپلىگەن كىشىلەر تىلى

كاساپەتتىن ئۆزلىرىنى بالا تورىنىغا مۇپتىلا قىلىدۇ. كۆكرەككە قادالغان نەيزىنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ، ئەمما دىلغا قادالغان سۆز زەھىرىنى چىقىرىۋەتكىلى بولماس. سۆزنى ئويلاپ سۆزلىمەك ۋە تىلنى يامان سۆزلەردىن ئاسرىماق توغرىسىدا ھېكايەتلەر كۆپتۇر.

**— بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

**ھېكايەت.** نۇئمان ئىبنى مۇنزىر ئەرەب خەلىپىلىرىدىن ئىدى. ئۇ بىركۈنى چارچاپ، ئېرىق بويىغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ لەۋزا خادىملىرىدىن بىرى:

— ئەگەر بىركىشىنى مۇشۇ ئېرىق بويىغا ئەپكېلىپ سويسا، قېنى قايسى تەرەپكە قاراپ ئاقاركىن؟— دەپ قالدى.

— بۇنى سېنىڭدىن سىناپ كۆرۈش كېرەك! — دېدى-دە، ئۇنى شۇ ئېرىق بويىدا سويۇشقا بۇيرۇدى خەلىپە.

ئۆز ماقامىدا ۋە ئورنىدا ئېيتىلمىغان سۆز ئادەمنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن بولىدۇ.

كىشىنىڭ ئەقلى كەم بولسا بېشىدا،
سۆزى كۆپ بولىدۇ ئۇنىڭ تىلىدا.

**— ئىبنى كەمالپاشا**

بىرەر يەرگە بارغاندا ئەزمىلىك قىلىپ ئۇزۇن ئولتۇرماسلىق ۋە ئولتۇرۇشتا پەقەت كېرەكلىك سۆزلەرنىلا سۆزلەش ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ.

**— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

**ھېكايەت.** ئېيتىشلىرىچە، بىھۇدە سۆزلەشتىن كۆرە جىم ئولتۇرۇشنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا رۇم قەيسەرى، ھىند راجاسى، چىن فەغفۇرى ئوتتۇرىسىدا مۇنازىرە بولغانىدى. ئۇلار ئۆزئارا بىر پىكىرگە كېلىشتى ۋە بىر مەنىدىكى سۆزلەرنى تۆرلۈك ئىبارەتتە بايان يېيىشقا تىرىشتى.

رۇم قەيسەرى شۇنداق دېدى: « ئېيتقان بەزى سۆزلىرىمدىن قاتتىق نادامەت قىلدىم. ئەمما ئېيتمىغان سۆزلىرىمدىن ھېچ پۇشايمان بولمىدى» . نەزم:

نادامەت يەتمەس ئېيتىلمىغان سۆزدىن،
كۆپ زەرەر يېتۇر ئېيتىلغان سۆزدىن.

ھىند راجاسى ئەقىل دەرياسىدىن تېپىلغۇسىز دۇر ھازىرلاپ، بايان يىپىغا تىزدى-دە ، دېدى: « سۆز ئوقى بايان يايىدىن تېخى ئېيتىلمىغان چاغدا ، ئۇ مېنىڭ قول ئاستىمدىدۇر. ئەمما ئېغىز يايىدىن ئېتىلىپ چىقسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئىگىلىك قىلالمايمەن» . بېيىت :

ئېيتىلمىغان سۆزنى ئېيتىپ ئالۇرسەن،
ئېيتىلغاننى قانداق تۇتۇپ ئالۇرسەن؟!

ئۇ داۋاملاشتۇرۇپ دېدى: « ھەر بىر سۆز ئوقى يايىدىن ئۇچسا ۋە ھەر بىر كەلىمە سۆز ئېغىز زىندانىدىن كۆچسە، ئۇنى قايتۇرۇپ ئالىمەن، دېيىش خام خىياللىقتۇر! » . بېيىت:

تېغىن دائىم ئالدىراقسانلىقتىن ئۆزۈڭنى،
ئىستىگەندە ئېيتالىڭ بولۇر ئېيتار سۆزۈڭنى.

چىن فەغفۇرى سۆز بوستانىدىن گۈلدەستە ھازىرلاپ، سوۋغا تەرىقىسىدە دېدى: « سۆز قۇشى ئېغىز قەپىسىدە چاغدا، ئۇنىڭ ئىختىيارى مېنىڭ ئىزمىمدىدۇر. ئەگەر ئۇ تىل ئۇۋىسىدىن ئۇچۇپ چىقتىمۇ، بەس، ئۇنى ھېچقاچان تۇتۇپ بولماس! » بېيىت :

قۇش قەپەستىن ئۇچۇپ كەتكەندە ھەردەم،
تۇتىمەن دەپ ئۇنى تارتمىغىن ئەلەم!

**— ئىبنى كەمالپاشا**

ئەي ئوغلۇم، دۇنيادا ئامان بولاي دېسەڭ، گېپى تولىلىق قىلما، زۆرۈرىيەت تۇغۇلسا سۆزلە، بولمىسا جىملىقنى ئىختىيار قىل. ئەڭ يېقىملىق خىسلەت ۋە چىرايلىق سەنئەت تىلنى ساقلاشنى بىلمەكتۇر.

**— بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

تىلىم تىنچ بولسا، دىلىمدا ئۆكۈنچ بولماس.

ئەي تىلىم جىم تۇرغىن، دىلىم تىلغىما،
مېنى ئوتقا يېقىپ، ئۆزۈڭ يىغلىما!

گېپى تولىلىق ئۆزۈڭنىڭ دۈشمىنىدۇر. چۈنكى ئۇ سېنىڭ ئەيىبلىرىڭنى ئاشكارىلايدۇ، دۈشمىنىڭنى بولسا قۇترىتىدۇ.

**— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

**ھېكايەت.** سۆزلىرى ئەدەب گۆھىرىنىڭ تاجى ، ئۆزى ئەرەب ھەكىملىرىنىڭ ئۇستاتى بولغان سابىت ئىبنى قۇررەدىن تۆۋەندىكى ھېكمەتلەر نەقىل قىلىنىدۇ: « تەن راھىتى غىزانىڭ ئازلىقىدا، روھ راھىتى كەم يېيىشتە، تىل راھىتى ئاز سۆزلەشتە» . لېكىن سۆز قىلىش لازىم بولغان جايدا جىم ئولتۇرماق زىيانغا يول قويماق ۋە مالامەتكە قالماقتۇر. بېيىت :

گەرچە دانالار ئالدىدا جىم ئولتۇرماق ياخشىدۇر،
لېكىن پەيتى مەسلىھەتتە پىكىر ئېيتالىڭ خۇش بولماق.
ئىككى ھالەت ياخشى ئەمەس، دىتسىزلىقتۇر، بىلىپ قوي،
كېرەك پەيتىدە سۆز ئېيتماي، ئورۇنسىز چاغدا دەم ئۇرماق.

يەنى جىم ئولتۇرماق لازىم چېغىدا سۆزلىمەك ئاقىۋىتىنى ئويلاپ ئىش كۆرگۈچىلەرگە نىسبەتەن نالايىق ئىشتۇر. شۇنىڭدەك سۆزلەش لازىم بولغان چېغىدا ئۈندىمەسلىك ئاقىل كىشىلەر پىكرىچە نامۇۋاپىقتۇر.

ئەقىل-تەدبىر بىلەن ئويلاپ قارىدىم،
كوت-كوت بولسا ھەركىم دائىم خار ئىكەن.
ئېيتمىغايمەن: ئېغىز، كۆزنى يۇم دائىم،
ئەمما ھەربىرىنىڭ ئورنى بار ئىكەن.

**— ئىبنى كەمالپاشا**

بىر ھەكىمدىن: « سىلى يىغىلىشتا كۆپ سۆزلەمدىلا ياكى كۆپ ئاڭلامدىلا؟ » دەپ سوراشتى. ئۇ: « مېنىڭ ئىككى قۇلىقىم ۋە بىر ئاغزىم بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسۆزلىسەم، ئىككى مەرتە

ئىشتىمەن! » دەپ جاۋاب بەردى. شېئىر:

قۇلىقىڭ ئىككىدۇر، ئاغزىڭ بولسا بىر،
دېمەك، ئىككى ئىشت، سۆزلىگىن سەن بىر،
ـ بۇ ئەمەستۇر سىر!

ـ ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

جاھاندا«تىل يۈگرۈكى باشقا، قول يۈگرۈكى ئاشقا» دېگەن ماقال مەشھۇر. نەشتەر جاراھىتىدىن تىل جاراھىتى ياماندۇر. نەيزە زەخمىدىن بەدەن بوستانى كۆپ ئۆتمەي گۈلىستانغا ئايلىنالايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن جان ۋە مالغا زاۋال كەمدۇر. بېيت:

تاياق زەربى ئۇزاق تۇرماستىن كېتەر،
تىلدىن يەتكەن زەربە بىر ئۆمۈر يېتەر.

ـ ئىبىن كەمالپاششا

ئەي ئوغۇل، ئۈگۈتۈمگە قىلغىل ئىلتىپات،
كەم سۆزلە، شۇندا يېتەر ساڭا نىجات.
غەيۋەتتۇ يالغاندىن ئەلادۇر سۈكۈت،
لەقۋادۇر ئەبلەخ، بۇنى يادىڭدا تۇت!
كۆپ سۆزلەشتىن بەدەندىكى قەلب سولار،
دۇرى ئەدەندەك بولسا سۆززۈڭ، خۇش بولار.
كىمكى سۆزلەشتە پاساھەتلەر قىلۇر،
دىل چېھرىسىنى شادىمان قىلۇر.
تىلنى ئېغىز ئىچرە مەھبۇس ئەيلىگىن ،
تۇت بۇ زىندان ئىچرە، مەيۇس ئەيلىگىن.
ئۆز ئەيىبىنى كۆرمەككە كىم ئالدىرار،
تېنىدە تەن قۇۋۋىتى دائىما ئاشار!

ـ فەرىدىددىن ئەتتار

ئېيتۇرلەر: « كىشىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلغۇچى ئەقىلگە تەرجىماندۇر» .

بېيت:

بىلۇرسەنمۇ، تىلىڭ نېچۇن ئېغىزدا
ئەقىل خانىسىگە كېلىت دائىما!
ئىشىك يېپىق بولسا بىلگىلى بولماس،
خانە ئىچرە دۆتمۇ، پەرىشتىمۇ يا!

ـ ئىبىن كەمالپاششا

ھەكىملەر ۋە دانالار تەكىتلەپ ئېيتۇرلەركى، سۆزلەشكە قارىغاندا ئىشتىشتە پايدا كۆپ. چۈنكى ئىشتكۈچى باشقىلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئىبرەتلىك سۆز دۇرلىرىنى تېرىۋالىدۇ، بىلمىگىنىنى بىلىۋالىدۇ، ھاياتنىڭ ياخشى-يامان نەرسىلىرى توغرىسىدا تەجرىبە ھاسىل قىلىدۇ.

ـ ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ھېكايەت. بىر ھەكىم ئېيتۇر: « ھېكمەت خەزىنىسى جىم تۇرۇشتا، ئۇنىڭ ئاچقۇچى بولسا كەمسۆزلۈكتۇر» . بېيت:

جاھاندا شۇنداق بىر مەسەل باردۇر:
ئېيتىلغان سۆز كۈمۈش، ئېيتىلمىسا زەردۇر!

ـ ئىبىن كامالپاششا

ھەر بىر كىشىنىڭ سۆزى ئەقلىگە يارىشا بولۇر.

ئۆز ئورنىدا ئېيتىلمىغان سۆز ھېچكىشى يوق يەردە چېلىنغان كۈيگە ئوخشايدۇ.

ھەر بىر سۆزنىڭ ئۆز ئورنى بار، ھەر بىر ئىشنىڭ ئۆز مۆرىتى.

تىل ـ كەسكۈر قىلىچ، سۆز ـ قايتۇرۇپ بولماس ئوق.

ـ «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەي ئەزىز، بىلگىنكى، لوقمان ھەكىم كەمسۆزلۈك ۋە سۈكۈت توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلغانىدى: « كەمسۆزلۈك ۋە سۈكۈتتە شۇنداق خىسلەتلەر بار: 1. ئۇ زىبۇ-زىنىنەتسىز گۈزەللىك؛ 2. سەلتەنەتسىز ھەيۋە-قۇدرەت؛ 3. مېھنەتسىز ئىبادەت؛ 4. سېپىلسىز قورغان؛ 5. ئۆزرىدىن قۇتۇلۇش؛ 6. پەرىشتىدەك ئازادلىق؛ 7. ئەيىبلەردىن خالىيلىق» .

ـ ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ھېكايەت. ئېيتىشلىرىچە، بىر ئالىم كىشى ئۆزئۆمرىنى نەھۋ ئىلمىگە سەرپلىگەنىدى. بىر كۈنى ئۇ مۇساپىرلىق لىباسىنى كىيىپ دەريا سەپىرىگە چىقتى. ئۇ كېمە تاختىسىدا ئولتۇرۇپ ، بىر ئاز يۈرۈلگەندىن كېيىن كېمە باشلىقىدىن: «نەھۋ ئىلمىدىن بىر نەرسە ئۆگەنگەنمۇ سەن؟ » دەپ سوراپ قالدى. كېمە باشلىقى: «ياق، ئۆگەنمىگەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئالىم: «پۈتكۈل ئۆمرۈڭ زايا كېتىپتۇ» دېدى ئۇنىڭغا. بېيت:

بۆگەپ ئاغرىتىسمۇ ئۇنىڭ دىلىنى،
جاۋابىغا باشلىق تىيدى تىلىنى.

بىر چاغدا كېمە تۇيۇقسىز قايىنامغا چۈشۈپ قالدى. كېمە باشلىقى نەھۋىي ئالىمدىن: « سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز؟ » دەپ سورىدى. نەھۋىي ئالىم: «ياق، بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. كېمە باشلىقى: « پۈتكۈل ئۆمرىڭىز زايا بولدى! » دېدى ئۇنىڭغا.

ـ ئىبىن كەمالپاششا

ئاز سۆزلەش، ئەمما ساز سۆزلەش كىشىنىڭ ئەقىللىقلىقىغا دەلىلدۇر. ئەقلىنىڭ ئاز ياكى كۆپلۈكى بىلەن كىشىلەر بىر-بىرىدىن پەرقلىنۇر. كىشى ئۆزىنى بىلسە، قەدىر-قىممىتىنى تونۇسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇر. ئەخمەق كىشى ئۆزىنى .تۇتۇشنى بىلمەس. ئەقىللىقلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىلىرى ئادەمنىڭ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشنى بىلىشىدە، يۈرۈش-تۇرۇشىدا، ئۆزگىلەرگە ئۆلگە بولالىشىدا، ھەممىگە ياقالايدىغانلىقىدا، بىلىمدانلىقىدا نامايان بولۇر.

ئەي ئەزىز، سەن قىلماقچى› بولغان ئىشىڭنى ئەۋۋەلا ئەقلىغە ھاۋالەقىل، ئەقلىڭ ئىجازەت بەرسە، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىش. ئۆزىنى ئۆزى قاتتىق سۆيگەن، يەنى ئۆزىگە بىنا قويغان كىشىدە ئەقىل بولماس.

ـ «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

سۆزلەش ئەخلاقى شۇنداقكى، سۆز ئاز سۆزلەنسۇن، چۈنكى ۋات-ۋاتلىق تەنتەكلىكنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇزۇرگمېھر: « بىر كىمنىڭ

ناھايىتى كۆپ سۆزلەۋاتقىنىنى كۆردۇڭمۇ، بىلگىنىكى، ئۇ دېۋانىدۇر» دېگەنىدى. كىشى دېمەكچى بولغىنىنى ئەقىل تارازىسىدا ياخشىلاپ تارتمىسا، ئۇنى بايان قىلمىقى نامەقبۇلدۇر. ھەكىملەر: «كۆپ ئويلا، سوك سۆزلە» دېيىشكەن. ئېھتىياج بولمىسا بىر سۆزلەنگەن سۆز تەكرار سۆزلەنمىسۇن. كىشى بىرەر ۋەقەنى بايان قىلماقچى بولسايۇ، ئاڭلىغۇچىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەردارلىقىنى بىلسە، ئۇ ھالدا ئاغزىنى يۇمسۇن. چۈنكى سۆزلىگۈچى ئىزا تارتىپ قېلىشى مۇمكىن. باشقا كىشىدىن سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇنۇلمىسۇن. چۈنكى بۇ ئاقساقاللىق سانىلۇر. ئەگەر سوئال كۆپچىلىككە قويۇلسىمۇ، ھەممىدىن ئىلگىرى جاۋاب بېرىشكە ئالدىرالمىسۇن. بىرەر كىشىنىڭ بەرگەن جاۋابى قېنىقارلىق بولمىسا ياكى ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلماقچى بولسا، جاۋابىنى ئاستا-سىلىق ئېيتسۇن. ئولتۇرۇش - يىغىلىشلاردىكى مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرىلەرگە ئۆزىنىڭ مۇناسىۋىتى بولمىسا، ئارىلاشمىسۇن. چوڭلارغا دارىتما سۆزلەرنى قىلمىسۇن. چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆزلەر مىساللار ۋاسىتىسىدە روشەنلەشتۈرۈلسۇن. مۇنازىرىلەردە چەكتىن چىقىپ كېتىلمىسۇن. ھەر بىر كىشىگە ئۇنىڭ دىتى يەتكۈدەك دەرىجىدە سۆزلەنسۇن. بىر ھەكىمدىن سورىدى: «سىلى نېمىشقا سۆزلەشتىن كۆرە كۆپرەك ئاڭلايدىلا؟» . ئۇ دېدى: «چۈنكى ماڭا ئىككى قولاق، بىر ئېغىز ھەدىيە قىلىنغان» .

- «مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

گەپنى ئۇزۇن قىلما، ئويلىماي سۆزلىمە، بىر سۆزنى كۆپ تەكرارلىما، باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلمە، سۆزلەۋاتقاندا ئاۋازىڭنى ئوتتۇرىچە قىل، بىركىم سېنىڭدىن سۆزنى مەخپىي تۇتسا، ئۇنى بىلىشكە زورلۇق قىلما. راست سۆزلە، ھەق سۆزنى يالغانغا چىقارما، ئورۇنسىز سۆزلىمە، سۆزنى ئەقلغە يارىشا سۆزلە، سۆزلەۋاتقاندا پۇت-قوللىرىڭنىڭ ھەۋىكىتىگە دىققەت قىل، پايدىسىز سۆزلەرنى قىلما، چېقىمچىنى ئولتۇرۇشقا چىللىما!

- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

## ئىززەت-ئابروي، ئۇلۇغلۇق، قەدىر-قىممەت، بۈيۈكلۈك، مەنسەپ توغرىسىدا

**ھېكمەت.** ئارستوتېل شۇنداق يازىدۇ: «ئىززەت تىلىسەڭ ئىپپەتلىك بول، ئۇلۇغلۇق تىلىسەڭ مۇلايىم بول، زېھەر تىلىسەڭ ئادالەت يولىنى تۇت، قەدىر تىلىسەڭ راستچىل بول، نىجاتلىق تىلىسەڭ سەبىرلىك بول، ئىلىم ئۆگەنمەك بولساڭ تىرىش-تىرماش!» . بېيىت:

دۇنيا مېلى گويا بۇلۇت سايىسى،
ئۆيىدىن بۇيانغا ئۆتەر ھەر زامان.
شۇنىڭ ئۈچۈن مالنىڭ ئېتىبارى يوق،
بىردەمدە ئۆزگىرىپ قالار ناگاھان.
ھوشىيار كىشى شۇنداق كىشىكى، دائىم -
تاپقىنىنى ئەلگە قىلىدۇ ئېھسان!

- مەجدىددىن خەۋافىي

مەھمۇد خۇدابەندە شۇنداق دېگەنىدى: «ئۇلۇغلۇق شۇنداق كىشىگە يارىشىدۇكى، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ مۇرۇۋۋىتى بىلەن ئازاد كىشىلەرنى رام قىلىدۇ، ئەسىر كىشىلەرنى بولسا ئازاد ئېتىدۇ. رۇستەمى داستان كۈچ-قۇدرىتى بىلەن دۈشمەنلەرنى يەكسان قىلدى، ئاجىزلارنى بولسا ئازادلىققا ئېرىشتۈردى» . بىر كىشى ئۇنىڭدىن سورىدى: «شۇنداق ئۇلۇغ مەرتىۋە ۋە ئالىي دەرىجىگە قانداق قىلىپ يېتىشتىڭ؟» . ئۇ شۇنداق جاۋاب بەردى: «مەن ھاياتتا ئۆزۈمگە شۇنداق دەپ بۇيرۇق قىلدىم: ‹ئەي جان، مەرد بول، ئەگەر جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ئۆلسەڭ ياخشى نامىڭ قالىدۇ، يەڭسەڭ ئەل ھۆرمىتىنى قازىنىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قورقما، ئۆلۈمگە ھېرىس بول!›» . شېئىر:

قولۇڭدا دورا ۋە زەھىرىم ھەردەم باردۇر،
بىرى دوستقا، بىرى دۈشمىنىمگە تەيياردۇر!

- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ئىنساننىڭ ھەقىقىي قىممىتى ئۇنىڭ ئىلمى ۋە شۇ ئىلمىگە قىلغان ئەمەل ئارقىلىق بىلىنۇر. دېمەك، ئىنسان ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولماق ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە ئەدەبلىك بولۇشى زۆرۈر.

- مەھمۇد زېھنىي

**ھېكمەت.** ئابرويپەرەسلىك ۋە شۆھرەتپەرەسلىكتىن قاچساڭ، زارلىق ۋە خارلىقتا قالمايسەن. شېرىنلىكنى كەمرەك يېسەڭ سەپرا يوقاتقۇچى دورىغا موھتاج بولمايسەن. بېيىت:

ھەزەر قىلىش قوۋۋىتىڭ يەتمەيدىغان تائامنى -
يېمە، جىسمۇ جېنىڭغا يېتەر ئۇندىن كۆپ نۇقسان!
ئويلىماستىن سۆزلىمە غەزەپ كەلگەن پەيتىدە،
سوڭرە ئۆزرە سورىماق بولمىغاي ساڭا ئاسان!

- مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ئەي ئادەم! سەن ھېچقاچان چوڭچىلىق كەينىدىن قوغلاشما! چوڭچىلىقنى قوغلىشىش ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇشنى خالاش چىن ئىنسان خىسلىتى ئەمەس. كىيىنىش، ياسىنىش-تۈسىنىش بىلەن ئابروي تېپىشنى ئويلىما. چۈنكى بۇنداق قىلىش ياسىما ئابروي تېپىشقا ئۇرۇنۇشتۇر.

- «جاۋىدانى خىرەد» تىن

ئېيتىشلىرىچە، ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ سەۋەبلىرى بەشتۇر، يەنى مەزكۇر بەش سۈپەت كىمدە بار بولسا، ئۇ ئادەم ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق ئېتىغا مىنگەي. ئۇلار مۇنۇلار: توغرا سۆزلۈك، سىرنى يوشۇرۇشنى بىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق.

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

uyghurkitap.com

كىشىلەرگە زىننەت بېرىدىغان نەرسە-كەمتەرلىك، ئەڭ ياخشى خىسلەت خۇشپېئىللىقتۇر. ھەركىمنىڭ قەدرى بىلمىگە يارىشا بولۇر.

- «مەخزەنۇل ئۇلۇم»دىن

**ھېكمەت.** قەيس ئىبنى سەئىدتىن سورالدى: «ئەڭ ياخشى پەزىلەت قايسى؟». ئۇ ئېيتتى: «ئۆز قەدرىنى بىلمەك! ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن كىشى ئۆزگىلەر قەدرىنى بىلمەيدۇ!».

- مۇئىنىددىن جۇۋەينى

قايەردە ئادەمنىڭ قەدرى بولمىسا، سۆزلىمەي جىم ئولتۇرغىنى تۈزۈك.

- «مەخزەنۇل ئۇلۇم»دىن

**بۇقرات سۆزى:** «ئەلدىن ئۇيالمىغان كىشىنىڭ ئەل ئالدىدا قەدرى بولماس».

**باتلىمۇس سۆزى:** «خۇشبەخت شۇنداق كىشىكى، ئۇ ئۆزگىلەرنىڭ پېئىل - ھەرىكىتىدىن ئۆلگە ئالىدۇ، بەدبەخت شۇنداق كىشىكى، ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن باشقىلار ئىبرەت ئالىدۇ».

- «مەخزەنۇل ئۇلۇم»دىن

ئېغىر تاش يەردىن مىڭبىر ئازاب-ئوقۇبەت بىلەن كۆتۈرۈپ ئېلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنى تاشلىۋەتمەك ناھايىتى ئاسان. مەرتىۋە-ئابرويغا ئېرىشىشمۇ خۇددى تاش كۆتۈرۈشكە ئوخشايدۇ. مەرتىۋىدىن چۈشۈش بولسا، خۇددى تاشنى تاشلىۋەتكەندەكلا بىر ئىش.

- يۈسۈفىي

مەجلىستە: «بۇ يەردە تۇر!» دېمەسلىككىلىرى ئۈچۈن ئورنىڭنى تېپىپ ئولتۇر.

- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

**ھېكمەت.** ئاي نۇرلۇق بولسىمۇ، كۈندە كۆرۈنۈۋەرگەچكە قەدىرسىزدۇر.

- خۇررەمى

بىر كىشىنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئادەملەر ئۇنىڭدىن قېچىشقا باشلىدى، دوستلىرى ئالاقىنى ئۈزۈشتى. بېيىت:

ئېغىر بولسا ھەركىمسەنىڭ روزغارى،
ئۇندىن قاچار بالا-چاقا، نىگارى.

كۈندىن كۈن ئۆتۈپ ھېچكىم ئۇنىڭدىن ھال سورىماس، دوستلىرىدىن ھېچبىرى خەۋەر بولماس ئىدى. مانا كۆرۈڭكى، ھايات ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن پۇشايمان قىلىپ، ئۇنىڭ ئىختىيارىغا يەنە ۋەزىرلىك لاۋازىمىنى تاپشۇردى. بېيىت:

تۇتىرۇقسىز پەلەكنىڭ ئادىتى شۇلدۇر،
بىركۈن تارتىپ ئېلىپ، بىركۈن بېرىدۇر.

قاچقان دوستلىرى ئۇنى يەنە ئىزدەپ تاپتى، يۈز ئۆرىگەن مەنسەپدارلار باش ئېگىپ سالام بەردى. بىر كۈنى تونۇشلىرىدىن بىرى كېلىپ ئۆزرە سورىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تاشلاپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ھاياتقا دۆڭگىدى. ئۇلۇغ كىشى دېدى: «مال-بايلىقىڭنى دەپ ناكەس كىشىلەرگە بويسۇنماق ۋە بەختۇ ئىقبالىڭنى دەپ ئەخمەق كىشىلەر بىلەن مۇئامىلىدە بولماق ئادىتىڭدۇر، ئەپۇ سورىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق!».

- مۇئىنىددىن جۇۋەينى

## مېھماندارچىلىق، مېزبانلىق، ئۇلاردا ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان قائىدىلەر ھەمدە زىيابەت ئەخلاقى توغرىسىدا

ئەگەر ئۆيىڭىزگە مېھمان كەلسە، «خۇش كېلىپسىز!» دەپ ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋېلىڭ. مېھماننى ئوچۇق يۈزلۈك بىلەن كۈتۈۋالماق ئۇنى كاتتا زىيابەت قىلغانغا ئوخشاشتۇر.

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدىلىرىدىن بىرى شۇنداقكى، مېھماننىڭ ئالدىغا كىرىۋاتقاندا، چىقىۋاتقاندا ياكى تائام يېيىلىۋاتقاندا ئوچۇق يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك ۋە خۇشپېئىل بولۇش لازىم. مېھمانلار ئالدىدا ھېچبىر خادىم ياكى مۇلازىمنى خاپا قىلماسلىق، تېرىكمەسلىك، قاتتىق سۆزلىمەسلىك، ئۇلار تەرىپىدىن بىرەر سەۋەنلىك ياكى كەمچىلىك يۈز بەرسە، تەنبىھ ۋە تەنە سۆزلەرنى ئېيتىشتىن ئۆزىنى تېيىماق كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن دانىلار: «مېھماندارچىلىقتىكى ئالىي ئىززەت- ئوچۇق يۈزلۈك ۋە شېرىن سۆزلۈكتۇر!» دېيىشكەن.

- مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد

ئۆيۈڭگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ سانى ئاز بولسا، بىللە ئولتۇر. ئەگەر كۆپ بولسا ئۆزۈڭ تۇرۇپ خىزمىتىنى قىل. ئارىلاپ-ئارىلاپ: «قېنى، مەززىلەردىن ئالغاچ ئولتۇرسىلا» دەپ تەكلىپ قىل، ئەمما ھەدەپ زورلاۋەرمە!

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

مېھماندارچىلىق قائىدىلىرىدىن يەنە بىرى شۇنداقكى، مېزبان مېھمانلار ئالدىدا ئەدەب بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ، مېھمانلارنىڭ ھەر بىرىنى چوڭ كۆرىدۇ. ئۇلارغا ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام كۆرسىتىشنى بىر دەقىقىمۇ توختاتمايدۇ. مېھمانلارغا ئۆزى خىزمەت قىلىدۇ. مېھمان تاشقىرىغا چىقسا بىللە چىقىدۇ، كىرگەندە بىللە كىرىدۇ.

مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئۆز كىشىلىرىڭ بىلەن ئۇرۇشما، خۇشچىراي ئولتۇر. ئوچۇق يۈزلۈكلۈك كىشى ئۈچۈن چوڭ نېمەتتۇر.

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

مېھمان كەلگەندە ئۇنىڭدىن نېمە يەيدىغانلىقىنى، نېمىگە كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى سورىماق لازىم. ئەگەر ئۇنىڭ ئىستىبەك ۋە خاھىشى بويىچە تائام تەييارلانسا، مېھماننىڭ خۇرسەنچىلىكى زىيادە بولغاي. بىراق مېھماندىن: «بىر نەرسە يەمسىز، بىرەر نەرسە ئېلىپ چىقايمۇ؟» دەپ سورىماق ناھايىتىمۇ يامان ئادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مېھماندىن

سورىماستىن، ئۆيدە بار نەرسىنى ئېلىپ چىقىپ، مېھمان ئالدىغا قويماق كېرەك.

مېھمانغا خاس بولغان ئەدەبلەردىن بىرى شۇنداقكى، كىمكى مېھمانغا چاقىرسا رەت قىلماي بارغاي. ئولتۇرۇشقا بارغاندا ئۆينىڭ تۆرىگە چىقىشقا ئۇرۇنمىغاي، ئۆي ئىگىسى قەيەرنى كۆرسەتسە شۇ يەردە ئولتۇرغاي. كىرىۋاتقاندا ۋە ئولتۇرۇۋاتقاندا تەزىم-تەۋازۇنى ئۇنتۇمىغاي. ئۆزلىرى خالىماي تۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ ئولتۇرماسلىق كېرەككى، بۇ هال ئۇلارنىڭ پارىڭىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

**- مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد**

مېھماندارچىلىقتا ئۇلۇغ ئادەملەر ئولتۇرغان بولسا، تائامغا ئۇلاردىن بالدۇر قول ئۇزاتما. تاماق ئېلىپ چىقىلىدىغان تەرەپكە قاراۋەرمە.

**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن**

مېھماندارچىلىقتا بارساڭ، ئۆي ئىگىسى كۆرسەتكەن جايغا ئولتۇر. نېمە كەلتۈرسە ئۇندىمەي يە. مېزبان تاشقىرىغا چىقسا ئورنۇڭدىن تۇرما. رۇخسەتسىز نەرسە ئىزدىمە. گاھ ئۇنى، گاھ بۇنى تۇتۇۋەرمە، ئەمما كىتابلىرى تۇرغان بولسا كۆرۈشكە بولىدۇ.

**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن**

ئەگەر مېھمان يېقىن دوستلاردىن بولۇپ، تەكلىپسىز كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا تەكەللۇپ ۋە ھەشەم قىلىنمىغاي. بىساتىدا نېمە بولسا، شۇنى كەلتۈرۈپ قويغاي. بىرەر نەرسە بولمىسا، مېھمان قىلىش ئۈچۈن قەرز ئېلىشقا بولماس. ئۆيدە نەرسە بار بولسىمۇ، بالا-چاقىلىرىغىلا يەتكۈدەك بولۇپ، ئۇنى مېھمانغا قويسا بالىلىرى ئاچ قالىدىغان بولسا، ئۇ هالدا ھەم مېھمانغا قويۇلمىغاي. ئۆيگە مېھمان كەلسە دەرهال تاماق قىلىشقا تۇتۇنۇلغاي، ساقلىتىپ قويۇش ياخشى ئەمەس. چاقىرىلغانلارنىڭ كۆپچىلىكى كەلگەن بولسا، كەلمىگەنلىرى كۈتۈپ تۇرۇلمىغاي.

**- مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد**

مېھماندارچىلىقتا بارغىنىڭدا ئۆي ئىگىسىدىن پەقەت سۇ ياكى تۇز سوراپ ئېلىشقىلا بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا نەرسىلەرنى سوراپ يېيىش ئەدەبسىزلىك سانىلىدۇ.

**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن**

مېھمان مېھماندارچىلىقتا خوتۇن-قىزلار چىقىدىغان تەرەپكە قاراپ ئەمەس، باشقا تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغىنى ياخشىراق. ئۆي ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېيتىلمىغان ياكى ناتونۇش ئادەم باشلاپ كېلىنمىگەي. ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئىشەنچلىك ۋە سىنالغان كىشى بولسا، بۇنىڭ يولى باشقا. ئولتۇرۇشقا كىرگەندىن كېيىن يانلىرىدىكى كىشىلەر بىلەن هال-ئەھۋال سوراشقاي.

**- مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد**

بىر مېھمان: «مېھمان ئۈچۈن مېزباننىڭ تۇتقۇدەك زىيانلىق نەرسە يوق» دەپ ھەزىللەشكەندى. چۈنكى مېھماننىڭ ئالدىغا تائام ئېلىپ چىقىلغان بولۇپ، مېزبان غىزا يەپ تويۇۋالغان بولسا، مېھمان بىلەن بىللە يېيەلمەيدۇ. بۇ هالدا مېھمان ئۇيلىپ، بەھوزۇر يېيەلمەسلىكى مۇمكىن.

**«فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن**

مېھمانغا تائام تېز كەلتۈرۈلگەي. هاتەم ئەسەم شۇنداق دېگەنىدى: « بەش ئىشنى بېجىرىشكە ئالدىرىماق كېرەككى، بۇلاردىن باشقا ئىشلاردا ئالدىرىماق يامان ئادەتتۇر. بۇ بەش ئىش تۆۋەندىكىلەر: تائام كەلتۈرمەك، ئۆلۈكنى يەرلىككە قويماق، قىزنى ئەرگە بەرمەك، باشقىلارنىڭ گۇناھىدىن كەچمەك، قەرزنى ئادا قىلماق» .

**- مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد**

چاقىرىلمىغان يەرگە بارغان مېھمان سۇپۇرۇلمىگەن يەردە ئولتۇرۇر.

مېھمان سۆيگەن كىشىنىڭ يېمىشى بال بولىدۇ.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

بىر ئۇلۇغ كىشىنى مېھمانغا چاقىرغاندا: « تەكلىپىڭنى ئۈچ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىمەن. بىرىنچىسى شۇكى، بازاردىن ئەتەيلەپ نەرسە سېتىۋالمايسەن؛ ئىككىنچىسى شۇكى، ئۆيۈڭدە بارنى يوشۇرماستىن ئالدىمغا قويسەن؛ ئۈچىنچىسى شۇكى، ئايالىڭ ۋە بالا-چاقىلىرىڭنىڭ ھەققىنى ما يېدۈرمەيسەن! » دەر ئىدى.

**- مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد**

بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە مېھمان كەلگەنىدى. ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى ياخشىلاپ مېھمان قىلدى. مېھمانلار تاماق يەپ، چاي ئىچىپ بولۇشتى. ئۇلار يەنە ئۇزاق ئولتۇرۇشتى ۋە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشنى تېخى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرۈشمىدى. ئۆي ئىگىسىنىڭ مېھمانلارغا رۇخسەت بەرگۈسى كېلەر، ئەمما بىكارچى مېھمانلار قوزغىلاي دېمەس ئىدى. مېزباننىڭ «ئەمدى ھەرقايسىلىرىغا رۇخسەت! » دېيىشكە تىلى بارماس ئىدى. مېھمانلارنى چۈشىنەرمىكىن، دەپ كىيىملىرىنى يېشىپ، ئاياغلىرىنى سوزۇپ ئولتۇردى. مېھمانلار شۇنىڭدىمۇ كېتىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشمىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆي ئىشىكىنى ئاچتى ۋە ئىچكىرى هويلىغا قاراپ، خوتۇنى بىلەن گەپلىشىۋاتقان قىياپەتتە: «مانا هازىر، هازىر! مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇۋاتىدۇ! » دېدى.

**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن**

بىر كۈنى بىر ئەزىز كىشىنىڭ ئۆيىگە بىر تاغار قوغۇن ئېلىپ كېلىشتى. مېھمانلار قوغۇندىن بىر-ئىككىنى تىلىپ يېيىشتى. ئەزىز كىشى بۇنىڭدىن تاقەتسىزلىنىپ، قالغان قوغۇنلارنى ئىچكىرى ئۆيگە ئەكىرىۋېتىشكە بۇيرۇدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە بىر ئەقىللىق كىشى بار بولۇپ، ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىدى.

ـ نەگە بارىسەن؟ـ دەپ سوراشتى ئۇنىڭدىن.
ـ ئىچكىرىگە، باللار بىلەن قوغۇن يېيىشكە!
ـ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

**ـ مەھمۇد ئىبىن مۇھەممەد**

بىر كىچىك بالا چوڭلار بىلەن مېھماندارچىلىقتا بىر تاۋاقتىن ئاش يەر ئىدى. ئاش ئىسسىق بولغانلىقتىن بالىنىڭ قولى كۆيۈپ يېيەلمىدى ۋە سوڭ يىغلاشقا باشلىدى.

ـ نېمىشقا يىغلايسەن ؟ـ دەپ سوراشتى ئۇنىڭدىن.

ـ ئاش ئىسسىق ئىكەن، يېيەلمەيۋاتىمەن،ـ دېدى بالا.

ـ بولمىسا بىر ئاز سەبىر قىل، سوۋۇيدۇ،ـ دېيىشتى ئۇنىڭغا.

ـ سەبىر قىلىشنىغۇ قىلىمەن، ئەمما سىزلەر توختاپ تۇرمايسىزلەر ـ دە! ـ دېدى بالا.

**ـ «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن**

مېھمان رىئايە قىلىشى لازىم بولغان ئەدەبلەردىن بىرى شۇكى، مېھمان مىزبانغا ئىش بۇيرۇمىسۇن. چۈنكى بۇيرۇغان ئىشنى بېجىرىش مىزبانغا ئېغىر كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر مىزبان مېھماندىن قانداق تاماققا كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى سورىسا ، يەڭگىل تاماقنى تاللىسۇن. ئۇلۇغ كىشىلەر دائىم شۇنداق قىلىشقان.

**مەھمۇد ئىبىن مۇھەممەد**

ياخشى ئادەمنىڭ مېھمىنى كۆپ بولۇر.
مېھمانلىق ئۆي ـ بەرىكىلىك ئۆي.
مېھمانسىز ئۆي ـ سۈيى قۇرۇغان تۈگمەنگە ئوخشايدۇ.

**ـ «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

## سەبىر،چىدام،قانائەت توغرىسىدا

سەبىرنىڭ ئەۋۋىلى ئاچچىق، ئاخىرى تاتلىق.

**ـ مۇھەممەد زېھنىي**

بىلگىنكى، سەبىردە خاسىيەت ۋە مەنپەئەت كۆپ. سەبىر شۇنداقكى، مۇسىبەت ۋە بالا ـقازا كۈنلىرىدە داد ـ پەرياد قىلىنمايدۇ، قاپاق سېلىنمايدۇ، چىرايى سولغۇنلاشتۇرۇلمايدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر كۆرۈنۈشى شۇنداقكى، كىشىلەر ئالدىدا بىچارىلىكتىن شىكايەت قىلىنمايدۇ، تاقەت ـ چىدام يولى تۇتۇلىدۇ.

**ـ مۇھەممەد جەبەلرۇدىي**

ئېغىر كۈنلەردە سەبىر قىلىش ـ ئەڭ ئۇلۇغ نېمەت.

**ـ مۇھەممەد زېھنىي**

ئەي ئەزىز، كىشىگە رەنجۇ مېھنەت يۈزلەنگەندە، ئۇنىڭ سەبرۇ قانائەت قىلمىقى ئەڭ ياخشى خىسلەتتۇر. نەزم:

رەنجۇ غەم يۈز بەرسە قىلما كۆپ پەرياد،

ئۇنىڭدىنمۇ بەتتىرى كەلمىسۇن باشقا!

**ـ مۇھەممەد جەبەلرۇدىي**

سەبىر دېمەك بارچە مېھنەت ۋە ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىش ۋە چىداشتۇر. بىچارە ۋە كەمبەغەل بولسىمۇ، ئۆزىنى بەدۆلەت كىشىدەك تۇتۇش ، ئۇچرىغانلا كىشىگە ئۆز ئەھۋالىدىن شىكايەت قىلماسلىق، غەملىك كۈنلەردىمۇ ئۆزىنى خۇشھال ۋە ئوچۇق چىراي قىلىپ كۆرسىتىشتۇر.

**ـ مۇھەممەد جەبۇلرۇدىي**

سەبىرلىك ئادەم ئۇزاق ياشايدۇ.
سەبرى كۆپنىڭ دوستى كۆپ.
يامان كۈندە سەبىر قىلغان كىشى ياخشى كۈنگە تېز يېتىدۇ.

**ـ «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

قانائەت ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىدۇر. ئەمما قانائەت قىلىش رىزىق ئىزدەش ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئۆزىنى تىيىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى كەسىپ بىلەن تاپقان نەرسىسىگە شۈكۈر قىلىش ۋە ئارتۇقچىسىغا ئىنتىلمەسلىكتۇر. قانائەتلىك ئادەم ھەر دائىم زىياپەت ئىچىدە ۋە زەۋق ـ ساپا ئارىسىدا يۈرگەن كەبىيدۇر. چۈنكى قانائەت يولىنى تۇتقان كىشى ھەر نەرسىگە قايغۇرۇپ، غەم چېكىشۋەرمەيدۇ. «پالانچى ئۇنى ئېپتۇ، پۇستانى بۇنى ئېپتۇ، مەنمۇ ئېلىشىم كېرەك، پالانى نەرسە ئۇنىڭدا بولىدۇيۇ، مېنىڭدە نېمىشقا بولمايدۇ؟» دەپ جېنىنى قىيناۋەرمەيدۇ.

**ـ مەھمۇد ھۇسەيىن**

قولۇڭنى سىلكىپۇ، باقما جاھانغا،
قانائەت ئەيلىگىن بىر پارچە نانغا!

**ـ نىزامىي گەنجەۋىي**

داناكىشىلەر ئېيتۇرلەر: « قانائەت تۈگىمەس بايلىقتۇر، قانائەتلىك كىشى ھېچقاچان كەمبەغەل بولماس، چۈنكى ئۇنىڭ ھېچكىمگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ. قانائەتسىز كىشى گادايغا ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى بار بولسىمۇ كۆزى تويماس، يەنىمۇ كۆپرەك تېپىشقىلا ئىنتىلۇر، بىر نەرسە تىلەش ئۈچۈن ئۆزگىلەر ئالدىدا تىزلىنۇر».

**ـ «مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن**

بىراۋنىڭ ئالدىغا بارغاندىن نان دەپ،
ئۆيدە جىم ئولتۇرغان ياخشىدۇر جان دەپ.
ھەر كىم تەمە يولىن تۇتسا ئەگەردە،
ئاقىۋەت بىر كۈنى بولۇر دىۋانە!

**ـ نىزامىي گەنجەۋىي**

**ھېكمەت.** دىل بايلىقى ۋە روھ ئۇزۇقى ئۈچ نەرسىدىدۇر: بىرىنچى، ئىلىمدە؛ ئىككىنچى، رازىمەنلىكتە؛ ئۈچىنچى ، قانائەتتە. بېيت:

دۇنيا نېمىتىنى ئەيلىسەڭ ھەۋەس،
ئىلىم ،قانائەتكە ئىنتىل ھەر قاچان.
باشقىسىغا تەمە قىلماق نادانلىق،
باشقىسىنى ئىزدىگەيكىم بولسا نادان.

**- مۆئمىندىن جۇۋەينى**

قانائەتلىك كىشى ئاچ-يالىڭاچ بولسىمۇ بايدۇر، دانا ئەسىر بولسىمۇ ئەمىردۇر.

**- «مەخزەنۇل ئۇلۇم»دىن**

ئەزىزىم، ھەركىم قانائەت بايلىقىغا ئىگە بولسا، ھېچكىمگە يېلىنمىغاي. كىمكى ھىرىس بالاسىغا مۇپتىلا بولسا، ئۇنىڭ ھاياتى دائىما ئازار ئىچىدىدۇر.

**- خوجا سەمەندەر تېرمىزى**

ھېكمەت. قانائەت يېمىشى - راھەت، كەمتەرلىك مېۋىسى - مۇھەببەت. بېيت:

قانائەت ئەيلىگىن ئەي ھۇشيار كىشى،
قانائەت بېرىدۇ راھەتتىن نىشان!

**- مەجدىددىن خەۋافى**

قانائەتلىك كىشىنىڭ ھەممىشە قارنى توق.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

قانائەتنىڭ يەنە بىر كۆرۈنۈشى يېيىش - ئىچىشتە بىلىنگەي. ئاز تاماق يېيىشكە قانائەت قىلغان كىشى كەم كېسەل بولۇر. بېيت:

كۆپ يېمە گۆردىكى قۇرتلار مىسالى،
ئاز يېمەككە بەل باغلا چۈمۈلە كەبى.
بىر تېۋىپ بىر كۈنى بىر ئەجەب ھېكمەت -
ئەل ئۈچۈن ئېيتقانمىش قىلىپ مەرھەمەت:
«يېگىن، ئىچكىن دائىم كۆڭۈل تارتقۇنچە،
لېكىن يېمە بوغزۇڭدىن تېشىپ ئارتقۇنچە!»

**- «مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن**

سوئال: «قانائەت نېمە؟»

جاۋاب: «كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىنى كۆرۈپ مەيۇسلەنمەسلىك، تەمەگەرلىكتىن قېچىش. چۈنكى تەمەگەرلىك تەبىئىكى، كەمبەغەللىكنىڭ باشلايدۇ!»

**- مۇھەممەد زىھنى**

كىشى ئۈچۈن دىلنى يورۇتقۇچى ئەڭ پايدىلىق نەرسە قانائەتتۇر، ئەڭ زەرەرلىك ۋە نەپرەتلىك نەرسە ھىرىس ۋە غەزەپتۇر. شادلىق قانائەتتىن كەلسە، غەم ھىرىس ۋە غەزەپتىن كېلىدۇ.

**- «جاۋىدانى خىرەد»تىن**

ھەركىمسە بارىغا قانائەت قىلسا،
ئەجەبلەنمە، چۈشمەس بىراۋغا ئىشى.
يۈرىكىدە كىمنىڭ تەمە بولمىسا،
ھېچكىمسىدىن بولماس قورقۇش، تەشۋىشى!

**- مۆئمىندىن جۇۋەينى**

ھېكايەت. بىر ئۇلۇغ كىشىدىن: «قانائەت ياخشىمۇ ياكى بايلىق؟» دەپ سوراشتى. ئۇ: «قانائەت بايلىقنىڭ ئاساسىدۇر، قانائەتسىز كىشى ھېچقاچان باي بولالمايدۇ!» دەپ جاۋاب بەردى.

**- مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار**

قانائەتلىك كىشى قىيىنچىلىقتا ئۈچرىمايدۇ، ۋىجدانلىق كىشى بىچارىلىك كويىغا كىرمەيدۇ.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

ھەكىملەرنىڭ ئېيتىشىچە، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا داد-پەرياد قىلىشتىن ۋە بۇ ئىشتىن دوست -دۈشمەنلەرنى خەۋەردار قىلىشتىن كۆرە، سەبر ۋە چىدام يولىنى ئىختىيار قىلىپ، قانائەتنى شوئار قىلماق ياخشى. سەۋەب شۇكى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دوستلار كۆڭلىگە خىجالەتلىك چۈشىدۇ، دۈشمەنلەر بولسا خۇرسەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا چىدام يولىنى تۇتۇپ، بۇ بالادىن قانداق قۇتۇلۇش يولىنى ئويلىماق كېرەك.

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرى**

قانائەتلىك قول ئازاد، ئازاد تەمەخور بولسا قۇلدۇر.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

## مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق، مەنپەئەتپەرەسلىك، ماختانچاقلىق، غەرەزلىك، رىيا، كەمتەرلىك توغرىسىدا

ئەي ئوغۇل، ھەركىمدە ئۈشبۇ ئۈت بولۇر،
كۆڭۈلسىز-ناخۇش باشقا ئۈت تۇغۇلۇر.
كىمكى مەنمەنچى، ئاخىرى رەسۋا بولۇر،
سىر غەزەپ دائىم پۇشايماندىن ئۆلۇر.
ھەم تەكەببۇرنىڭ كۆپىيۇر دۈشمىنى،
سارغىيۇر خارلىق تۈپەيلى بۇ تېنى.
چۈنكى خارلىق كىمسەدە پەيدا بولۇر،
شۇملۇقىدىن ئەلئارا رەسۋا بولۇر.
يۈتمىسا گەر ئاچچىقىن ئىچىگە كىشى،
دائىما پۇشايمان يېمەك تەشۋىشى.
كىبىردىن ئېگىز بولسا كىمنىڭ خورىكى،
دۈشمەنگە ئايلىنۇر ھەممە دوستلىرى!

**- فەرىدىددىن ئەتتار**

تەكەببۇرغا سالام بەرمە، چۈنكى سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ جاۋاب قايتۇرمىغىنى ساڭا ئېغىر كېلىدۇ.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

كۆرۈش قۇۋۋىتى كۆڭلىدە بولغان كىشىگە شادلىقلار بولسۇن!

مەنمەنچى بولما، مەنمەنچى بەسەرسىز بولۇر،
ھۇنەرلىك بول، مەنمەنچى ھۇنەرسىز بولۇر.
دانانىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزدۇر كان،
ئاسمانۇ يەردىن ھەم بۈيۈك بىگۇمان!

**- مۇھەممەد زىھنى**

مەنمەنلىك ئىنسانغا زاۋاللىق كەلتۈرىدۇ. كىمكى مەنمەنچى بولسا، خەلق نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. ئەي ئەزىز، ئەگەر سەن ئىنسان بولاي دېسەڭ، مەنمەنچى بولما، ئۇنداق بولمىسا سەن ئۆز جېنىڭنى خەتەرگە تاشلىغان بولىسەن. مۇبادا سەن ئۇلۇغلۇقنى خالىساڭ كەمتەرلىك يولىنى تۇت!

شېئىر:

ئۆزىنى پەس ئالدىيۇ ئۈسۈپ چىقتى دان،

www.uyghurkitap.com

قومۇش باش كۆتۈرۈپ ئېزىلدى گىريان!

**- مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار**

ئىنسان ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن دەپ بىلمەسلىكى، ئۆزىنى ئەقىللىق، ئۆزگىلەرنى ئەقىلسىز دەپ خىيال قىلماسلىقى، ھەرقانداق ياخشى ئىشنى ئۆزىگە لايىق ۋە ئۆزگىلەرگە نالايىق دەپ ھېسابلىماسلىقى زۆرۈر. ئەگەر يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارغا يول قويۇلسا، دېمەك بۇ مەنمەنچىلىكتۇر. مەنمەنچى ئادەم ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرمەيدۇ، كۆرسىمۇ ئۇنى كەمچىلىك، دەپ سانىمايدۇ ياكى تەن ئالغۇسى كەلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ بىرەر- يېرىم كەمچىلىكىنى كۆرۈپ قالدىمۇ، شاۋ-شۇۋ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

**- خەيالىددىن ئەل-ھەسەنىي**

مەنمەنچى ئادەملەر ئۆزلىرى سەزمىگەن ھالدا باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ ۋە مەنمەنچىلىكىنىڭ ئېغىر زىيانلىرىغا دۇچار بولۇشىدۇ. مەنمەنلىك ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ تۈزەلمىكى قىيىن. چۈنكى مەنمەنچى ئۆز ئەيىبىنى سەزمەيدۇ، سەزسىمۇ تەن ئالغۇسى كەلمەيدۇ. مەنمەنچى كىشىگە نەسىھەت قىلىنسىمۇ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىسا، مەنمەنچىلىكنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلمىسا، دېمەك ئۇنىڭدىن يىراق يۈرۈش ، بەلكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ۋە ئۇلپەتچىلىكتىن قېچىش لازىم.

**- خەيالىددىن ئەل-ھەسەنىي**

**ھېكايەت.** بىر كۈنى ئوق بىلەن ياي بىللە بولۇپ قېلىشقان چاغدا ئوق يايغا قاراپ دېدى:

- ئەي ياي، مەن تۈز-توغرىلىقىم تۈپەيلى توغرا يولغا يۈرۈپ ئابروي تاپتىم، ھەتتا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنىمۇ يەرگە چۈشۈرۈشكە كۈچۈم يېتىدۇ. سەن بولساڭ ئەگرىسەن، مەن بىلەن تەڭلىشىمەن دەپ ئويلىما، مېنىڭ ئالدىمدا لاپ ئۇرما! مېنىڭ توغرامدا بىر شائىرنىڭ ئاجايىپ مىسرا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ:

ئەگرى بولما خۇددى ياي كەبي،
توغرىلىقنى ئۆگەنگىن ئوقتىن!

يايي دېدى:

- ئەي ئوق، قاشتەك ئەگرىلىكىم بولمىسا، سېنىڭ قەدرىڭ بىر تىيىن ! سەن مېنىڭ ئەگرىلىكىم تۈپەيلى ئابروي تاپتىڭ. بولمىسا بىرتال تاياقسەن، خالاس. مەن بولمىسام سېنى توپىغا تاشلىۋېتەرئىدى. توغرىلىق قامەت تۈپەيلىدىن ئەمەس، دىلنىڭ ساپلىقى ئارقىلىق بولىدۇ. سەن قامىتىڭنى رۇسلاش ئورنىغا دىلىڭنى توغرىلا!

ئوق يايىنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق ئۇيالدى. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇنىڭ يۈزى مەردلەر مەيدانىدا ھەردائىم قىزىلدۇر. بېيت:

كىم ئىنتىلسە كامىللىققا ئۆزىنى پەس تۇتىدۇ،
ئاتلىق ھەم بارا-بارا نائىلاج يەرگە چۈشەر!

**- مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار**

كىم سېنى ئۆزۈڭدە يوق سۈپەتلەر بىلەن ماختىسا، ئۇنىڭغا ئىشەنمە، چۈنكى شۇ كىشى سېنىڭدە يوق يامان ئىللەتلەر بىلەن باشقا يەردە سېنى سۆكۈشى مۇمكىن.

**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن**

كىمكى بىراۋنى ئۇنىڭدا يوق سۈپەتلەر بىلەن ماختىسا، بۇ ماختاش ئەمەس، بەلكى ھەجۋ، يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۈلگەنلىكتۇر.

**- مۇھەممەد ھۈسەيىن**

ئۆلگەندىن كېيىنكى ماختىلىش ئىككىنچى ھايات، تىرىكلىكتە يامانلىنىش بولسا ئۆلۈمدۇر.

ئادەمنى ئۇنىڭدا يوق سۈپەتلەر بىلەن ماختاش - ئۇنى قاتتىق سۆكۈش دېمەكتۇر.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

بىر دانا شۇنداق دەيدۇ: «ئىككىيۈزلىمىلىك بىلەن قىلىنغان ياخشىلىقتىن ، ھېچكىمگە بىلدۇرمەي خىلۋەتتە قىلغان گۇناھ ئەۋزەل» . بېيت:

رىيا بىلەن ئەل كۆزىنى بويىغاندىن ياخشىراق -
خىلۋەت ئىچرە مەي ئىچىپ يۈزلەپ گۇناھ قىلغىنىڭ!

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

**ھېكمەت:** ئىككىيۈزلىمىچى دوستتىن قاتىل دۈشمەن ياخشى.

**- مۇئىنىددىن جۇۋەينىي**

غەرەزچى ۋە ھەسەتچى كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمە، ئاددىيسى ئۇلارنى مەرىكە - ئولتۇرۇشلىرىڭغىمۇ يولاتما!

**- مۇھەممەد ھۈسەيىن**

**ھېكمەت.** كۆڭلىدە غەرىزى بار دوست دۈشمەندىن بەتتەر!

**- مۇئىنىددىن جۇۋەينىي**

غەرەزچىگە سالام بەر-دە، قاچ!

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

## ئۆگۈت-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا

**ھېكمەت.** كىمنىڭ پېئىل -ئەتۋارىدا نۇقسان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان نەسىھىتىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ. بېيت:

سۆزلىرىڭنى ئىشتىمىسە ھېچ كىشى ،
بىھۇدىگە چەكمە جەبرۇ جاپانى.
ئۆز نەپسىڭگە ئوقۇ ئاۋۋال نەسىھەت،
بۇزماي يۈرسۇن تاكى ئەھدۇ ۋاپانى!

**- مەجدىددىن خەۋافىي**

بىر ھەكىم زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بىر ھاكىمنىڭ ئالدىغا بارغانىدى. ھاكىم ئۇنىڭغا: «ماڭا بىر-ئىككى ئېغىز ئۆگۈت-نەسىھەت سۆزلىرىنى ئېيتسىلا، تاكى ئۇنىڭدىن ئۆزۈمگە خۇلاسىلەر چىقىرىۋالسام» دېدى. ھەكىم ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب

بەردى: «ئۆگۈت-ھېكمەتنى ئىشتىش ناھايىتى ئاسان، ئەمما ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن. ئۆگۈت-ھېكمەت ھەركىمگە ھەرخىل تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆگۈت-ھېكمەت نادان ئۈچۈن شور يەرگە ياغقان يامغۇر، ئىچىدە ئەقلى يوق باش ئۈچۈن سۈيى يوق قۇدۇق، مۇرۇۋۋىتى يوق تەن ئۈچۈن گۈلى يوق باغ، پەرھىزكارلىقى يوق ئالىم ئۈچۈن تىزگىنى يوق ئات، ئادالىتى يوق پادىشا ئۈچۈن يامغۇرى يوق بۇلۇت، ئىنسابلىق ھاكىم ئۈچۈن شاد-خۇراملىق ۋە بەخت تولۇپاردۇر!»

ھاكىم بۇ سۆزلەرنى ئالتۇن ھەل بىلەن يازدۇرۇپ قويدى ۋە ھەر دائىم ئۇنى ئوقۇپ تۇرۇدىغان بولدى.

— ئەبۇلبەرەكات قادىرى

بىر ھەكىم ئېيتىدۇ: «يىغىلىش ۋە ئولتۇرۇشلاردا بەزى كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش توغرا ئەمەس. ئالدى بىلەن ئۇل كىشىنىڭ پېئىل-ئەتۋارىنى ھېسابقا ئالماق زۆرۈر. شۇنداق كىشىلەر باركى، نەسىھەت قىلساڭ ۋە كەمچىلىكىدىن ئاگاھلاندۇرساڭ ئۇنى بىلمىۋالىدۇيۇ، لېكىن رەھمەت ئورنىغا ساڭا بىر ئۆمۈر دۈشمەنلىك قىلىدۇ».

— ئەبۇلبەرەكات قادىرى

ھېكمەت. قىلىنغان نەسىھەت قوبۇل شەرپىگە مۇيەسسەر بولالمىسا، بۇنىڭ ئىللىتى كۆپىنچە نەسىھەتگويىنىڭ دىتسىزلىكىدىندۇر. چۈنكى ئالىم كامىل بولسا، قىلىۋاتقان ئۆگۈت-نەسىھىتىنىڭ تېگىدە بىرەر غەرىزى بولمىسا، ئىشتىكۈچىنىڭ قوبۇلىغا مۇۋەپپەق بولۇر. بېيت:

نەسىھەتنىڭ تەسىرى بولمىسا ھېچ كىشىگە،
تەئەججۈپمەس، دىلىدا غەرىزى بار كىشىنىڭ.
ياخشى ئوق - ياي بولسىيۇ، ئوقىياچى بولسا ئۇستا،
ئوقى نىشانغا تەگمەي قالماس زىنھار كىشىنىڭ.

— مەجدىددىن خەۋافى

كېڭەش سالماقلىق بىلەن، ئىش بولسا سۈرئەت بىلەن بولىدۇ.

— «مەخزەنۇل ئۇلۇم»دىن

ئەزىزىم، مەنە ئالەمى ھۇشيارلىرىنىڭ غەپلەت شارابىدىن مەست بولغان ياشلارغا نەسىھەت ۋە تەنبىھ جازاسىنى بېرىشلىرى مۇناسىپ ھالدۇر. بىلىم مەيدانى بىدارلىرىنىڭ ئەخلاق كوچىسىدىن ئاداشقان بىخەۋەر كىشىلەرگە ئەدەب شاپىلىقىنى ئۇرۇشلىرى لايىق ئىشتۇر. ھەقىقەت يۈزىسىدىن ئېيتىلغان ھەق گەپ گۈزەللەر يۈزىدىن ئۇيات تەرىنى ئاققۇزسىمۇ، بەلكىم ئۇلار شۇ تۈپەيلى ئۆز ئابروي-ئېتىبارلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىپ، يامان قىلىقلىرىدىن كېچىشى ۋە يامان كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدىن قېچىشى مۇمكىن. بېيت:

تەرلەر باستى يۈزۈڭنى قىلغان نەسىھىتىمدىن،
مەندىن خاپا بولمىغىل، ئابرويىڭنى ئويلايمەن.

يامان بىلەن ئاز ئولتۇر، دېمەم تەرگە غەرق پاتتىڭ،
كېلەچىكىڭ ئويلاپ مەن ھەق گەپلەرنى سۆزلەيمەن.

— خوجا سەمەندەر تىرمىزى

ئۆگىنىشنى خالىمىغان كىشىگە نەسىھەت قىلما!

ئەخمەققە نەسىھەت ئەيلىگەن ئىنسان،
شور يەرگە ئۇرۇقنى تاشلىغانسىمان!

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

پارس دانىشمەنلىرىدىن بەرزۇۋ ئەل-ھەكىم ئۆگۈتلىرى. ئۇ يازىدۇ: «ھەربىر نەرسىنىڭ پەيدا بولىشى ئۈچۈن بىرەر سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا نېمە پەيدا بولغان بولسا، ئەۋۋەلەم ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىمەك لازىم. مەسىلەن، ياخشى ھايات كەچۈرۈش سەۋەبى مۇرەسسە، سىرنىڭ ئاشكارا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاچماسلىق، ئىپپەت سەۋەبى ئۆزگىلەرگە يامان نىيەت بىلەن قارىماسلىق، گىنە سەۋەبى پېئىلى يامانلىق، دوستلۇق سەۋەبى ئوچۇق يۈزلۈكلۈك، جۇدالىق سەۋەبى ئازاب، ئاداۋەت سەۋەبى خىلاپ، خارلىق سەۋەبى تەمە، ئىززەت سەۋەبى قانائەت، نىجات سەۋەبى راستچىللىق، ئۇلۇغلۇق سەۋەبى تەۋازۇ!»

— «جاۋىدانى خىرەد»دىن

نەسىھەتچىنىڭ كالتىكى يامان ئادەمنىڭ سالىمىدىن ياخشى.

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

# ھەكىملەر ئۆگۈتنامىسى

نەقىل كەلتۈرۈشلىرىچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بىر كۈنى ئارىستوتېل، ئەفلاتۇن ۋە بۇقراتلارغا ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر «ئۆگۈتنامە» يېزىشنى بۇيرۇدى. «مەن ئۇلاردىن ئوقۇپ، - دېدى ئىسكەندەر، - سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپاي، بېشىمغا چۈشكەن قىيىن ئىشلىرىمنى ھەل قىلىۋالاي!»

## ئارىستوتېل ئۆگۈتنامىسى

ئەي ئىسكەندەر، دىلىڭنى ئىلىم بىلەن ئاباد قىل، ئىلىمسىز كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرما، ئۆمرۈڭنى مەنىسىز ئۆتكۈزمە، ئۇتۇقلىرىڭدىن مەغرۇرلانما، ھەسەتچىلەرنى بوسۇغاڭغا يولاتما. كۆڭۈل - كۆكسۈڭنى گىنە-كەكتىن خالىي تۇت، بىركىمگە ئاداۋەت ساقلىما، يامانلىق قىلىشتىن ساقلان. ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىرا، ياخشى كىشىلەرنى ياخشى سۆز ۋە ياخشى سوۋغاتلار بىلەن خۇشھال قىل. تەربىيە تەسىر قىلمايدىغان كىشىلەر بىلەن يېقىنچىلىق قىلمىغايسەنكى، بۆرە ياكى يىلان ئاندا-ساندا زىيان يەتكۈزسىمۇ، ئەمما زىيىنى ھالاكەتلىك بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەي ئىسكەندەر، بىركىم بىلەن كېڭەشمەكچى بولساڭ، ئەقىللىق ۋە دانا كىشىلەرنى تېپىپ كېڭەش، ئالىي ھىممەت كىشىلەردىن ياردەم سورا، ھەر بىر مەسىلىنى شۇ مەسىلىنى چۈشىنىدىغان ۋە شۇ مەسىلىگە چېتىشلىقى بار كىشىلەر بىلەن بىللە ھەل قىل، ھىممەتسىز كىشىلەردىن ھېچ ۋەقت ياخشىلىق كەلمىگەي!

ئەي ئىسكەندەر، قوپال كىشىلەرگە قوپاللىقنى «ھەدىيە» قىل. كۈچ ۋە تەدبىر بىلەن قولغا چۈشۈرگىلى بولمايدىغان دۈشمەننى مۇلايىملىق ۋە شېرىن سۆزلۈك بىلەن ئۆزۈڭگە مايىل قىل. بىرەر يەرگە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولساڭ، ئېھتىماقچى بولغان مەسىلەڭنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ۋە شۇ مەسىلە توغرىسىدا بىلىمگە ئىگە بولغان كىشىنى ئەۋەت، ئۇنداق بولمىسا ئىشلىرىڭ بۇزۇلغاي!

ئەي ئىسكەندەر، ماختاشلارغا ئۇچما. قولى ئوچۇق ۋە ساخاۋەتلىك بول، بىرەر يەرگە بارساڭ ئۇ يەردىكى سىنالمىغان سۇلارنى ئىچمە، بىرەر يەردە ناتونۇش مېۋىگە ئۇچرىساڭ، ئۇنىڭ پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەي تورۇپ ئېغىز تەگكۈزمە! نەزم:

ھەركىم دانا بولسا يېيىش بابىدا،
بىلمىگەن نەرسىنى يېمەيدۇ زىنھار.
بىرەر يولدا زەرەر كۆپ بولسا ئەگەر،
كۈچى كۆپ بولسا ھەم يۈرمەيدۇ زىنھار.
سىنالمىغان يوللار يېقىن بولسا ھەم،
سىنالغان يىراق يولدىن قالمايدۇ زىنھار!

ئەي ئىسكەندەر، سەپەر ۋە ساياھەتكە چىققاندا شۇنچىلىك يوك ئالغىنكى، ئۇنى ئۆزۈڭ كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن بىزار بولمىغىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ تۆپەيلى كۈچۈڭدىن قالمىغىن. شاراب ئىچىشنى ئادەت قىلمىغىنكى، ئۇ بىھوشلۇق ۋە غاپىللىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزۈڭگە سادىق ۋە ۋاپالىق كىشىلەرنى ھەمىشە ئەزىزلە. قىيىنچىلىق كۈنلىرىدە ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت ۋە ئۈمىدسىزلەنمە. كىمكى باشقىلارغا ستەم قىلىۋەرسە ئۆزىمۇ ئۇزاق دەۋر سۈرەلمەيدۇ. بىراۋ ساڭا زۇلۇم قىلغان بولسا ياكى سەن بىرەرسىگە ياخشىلىق قىلغان بولساڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئۇنتۇ. تۈندە ئۇيقۇغا بېرىلىپ، غەپلەتتە قالما، تۈن بىدارلىقىنى ئۆزۈڭگە دۆلەت دەپ بىل. مۇرادىڭغا يەتكەن چاغلىرىڭدا قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلمىگىنكى، ئەتراپىڭدا تورغان كىشىلەرگە يېقىمسىز كۆرۈنىسەن. ئەگەر ئىش ئەكسىچە بولسا، غەمكىنلىكىڭنى باشقىلارغا بىلدۈرمە. بىراۋدىن قورقىدىغان ۋە جەڭدە يېڭىلىپ قاچىدىغان كىشىلەر بىلەن ھەمراھلىق قىلما! نەزم:

جەڭدە قېچىپ كەتكەن بولسا ھەر كىشى،
ئۆزگىگە ۋەھىمە سېلىشتۇر ئىشى.
زەھەر يارىم بولسۇن دېمەك ھەر نەپەس،
باتۇر كىشىلەرگە بولغىن ھەمنەپەس!

## ئەفلاتۇن ئۆگۈتنامىسى

ئەي ئىسكەندەر، دۇنيا ئىشلىرىنى تىغ ۋە تەدبىر بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن. ئەمما تىغ بىلەن تەدبىر ئۆزئارا بىرگە بولسا نور ئۈستىگە نور بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ھەر بىر مەجلىسىڭ ۋە ئولتۇرۇشۇڭ دانا-دانىشمەنلەردىن خالىي بولمىسۇن. دۇنياغا ئىبرەت كۆزى بىلەن قارا. ھوشيار پاشا، غەپلەتكە ئارتۇقچە يەپ ئىچىشكە تولىمۇ بېرىلمە، چۈنكى ئۇلاردىن تۈرلۈك نۇقسانلار يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، كۆپ يېيىشتىن ھەزىم ئەزالىرى ئىشتىن چىقىدۇ. كۆپ سۆزلەشتىن ئادەمنىڭ ئابرويى كېتىدۇ. ئۆلۈم ھەق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلمەستىن ئىلگىرى قىلىدىغان ياخشى ئىشلىرىڭنى قىلىۋال!

نەچۈن قارىنىنى دەپ ھەريان چەرخ ئۇرماق،
ئاچكۆزلۈك ئېتىنى ھەريان چاپتۇرماق!

ھەر بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئەقلۇ تەدبىرنى ئىشقا سېلىش لازىم. ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپ يۈزىدىن ئىش قىلمىغىنكى، ئاخىرى پۇشايمانلىقتۇر. قىيىن ئىشتا غەمكىن بولمىكى، ھەممە ئىشلار ئاستا-ئاستا ھەل بولۇر. نەزم:

بارچە مۇشكۇل ئىشنىڭ باردۇر چارىسى،
چېگىشلەر يېشىلمەي قالمايدۇ زىنھار.
ئۈمىد يىپلىرىنى ئۈزمىگىل ھېچ ۋاقىت،
بۇلۇت قارا بولسا ھەمكى بىغۇبار.
يامغۇردىن كۆللەپ ياشنايدۇ ئالەم،
سېنىڭ ھەم بىركۈنى ياشنىمىقىڭ بار!

## بۇقرات ئۆگۈتنامىسى

ئەي ئىسكەندەر، دوستلىرىڭ ۋە ئۇلپەتداشلىرىڭ ئەقىللىق ۋە شىر يۈرەك كىشىلەردىن بولغايكى، بۇنداق كىشىلەردىن ئادەمنىڭ ئەقلى ۋە باتۇرلۇقى ئاشۇر. ئىلىمسىز ۋە پېئىلى بۇزۇق كىشىلەر كىشىنى ھەر قەدەمدە ئالدايدۇ ۋە بەدنام قىلىپ قويىدۇ. تائامنى ھېچ ۋاقىت يالغۇز يېمە، ھەر زامان ھەمراھتىن ئايرىلما. يۇرتۇڭدا ھەر كىم ئۆز تاپقىنىنى يېيەلىسە ۋە بىراۋ ئۇلارغا زۇلۇم قىلىپ تارتىۋالمىسا، بۇ دېمەك ئابرويىڭنىڭ ئېشىشىدۇر. ھىرىسكە كۆڭلۈڭدىن ئەسلا جاي بەرمە. مۇقىم بىر ۋاقىتتا تاماقلىنىشنى ئادەت قىلغىلكى، توختىماي يەپ-ئىچىشتىن كېسەللىك سادىر بولۇر. ئىسسىق-سوغۇق، ھۆل-قۇرۇق نەرسىلەردىن تەڭشەپ يېگىنكى، بۇ ھال مىزاجىڭنى مۆتىدىل قىلۇر. لۇتپ-مېھرىبانلىقنى ئۆزۈڭگە شوئار قىلغىلكى، بۇ سۈپەتلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي سۈپەتلىرىدۇر. مال-بايلىقنىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئىشلەتكى، ئۇلارنىڭ ھەم ئۆز ئورۇنلىرى بار. نەزم:

ئۆزۈڭنى يەپ، ئۆزگىگىنى بەرسەڭ ئەي ئىنسان،
نامۇ ئاتىڭ ئۇلۇغ بولۇر، ۋۇجۇدۇڭ ئامان!

بىرەر مەقسەتكە يەتمەكنى ئويلىساڭ، ئەمما ئۇنىڭغا يەتمەك قىيىن بولسا، ھېچ غەم يېمە، سەبرنى چىڭ تۇت. زالىم ۋە ستەمكار كىشىلەرگە ياردەم قىلما! نەزم:

قىلىچنىڭ زەربىسى چۈشمىسۇن باشقا —
دېسەڭ، زۇلۇم قىلما قېرىيۇ ياشقا!
زالىملار زۇلمىنى يوقات جاھاندا،
ئاجىزلار قولىنى تۇتقىن ھەر ئاندا!

غىزا يېيىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ھەزمى توغرىسىدا ئويلا، تاماقنىڭ شېرىنلىكى ۋە ھالاۋىتىگە ئۇچۇپ، ئۇنى ھەزىم قىلالماي قىيىنىلىپ يۈرمە. سىركە ئىچكىنىڭدىن كېيىن ھەرگىز سۈت ئىچمىگىنكى، قارنىڭنى ئاغرىتىپ، ھەزىم قىلىشقا ئاجىز كېلىسەن. سۆزنى مۇلايىملىق بىلەن قىل، ئاز سۆزلە، كۆپ سۆزلەش گەرچە يېقىملىق بولسىمۇ، ئۇ دىۋانىلىك بەلگىسىدۇر. شېئىر:

جىملىقتىن قىلمىدى ھېچكىم پۇشايمان،
كۆپ گەپتىن زەرەرلەر يۈز بەردى يامان!

بايلىقىڭغا مەغرۇرلانما، ئۇنىڭ ئۈستى چىرايلىق كۆرۈنسىمۇ، ئىچى ناھايىتى ئىپلاس بولۇپ، كىشىنى مىڭ تۈرلۈك بالالارغا دۇچار قىلىدۇ. ھەممە ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماستىن، ئويلىنىپ ھەرىكەت قىل. سىرىڭنى ھەركىمگە ئېيتىۋەرمە. ئىلىمسىز كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ئىش كۆرمە. ئۆتكەن ئىشقا قايغۇرۇپ ئۆمرۈڭنى زايا قىلما! شېئىر:

كۆڭلۈمدە كۆپلىگەن سۆزۈم بار، بىراق،
شېكەرنىڭ كۆپىدىن ئازىدۇر سازراق!
ئاز سۆزدىن كىشى ھېچ قىلماس پۇشايمان،
كۆپ سۆزدىن كىشىگە يېتەر كۆپ زىيان!

— ئەبۇلبەرەكات قادىرى

## ئەفلاتۇننىڭ ئۆز شاگىرتى ئارىستوتېلغا قىلغان ئۆگۈتلىرى

ئۇ تۆۋەندىكىچە بۇيرۇيدۇ:

— ھەمىشە ئىلىم پېيىدە بول. كۆڭلۈڭ ھەم، كۆزۈڭ ھەم دائىم ئويغاق بولسۇن، ئۇيقۇ ۋە ئارامنى ئويلاپ، بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرما. ئۇيقۇغا باش قويۇشتىن ئەۋۋەل ئۆتكۈزگەن كۈنۈڭ توغرىسىدا ھېساب قىل، شۇ كۈنى سېنىڭدىن قانداق خاتالار سادىر بولدى ياكى ياخشى نەرسىلەردىن نېمىنى ئۆگەندىڭ، شۇلار توغرىسىدا ئويلان.

بەدبەخت شۇنداق كىشىكى، ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايدۇ، گۇناھ ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمايدۇ. دۇنيادا بىرەر لەززەت تاپسا بېشى كۆككە يېتىپ شاد بولىدىغان، بىرەر پالاكەتكە يولۇقسا قايغۇرۇپ ھەممىدىن كۆپ پەرياد كۆتۈرۈدىغان ئالىمنى ئالىم دەپ ھېسابلىما. ھەممىنى ئوخشاش سۆي. ئاچچىقى يامان بولما، ھەدېسىلا ئاچچىقلىنىۋېرىدىغان بولساڭ بارا-بارا ئۇ سېنىڭ ئادىتىڭگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۈگۈن بىرسى ئالدىڭغا موھتاج بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى ئەتىگە قالدۇرما. بىرەر كىشى بىرەر بالاغا ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا ياردەم قولۇڭنى سۇز. كىشىلەرنىڭ گېپىنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى بىلمەي، تەكشۈرمەي تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارما. دۇنيادا ھېكمەتتىن پايدىلىقراق نەرسە يوق. ھەكىم شۇنداق كىشىكى، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن قىلغان ئىشى بىرخىل بولىدۇ. قانداقلا ئىشتا بولسۇن لايغەزەللىك قىلما. ياخشىلىق قىلىشتا چېكرا بار، دەپ ئويلىما! ھەكىملەر ھېكمەتلىرىنى يادلىۋال. مال-دۇنيا ھېرىسىنى كۆڭلۈڭدىن قوغلا. يېقىملىق ئەدەبلەردىن كۆز يۇمما. بارچە ئىشلارنى ئۆز ئەقلىڭگە قۇلاق سېلىپ چامىلاپ، سوڭ ئەمەلگە ئاشۇر. پەسكەش-يارىماس ئىشلارغا قول ئۇرما. كىم بىلەن گەپلەشسەڭمۇ كەمتەرلىكنى قولدىن بەرمە. باشقىلارنى خارلىما، ئۆزۈڭگە ھەمىشە ئادالەتنى شوئار قىل!

ئەفلاتۇننىڭ ئۆز شاگىرتى ئارىستوتېلغا قىلغان ئۆگۈتلىرى شۇلاردىن ئىبارەت.

— ئەبۇلبەرەكات قادىرى

نەقىل كەلتۈرۈشلىرىچە، لوقمان ھەكىم ئەسلى ھەبەش مىللىتىدىن ئىكەن. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە يۈكسەك شان-شەرەپكە ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدا تارىخچىلار ۋە تەزكىرىچىلەر تولىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى يېزىشقان. بىز بۇ يەردە ئۇنى زىكرى قىلىمىز، دېسەك گەپ بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئۇ، قالدۇرغان ئۆگۈت-نەسىھەتلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ تەۋەررۈك سۆزلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر كەلتۈرۈلىدۇكى، بۇلارنى ئۆز ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ ئېيتقانىدى:

— ئەي ئوغلۇم، سەن دائىم سەبرۇ چىدامنى ئۆزۈڭگە يولداش قىلغىل. نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرمە، ئۇنى قىيىناشنى ئەڭ بۈيۈك يول دەپ بىلگىل. تاپقىنىڭغا قانائەت قىل، كېرىكىڭدىن ئارتۇقچە تېپىشقا ئىنتىلمە. تائامدىن ئاچ، ھېكمەتتىن توق بول. ئادەملەرگە قوپاللىق قىلما، ئاغزىمغا كەلدى دەپ بىلجىرلاۋەرمە، ئەنە شۇنىڭدىلا سەن تۈرلۈك-تۈمەن بالالاردىن ئامان بولىسەن. ئادەملەر سېنىڭدە يوق سۈپەتلەر بىلەن سېنى ماختىسا ئالدانما!

ئەي ئوغلۇم، نېمىنىلا سۆزلىسەڭ ھېكمەت ۋە نەسىھەتتىن سۆزلە، ئېيتقان سۆزلىرىڭگە ئەۋۋەلا ئۆزۈڭ ئەمەل قىل. ئۆز كەسپىڭ ۋە مەرتىۋەڭگە يارىشا سۆزلە. ئادەملەرنى غەزەپ پەيتىدە سىنا، دوستلارنى بولسا بېشىڭغا كۈلپەت ۋە مۇسىبەت چۈشكەندە سىنا. ھەر دائىم يېقىملىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇن. گەپ قىلساڭ دەلىل ۋە ھۆججەت بىلەن قىل. ياشلىقىڭنى غەنىيمەت بىل. دانا

www.uyghurkitab.com

كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بول. دوستلىرىڭنى ھۆرمەت قىل، كىشىلەرگە ئوچۇق چىراي بىلەن باق!

ئەي ئوغلۇم، ئاتا-ئاناڭنى دائىما ھۆرمەت قىلىپ، خىزمىتىدە بول. ئۇستاز ۋە ئوقۇتقۇچىڭغا جان-دىلىڭدىن ئىھتىرام كۆرسەت، ئۇلارنى ئاتا-ئاناڭدىنمۇ ھۆرمەتلىك دەپ بىل. ھەممە ئىشتا ئوتتۇرىچە يول تۇت. كىرىمگە قاراپ چىقىم قىل. سېخىي بول. مېھماننى ئەزىزلە، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ خىزمەت قىل. بىركىمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا كۆزۈڭنى ۋە تىلىڭنى ئېھتىيات قىل. دۈشمەندىن بىردەممۇ غاپىل بولما. تەمەخور بولما. بىرەر گەپنى دېيىشتىن ئەۋۋەل ئۇنىڭ جاۋابىنى بىرىشنى ئويلا. بېخىل ۋە تەكەببۇر كىشىلەردىن ئۇزاق بول. قانائەتنى ھەقىقىي بايلىق ، دەپ ھېسابلا!

ئەي ئوغلۇم، دائىما ئىلىم ئىزدىگۈچى بول. جاھىل بولما. ئۆزۈڭنىڭ دېگىنىڭدىلا تۇرۇۋالما، باشقىلارنىڭ گېپىنىمۇ ئېتىبارغا ئال. مۇرەسسە يولىنى تۇت. ھەمىشە ئادەملەر بىلەن بىللە بول، ئۇلاردىن ئايرىلما. ياشانغانلارنى ھۆرمەت قىل. ھەممە كىشىنى ياخشى نام بىلەن تىلغا ئال. كىمنىڭ تۇزىنى يېتىغان بولساڭ شۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى ئۇنتۇما!

ئەي ئوغلۇم، ئۇستىبېشىڭنى تازا تۇت. كىم بىلەن سۆزلەشسەڭ شۇنىڭغا لايىق كېلىدىغان گەپنى قىل. كەچقۇرۇنلۇقى كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرساڭ سۆزنى يۇمشاق ۋە ئاستا قىل. سۆزلەۋاتقان چېغىڭدا بىرلا كىشىگە قاراپ سۆزلەۋەرمەي ، ھەممىگە ئوخشاش نەزەر سال. كەم يېمەك ۋە كەم ئۇخلىماق سېنىڭ سۆيگەن ئىشىڭ بولسۇن! ئۆزۈڭگە نېمىنى راۋا كۆرسەڭ باشقىلارغىمۇ شۇنى راۋا كۆر. قىلغان ھەربىر ئىشىڭ ئەقلۇھېكمەت يۈزىسىدىن بولسۇن! ئۆزۈڭ ياخشى بىلمىگەن ۋە ئوقۇمىغان ھالدا بىراۋغا ئۆگەتمە ۋە ئۇستازلىق قىلما!

ئەي ئوغلۇم، سىر ساقلىيالمايدىغان كىشىلەرگە، بولۇپمۇ باللارغا سىرىڭنى ئېيتما. ھەممىلا ئادەمنى ياخشىلىق كېلىدۇ، دەپ ئويلىما. بىركىمنىڭ ناكەس ۋە بېخىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كېلىدۇ، دەپ خىيال قىلما. بىراۋنىڭ ھاجىتى چۈشۈپ ئالدىڭغا كەلسە نائۇمىد قايتۇرما. ئۆزۈڭدىن چوڭلار بىلەن چاقچاقلاشما. ئۆيدە بار نەرسىلىرىڭنى دۈشمەن كۆزىدىن يوشۇرۇپ ساقلا. ئۆزۈڭنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىڭنى ھۆرمەت قىل!

ئەي ئوغلۇم، سىنىماي تۇرۇپ بىر كۆرۈشتىلا بىرسىگە كۆڭۈل بەرمە. ئۆز قەدرىنى بىلمەيدىغان كىشىلەردىن ياخشىلىق كۈتمە. كۈن چىققۇچە ئۇخلىما. ھەدەپ كۈلۈۋەرمە. بەدنام كىشىلەر بىلەن سۆھبەتداش بولما. ياشانغانلار ۋە ئۇلۇغ كىشىلەر ئالدىغا چۈشۈۋېلىپ، ئۇلاردىن ئىلگىرى يۈرمە. ئادەملەر سۆزلىشىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى

بۆلۈپ، گېپىگە قوشۇق سالما. مېھماننىڭ ئالدىدا بىراۋغا ئاچچىقلانما. بېشىڭنى تۆۋەن سىلىپ ئولتۇرما!

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

كىمكى كېڭىشىپ ئىش كۆرسە، ھېچقاچان پۇشايماندا قالمايدۇ. كىمكى تىجەمكارلىق بىلەن ئوتتۇرىچە يول تۇتسا، ھېچ ۋاقىت كەمبەغەللىكتە ئۆتمەيدۇ.

**- مۇھەممەد زىھنىي**

بىر ھەكىم شۇنداق دەيدۇ:

- دوستۇڭ بەرگەن مەسلىھەت بىلەن ئىش كۆرگەن بولۇپ، نەتىجىسى يامان بولۇپ چىقسا، دوستۇڭغا مالامەت قىلما ۋە ئۇنىڭغا : « سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلىمەن دەپ ئىشىم تەتۈرىگە كەتتى، نېمىشقىمۇ ساڭا مەسلىھەت سالغاندىمەن! » دېمىگىن. چۈنكى يەنە بىرەر ئىش بېشىڭغا چۈشۈپ ئامالسىزلىقتىن ئالدىغا بارساڭ، گەرچە مەسلىھەتى توغرا بولسىمۇ، ئاقىۋىتى يامان بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ساڭا ئېيتماسلىقى مۇمكىن.

**- « فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن**

ئەزىزىم ، قىيىن ئىشلاردا ۋە ئېغىر ھادىسىلەردە مەسلىھەتلىشىشتىن قېچىشقا بولمايدۇ. مەسلىھەت قىلماقچى بولساڭ، مەسلىھەتنى ھېكمەت ئەھلى ۋە تەجرىبە ساھىبلىرى بىلەن قىلغىن، ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى ئۆتكۈر ۋە پىكىرلىرى تېرەن بولىدۇ. خۇددى شېئىردا ئېيتقىنىدەك:

تېرەن پىكىرنى دائىم ياشانغانلاردىن ئىزدە،
باھار سۇلىرى كۈزدە مۇسەپپالىق تاپىدۇ.

تەجرىبىلىك ياشانغانلار شىجائەتلىك ياشلارغا قارىغاندا چارە ۋە تەدبىرگە باي كېلىدۇ. بېيت:

ياشلار بىلەن جەڭۇ جېدەل ئىچرە كىر،
يېڭىش تەدبىرىنى قېرىدىن سورا.
گەربولسىمۇ ياشلار باتۇر ۋە چاققان،
ئەمما چوڭلار دىلى تەدبىرگىدۇر كان!

**- خوجا سەمەندەر تېرمىزىي**

ھەكىملەر ئېيتۇرلەر: « بىرەر ئىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشمەكچى بولساڭ بىر ئاقىل كىشى بىلەن مەسلىھەتلەش، كۆپچىلىككە ئېيتىلغان مەسلىھەتلىك ئىش نۇقساندىن خالىي بولمايدۇ. بىر ئەرەب ئالىمى: « ئەقىلدىنمۇ زور بايلىق، نادانلىقتىنمۇ چوڭ بەختسىزلىك ۋە مەسلىھەتتىنمۇ كۈچلۈك يۆلەنچۈك يوق! » دېگەنىدى.

**- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن**

كىمەرسىكى ئۆز پىكرىگە مەغرۇرلىنىپ ئىش كۆرسە يولدىن ئازغىشۇر، كىمكى ئۆز ئەقلىگىلا تايىنىپ، ئۆزگىلەر بىلەن ھېسابلاشمىسا خارلىقتا قالۇر.

**- مۇھەممەد زىھنىي**

سىنالمىغان كىشىدىن مەسلىھەت سورىما.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

ھەكىملەر ئېيتۇرلەركى، ئەقىل ئىگىسى بولغان كىشى يەتتە خىل كىشى بىلەن كېڭەشمەيدۇ. ئۇلار: نادان، دۈشمەن، ھەسەتچى، رىياكار، قورقۇنچاق، دۇنياپەرەس ۋە ھايۇ ھەۋەسكە بېرىلگەن كىشىلەردۇر. چۈنكى نادان كىشى پەمسىزلىكى تۈپەيلى خاتا ۋە يارىماس مەسلىھەت بېرىدۇ. دۈشمەن بولسا، سېنىڭ ھالاك بولۇشىڭنى ئويلاپ مەسلىھەت بېرىدۇ. ھەسەتچى قولۇڭدىكى مال-مۈلكۈڭنىڭ سورۇلۇشىنى ئىستەيدۇ. رىياكار كىشى بولسا، سېنى قانداق قىلىپ بولسىمۇ رازى قىلىشنى ئويلايدۇ، پىكرىڭگە قارشى ھېچنەرسە ئېيتمايدۇ، سەن نېمىنى خالاۋاتقان بولساڭ، شۇنى قىلىۋېرىشكە ئۈندەيدۇ. دۇنياپەرەسنىڭ پىكرى-زىكرى مال-دۇنيا يىغىش بولغانلىقتىن، بەرگەن مەسلىھەتى ئارقىلىق بىرەر نەرسە ئۈندۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ھايۇ ھەۋەسكە ئىنتىلگەن نەپس بەندىسى بولسا، ئۆزىنىڭ نۇقسانلىق ئەقلى بىلەن كىشىنى توغرا پىكىردىن چەتلىتىدۇ.

ئالىملاردىن ئەھنەف ئېيتىدۇ: «ئاچىنىڭ قارنىنى تويدۇرماي، تەشنانىڭ چاڭقىقىنى باسماي، تۇتقۇننى ئازاد قىلماي، كەمبەغەلنى ھاجىتىدىن چىقارماي تۇرۇپ بىرەر ئىش يۈزىسىدىن مەسلىھەت-مەشۋەرەت قىلما!»

— «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

## بېخىللىق، سوغ نەپەسلىك، ئاچكۆزلۈك، تەمەخورلۇق، ھەسەت، خەسىسلىك توغرىسىدا

بېخىللىق ئۆز مال-دۇنياسىغا جان-دىلىدىن يېپىشىۋېلىشتۇر. بېخىل ئادەم ئۆزىنىڭ يېيىشى ۋە كىيىنىشى ئۈچۈن پۇل سەرپلەشنىمۇ خالىمايدۇ. مەسىلەن، نان، مېۋە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ يېڭىسىنى ئېلىشقا كۈچى يەتسىمۇ كونىسىنى سېتىۋالىدۇ. كىيىم-كېچەكلەرنىڭ يېڭىسىنى سېتىۋالماي، كونا ۋە يىرتىقلىرىنى سېتىۋالىدۇ. تازا ۋە پاكىزە يەردە ياشاشنىڭ ئورنىغا قاراڭغۇ، زەي ۋە سالامەتلىككە زىيانلىق جايلاردا ياشايدۇ.

— خەيالىددىن ئەل-ھەسەنى

ئادەملەرنىڭ ئالىيجانابى كىشىلەردە ئۆزىگە نىسبەتەن مۇھەببەت ئويغىنىشىغا ئۇرۇنغۇچى، ئادەملەرنىڭ بېخىلى بولسا دوستلىرىدا ئۆزىگە نىسبەتەن نەپرەت تۇغدۇرغۇچى كىشىدۇر.

— «مەخزەنۇل ئۇلۇم»دىن

بېخىل كىشى ئۆز مال-مۈلكىنىڭ قاراۋۇلى ۋە ئۆزگىلەرگە قالدۇرۇدىغان مىراسىنىڭ خەزىنىچىسىدۇر.

— مۇھەممەد زېھنى

بېخىل ئادەمگە ھەممە ئادەم يامان بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

ھەرقانداق ئوتنى ئۆچۈرۈش مۇمكىن، ئەمما بېخىللىق ئوتىنى ئۆچۈرۈپ بولماس.

يۈزۈڭ قارا بولسا ئەيىب ئەمەس، ئەمما كۆڭلۈڭ قارا بولمىسۇن.

بېخىلغا مېھمان بولغان كىشى ھېچقاچان قورساق ئاغرىقىغا ئۇچرىماس.

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

بىر كىمنىڭ نەپسى ئۇنى ئۆز چېگرىسىدىن چىقىرىۋەتكەن بولسا، دېمەك بۇ ئۇنىڭ ئۆلگىنى شۇ.

— «مەخزەنۇل ئۇلۇم»دىن

كىمكى كاچ نەپس كويىغا گىرىپتار بولسا، بارچە بالالار ئاستىدا خار بولۇر. فەرد:

نەپسنى تىيمىسا كىشى بولۇر خار،
نەپس ئۇنى قىلۇرلەر كوچا-كويدا زار.

كىشى ھاياتلا ئىكەن، نەپسى بىلەن كۆرەشتە مەغلۇب بولماسلىقى كېرەك. نەپس شۇنداق دۈشمەنكى، مەنمەنلىك ۋە تەرسالىق ئۇنىڭ شوئارىدۇر. نەپس شۇنداق تەكەببۇركى، كىبىرۇ ھاۋا ئۇنىڭ دائىمىي ھەمراھىدۇر. بېيت:

نەپسىڭنى ئۆلتۈرسەڭ غەمدىن ئازاد سەن،
دۈشمىنىڭ بولمايدۇ دائىما شادسەن!

— مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

ھېكمەت. كىمنىڭ نەپسى ئەقلىگە خىزمەت قىلسا، ئۇ كىشىگە بەخت ۋە دۆلەت يۈزلەنگەي، كىمنىڭ ئەقلى نەپسىگە خىزمەت قىلسا، بەخت-ئىقبال ئۇنداق كىشىدىن يۈز ئۆرۈگەي. بېيت:

نەپسكى ئەقلگە بويسۇنسا ئەگەر،
ئىقبال دەرىخىدىن يېمىش يەر كىشى.
ئەقلىدىن زىيادە بولسا گەر نەپس،
كىشىنىڭ كۈندىن-كۈن ئارتار تەشۋىشى.

— مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ھېكمەت. ئۆز نەپسىنى دەپ بايلىق توپلاشتىن قېچىش نەتىجىسى راھەت، كىشىنىڭ مېلىدىن تەمە يېمىنى ئۈزۈش نەتىجىسى مۇھەببەت، ئۆزگىلەرنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىپ، ئەيىبىنى ئىزدەشكە ئۇرۇنۇشتىن قول يۇيۇش نەتىجىسى يۈكسەك خۇلقتۇر. بېيت:

ئېغىر مېھنەتلەرگە يولۇقۇر ھەركىم،
تەمە كۆزىن تىكسە دوستۇ دۈشمەنگە.
قىلغان تەمەسىگە يەتمىسە ئەگەر،
گىنە بىلەن ئازار بېرۇر كۆپ تەنگە.
تەمەخورنىڭ ئۆمرى ئۆتۈر غەم بىلەن،
ئاقىۋەت دەر بىر كۈنى: «ئاھ، ئەتتەڭگىنە!»
ھەر كىشى شادلىق ئىلە خەندان ياشىغاي،
بارىغا سەبىر قىلسا بارماي «مەن-سەنگە».

— مەجدىددىن خەۋافىي

ھەركىم ئەگەر تۇتسا تەمە يولىنى،
ئاقىۋەت بولۇر دىۋانە بىر كۈنى!

— فەرىدىددىن ئەتتار

تەمەگەرلىك يامان خۇلقلاردىن بىرى

www.uyghurkitap.com

ھېسابلىنىدۇ. تەمەگەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەبىھلىكلەردىنمۇ قايتمايدۇ، ھېچقانداق گۇناھتىن قورقمايدۇ، يالغان سۆزلەيدۇ، يالغان سۆزنى ئىسپاتلىماق بولۇپ يالغان ئانت ئىچىدۇ. ئۇ ھەرخىل ھىيلىلەرنى ئويلاپ تاپىدۇ ۋە ھارام يەيدۇ.

**- خەيالىددىن ئەل-ھەسەنى**

ئەگەر كىشى تەمە يىپىغا ئىلىنسا، بالا ئورىسىغا غولايدۇ. قۇشلارنى كۆرمىدىڭمۇ، ئۆزلىرى كۆكتە پەرۋاز قىلسىمۇ، يەردىكى دان تەمەسىدە قىلتاقتا ئىلىنىدۇ.

ئەي ئەزىزىم، دۇنيادا ھەر بىر بالا تەمەدىن ۋە ھەر بىر ئاپەت يامانلىقتىن يۈز بېرىدۇ.

**- مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار**

تەمەخور بولما. كىشىنىڭ بېشىغا تەمەخورلۇقتىن تۈرلۈك بالالار كېلۇر. ئانچىكىم بىر ئىش ئۈچۈن كىشى غەزەپلەنمىگەي، چۈنكى كىشى ئۈچۈن بۇدۇنيادا غەزەپتىن ئېغىر نەرسە يوق. غەزەپ كەلگەن چاغدا كىشى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزى بىلەلمەس. ھەر كىشىكى باشقىلارنى ئۆز پېئىلىغا ماسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنمىغاي، بەلكى ئادەملەر قانداق پېئىلدا بولسا، شۇ پېئىلغا ماسلاشقاي.

**- «مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن**

ھەركىم ئازاد بولۇپ، شەرمەندىلىكتىن خالىي بولاي دېسە، تەمەدىن يىراق بولسۇن.

**- «مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن**

تەمەخور ئۆزىگە كېلىۋاتقان ھالاكەتنى بىلمەس.

پەسكەش ئادەم بىرەر كىمنى سۆيسە، ئۇ قورققىنىدىن سۆيىدۇ ياكى تەمەخورلۇقتىن

**- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

**ھېكمەت.** دۇنيانىڭ ھەممە يامانلىقى قۇلۇپلانغان بىر ئۆيگە يوشۇرۇلغان. ئۇنىڭ كېلىتى بايلىققا بولغان ھېرىستۇر. بېيىت:

بايلىق ئۈچۈن توزاق قويغان ھەركىمسە،<br>
غەمدىن بۆلەك نەرسە كۆرمىدى ئەسلا!

**- مۇئىنىددىن جۇۋەينى**

ھېرىسلىك ۋاقتىڭدا ھۆكۈم چىقارما.

تىنچ ياشاي دېسەڭ قولۇڭدا بارىغا قانائەت قىل.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

قانائەتسىزلىكتىن كېلىدىغان ئاپەتلەر ھېسابسىزدۇر. شۇلاردىن بىرى ھەسەتتۇر. ھەسەت - داۋاسى يوق دەرد، كىمكى ھەسەتتىن ئىبارەت بۇ دەردكە ئىلىنىپ قالسا، ئۆلمەستىن قۇتۇلمايدۇ.

**- خەيالىددىن ئەل-ھەسەنى**

تۆت نەرسە باردۇركى، ئەي ئەۋلادى پاك،<br>
ھەر كىشىنىڭ ئەيلىگەي قەلبىنى چاك.<br>
تۆت نەرسىنىڭ ئەۋۋەلقىسى بۇدۇر ھەسەت،<br>
ئۇندىن قالسا ئۆزۈمچىللىك تائەبەد.<br>
ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتالماسلىق بىرى،<br>
ھەم بېخىللىقتىن كېچەلمەسلىك بىرى.

ئەي ئوغۇل، كەلمە يېقىن بۇ تۆت نەرسىگە،<br>
ئالمىسۇن سېنى بۇ پېئىللار ئورتىغا.

**- فەرىدىددىن ئەتتار**

ئەزىزىم ، بېخىللىق ۋە ھەسەتخورلۇق ئىللىتىگە دىلىڭدىن ئەسلا ئورۇن بەرمىگىلكى، ھەسەتخورلۇق دۆلىتىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلسا، بېخىللىق ئىززىتىڭ چەمەنىنى پايخان قىلۇر.

كىمكى ھەسەت ئوتىنى ياقسا جاھاندا،<br>
بۇ ئوت ئۇنىڭ ئۆزىنى قويماس ئاماندا!

**- خوجا سەمەندەر تېرمىزى**

ئەي پەرزەنت، بىلگىلكى، مۇناپىق ۋە ھەسەتچى كىشىلەرنىڭ تەسىرى ياخشى ئادەملەرنى يولدىن چىقىرىۋېتىدۇ. دانا ۋە ئالىملار سۆھبىتى بولسا كىشىگە مەڭگۈلۈك ئۆمۈر بەخش ئېتىدۇ. بىھۇدە سۆزلەر ئېيتىلىۋاتقان ئولتۇرۇشلارغا كىرىپ قالغۇدەك بولساڭ، بۇنداق يەردىن قاچ!

**- مۇھەممەد جەبەلرۇدى**

دۇنيادا ھەسەت ۋە غۇم ساقلاشتىن ئېغىرراق رەنج يوق. چۈنكى ھەسەتچى كىشى باشقىلارنىڭ شادلىقىدىن توگۈمەس غەمگە پاتىدۇ، ئۆزگىلەرنىڭ راھىتىدىن دائىما زەخمەت چېكىدۇ.

**- مۇھەممەد ھۇسەيىن**

ھەسەتچى كىشى ئادەملەرنىڭ شادلىقى ۋە خۇشاللىقىدىن دائىما غەمگە قالىدۇ ۋە ئەلەم تارتىدۇ. ھە، دۇنيادا ھەسەتچىلىك ۋە بېخىللىقتىنمۇ يامانراق دەرد-ئەلەم يوق! شۇنداق ئىكەن، سەن بۇنداق كىشىلەردىن ئۇزاق تۇر، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن قاچ! نەزم:

دەرمان قوبۇل قىلماس ئىللەت ھەسەتتۇر،<br>
ھەسەتچىنىڭ غېمى كۆپتۇر - بىھەددۇر!

**- مۇھەممەد جەبەلرۇدى**

ئەيىبسىز ئادەمنى كۆرگەن ھەسەتچىنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ.

بەدەنىنىڭ سازلىقى ھەسەتنىڭ ئازلىقىدىن كېلۇر.

ھەسەتچىنىڭ مېلى ئۆزىگە نېسىپ بولماس.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

**ھېكايەت.** ئېيتىشلىرىچە، لاھور شەھىرىدە بىر ئالىم بار بولۇپ، ئۇ، ئۆتە خەسىس ئىدى . ئۇ تىيىنلاپ پۇل توپلاپ ، ھەتتا ئۆز قورسىقىغا تۇزۇكرەك يېيىشكىمۇ ئاغرىنار ئىدى. ئۇ جان بەرسە بېرەردىيۇ، ئەمما بىركىمگە نان بەرمەس ئىدى. ئۇ، تاپقان ئالتۇنلىرىنى ناھايىتى يوشۇرۇن ساقلار، ھەمىشە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ياشار ئىدى. ئۇنىڭ ھەييارلىقتا قىلنى قىرىق يارىدىغان بىر شاگىرتى بار بولۇپ، ئۆز ئۇستازىنىڭ ئالتۇنلىرىدىن ۋاقىپ ئىدى. ئۇ قانداق قىلىپ بولسۇن شۇ ئالتۇنلارنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنار، ئەمما ئاچكۆز خوجايىنىنى ئالداشقا ئاجىزلىق قىلار ئىدى.

ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ، خوجايىن كېسەل بولۇپ

قالدى. ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئالتۇنلىرىنى قىيماي خوتۇن ئېلىپ بالا-چاقىلىق بولۇشتىنمۇ كەچكەن خوجايىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

كېيىن قەتئىي قارارغا كېلىپ ئالتۇنلىرىنى يۇتۇشقا باشلىدى. ھەممىسىنى يۇتۇپ بولغاندىن سوڭ جان بەردى.

ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلىغان ئادەملەر يىغىلىشىپ، كۆمۈش تەييارلىقىنى قىلىشتى. ئۆزئارا پۇل يىغىشىپ ھەممە رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىشتى. ئارىدىن بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندە ، شاگىرتى خوجايىنىنىڭ ئۆي ۋە ھويلىلىرىنى قىدىرىپ ئالتۇنلارنى تاپالمىدى. بېشى قېتىپ ئويغا پاتتى. ئۆزىچە: «خوجام ئالتۇنلىرىنى ھېچ يەرگە ئېلىپ بارمىغان، ئۇنىڭ يا بىرەر قېرىندىشى، يا خوتۇنى يوق. ئالتۇنلىرى جەزمەن ئۆيدە بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئاختۇرۇپ ھەممە ياقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتسەممۇ ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ كاشكى، شۇنچە ھەييارلىقىم بىلەن خوجايىنىمنىڭ خەزىنىسىنى تاپالمىسام-ھە؟!» دېدى. ئۇ شۇنچە ئاختۇرۇپ تاپالمىغاندىن كېيىن ، بېشىغا تۇيۇقسىز بىر پىكىر كەلدى-دە ، توپتوغرا گۆرىستانغا باردى. خوجايىنىنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ، جەسەتنىڭ قارنىنى ياردى ۋە ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالدى.

— مۇھەممەد جەبۇلرۇدىي

بىر كىشى ئوغلىغا دېدى:

— نەپسىڭنى شۇنداق كۆندۈركى، تاكى ئۇ ئەمرىڭگە قۇلاق سالىدىغان بولسۇن!

ئوغلى سورىدى:

— مەن قايسى چاغدا ئەقىللىق بولۇشۇم مۇمكىن؟

ئاتا دېدى:

— نەپسىڭگە ھاكىم بولغىنىڭدا!

— «مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

## ساخاۋەت، ھىممەت، ئالىيجانابلىق، سوۋغا توغرىسىدا

ساخاۋەتلىك كىشى شۇنداق كىشىكى، بىرسى سورىماستىن ئالدىن ئۆزى بىلىپ سوۋغا قىلىدۇ.

— ئەبدىبەك شىرازىي

بىر ھەكىمدىن: «كىشىنىڭ بارچە ھۈنەر-پەزىلىتىنى يوققا چىقارغۇچى نەرسە نېمە؟» دەپ سوراشتى. ئۇ: «بېخىللىقتۇر!» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن يەنە سوراشتى: «كىشىنىڭ ھەممە ئەيىبلىرىنى ياپقۇچى نەرسە نېمە؟». ئۇ جاۋاب بەردى: «سېخىيلىكتۇر!».

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ھېكمەت. ئالىي ھىممەت ۋە ساھىب دۆلەت شۇنداق كىشىكى، ياخشى خۇلق ۋە چىرايلىق ئادەت بىلەن چوڭ-كىچىكنى ئۆز مۇھەببىتى دامىغا ئىلىندۇرىدۇ، دوستلۇق ئۇرۇقىنى كۆڭۈل يېرىگە ئېكىدۇ. ئەزىزلەر ۋە ئۇلۇغلار يولىغا ئىبرەت كۆزى بىلەن باقىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ھەققىنى ئىمكانى بارىچە ئادا قىلىدۇ. دوستلىرىنى قولىدىن كېلىشىچە ھۆرمەتلەيدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن يار-بۇرادەرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ياخشىلىق بىلەن تەقدىرلەپ تۇرىدۇ.

— مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئېيتقانىدى: «كىشى ئۆزىنىڭ ئالىي ھىممىتى بىلەن ئەزىزدۇر. مەرد شۇنداق كىشىكى، قىلماق بولغان ئىشىنى داۋراڭ سالماي تۇرۇپ بېجىرىدۇ. نامەرد كىشى ئاغزىدا ئۇنداق قىلىمەن — مۇنداق قىلىمەن دېسىمۇ، ئەمەلدە ھېچ ئىش قىلمايدۇ». ئۇنىڭدىن يەنە سوراشتى: «قانداق قىلىپ جاھانغا ئىگە بولدىلا؟». ئۇ دېدى: «ھەكىملەرنىڭ سۆزى ۋە مەسلىھىتىگە ئەمەل قىلدىم، چوڭلارنىڭ ئىشىنى كىچىكلەرگە ۋە كىچىكلەرنىڭ ئىشىنى ئۇلۇغلارغا بۇيرۇمىدىم!»

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

كىشىنىڭ قەدرى ئۇنىڭ ھىممىتىگە يارىشا بولۇر. سوۋغا مۇھەببەتنى ئاشۇرۇر:

دوستلار ئۈچۈن ئەجەب بېقىملىق خىسلەت،
بىر-بىرىنى سوۋغاتلە ئەيلەپ تۇرسا شاد.
ئۆزئارا سوۋغاتلار شۇنداق بىر كۈچكى،
دىلدا مۇھەببەتنى ئەيلىگەي بۇنياد!

بەرگىنىڭنى ئۇنتۇ، بەرگەنىنىڭنى ئۇنتۇما.

— «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

## ئاز يېيىش، كۆپ يېيىش، يېيىش قائىدىلىرى، ئىچكۈلۈك، سالامەتلىك، تېۋىب ۋە دورا-دەرمان توغرىسىدا

كۆپ يېيىش ئاز يېيىشتىنمۇ مەھرۇم قىلىدۇ.

بەدەننىڭ قۇۋۋىتى تاماق، روھنىڭ قۇۋۋىتى ئىلىمدۇر.

قېرىن يېمەكتىن زوقلىنىدۇ، ئەقىل بولسا ھېكمەتتىن.

نان — ھايات دېمەك.

— «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھۆرمەتلىك ئۇستازىم ئېيتارئىدى: «ئىللەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۆت نەرسە سەۋەب بولىدۇ: تۇرۇپ قالغان سۇ، ئاچچىق تۈتۈن، بەدبۇي ھىد ھەم ھەزىم بولۇشى قىيىن قاتتىق يېمەكلىك».

ھېكمەت ئەھلىلىرىنىڭ كىتابلىرىدا ئىللەتنى پەيدا قىلغۇچى نەرسە ئالتە دېيىلىدۇ: «تۈندە كەم ئۇخلاش، كۈندۈزى كۆپ ئۇخلاش، پېشاپنى ئۇزاق تۇتۇش، توق قورساققا يەنە تاماق يېيىش، كېچىسى

سوغۇق سۇ ئىچىش ۋە ئارتۇقچە جىنسىي ئالاقە قىلىش».

ئادىمىزات كۆپ يېيىشنى ئەسلا ئادەت قىلماسلىقى كېرەككى، كۆپ يېيىش راستىنى ئېيتقاندا ھايۋانلارنىڭ ئادىتىدۇر، ھېكمەت قانۇن-قائىدىسى بويىچە نامەقبۇلدۇر. دېمەك، ئىنسان تاماق يېيىش جەريانىدا ناھايىتى ئېھتىيات قىلمىقى لازىم. ئىمكانقەدەر كەم يېيىشى، ئۇدۇل كەلگەن يەردە يەۋەرمەسلىكى، ھەقىقىي ئىشتىھا كەلگەن چاغدىلا غىزالىنىشى لازىم. ئەنە شۇنداق قىلغان كىشىلا تېۋىپقا ئەسلا موھتاج بولمايدۇ.

**- مۇھەممەد ئىبىن مۇھەممەد ئەل-جامىي**

ئىككى نەرسە كۆڭۈلنى بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدۇ: بىرى، تولا يېمەك، يەنە بىرى تولا ئۇخلىماق.

**- مۇھەممەد سىددىق رۇشدىي**

ئەبۇل ئەبباس شۇنداق دەر ئىدى: «ئاچلىقتىن تاقەتسىزلەنمىگۈنىمچە ئەسلا تائام يېمىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن تېۋىپقا زادىلا ئىشىم چۈشمىدى». فەرد:

تىبابەتتە شۇنداق يازغىنىن كۆردۈم:
ئاچلىق داۋا ئېرۇر بارچە ئىللەتكە!

**- مۇھەممەد ئىبىن مۇھەممەد ئەل-جامىي**

كۆپ يەيدىغان ئادەمنىڭ ساقلىقى كەم بولۇر.

كىمكى كۆپ يېيىشنى ئەيلىسە ئادەت،
ئىچىيۇ تېشىنى قاپلىغاي ئىللەت!

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

يېيىلىدىغان غىزالار تازا ۋە ساپ بولمىقى كېرەك. مەسىلەن، كېسەل تەگمىگەن تازا بۇغداي ۋە شۇ بۇغداي ئۇنىدىن قىلىنغان يېمەكلىكلەر؛ گۆش ساغلام ھايۋان گۆشىدىن بولۇشى ۋە ئۇ ياخشى پىشۇرۇلۇشى، شەربەتلەر مىزاجىغا ماس بولۇشى، ئۈزۈم ۋە ئەنجۈرگە ئوخشاش مېۋىلەر ئوبدان پىشقان بولۇشى لازىم.

كەمالىددىن ئىسمائىل بۇخارىينىڭ تىببىي كىتابىدا يېزىلىشىچە، كىشىنىڭ قارنى توق تۇرۇقلۇق ئالدىغا باشقا غىزا كەلتۈرۈلسە، ئۇنى ئەسلا يېمەسلىكى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىن نازۇك غىزالارنى، سۈت ۋە بېلىققا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇ چاغدا ئاشقازان ناھايىتى قىزىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كىرگەن نازۇك غىزالار قىزىپ كېتىپ تېز بۇزۇلىدۇ. ئاشقازىنىدا ئىسسىقلىق ئورناپ قالغان كىشىلەر سوغۇق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشى، مەسىلەن، غورا ئۈزۈم ياكى كاۋا يېيىشى كېرەك.

**- مۇھەممەد ئىبىن مۇھەممەد ئەل-جامىي**

كۆپ يېيىش ئاچ قالغاندىنمۇ زىيانلىق.
سۇ ئاز-ئازدىن ئىچىلسە پايدا قىلۇر.
ئازغا قانائەت قىلمىغان كۆپكە يېتەلمەس.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

يېمەكلىكلەرنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ يەۋېرىشكە بولمايدۇ، مەسىلەن، قېتىقنى غورا ئۈزۈم سۈيى (سىركە) بىلەن بىللە ئىچىشكە بولمايدۇ. ھەرقانداق غىزادىن كېيىن ئۆرۈك ۋە شاپتۇل يېيىشكە بولمايدۇ. غورا ئۈزۈم بىلەن بېلىقنى، سىركە بىلەن سامساقنى، يەنە پىياز، سامساق، قىچىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. ھەممە خىل مېۋىلەردىن كېيىن سوغۇق سۇ ئىچىشكە بولمايدۇ. ئۇلاردىن تاشقىرى ھەسەل بىلەن قوغۇننى، توخۇ گۆشى بىلەن بېلىقنى، سامساق، پەدىگەن، ئايران-قېتىقنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ يېيىشكە بولمايدۇ.

**- مۇھەممەد ئىبىن مۇھەممەد ئەل-جامىي**

گەرچە كىشىنىڭ تاپقان يېمىلىكى ھالال ۋە پاكىزە بولسىمۇ، ئۇلاردىن كۆپ يېسە، تۆۋەندىكىچە زەرەرلەر يۈز بېرىدۇ:

بىرىنچى، كۆپ يېيىشتىن ئادەمدە ئېزىلىش، ھەتتا ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ، كىشىنىڭ پىكرى بۇزۇلىدۇ. ھەكىملەرنىڭ ئېيتىشلىرىچە، مەيدە قازانغا ئوخشايدۇ ۋە ئۇ دائىم يۈرەك ئاستىدا جۇش ئۇرۇپ قايناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن چىققان ھارارەت ۋە ھور (بۇس) يۈرەككە تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭدا بۇزۇلۇش پەيدا قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، مېڭە گوياكى بىر ئۆي بولۇپ، ئەقىل بولسا ئۇنى يورۇتقۇچى چىراقتۇر. مەيدىدىن ھاسىل بولىدىغان ھور (بۇس) نىڭ كۈچى مېڭىگە بارغاندىن كېيىن، ئەقىل چىرىغىنىڭ نۇرىنى سۇسلاشتۇرىدۇ.

ئىككىنچى، ئادەم كۆپ يېيىشكە ئۆگەنگەنسېرى ئۇنىڭدا يېمەكلىككە بولغان ھېرىس ئېشىۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستاز ئەبۇجەئفەر: «ئاشقازان ئاجايىپ بىر ئەزادۇركى، ئاچ قويغانسېرى توقلۇقى ئاشىدۇ، تويدۇرغانسېرى ئاچلىقى ئارتىدۇ» دېگەنىدى.

ئۈچىنچى، كۆپ يېيىشتىن ۋەھىمە ۋە كېسەللىك كۆپىيىپ، كىشىنىڭ پەم-پاراستى ئاجىزلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: «كۆپ يېيىش زېرەكلىك ۋە دانالىقنى يوقىتىدۇ» دەيدۇرلەر. باشقا تائىپە تېۋىپلەر بولسا: «كۆپ يېيىش ئەقىلنى يامانلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىشتۇر» دېيىشىدۇ.

تۆتىنچى، كۆپ يېيىشتىن تەن ئېغىرلىشىدۇ، بەدەن سۇسلىشىدۇ، بۇنداق ھالەتتىن بولسا ئۇيقۇسىز قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا: «كۆپ يېدىڭمۇ، دېمەك ئۆزۈڭنى ئۆلگەن ھېسابلا» دېگەنىدى بەزى دانالار.

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

بىر نەرسە يېيىشتىن ئىلگىرى قولنى يۇيماق، ئېغىزنى چايقىماق لازىم. مايلىق قول بىلەن كىيىم-كېچەك ۋە دەستۇرخاننى بۇلغىماقتىن ئېھتىيات قىلماق كېرەك. ئۈچ تال بارماقتىن باشقىسىنى غىزاغا تىقماسلىق لازىم. ئېغىزنى يوغان ئېچىپ لوقمىنى چوڭ ئالماسلىق كېرەك. تاماقنى

تېز يۇتۇش ۋە ئېغىزدا ئۇزاق تۇرغۇزۇشمۇ ماقۇل كۆرۈلمەيدۇ. بارماقلارنى تائامدىن قولنى تارتماستىن ئىلگىرى يالىماسلىق كېرەك. دەستۇرخاندىكى ھەرخىل يېمەكلىكلەرگە قاراۋەرمەسلىك، ئۇلارنى پۇرىماسلىق ۋە چىشلەپ تېتىپ كۆرمەسلىك لازىم.

**- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

بىلگىنكى، ھەممە غىزالارنىڭ تۈرى يېيىلىش قائىدىسىگە قاراپ پايدا ياكى زەرەردىن خالىي بولمايدۇ. «ئەجايىبۇل مەخلۇقات» كىتابىدا يېزىلىشىچە، ئىللەت پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى كىشىلەرنىڭ ئۆز مىزاجىغا ياقمايدىغان يېمەكلىكلەرنى يېگەنلىكىدە ، ھەممە دورىلارنىڭ بېشى كىشىنىڭ ئۆز مىزاجىغا ياقىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشىدىدۇر. ئاز يېيىش ئارقىلىق داۋالىنىش ھەممە يېمەكلىكلەردىن ئەۋزەلدۇر.

**- مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل-جامىي**

غىزا يېيىلىشتىن ئىلگىرى بىرىنچى بولۇپ ئۆي ئىگىسى قولىنى يۇيىدۇ. غىزادىن كېيىن بولسا ھەممىدىن كېيىن يۇيىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇلكى، كېچىككەن ياكى تاسادىپىي كېلىپ قالغان كىشى بىلەن غىزالىنىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، تاكى يېڭى كەلگەن كىشى ئۇيىلىپ قالمىسۇن. ئەمما قولغا ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزى سۇ قۇيمىقى ۋە مېھمانلىرىغا ئۆزى خىزمەت قىلمىقى كېرەك.

**- مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد**

ئەقىل ۋە پەم شىرەسىنىڭ ساھىبلىرى ۋە ئەخلاق دەستۇرخېنىنىڭ لەززەتشۇناسلىرى شۇنداق ئېيتىدۇرلەركى، ئەگەر ئىككى دوست شىرە ياكى دەستۇرخان ئالدىدا ھەمراھ بولۇپ قالسا، ئادىمىيەت ۋە ئىنسانىيەت ئەخلاقىنىڭ تەقەززاسىغا كۆرە، غىزاغا بىر-بىرىدىن ئالدىن قول ئۇزىتىشقا ئالدىرىماي ئۆزئارا تەكلىپ ۋە ئىلتىپات يۈزىسىدىن يول تۇتۇشقاي. خۇددى ئىت ياكى توڭگۇزلارغا ۋە ياكى باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش ئۆزلىرىنى غىزاغا ئېتىشمىغاي. ياش جەھەتتىن كىچىكى يېشى چوڭى غىزاغا قول ئۇزاتمىغۇنچە سەبىر قىلمىقى لازىمكى ، بۇ زۆرۈر ئەخلاق قائىدىلىرىدىن سانىلۇر.

**- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

غىزانى ئاز-ئازدىن ئېلىش، ئېغىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چايناش، غىزا بىلەن بىللە قولنىمۇ ئېغىزغا تىقماسلىق كېرەك. ئېغىزدىكى غىزانى ياخشىلاپ چايناپ يۇتقاندىن كېيىنلا باشقا لوقما ئۈچۈن قول ئۇزىتىلغاي. غىزا پەقەت ئۆزىنىڭ ئالدىدىكىدىنلا ئېلىنىدۇ. تائام يېيىلىۋاتقان چاغدا كىشى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇشى، باشقىلارنىڭ تاماق يېيىشىگە قارىماسلىقى لازىم، ئەگەر ئۇنداق قىلىنمىسا غىزالىنىۋاتقانلار خىجىل بولۇپ قالىدۇ. غىزانى ئىسسىق پېتى يېمەسلىك ۋە پۈۋلىمەسلىك كېرەك. چۈنكى پۈۋلىگەندە ئېغىزدىن تۈكۈرۈك چاچراپ غىزاغا چۈشۈشى مۇمكىن. تائام يېيىش ئەسناسىدا ياخشى كىشىلەر ۋە ياخشى ئىشلار توغرىسىدا سۆز بولۇنغاي.

**- مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد**

قول بىلەن تاماق يېيىلىۋاتقاندا چەپ قول تاماق ئېلىنىۋاتقان ئوڭ قولنىڭ تېگىگە تۇتۇلۇپ، دان ياكى ياغنىڭ يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىشى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان نەرسە ياكى ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ قىلىنماسلىقى لازىم. قاچىدا ئاش ئىچىلىۋاتقاندا شالاپشىغان ئاۋاز چىقىرىلماسلىقى، لېگەن ئاستىغا نان قويۇلماسلىقى شەرت.

**- مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد**

مېۋىلەرنى يېيىشتىن ئاۋۋال يۇيۇش كېرەك. چۈنكى كۆپلىگەن جانىۋارلار مېۋىلەرنىڭ ئۈستىگە قونغان بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۈزۈمنى شۇنداق قىلىش كۆپرەك تەكىتلىنىدۇ. يۇيۇپ يېمەسلىك بەزىدە ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. غىزالانغاندىن كېيىن قول ۋە ئېغىزنى يۇيۇپ تازىلىماق كېرەك. ئېغىز ۋە قوللار ئۇشنان( سوپۇن دەرىخىنىڭ يىلتىزى) بىلەن يۇيۇلسا، ئۇنى خۇشبۇي ۋە يۇمشاق قىلىدۇ ھەمدە بارماقلاردا قۇۋۋەت پەيدا قىلىدۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭ قائىدىسى شۇنداقكى، ئۇ غىزادىن ئاۋۋال ھەممىنىڭ ئالدىدا قولىنى يۇيىدۇ، غىزادىن كېيىن ھەممىنىڭ كەينىدە يۇيىدۇ. ئولتۇرۇش -زىياپەتلەردە قولغا سۇ بېرىشنى كەينىگە سوزۇپ، مېھمانلارنى مۇنتەزىر قىلماسلىق زۆرۈر. سۇدىن قولنى تېز تارتىش كېرەككى، باشقىلارغا نۆۋەت تېزرەك كەلگەي. قولنى كىيىمگە ئېرتىشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ پاسكىنىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. ئەگەر لۆڭگە بولمىسا ، قولنى يۈزگە ياكى ساقالغا سۈرسە بولىدۇ.

**- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

دەستۇرخاندا ئولتۇرۇشتا ئەۋۋەلا دانا ۋە ئالىم كىشىلەر ئەڭ يۇقىرىغا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. سوڭ يېشى، ئىلمى جەھەتتىن يۇقىرىغا ئولتۇرغۇزۇلغان كىشىلەرگە يېقىنراق كىشىلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىدىكى كىشىلەر يۇقىرىغا ئۆتۈپ قالغان بولسا، يېشى ۋە ئىلمى تەرەپتىن ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىلەرنى كۆرگەندە ئورۇن بوشىتىپ، ئۇلارنى يۇقىرىغا چىقىرىش كېرەك.

**- مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد**

ئەمدى سۇ ئىچىش توغرىسىدا بىر نەچچە ئېغىز سۆز. تېۋىبلەرنىڭ ئېيتىشىچە، چاقچۇق قاچىلاردا سۇ ئىچمەك باشقا خىلدىكى قاچىلاردا سۇ ئىچمەككە قارىغاندا ياخشىراقتۇر. كۆپچىلىك ئارىسىدا قاچىدىكى سۇنى پۈۋلەپ - پۇرقۇماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلىش باشقىلارنىڭ كەيپىنى بۇزۇشى مۇمكىن. سۇنى ئېرىقتىن يېتىپ ئىچمەي، بەلكى قول بىلەن ئوچۇملاپ ئىچىش كېرەك. سۇنى ئاز-ئازدىن ئالدىرىماي ئىچكەن تۈزۈك. سۇنى دەم

www.uyghurkitap.com

ئالماي شۇمۇرۇپ ئىچىش جىگەركېسىلىگە سەۋەب بولىدۇ. ياخشى كىشىلەرنىڭ يېقىملىق خۇلقلىرىدىن بىرى شۇكى، كوزا ياكى قاچىدا سۇ ئىچىشتىن ئاۋۋال يۈزىگە قولىنى سۈرتۈۋالىدۇ. بۇنداق قىلغاندا يۈزىدە تەر تامچىسى بولسا، كوزا ياكى قاچىدىكى سۇغا چۈشمەيدۇ. ئەگەر قاچىغا ئېغىزدىن سۇ تامچىسى چۈشسە، ئۆزگىلەرنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ. ھېكمەتلەردە ئېيتىلىشىچە، سوغۇق سۇ كۆپلىگەن كېسەللىكلەرنى ۋە تەندىكى ئىسسىقلىقنى يوقىتىدۇ. ئەگەر كىشىدە غەزەپ پەيدا بولسا، بىر-ئىككى يۇتۇم سۇ ئىچىۋەتسە غەزىپى ئۆچىدۇ.

- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

ئەگەر دەستۇرخاندا ئىسسىق تاماق قويۇلغان بولۇپ ئاز بولسا، ئۇنىڭغا ھېرىس بىلەن تاشلانماسلىق كېرەك، ئەكسىچە ئۇنى ئىلتىپات يۈزىسىدىن باشقىلارغا ئۆتۈنمەك لازىم. غىزا يېيىلىۋاتقان چاغدا ھەركىم ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېگەي، شېرىكىنىڭ لوقما ئېلىشىغا قارىمىغاي. يىراق يەل-يېمىش بولسا باشقا جايدىن تاللاپ ئېلىشقا بولۇر.

ئېغىزغا سېلىنغان غىزادا سۆڭەك ياكى بىرەر نامۇناسىپ نەرسە بولسا، ئېغىزدىن ئېلىپ دەستۇرخانغا قويۇلمىسۇن. مەسىلەن، ئېغىزدا سۆڭەك بولسا باشقىلارغا كۆرسەتمەي ئاستاغىنە ئۇقۇۋالسۇن. دەستۇرخاندا ئۆزگىلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى بۇزۇدىغان ۋە نەپرىتىنى كەلتۈرۈدىغان قىلىقلارنى قىلىپ قويۇشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىنغاي. ئېغىزدىن قايتۇرۇپ ئېلىنغان نەرسە قايتىدىن قاچا-تاۋاقلارغا سېلىنمىغاي. شۇنداق يول تۇتۇلسۇنكى، ئۆزىدىن ئاشقان تاماقنى تەۋەررۇك سۈپىتىدە يېگۈچى ئۆزگە كىشىلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغاتمىغاي.

كىشى مېھمان بولسا، قولىنى مېزباندىن ئىلگىرى ئېرتىشقا ھەرىكەت قىلسۇن. كۆپچىلىك غىزادىن قول تارتسا، ئۇ ھەم كۆپچىلىككە ئەگەشسۇن، گەرچە ئۆزى ئاچ بولسىمۇ. ئەگەر ئۆزى مېزبان بولسا، مېھمانلار غىزادىن قول تارتقاندىمۇ ئالدىراپ قول تارتمىغاي، چۈنكى مېھمانلاردىن بىرەرسىدە يېيىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئىستىكى بولسا، ئۇيىلىپ قالمىسۇن.

تاماق يەۋېتىپ سۇ-چاي ئىچكىنى كەلسە، ئۇنى ئاۋاز چىقارماي ئاستاغىنە ئىچكەي، تاكى باشقىلار ئۇنىڭ سۇ-چاي ئىچكەندىكى ئاۋازىنى ئىشىتمىسۇن. كىشىلەر تاماق يەۋاتقاندا چىشلىرىنى كولىمىغاي. چىشتىن چىققان نەرسە شۇنداق يەرگە تاشلانسۇنكى، ئادەملەرنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدىغان بولمىسۇن. قول يۇيۇشتا قولنى ۋە چىش ئاراچىلىرىنى تازىلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىنسۇن.

- «خۇلاسەتۇل ھۆكەما»دىن

«خۇلاسە» كىتابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، غىزانى ئەسلا ھەدىلىماسلىق، غىزائارىسىدا سۇ-چاي ئىچمەسلىك لازىم. ئەگەر ئىچمىشكە توغرا كەلسە پىيالە ياكى قاچىنى مايلىق قول بىلەن بۇلغىماسلىققا دىققەت قىلىش كېرەك.

- مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد

ئەخلاق نېمىتىنىڭ لەززىتىدىن بەھرىدار بولغان كىشىلەر ئېيتۇرلەر: چاقىرىلمىغان يەرگە قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن بارماق - بۇ شۇنداق قۇدرەتلىك سەلدۇركى، بۇ سەل ئابروي ۋە ئىززەت نېگىزىنى ۋە يىلتىزىنى پۈتۈنلەي قومۇرۇپ تاشلىغۇسى ياكى ئۇ شۇنداق يانغىندۇركى، ئۇنىڭ يوق قىلغۇچى چاقمىقى ئىززەت ۋە ھۆرمەت خامىنىنى ياندۇرۇپ تۈگەتكۈسى.

- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

تاماق يەپ بولۇپ كەينىدىن شېرىنلىك يېمەك، مەسىلەن، قەنت، بال يېمەك پايدىلىقتۇر.

- مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد

بۈگۈن يەيدىغان نەرسىسى بولمىغان بىر كىشى سېنىڭدىن نېسىگە نان ئالسا، ئۇنىڭغا رەھىم قىل، ئەمما گۆشنى نېسىگە ئالغان ئادەمگە شەپقەت قىلما. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى راست بىچارە، ئىككىنچىسى بولسا، نەپسى بالا بەندىسىدۇر.

ئۆزىنىڭ كېسىلىنى تېۋىپتىن يوشۇرغان كىشى ئۆزىگە ئۆزى خىيانەت قىلغان بولۇر.

بىمارنىڭ دەردى كېچىسى زورىيىدۇ:

كېچە ئۇزۇن، ئاي پاتماس،
دەردلىكنىڭ تېڭى ئاتماس.

- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

**ھېكايەت.** بىر تېۋىب بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «مەن سىلىگە ئۈچ نەرسە ئېلىپ كەلدىمكى، ئۇلار سىلىدىن باشقا كىشىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ» دېدى. «ئۇلار نېمىلەر ؟» دەپ سورىدى ئۇلۇغ كىشى. تېۋىب بايان قىلىپ دېدى: «بىرىنچىسى، چاچنى بويايدىغان بوياق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چاچلىرىنى بىر قېتىم بويىسىلا، ئۆمۈرلىرى ئاخىرىغىچە ئىككىنچىلەپ ئاقارمايدۇ؛ ئىككىنچىسى، ھەزىم دورىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىستېمال قىلسىلا، ھەرقانداق يىرىك ۋە قاتتىق يېمەكلىكلەرنىمۇ بىردەمدىلا تالقانلىۋېتىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، شۇنداق بىر دورىكى، ئۇنىڭدىن ئىستېمال قىلىدىغان بولسىلا، يىگىتلىك دەۋرلىرىگە قايتىدىلا ۋە گۈزەللەر بىلەن خالىغانلىرىچە ئەيش - ئىشرەتتە بولۇشلىرى مۇمكىن!» تېۋىبنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ زات ئۇنىڭغا دېدى: «سەن ئېلىپ كەلگەن چاچ بويىقى ئالدام خورۇچى، مەغرۇرلۇق نىشانىسى. قېرىغاندا ياشلارنىڭ قىلىقىنى قىلىش ئادەمگە ياراشمايدۇ، قېرى كىشىگە ئاقارغان چاچمۇ زىننەتتۇر. مەن ئاق چاچلىرىمنى قارا زۇلمەتكە تېگىشمەيمەن. سەن ئېيتقان ھەزىم دورىسىغا كەلسەك، مەن كۆرۈنگەنلا يېمەكلىكنى بولۇشىغا يەۋېرىدىغانلاردىن ئەمەسمەن. مېنىڭ شوئارىم ئاز

يېمەكتۇر. يېگەندىمۇ سەن ئېيتقاندەك كۆرۈنگەنلا نەرسىنى ئىلغىماي يەۋەرمەستىن، ئاشقازىنىم ھەزمى كۆتۈرەلەيدىغان نەرسىلەرنى يەيمەن. ئۈچىنچى دوراڭغا كەلسەك، بۇنداق دورا ھايۋ ھەۋەسكە بېرىلگەن ئەخمەق ئادەملەرگە كېرەك. ئۆزىنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، كۈن بويى خوتۇنلار ئالدىدا خۇشامەتچىلىك قىلىپ ئولتۇرىدىغان كىشى بەختسىز كىشىدۇر».

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

تازىلىقتىن قاچقان كىشى كېسەللىك توزىقىغا ئىلىنىدۇ.

دوراڭغا خۇش بولۇپ زەھەر ئىچمە.

**- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

ئالىملاردىن نىزامىددىن دەيدۇ: «مۇنۇ نەرسىلەر يېقىمسىز، خۇنۇك ۋە ناراۋادۇر: ئۆزگىلەرنى مەسخىرىلەش، كۆپ كۈلۈش، ئاچچىق نەرسىلەرنى كۆپ يېيىش، مېۋىلىرى پىشىپ تۇرغان دەرەخ تېگىدە يېتىش ياكى ئۇنىڭ ئاستىغا ھاجەت قىلىش، چاچ-ساقاللىرىنى باشقا كىشىلەر تارىقى بىلەن تاراش، قازانغا قول تىقىپ غىزا يېيىش، جامائەت ئالدىدا تۈكۈرۈش، چاشقان يېگەن نەرسىنى يېيىش، بازاردا كۆپچىلىكنىڭ كۆزى چۈشۈپ تۇرغان يەردە تاماق يېيىش، گورىستاندا ئولتۇرۇپ غىزالىنىش ۋە ئۇ يەردە قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلۈش».

**- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

## ئۆيلىنىش، ئەر-خوتۇنچىلىق، ياخشى ۋە يامان ئاياللار توغرىسىدا

يىگىتنى بالاغەت يېشىغا يەتكەن زامان ئۆيلەندۈرۈپ قويۇش زۆرۈر. شۇنىڭدا ئۇ زىنا قىلىش پېيىگە چۈشمەيدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ نومۇسلۇق قىز-جۇۋانلىرىغا يامان كۆز بىلەن قارىمايدۇ.

**- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

ھېكمەت. خوتۇنسىز ئۆي - جانسىز تەن. قايسى ئۆيدە خوتۇن بولمىسا، چىرىغى يوق بەزمىگە ئوخشايدۇ. ھەكىملەرنىڭ ئېيتىشلىرىچە، خوتۇنى يوق ئەركەك تۇترۇقسىز يەڭگىل نەرسىگە ئوخشايدۇ. بۇنداق ئەرنىڭ ھېچ يەردە تۇرالغۇسى بولمايدۇ. ھايات گۈلدەستىلىرىنى باغلاپ تۇرغۇچى شىرازە ۋە ھايا چەمەننى ياشنىتىپ تۇرغۇچى گۈل ئايالدۇر.

مەسنەۋىي:

كىشى ئۆيلەنسەيۇ، بولسا بالا-چاقىسى،
مەنەنلىكۇ-كىبىر كېتەر بارچىسى.
جەننەت مىسال ئاباد بولغۇسى خانە،
خوتۇن ئەركەك ئۈچۈن بولسا ھەمخانە.
بويتاقلىق شەرەپمەس، بەلكى ئەبلەخلىق،
بويتاقنىڭ ھاياتى بېرەر گۇۋاھلىق!

**- مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار**

شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار مۇھەببەت بوستانىنى ئارىلاپ، ئۆيلىنىشكە قەدەم قويمايدۇ ۋە بۇ پەيز بېغىنىڭ گۈلزارىدىن گۈللەر ئۈزمەيدۇ، ئەكسىچە دائىما غەم ئۆيىدە ئۆزلىرى يالغۇز-تەنھا ئولتۇرىدۇ. بەزىبىر كەم ئەقىل ۋە بۇرنىنىڭ ئۈچىنىلا كۆرىدىغان كىشىلەر بولسا، پۇلۇم يېتىشمەيدۇ، دەپ ياكى خوتۇن ئالسا ئەپلەپ باقالماسلىقتىن ئەنسىرەپ گۈزەل ۋە بەختىيار ئائىلە ۋىسالىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئەمما مەلۇمكى، ئۆيلىنىش يولىدا ۋە ئۇنىڭ سەرپۇ خەرجى يولىدا قانچىلىك نەرسە ئىشلىتىلسۇن، كېيىنچىلىك بۇلار تولدۇرۇۋېلىنىدۇ. ئەمما بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈشتە تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلماق كېرەك: شۇنداق قىزغا ئەلچى كىرگۈزۈلسۇنكى، بۇ قىزنىڭ مېھرى ئىسسىق، يۈزىدىن ئالىيجانابلىق ۋە ئىپپەت نامايان بولسۇن، پاكلىق ۋە پاكىزلىق پەردىسى ئارقىسىدا تەربىيىلەنگەن، چىرايلىق ئىش ۋە ئادەتلەرگە ئۆگىتىلگەن بولسۇن! بۇنداق قىز ئەڭ ياخشى تارتۇق بولۇپ، ياشلىق ۋە ھايات دەستۇرخىنىنىڭ لەززىتىنى مول قىلىدۇ.

**- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

ھېكمەت. دىلى بۇزۇق، باشقىلارنىڭ پاك ۋە ئىپپەتلىك قىز-جۇۋانلىرىغا يامان كۆز بىلەن قارايدىغان ناپاك كىشىلەر چىندىن رەزىل ۋە ئىپلاس كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرى بىلەن گۇناھ پاتقىقىغا پاتقۇسى

**- مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار**

مەخپىي قالمىغايكىم، پەرھىزكارلىق ۋەرەقلىرىنى بىر-بىرىگە چېتىپ تۇرغۇچى شىرازەنىڭ تايانچى - بۇ ئۆيلىنىش ۋە پاكىزە ئاياللارغا ئەلچى قويۇشتۇر. پاكىزە ئاياللارغا مۇھەببەت قويۇش ۋە ئۆيلىنىش ئادەمنىڭ كۆڭۈل چىرىغىنىڭ روشەن بولۇشىغا، كىشىلەرنىڭ ھايات لەززىتىدىن بەھرىلىنىشىگە ۋە تاناسىل ئەزالىرىنىڭ ساغلاملىقىغا سەۋەب بولۇر.

**- بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد**

تەجرىبىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، چىرايلىق خۇلقىغا ئىگە ئاياللارنىڭ ئەرلىرىمۇ شۇنداق خۇلققا ئىگە بولۇر ئىكەن. ئەكسىچە يامان خۇلقلۇق ئاياللارنىڭ ئەرلىرىمۇ يامان خۇلققا ئىگە بولۇپ، ئۇلاردا ياۋۇزلۇق ئىللەتلىرى پەيدا بولۇپ، باشقىلار بىلەنمۇ قوپال مۇئامىلىدە بولۇر ئىكەن.

ئائىلىۋى مەسىلىلەردە ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق ۋە كېڭىشىپ ئىش كۆرۈش بولمىسا، بۇنداق ئائىلە ئازاب ۋە مۇشەققەت ئۇۋىسىغا ئايلىنۇر. بۇنداق ئائىلىدىن لەززەت كېتەر، راھەت يوقىلۇر، بالىلارنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلۇر، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە دۈشمەنلىك پەيدا بولۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىلەردە ئۇرۇش-جاڭجال چىقماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئالماق ئاياللىرىمىزنىڭ

ۋەزىپىسىدۇر.

ئەر بىلەن مۇرەسسە ۋە مادارىدا ياشىماق ئۇچۇن ئاياللىرىمىز تۆۋەندىكى ئىككى ئىشقا ئەمەل قىلمىقى زۆرۈر: بىرىنچى، ئەرنىڭ تەبىئىتى، مىزاجى ۋە خۇلقىنى بىلمىكى ھەم شۇنىڭغا قاراپ مۇئامىلە قىلمىقى، مەسىلەن، ئەر نېمىدىن كۆپرەك خۇرسەن بولسا، شۇ ئىشنى قىلماقتا ئۇرۇنمىقى، قانداق نەرسە غەشىنى كەلتۇرسە، ئۇنى قىلماسلىقى لازىم. ئەرنىڭ ئادىتىنى بىلمەك ۋە شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئىش قىلماق ئىناقلىقنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر؛ ئىككىنچى، ۋاپادار، ساداقەتلىك ۋە ئىش بىلەرمەن ئاياللار توغرىسىدىكى ھېكايە، شېئىر ۋە داستانلارنى كۆپ ئوقۇماق، يامان، خۇلقسىز ۋە ھاياسىز ئاياللارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىكى ۋەقەلەردىن ئىبرەت ئالماق ھەم تېگىشلىك خۇلاسىلەر چىقارماقنى بىلمىكى كېرەك.

ـ ئالىمەتۇل بەنات

ئەڭ ياخشى ئاياللار شۇنداق ئاياللاركى، ئۇلار كۆپ پەرزەنت تۇغۇپ بېرەر، ئەر بىلەن مۇرەسسە قىلىپ ياشار، ئەرنىڭ كۆچى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلماس، ئەر نېمىنى سوۋغا قىلسا، شۈكۈر چېھرىسىنى ئېچىپ، ئۇنى خۇشھال قىلار. ئۇلار ھەمىشە ئەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئىنتىلۇر. ئەرنىڭ مۇھەببەت قۇشىنى تەبەسسۇم دامى بىلەن ئوۋلار. ئەدەب ۋە ھايا يۇزىسىدىن ئەرنىڭ ھوزۇرى گۇلزارىدا بىھۇدە سەير قىلىۋەرمەس. ئەرنىڭ تاپقىنىنى چاچماسلىقتا ۋە سىرلىرىنى ئاچماسلىقتا ھەرىكەت قىلۇر. ئەگەر كىشىگە بەخت مەدەتكار بولۇپ، ھەرتەرەپلىمە كامالەتكە يەتكەن شۇنداق خوتۇنغا ئېرىشەلىسە، ئۇ ئادەم ئۇنداق خوتۇننى بېشىدىكى گۆھەر تاج دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان چەمەنزاردەملىرىنى غەنىيمەت بىلگەي. چۈنكى ھېچقانداق خېرىدار بۇنداق قىممەتباھا نېمەتنى دەۋران بازىرىدىن غەيرەت دەللالىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ھېچقاچان قولغا كىرگۈزەلمەس.

ـ بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

ئاقىلە خوتۇن ئۆز ئېرىنىڭ ھەققىي يارىدەمچىسىدۇر. بۇنداق خوتۇن ئۆز ئېرىنىڭ سۆزلىرىنى ھېچ ۋاقىت يەردە قالدۇرماس ۋە مەنسىتمەيدىغان ئىشلارنى قىلماس. ئۇنى ھەربىر ئىشتا قوللاپ-قۇۋۋەتلەر. ئەمما ئاقىلە خوتۇن ئەرگە ئىتائەت قىلمىقى لازىم ئىكەن دەپلا، ئەر باشلىغان ھەر قانداق قەبىھ يوللارغا يۈرۈۋەرمەس، ئەكسىچە ئۆز ئېرىنى يامان ۋە جىنايەتكە ئېلىپ بارىدىغان يوللاردىن قايتۇرۇر.

بەدخۇلق ۋە تېتىقسىز ئەرگە ئۇچرىغان ئايالنىڭ تۇپكى ۋەزىپىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ باركۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئېرىگە ئۇنىڭ ناتوغرا يولدىن كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۇرۇشى، ئۇنىڭغا ۋەز-نەسىھەت قىلمىقى لازىم. ئەگەر ھەممە چارە-تەدبىرلەرنى ئىشقا سالسىمۇ كار قىلماي ئېرىنىڭ تۈزىلىشىگە ئىشەنچى قالمىسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ، چىرايلىقچە قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىگەي.

ـ ئالىمەتۇل بەنات

بىلگىنكى، بىلىملىك، ھايالىق ۋە ۋىجدانلىق ئائىلىدە تەربىيە تاپقان باكىرە قىزلار ھايا ۋە ئىپپەت، مېھىر ۋە مۇھەببەت ئىگىلىرى بولۇپ، ئۇلار بىلەن قۇرۇلغان ئائىلە تاتلىق ۋە تىنچ بولۇر.

ـ بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

ئەر بىلەن تىنچ- ئىناق ياشاشنىڭ يەنە بەزى مۇھىم شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەر: ئايال كىشى ئەرنى ئۆزىگە رام قىلماق ئۇچۇن ھەمىشە ئۆزىنىڭ بەدىنىنى تازا-ئازادە تۇتۇشى، لىباسلىرىنى دائىم پاكىز تۇتۇشى، چاچلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، چىرايلىق يۈرۈشى لازىم. شۇ يەردە بىر ئەرەب ئايالىنىڭ ئۆز قىزىنى كۇيەۋگە ئۇزىتىۋېتىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى كەلتۇرۇپ ئۆتۇش پايدىلىقتۇر. ئۇ، قىزىغا شۇنداق نەسىھەت قىلغانىكەن:

ـ ئەي قىزىم! سەن ئۆزۈڭ ئۆسۈپ چوڭ بولغان، ئۆگەنگەن ئۆيۈڭدىن كېتىپ، ناتونۇش بىر ئائىلىگە كېتىۋاتىسەن، سەن بولغۇسى كۆيەۋىڭنىڭ خۇي-پەيلىنى بىلمەيسەن. شۇڭا سەن ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق مۇئامىلە يولىنى تۇت: سەن يەر بول، ئۇ ئاسمان بولىدۇ. دېمەك، سەن ئۇنىڭ ئالدىدا يەر كەبى كەمتەرىن بولساڭ، ئۇ ئاسمان كەبى ئالىيجاناب بولىدۇ. ئاسمان شىپالىق يامغۇرى بىلەن يەرنى كۆكەرتكىنىگە ئوخشاش، ئۇمۇ ئۆز مېھرۇ شەپقىتى بىلەن سېنى مەمنۇن قىلىدۇ. يەنە سەن ئۇنىڭغا تۆشەك بولساڭ، ئۇ ساڭا ياستۇق بولىدۇ ياكى سەن ئۇنىڭغا كېنىزەك بولساڭ، ئۇ ساڭا قول بولىدۇ.

قىزىم! كۆيەۋىڭدىن ئۇنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ياكى سېتىۋېلىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلما. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ ئوتتۇرىدىكى ئىناقلىق بۇزۇلۇپ، جېدەل-جاڭجاللار يۈز بېرىدۇ. ئۆزۈڭگە خۇشبۇي نەرسىلەر بىلەن زىننەت بېرىپ، يېقىمسىز ھىدلاردىن ساقلان. پاكىزلىق دائىما يولدىشىڭ بولسۇن. ئاچچىق ۋە ياپتا گەپلەر قىلىشتىن نېرى بول، ئېرىڭ سېنىڭدىن ھەمىشە يۇمشاق ۋە تاتلىق گەپلەرنىلا ئىشىتسۇن. ياراشمىغان، ئەسكى كىيىملەرنى كىيىپ ياكى چاچلىرىڭنى تەرتىپكە سالمىغان ھالدا ئۇنىڭغا كۆرۈنمە!

ئەرەب ئايىلى ئۇشبۇ سۆزلەر بىلەن قىزىنى كۆيەۋگە ئۇزاتقانىكەن.

ـ ئالىمەتۇل بەنات

ھېكمەت. ئەڭ ياخشى خوتۇن شۇنداق خوتۇنكى، ئۇ ھايالىق ۋە نومۇسلۇق بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئائىلىدە مول-كۆلچىلىك ۋە بەرىكىنىڭ

سەۋەبچىسى بولىدۇ.

- مۇئىنىددىن جوۋەينى

ئەقىللىق ۋە ئەس - ھوشلۇق ئايال ئۆز ئېرىنىڭ غەزەپ ئىتتىغا مىنگىنىنى كۆرسە سەبر قىلىدۇ، ئۇنىڭ غەزىپىنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىشىغا يول قويمايدۇ. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئېرى پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ناتوغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىر ئەرەب ئالىمى ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا خىتابەن تۆۋەندىكىلەرنى يازغانىكەن:

غەزەپ قىلىپ ساڭا، قەھرىمنى چاچسام،
كەچۈرگىن مېنى سەن، سۆيىمەن سېنى.
تۇتالماسمەن ئۆزۈمنى جەھلىم كەلگەندە،
ئەقلىم كېتىپ يامان قىينايدۇ مېنى.

ئەقىللىق ئايال ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى ئۆزىنىڭ تەبەسسۇمى ۋە چىرايلىق مۇئامىلىسى بىلەن يۇمشىتىدۇ. ئائىلىدە بولۇنغان ھەر خىل گەپ-سۆزلەرنى ئۇدۇل كەلگەن يەرلەردە سۆزلەپ يۈرمەيدۇ. ئېرى ئۈستىدىن ھېچكىمگە ، ھەتتا ئاتا-ئانىسىغىمۇ شىكايەت قىلمايدۇ. مانا شۇنداق پەزىلەتكە ئىگە بولغان ئايالغا ئۆيلەنگەن ئەركەك ھەقىقىي بەختىيار ئەركەك سانىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر شائىر شۇنداق پەزىلەتلىك ئايال توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازغانىكەن:

كىشىنىڭ بولسا گەر ياخشى ئايالى،
دېمە خوتۇن، دېگىل ئەرنىڭ كامالى.
ئەگەر ئۇل بىھۇدە سۆزنى دېمىسە،
شېرىن لەۋزى بىرلە ئەرنى شاد ئەتسە.
ئەگەر ئون يىل ئۆيدە بولمىسا گەر ئۇن،
ئۇنى چىقماس ئېيتارغا ئۇنىڭ بىر كۈن.
قولۇڭغا چۈشسە بۇنداق نازىنىن بىر گۈل،
دېگىل: ئۆمرۈم بويى مەن بولاي بىر قۇل!

ھەر بىر ئاتا-ئانا ئۆز قىزلىرىنىڭ كېلەچەكتە بەختىيار بولمىقىنى ئىستىسە، ئۇلارنى كىچىكلىكىدىن تەربىيەت قىلماقلىرى، قىز دىلىنى ئىلىم-مەرىپەت نۇرى بىلەن يورۇتماقلىرى زۆرۈر.

- ئالىمەتۇل بەنات

ئېرىگە تىكىلىپ سۆزلىمىگەن خوتۇن - خوتۇنلارنىڭ ئېسىلىدۇر.

ياخشى خوتۇن ئەرنى ياشارتىدۇ.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

خوتۇنلارغا خاس بولغان ئەڭ گۈزەل ۋە قەدىرلىك بېزەك ئىپپەتتۇر. ئىپپىتى يوق ئايال نۇرسىز، يالىڭاچ بىر گەۋدىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىپپىتىنى ساقلاشقا تىرىشمىغان ئايال ھېچقاچان مۇھەببەت ۋە ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولالماس.

ئاچا-سىڭىللىرىم! سىزلەر ئۈچۈن ئەڭ زور بايلىق ۋە ئەڭ ئۇلۇغ مەرتىۋە، ئەڭ بۈيۈك پەزىلەت ئىپپەتلىك بولۇشتۇر. ئىپپەتلىك ئايال گەرچە كەمبەغەل بولسىمۇ، بىراق مەنىۋى جەھەتتىن بەدۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ئىپپەتسىز ئاياللار ھەرقانچە بەدۆۋلەت بولسىمۇ، كىشىلەر نەزەرىدە پەقىر ۋە ھۆرمەتسىز سانىلىدۇ. بويۇنغا تاقالغان مارجانلار، باش ۋە كۆكرەككە قادالغان گۆھەرلەر، ساندۇق تولغان پۇل-پۇچەكلەر بىلەنمۇ ئىپپەتنى سېتىۋالغىلى بولماس. ئىپپەت شۇنداق زور بايلىقكى، ئۇنىڭ ئەسلا باھاسى يوق. خوتۇن-قىزلار گۈزەل ۋە چىرايلىقلىقىغا ، پۇل-ماللىرىغا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىدىكى ئىپپىتى بىلەن قۇۋانماقلىرى لازىم.

ئىپپەتنىڭ نەقەدەر بۈيۈك پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلمەك ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرىدىغان ۋە ئاجرالماس بىر بۆلۈكى بولغان خىسلەتلەر بىلەن تونۇشماق زۆرۈر. ھەكىملەرنىڭ يېزىشلىرىچە ، ئىپپەتتە ئون بۆلەك بار: ھايا، سەبر، تېمىلىش، پاكلىق، قانائەت، ئېغىر - بېسىقلىق، ئۇچۇق يۈزلۈكلۈك، ئىخلاس، تەرتىپ، ساخاۋەت.

- ئالىمەتۇل بەنات

خوتۇننىڭ ئىپپىتى - ئەرنىڭ ئىززىتى:

ۋاپالىق خوتۇننىڭ باھاسى يوقتۇر،
ۋاپاسىز بولسا گەر كۆزىگە ئوقتۇر!

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

## سىر ساقلىماق ۋە تىلنى تىيماق توغرىسىدا

ئەفلاتون ھەكىم ئېيتۇر:

- دۇنيادا ئەڭ ئاجىز ۋە بىچارە ئادەم ئۆز سىرىنى يوشۇرالمايدىغان كىشىدۇر. ئەگەر كىشى ئۆز سىرىنى يوشۇرالمىسا ، ھەرقانداق دوست ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەس!

- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ئەزىزىم، ھەرقانداق ئادەمگە ئىشىنىپ سىرىڭنى ئېيتما، ھەرقانداق دۈشمەنگە زۇلمىڭنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمە. چۈنكى دۈشمەننىڭ دوستقا، دوستۇڭ بولسا دۈشمەنگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

- خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ قەلبى - سىرلار خەزىنىسى:

ئەي مەجلىستە ئولتۇرغان كىشى،
بۇندىكى سۆز ساڭا ئامانەت.
مەجلىس سىرىن ئىفشا ئەيلىسەڭ،
ئامانەتكە بولۇر خىيانەت!

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھەكىم سەنائىي ئېيتۇر:

- كىشى ئۆزىنىڭ سىرىنى بەش خىل كىشىلەرگە ئېيتماسلىقى كېرەك: بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ھىيلە-مىكىرلىك ئايال، ئىككىنچىسى، بالاغەتكە يەتمىگەن بالا، ئۈچىنچىسى، تەنتەك، تۆتىنچىسى، بىراۋغا قارام كىشى، بەشىنچىسى، سىنالمىغان دوست.

يەڭگىلتەك ۋە مىكىر ساھىبەسى بولمىش ئايالغا

www.uyghurkitap.com

سىر ئېيتقان كىشىنىڭ ئىشى گويا ئوتقا پاختا تاشلاپ، ئۇنىڭغا: «كۆيمە!» دەپ بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. بالىلارغا سىر ئېيتقان كىشىنىڭ ئىشى بولسا سۇغا كوزا تاشلاپ، ئۇنىڭغا: «چۆكمە!» دەپ بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. تەنتەككە سىر ئېيتقان كىشىنىڭ ئىشى خۇددى مۈشۈككە گۆش تاشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا: «يېمە!» دەپ بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. بىرەر تاسادىپ تۈپەيلى بىركىمگە قارام ۋە بېقىندا بولۇپ قالغان كىشىگە سىر ئېيتقان كىشىنىڭ ئىشى گويا ئىت ئالدىغا سۆڭەك تاشلاپ، ئۇنىڭغا: «غاجىلىما!» دەپ بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. سىنالمىغان دوستقا سىر ئېيتقان كىشىنىڭ ئىشى دەل ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ، دوستىغا خىتاب قىلغان ھالدا: «مېنى غەرق بولۇشتىن قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ داد سالغان كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ.

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

بىر پادىشاھ رىكابدارلىق ۋەزىپىسىنى بېجىرگۈچى مۇلازىمىغا قاراپ: «بىر سىرىم بار، ئەيىانلىرىمدىن ھېچقايسىسىغا ئېيتىشقا كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ. ئۇنى پەقەت ساڭىلا ئېيتماقچىمەن!» دېدى. رىكابدار ئۇنىڭغا:

جانىم تەن ئىچرە بار ئىكەن پىنھان،
سىرىڭ جانىم ئىچرە يوشۇرۇن مۇدام، —

دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ ئۇنىڭغا «ئاكامدىن خەۋپسىرەيمەن، ئۇنىڭ زېھنى ماڭا يېتىشتىن ئىلگىرى ۋۇجۇدىنىڭ تىكىنىنى مەملىكەت چەمەنىدىن يۇلۇپ تاشلىماقچىمەن!» دېدى.

رىكابدار ئەھۋال سەھىپىسىگە ۋاپاسىزلىق رەقىمىنى چېكىپ، ئۇنىڭ ئاكىسى ئالدىغا باردى ۋە بولغان ۋەقەلەردىن ئۇنى ئاگاھلاندۇردى. پادىشاھنىڭ ئاكىسى ۋاقتىدا چارە - تەدبىر كۆرۈپ قېچىپ قۇتۇلدى.

ئارىدىن بىر قانچە مۇددەت ئۆتۈپ پادىشاھ ئۆلدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئاكىسى تەختكە ئولتۇردى. ئۇنىڭ بىرىنچى پەرمانى رىكابدارنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا بولدى. ئۇ، رىكابدارغا دېدى:

تىلىڭ بولسا ئىدى سىر ئۈچۈن يولداش،
قىلىچتىن ئۈزۈلمەس ئىدى خەستە باش!

شۇنداق قىلىپ، رىكابدار مالامەت ئوقىغا نىشان بولدى ۋە تۇزكورلۇق قورئەسى ئۇنىڭ ھاياتىغا تامغا بولۇپ بېسىلدى.

— خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ساڭا ئۆزگىلەر توغرىسىدا خەۋەر كەلتۈرگەن كىشى باشقىلارغىمۇ سېنىڭ توغراڭدا خەۋەر يەتكۈزىدۇ.

بىراۋنىڭ سىرىنى ساڭا ئاشكارىلىغان كىشى سېنىڭ سىرىڭنىمۇ بىركىملەرگە ئاشكارىلايدۇ.

ئىنساننىڭ سىر ساقلىشى بىرسىگە سىر ئېيتىپ پۇشايمان قىلىشتىن ياخشى.

— «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەزىزىم، سىر ساقلاشتا ئېھتىيات چارىسىنى جايىغا قوي! بولۇپمۇ ئىشەنچسىز دوستلاردىن ۋە سېنىڭدىن قورقۇنچىدا ياشايدىغان دۈشمەنلەردىن سىرىڭنى قاتتىق يوشۇر. مىسالى ئېيتۇرلەر:

سەندىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن دوستلارغا
دىلدىكى سىرىڭنى ئەيلىمە ئىزھار!
سەندىن قورقۇپ يۈرگەن كىمسىلەرگىمۇ
سىر ئېيتماقلىق ئەسلا قىلما ئىختىيار!

كۆپ كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىرلىرىنى ساقلاشنى بىلمەسلىكلىرى تۈپەيلى ھالاكەتكە دۇچار بولىدۇ. بېيىت:

سىرلار ئىچكىرىدىن چىقىپ تاشقىرى،
نى-نى باتۇرلارنى قىلار سەرسەرى.
قانداق ياخشى گەپنى ئېيتمىش بىر ھۇشيار:
«بېشىڭ كېرەك بولسا سىر ساقلاش دەركار!»

— خوجا سەمەندەرتېرمىزىي

سىرىڭ ئىچىڭدە چاغدا ئۇ سېنىڭ ئەسىرىڭ، مەگەر تاشقىرىغا چىقسا، سەن ئۇنىڭ ئەسىرىسەن.

ئىككى كىشى بىلگەن سىر بىر پۈتۈن مەھەللىگە يېيىلۇر.

ئوتتۇز ئىككى چىش ئارىسىدىن چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغان سىر ئوتتۇز ئىككى مەھەللىگە تارقىلۇر.

— «ئاتىلارسۆزلىرى» دىن

كىمكى ئۆز ھەددىنى بىلسە، تىلىنى ساقلىسا، بىھۇدە سۆزلەشتىن قاچسا، دوستلىرىنى خىجىل قىلمىسا، ئۇنىڭ سالامەتلىكى دائىم ياخشى ۋە پۇشايمانلىقى بولسا كەم بولۇر.

ساقلىقىڭ، ياشلىقىڭ بار ئىكەن بەردەم،
مەقسىتىڭ مۇيەسسەر بولۇرسەن ھەر دەم.
شۇنداق ياشىغىنكى، ئىش قىلساڭ بىرەر
دۈشمەن تەنىسىنى يەپ يۈرمە زىنھار!

— مۇھەممەد زېھنىي

ئىنساننىڭ قولى قىسقا بولسا، تىلى ئۇزۇن بولۇر. مۇشۇكنى كۆرمىدىڭمۇ، ئىتتىن ئاجىز كەلگەندە ئۇنىڭ يۈزىگە چاڭ سالۇر.

— «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەزىزىم، تىنچلىق تەرەپدارى بولغان تىل بىر ئېغىز سۆز بىلەن يۈزلەپ مۇشكۇل تۈگۈنىنى يېشەلەيدۇ. بىمەھەل ئېيتىلغان پىتنە قوزغايدىغان سۆز بولسا، سۆزلىگۈچىنىڭ بويىنىنى سىرتماققا چۈشۈرىدۇ. مىسالى ئېيتۇرلەر:

ئەقلىڭ بىلەن كۆزەت، باقىسىن سۆزنىڭ تېگىگە،
سۆز ئۇ بايلىق ئىچى تولا پايدا-زىيانغا

## غەيۋەت، تۆھمەت،ئەيىب، ئىغۋا، چېقىمچىلىق توغرىسىدا

غەيۋەت قەبىھ پېئىللارنىڭ بىرىدۇر. غەيۋەت ئاز بولسىمۇ، كەلتۈرۈدىغان زىيىنى دېڭىز كەبى پايانسىز! بىرەر كىشىنىڭ ئارقىسىدىن سۆزلەش، ئەيىبىنى كوچىلاش، يامانلاش، بالا-چاقىسى، خوتۇنى، خۇلقى، ھايلىقى توغرىسىدا تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىشنىڭ ھەممىسى غەيۋەت سانىلىدۇ.

– خەيالىددىن ئەل-ھەسەنىي

ياخشى ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغانلار كۆپ بولۇر:

جاھاندا بىر قىزىق قائىدە يۈرۈر،
ھال تۇتقان قوللارغا ھەرە نىش ئۇرۇر.
بەنە خەزىنىلەر بولماس يىلانسىز،
گۈللەر بولسا ئەسلا بولماس تىكەنسىز!

– «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

ھېكمەت. بىركىشى ئالدىڭغا كېلىپ، بىرسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، ئۇنى راست ئېيتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىما، بەلكى ئۇنى بۇ پېئىلدىن قايتۇر. ئۆزۈڭمۇ بۇنداق سۆز ۋە پېئىلدىن ھەزەر قىل!

– مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

دانالار ئېيتىدۇ:

– بىرەركىم ئالدىڭغا كېلىپ، بىرەر كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمە، چۈنكى ئۇ سېنىمۇ بىر كىمگە يامانلاپ، ئۈستۈڭدىن غەيۋەت قىلىشى مۇمكىن.

– «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

ھېكايەت. ئەبۇ تەييىب ئەت-تاھىرىي دوستى بەنى سامانىينى توختىماي غەيۋەت قىلار ئىدى. بىر كۈنى نەسىرئىبىن ئەھمەد دېگەن كىشى ئۇنىڭغا: «قاچانغىچە ئادەم گۆشى بىلەن نان قوشۇپ يەيسەن!؟» دېدى. ئەبۇ تەييىب شۇ كۈندىن باشلاپ غەيۋەتنى تاشلىدى.

– «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

ھېكمەت. كىمەرسىكى تۆھمەتچىلەر قاتارىدا ئولتۇرسا، باشقىلار ئۇنى تۆھمەتچىلىكتە ئەيىبلىسە، ئۆزىدىن خاپا بولسۇن. كىمكى ئۆز سىرىنى چىڭ ساقلىسا، نادامەت ۋە پۇشايمانلىق تارتمايدۇ.

– مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ئەڭ چوڭ تۆھمەتكە لايىق ئادەم شۇنداق ئادەمكى، ئۇ ئۆزىنى تونۇيدىغان ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزىنى تەرىپلەيدۇ.

– «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

چېقىمچى شۇنداق كىشىكى، بىرەر يەردە ئاڭلىغان گەپنى دەرھال باشقا ئادەمگە بېرىپ ئېيتىدۇ، نەتىجىدە ئىككى ئادەم ئارىسىدا پىتنە توغدۇرىدۇ. پاك دىل كىشى بىراۋدىن ئىشىتكەن سۆزنى باشقا بىرسىگە ئېيتمايدۇ ۋە جىملىق، سۈكۈت يولىنى ئىختىيار قىلىدۇ. ئەگەر بىركىم گەپ توشۇپ كەلسە، ئۇنىڭ كېيىنگە ئىشەنمەيدۇ، چېقىمچىغا تەنبىھ بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئىككىنچىلەپ بۇنداق ئىش قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ.

– «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

ھەكىملەر ئېيتۇرلەر:

– ئەي ئادەملەر، دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىق ئوغرىلىرىدىن ساقلىنىڭلار، بۇنداق ئوغرىلارغا چېقىمچى ۋە ئىغۋاگەرلەر كىرىدۇ، ئوغرىلار پۇل-مال ئوغرىلىسا، بۇنداق كىشىلەر ئادەملەر ئارىسىدىكى دوستلۇقنى، تىنچلىقنى، مېھرى-مۇھەببەتنى ئوغرىلاپ، پىتنە-پاسات قوزغايدۇ.

– «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

ھېكمەت. ئەيىبىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى بىراۋلارغا ئاشكارىلىمايدىغان، ساڭا قىلغان ياخشىلىقىنى مىننەت قىلمايدىغان، سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئەسلا ئۇنتۇمايدىغان ئادەم بىلەن دوستلۇق يىپىنى مەھكەم باغلا! بېيت:

كۆپ ھالەتنىڭ بولدۇم شاھىدى،
ئەيىب ئىزدىگەن بولدى ئەيىبدار.
كىمنىڭ بولسا تازا يۈرىكى،
ئۆزگە ئەيىبىن كولىماس زىنھار.
دوست ئەيىبىنى يوشۇرار دائىم،
پەزىلىتىن ماختايدۇ تەكرار.
ئۆز ياخشىلىقىن ئۇلۇغ دەپ بىلمەس،
ئۆزۈڭنى ھەم ئەسلا قىلماس خار.
شۇنداق دوستقا دۇچ كەلسەڭ ئەگەر،
قولىرىڭدىن چىقارما زىنھار!

– مەجدىددىن خەۋافىي

ئەگەر كىشىنىڭ كۆزى كامالەت نۇرى بىلەن مۇنەۋۋەر بولسا، ئۇنىڭ كۆزى كىشىلەر نۇقسانلىرىنى كۆرۈشتىن يىراق بولۇر. بېيت:

ياخشىلارنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنگەي ياخشى،
يامانلارنىڭ كۆزىگە ئەگرى كۆرۈنگەي توغرى!

– ئىبنى كەمالپاشا

نۇشىرۋاننىڭ ئوغلى ھورمۇز ئەھۋاز ۋىلايىتىگە بارغان چېغىدا شۇ يەرنىڭ ھاكىمى بىلەن مۇلاقەتتە بولدى ۋە بىركۈنى ئۇنىڭغا دېدى: «سېنىڭدە بىرلا ئەيىبتىن باشقا ھېچقانداق ئەيىب كۆرمىدىم. ئەمما شۇ بىر ئەيىبىڭ، بىلگىنىكى، ئۇن ئەيىبنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدۇ». ھاكىم: «ئۇ قانداق ئەيىب ئىكەن؟ ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ كېلىدىغانلىرى قايسىلار؟ ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز» دېدى. ھورمۇز دېدى: «بۇ ئەيىب ھاكاۋۇرلۇق ۋە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشتۇر. بىلگەيسەنكى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان ئەيىبلەرنىڭ بىرىنچىسى باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى خەلق نەپرىتىگە يولۇقۇشتۇر؛ ئىككىنچىسى،

ئادەملەرنىڭ ئىش-ئوقەتىنى تەپتىش ۋە سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇلارغا دەشنام بېرىدىغان تۇرۇقلۇق، ئۆزى بىرەرمۇ كەسىپ-ھۈنەر ئىگىلىمەسلىك؛ ئۈچىنچىسى، ئوقۇشتىن ئار قىلىش، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىلىمۇ ئەدەبتىن بىبەھرە قېلىش؛ تۆتىنچىسى، ئولتۇرۇش-سورۇنلاردا ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە دانا بىلىش، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىۋېلىش ۋە ئابروينى يەرگە تۆكۈش؛ بەشىنچىسى، مەنمەنلىك تۈپەيلى چەكتىن چىقىش، يۇقىرىراق مەنسەپنى تەمە قىلىش، ئاقىۋەتتە خار ۋە زەبۇن بولۇپ، ئۆز مەرتىۋىسىدىنمۇ ئاجراپ قېلىش؛ ئالتىنچىسى، ئادەملەرنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلماسلىق، كېسەللەردىن ھال سورىماسلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردىن كۆز يۇمۇش؛ يەتتىنچىسى، ئادەملەرگە خەۋپ سېلىش، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش، نەتىجىدە قەدىرسىزلىنىش؛ سەككىزىنچىسى، مەسلىھەتسىز ئىش قىلىش، نەتىجىدە خىجالەتتە قېلىپ، نادامەت قىلىش؛ توققۇزىنچىسى، ئادەملەر مېنى ئۇلۇغ بىلىدۇ دەپ ئويلاش ۋە شۇ گۇماندا يۈرۈش؛ ئونىنچىسى، پازىل ۋە كامىل كىشىلەرگە قۇلاق سالماي، ھاقارەت كۆزى بىلەن قاراش، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن قېلىش».

— «جاۋىدانى خىرەد»دىن

لوقمان ھەكىمدىن: «سىلى ئۆزلىرى كۆرگەن ئىللەتلەر ۋە ئەيىبلەردىن قايسىلىرىغا داۋا تاپالمىدىلا؟» دەپ سوراپتى. لوقمان ھەكىم: «مەن بارچە ئىللەتلەرگە ھېكمەت تۈپەيلى داۋا تاپتىم، ئەمما بەد پېئىللىك ئىللىتىنى داۋالىيالمىدىم!» دەپ جاۋاب بەردى.

— «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

بىر ئالىم ئېيتۇر: «ئەڭ ياۋۇز ۋە يارىماس ئادەم شۇنداق ئادەمكى، ئۆزگىلەرنىڭ ئەيىبىنى تېپىشقا ئىنتىلىدۇ، گەپ توشۇپ، دوستلارنى بىر-بىرىدىن جۇدا قىلىدۇ».

— «فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

ئادەملەرنىڭ يامىنى ئۆزرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، كەمچىلىكلىرىڭنى بولسا دائىم كوچىلاپ يۈرىدۇ، يىقىلساڭ يۆلىمەيدۇ.

— مۇھەممەد زىھنىي

ھەر كىشىگە ئۈچ خىل ئىش ئادەت ئېرۇر،
ئاڭا ھەردەم خۇش سائادەت دوست بولۇر.
ئەۋۋەلا ئەل ئەيىبىنى كۆرگەن زامان،
ئاچمىغىن ئاغزىڭ مالامەتكە شۇئان.
كىم ئەگەر كەتسە ناتوغرا يول بىلەن،
توغرا يولغا باشلا دەرھال قول بىلەن.
سالما ئەسلا رەنج كىشىنىڭ دەستىگە،
ئۆز يۈكۈڭ قويما بىراۋنىڭ ئۈستىگە.

— فەرىدىددىن ئەتتار

كېيىنكى دەۋر ئالىملىرىدىن بولغان بىر ھەكىم شۇنداق دېگەنىدى: «ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قەبىھ ھېسابلانغان تۆت ئەيىب بار: ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، مەنسەپدارنىڭ ئاچچىقى يامانلىقى؛ ئىككىنچىسى، ئالىمنىڭ يالغانچىلىقى؛ ئۈچىنچىسى، دۆلەتمەنىنىڭ پىخسىقلىقى؛ تۆتىنچىسى، خوتۇن كىشىنىڭ پاھىشەلىكى!»

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

لوقمان ھەكىم: «ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ يامان ئەيىب كىشىنىڭ ئۆز ئەيىب-نۇقسانلىرىنى بىلەلمەسلىكىدۇر» دېگەنىدى.

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى كۆرمىگەن ئۆزگىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەر.

ئىغۋاگەرگە يېقىن يولىما، ئۇنىڭ تەسىرىگە چۈشۈپ قالغىنىڭنى ئۆزۈڭمۇ تۇيماي قالىسەن.

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

ئاشكارا ئېيتىلغان تەنە كۆڭۈلدە يوشۇرغان غۇمدىن ياخشى.

— مۇھەممەد زىھنىي

## ئىنساب، جەبر-زۇلۇم توغرىسىدا

بىر ھەكىمدىن: «قانداق كىشى جازاغا لايىق؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ھېچقانداق ئادەم جازاغا لايىق ئەمەس. جازاغا لايىق نەرسىلەر ۋەھشىي ھايۋانلار، ئادەملەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان يىلان-چايانغا ئوخشاش گېزەندىلەردۇر. ئەمما شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە گېزەندىلەرنىڭ تەبىئىتى بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر قىلغان زىيانلىرىغا بېقىپ جازالىنىدۇ. ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنى ھەتتا ئادەم دېيىشمۇ ئارتۇقچىدۇر!» دېدى. شېئىر:

كىشىگە ئازار بەرگەن ھەر زالىم كىشى،
يىلانۇ چايانىدىن بەتتەردۇر ئىشى!

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ھېكمەت. كىمكى زۇلۇم ۋە جاپا كەمىرىنى باغلىسا، باشقىلار ئۇنىڭغا قارشى غەزەپ ۋە پىتنە خەنجىرىنى كۆتۈرۈر. بېيت:

ئەل ھەققىدە غاپىل بولمىغىن ئەسلا،
چۈنكى ئەلنىڭ قولىدا ئۇلتۇرغان ئۆزۈڭ.
سەندىن ئەل نېمىنى كۆرسە بىر كۈنى،
قايتۇرۇپ كۆرىدۇ دەل شۇنى كۆزۈڭ!

— مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

جاۋابىنى قايتۇرۇشتىن ئاجىز بولغان كىشىگە مۇشت ئاتما.

ئۆزۈڭدىن ئاجىزلارغا رەھىم بىلەن، تەڭلەرگە ئىنساب بىلەن، ئۆزۈڭدىن ئۈستۈنلەرگە ئەقىل بىلەن باق.

زالىمنىڭ زۇلمى ئۆزىنى يىقىتۇر.

كۆچىسىز شامال ئاجىز گىياھلارغا بوران بولۇپ تۇيۇلار.

كىمكى بىراۋنىڭ پېيىنى قىرقىسا، ئۆزىنىڭمۇ قىرقىلۇر.

**– «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

ئۆتمۈشتە بىر زالىم كىشى بار بولۇپ، زىرائەت ۋە تىجارەت ئەھلىنىڭ بايلىقىغا زۇلۇم چاڭگىلىنى سالغانىدى. خەلق ئۇنى دۇئايىبەد قىلىپ، شەنىگە نەپرەت ئاغزىنى ئاچقانىدى. مەزكۇر زالىم كىشى بىر كۈنى قولىغا بۈركۈت ئېلىپ ئوۋغا چىقتى ۋە ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ، تۆۋەندىكى مەزمۇندا خەۋەر تارقاتتى: « ئادەملەرگە زۇلۇم قىلغان ۋە ستەم تىغىنى كۆتۈرگەن قولۇمنى بۈگۈندىن تارتىپ تىيدىم. خەلقپەرۋەرلىك يولىدا ئېغىشماي ماڭىمەن. ئۈمىدىم شۇكى، بۈگۈندىن باشلاپ ھېچقانداق زالىمنىڭ زۇلمى ھېچبىر ئادەمنىڭ بېشىغا يەتمەيدۇ، ھېچقانداق ستەمكارنىڭ قولى ھېچقانداق ئاجىزنىڭ ئىشىكىنى ئىزدىمەيدۇ!» بۇ خەۋەردىن خەلققە باشقىدىن جان كىردى ۋە بىچارىلەرنىڭ ئۈمىد چەمەنىدە مۇراد گۈلى بۇ بىشارەتتىن گۈل ئاچتى. بېيىت:

مۇبارەك بۇ خەۋەر يەتكەچ ناگاھان،
يۈرەكلەر قۇۋۋىنىپقايتا تاپتى جان.

ئاخىرى ئۇنىڭ ئادىللىقى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، قوزىچاق شىر كۆكسىدىن سۈت ئىمىدىغان بولدى، قوي بولسا ئۆز سۈتى بىلەن شىر ئاغزىنى يۇيدى، يۈز بولسا ئۆچكىگە ياخشى كۆز بىلەن باقتى، چۆل قۇشلىرى سۇ قۇشلىرىنىڭ ئىنى يېنىغا ئىن قۇرۇشقا باشلىدى، غازلار بولسا بۈركۈت بىلەن سىرداشلارغا ئايلاندى.

زالىمنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى مۇۋاپىق ۋاقىت تاپقان بىر كۈنى ئۇنىڭ بۇ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن سوئال ئالدى. پېئىل ئۆزگەرگىنىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. زالىم شۇنداق جاۋاب قىلدى: « ئوۋ قىلىپ يۈرگىنىمدە قاياقتىندۇر بىر ئىت كېلىپ تۈلكىنىڭ ئايىغىنى چىشلەپ سۇندۇردى ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يولۇچى بولسا، تاش بىلەن ئۇرۇپ ئىتنىڭ ئايىغىنى سۇندۇردى. قىلمىشىغا يارىشا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ ئۆزۈمگە كەلدىم».

**– خوجا سەمەندەر تېرمىزى**

ھاقارەت قىلسا كىم ئاغزىڭنى يۇمساڭ،
يەنە باشقا ھاقارەت ياغماس ئەسلا.
ئېشەكنىڭ يەلكىسگە تىقساڭ بىگىز،
ئاتار دوڭغالچاق بۇرۇنقىدىن ئەۋلا!

**– ھەكىم قائانى**

## بايلىق، دۇنياپەرەسلىك توغرىسىدا

**ھېكمەت.** ئالتۇن-كۈمۈشكە كۆڭۈل بەرگەن ئاچكۆز ھەييار ئەڭ ئېغىر بالالارغا سازاۋەر! دانالار: «زەر ئىزدىگۈچى – ئازار ئىزدىگۈچى!» دېگەن. ئاچكۆزنىڭ كۆزىگە تىكەنمۇ گۈل بولۇپ كۆرۈنۇر.

ئەزىزىم، كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇ يەردىكى، بۇنداق كىشىلەر ئۆلۈمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئەمما بىركىمگە ياخشىلىق قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. نېمە تاپسام ئۆزۈمگە بولسا بەس، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ دىلى پولاتتىن قىلىنغان غۇنچىگە ئوخشايدۇكى، باھارنىڭ مەيىن شاملى ئۇنى ھېچقاچان ئېچىلدۇرالمايدۇ. بۇ تىرىك ئۆلۈكلەرنىڭ جېنىغا ھاياتنىڭ لەززەتلىك شەربىتى تەسىر قىلمايدۇ.

**– مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار**

بۇزۇرگمېھردىن سورىدى:

– نېمىشقا سىلى قوللىرىدىن كەتكەن نەرسىگە خاپا بولمايدىلا ۋە قوللىرىغا كەلگەن نەرسىدىن شادلانمايدىلا؟

ئۇ دېدى:

– قولدىن كەتكەن نەرسىنى خاپا بولۇپ تېپىۋالغىلى بولمايدۇ، ئەزىز ئۆمۈرنى بولسا مال-دۇنيا شادلىقى بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، يەنە نېمىشقا پايدىسىز نەرسە ئۈچۈن غەم يەپ ئولتۇراي، ماڭا ئۆمۈر بويى ۋاپا قىلمايدىغان نەرسە بىلەن قۇۋۋىناي؟!

**– مۇھەممەد جەبەلرۇدى**

ئەي ئەزىزىم، قولۇڭدىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرما، چۈنكى ئۇنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. مال-دۇنياغا قۇۋۋانما، چۈنكى ئۇ سېنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر قالمايدۇ. قانداقلىكى بىرئىشنى قىلماق بولساڭ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلا. بېشىڭغا ئېغىر كۈنلەر چۈشسە، مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىشنى ئۆگىنىۋال!

**– مۇھەممەد جەبەلرۇدى**

كېرىكىدىن ئارتۇقىنى ئىزدىگەن ئادەم بارىدىن ھەم ئايرىلۇر.

**– «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن**

**ھېكايەت.** بىر شاگىرت ئۆز ئۇستازىدىن: «يىلان بىلەن خەزىنە ئارىسىدا قانداق باغلىنىش بار، نېمىشقا خەزىنە بار يەردە يىلان بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇستاز ئۇنىڭغا : « يۇزەكى قارالسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەسلىدە بولسا بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھەم زەھەرلىكتۇر. چۈنكى ئالتۇنى كۆپ كىشىمۇ ھەر تەرەپلىمە زەھەرلەنگەن بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

**– مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار**

ئېيتىشلىرىچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين 18يېشىدا مەملىكەتكە ھاكىم بولغانىكەن. ئۇنىڭ ھاكىملىقى 17يىل داۋاملاشقان. ئۇ ئۆمرىنىڭ توققۇز يىلىنى جەڭدە، قالغىنىنى بولسا ئۆز خاھىشى بويىچە ئۆتكۈزگەن. ئۇ كۆپلىگەن ئەللەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان ۋە نۇرغۇنلىغان بايلىق يىغقان. ئۆلۈمى

ئالدىدىن ۋەسىيەت قىلىپ، ئۆلگەن چاغدا كېپەندىن قولىنى چىقىرىپ شەھەر ئايلاندۇرۇشنى، جارچىلارنىڭ بولسا: «ھەي خالايىق! شۇنچە كۆپ يەرلەرنىڭ شاھى، شۇنچە جىق بايلىقلارنىڭ ساھىبىنى كۆرۈڭلەر، ئۇ، بۇ دۇنيادىن ھېچنەرسە ئالماي قۇرۇق قول كېتىۋاتىدۇ، ھېچبىر كىشى گۆرگە ئۆزى بىلەن ھېچ نەرسە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ، دۇنيادا پەقەت قىلغان ئىشلىرى ۋە ياخشىلىقلىرىلا قالىدۇ!» دەپ جار سېلىشنى تاپىلىغانىكەن.

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

بىر ھەكىم شۇنداق دېگەنىدى: «كىمدە ئالتۇن - كۈمۈش كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ ھۈنەرسىز بولسا ھوسۇلسىز دەرەختۇر».

— خۇررەمىي

يەر ئاستىدا قالغان بايلىقتىن، يوشۇرۇلغان ئالتۇندىن ۋە سۇقۇپ قويۇلغان ئىلىمدىن پايدا يوق.

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

كىشىگە كۈتۈلمىگەن ئۆلۈم ئىككى نەرسىدىن كېلىدۇ: ئارتۇقچە بايلىققا ئىنتىلىشتىن ۋە تۇترۇقسىز سۆزلەرنى كۆپ قىلىشتىن

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

ھېكايەت. بىر پادىشاھ مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىگە مەغرۇرلىنىپ ئىلىم ئەھلىنى مەنسىتمەي قويغان، ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىپ، پىسقۇپۇجۇرغا يول قويغانىدى. بىر كۈنى ئۇ بارىغا قانائەت قىلىپ، كەمتەرلىك يولىنى تۇتقان دانا ھەكىمگە ئۇچراپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي ھەكىم، نېمىنى خالىساڭ تىلە، سورىغىنىڭنىڭ ھەممىسىنى بىجا كەلتۈرىمەن! — دېدى.

— شۇنداق قىلىكى، ئەجەل ھېچقاچان بېشىمغا سايە تاشلىمىسۇن! — دېدى ھەكىم.

— بۇ ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدى پادىشاھ.

— بولمىسا، - دېدى ھەكىم، - قېرىلىق مەۋسۇمى كېتىپ، ياشلىق ئەييامىم قايتىپ كەلسۇن!

— بۇ ئىشمۇ قولۇمدىن كەلمەس، — دېدى پادىشاھ.

— ئۇنداق بولسا ، ئارىمىزدا پەرق يوق ئىكەنغۇ، — دېدى ھەكىم، — مەن قىلالمايدىغان ئىشنى سەنمۇ قىلالمايدىكەنسەن، ئەمما سەن بايلىق - دۆلىتىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن كىبىر ئېتىغا مىنىپ ، مەنمەنلىككە بېرىلىپسەن. مەن بولسام تاپقىنىمغا قانائەت قىلىپ، ھېچكىمگە يېلىنمايمەن، دېمەك، مەنمۇ ئۆزۈم ئۆزۈمگە پادىشاھمەن!

— مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

ھەكىملەر ئېيتۇر:

— كۈچۈڭ يەتمىگەن ئىشقا قول ئۇرما، پايدىسىز ئىشلارغا ئۇرۇنما، مال-دۆلىتىڭ ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ يول تۇتما!

— مۇھەممەد زىھنىي

دۆلەت گاھىدا كېلىپ، گاھىدا كېتۇر،
بېھەم كىشىلەر خۇدىنى يوقىتۇر.

نىزامىي گەنجەۋىي

مال-دۇنيا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان زەھەر ۋە شادلىق ئارىلاشتۇرۇلغان غەمدۇر.

ئەقىللىق ئادەم كەمبەغەل بولماس.

موھتاجلىق ھىيلىلەر ئىشىكىنى ئاچار.

ئاچكۆز بايدىن توق ئىت ياخشى.

راھەتى يوق پۇلدار ھېچ نەرسىسى يوق كەمبەغەلگە ئوخشاشتۇر.

— «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

## ئويلاپ ئىش قىلىش، ئالدىراڭغۇلۇق، خاتالىق توغرىسىدا

ئەزىزىم، كېڭەش بولۇۋاتقان ۋاقىت ئەقىل ۋە پەزىلىنىڭ ئىمتىھانى بولۇۋاتقان سائەتتۇر. سەن بۇ سائەتتە سۆز گۆھەرلىرىنى بايان رىشتىسىگە ئالدى بىلەن ياخشىلاپ ئويلاپ تىزىپ، سوڭ ئۇنى باشقىلارنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە قىلغىن!

— خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

جەمشىدمۇ نۇشىرۋانغا ئوخشاش تۆت ئۈزۈك ياسىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن سۆز يازدۇرۇپ قويغانىدى. بىرىنچى ئۈزۈككە: «ئالدىرىماسلىق ۋە چارە» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى: «ئالدىراڭغۇلۇق يامان ئادەت، بارچە ئىشلارنى ئالدىرىماي، چارە-تەدبىرىنى تېپىپ قىلماق كېرەك» دېگەنلىك ئىدى. ئىككىنچى ئۈزۈكنىڭ كۆزىگە : «ئادىللىق ۋە ئىمارەت» سۆزلىرى يېزىلغانىدى. بۇنىڭ مەزمۇنى: «مەملىكەتتە ئادالەت يولى بىلەنلا ئىتتىپاقلىق ۋە روناقلىق ئىمارىتىنى قۇرۇش مۇمكىن» دېگەنلىك ئىدى. ئۈچىنچى ئۈزۈك كۆزىگە: «راستلىق ۋە ئالدىراشلىق» سۆزلىرى يېزىلغان بولۇپ ، بۇنىڭ مەنىسى: «دوستلارغا پەقەت راست سۆزلەش كېرەك» دېگەنلىك ئىدى. تۆتىنچى ئۈزۈك كۆزىگە: «جازا ۋە ئىنساب» سۆزلىرى يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى : «بىراۋنى جازاغا تارتماقچى بولغاندا ئىنساب يۈزىسىدىن ئىش كۆرمەك كېرەك!» دېگەنلىك ئىدى.

جەمشىد ھەر بىر ئۈزۈكنى شۇ ئۈزۈك كۆزىدىكى سۆزلەر مەزمۇنىغا ئائىت ئىشقا تۇتۇش قىلغاندا تاقاپ ئالۇر ۋە ئۇنىڭغا دائىم قاراپ تۇرۇر ئىدى.

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ئالدىراڭغۇلۇق - پۇشايمانلىقنىڭ سىڭلىسى.

سەبىرسىزلىك ئادەت بولسا ئىنسانغا،
ئاتقان ئوقى تەگمەس ئەسلا نىشانغا!

— خەيالىددىن ئەل-ھەسەنىي

ئەزىزىم، ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراقسانلىق

قىلمىغىنىكى، ئالدىراقسانلىقنىڭ زىيانلىرى چەكسىز ۋە سەبىر قىلىشنىڭ مەنپەئەتى چېكىراسىزدۇر. خۇددى ئېيتقىنىدەك:

مەقسەت خەزىنىسىنىڭ كېلىتى – سەبىر!

«ئەخلاق» كىتابىدا كەلتۈرۈلۈشىچە، كىمەرسىكى ھادىسىلەر يامغۇرى ئاستىدا ئۆزىنى سەبىر قالقىنى بىلەن ھىمايە قىلسا، مەقسەت ئوقى تېزلىك بىلەن مۇراد نىشانىغا بېرىپ تېگەر. چۈنكى سەبىر شادلىق كېلىتىدۇر. بۇ كېلىتسىز ھېچقانداق مەقسەت ئىشىكى ئېچىلماس.

– خوجا سەمەندەر تېرمىزى

جاۋابقا ئالدىرىغان كىشى خاتاغا يول قويۇر.

– مۇھەممەد زىبھنى

غەمنىڭ داۋاسى – دوستلار دىدارىنى كۆرۈشتۇر.

– «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

غەمكىن بولماي دېسەڭ غۇمچى بولما!

– «مەخزەنۇل ئۇلۇم»دىن

«جامىئۇل ھېكايات» كىتابىدا يېزىلىشىچە، ھەرقانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا گۇمان بىلەن ئىش قىلماسلىق، پەسكەش كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىك، غەرەزلىك ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار قىلماسلىق زۆرۈر. كىشى ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىگە ئۆزى ھاكىم بولالىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەشق قىلىش كېرەك.

– ئەبۇلبەرەكات قادىرى

ئەزىزىم، ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلايدىغان كىشىلەر ئاغزاكى ئىشتىلگەن سۆزلەرگە ئىشەنمەيدۇ، ئاڭلىغان گەپنىڭ دەلىل ۋە ھۆججەتلىرىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارمايدۇ. بېيت:

غەرەز ئىگىسىگە سالساڭ قۇلاقىڭ،
پۇشايماندىن ئۆچەر نۇرلۇق چىراغىڭ!

– خوجا سەمەندەر تېرمىزى

ئەي ئوغۇل، تۆت نەرسىدە باردۇر خاتا،
سال قۇلاقىڭ، يادلاپ ئالغىن بىخاتا!
كۆتمىگىل يامان خوتۇندىن ھېچ ۋاپا،
سادىدىلىقتۇر كىم ۋاپا كۈتسە، خاتا.
كىم سىناپ كۆرمەي بىراۋغا سىر ئېيتەر،
ئەي ئوغۇل، بۇندىن كىشىگە كۆپ خەتەر!
پېئىلى يامان خوتۇن ئەسلا سىرداش ئەمەس،
ئېيتما ئاڭا سىرىڭنى ،يولداش ئەمەس.

– فەرىدىددىن ئەتتار

بۇقرات ھەكىم شۇنداق دېگەنىدى: « بىلمىگەن نەرسەڭنى بىلىدىغاندەك سۆزلىمە، كېرەك بولمىغان نەرسىنى قوغلاشما، بىلمىگەن يولدىن يۈرمە، ياخشى سۆزنى كىم دېيىشىدىن قەتئىينەزەر تىڭشا، ياخشى سۆز بىر گۆھەركى، ئۇ ھېچ ۋاقىت ئۆزگەرمەيدۇ. نېمىنى بىلمىسەڭ، سوراپ ئۆگەن. قىلغان يامان ئىشلىرىڭغا قايغۇركى، بۇنداق ئىشتىن ئەپسۇسلانماسلىق تېخىمۇ بەتتەررەك خاتالىققا ئېلىپ باردۇ». شېئىر:

خاتاسەندىن يۈز بەرسە ئەگەر، ئۇنىڭدىن كۆپ نادامەت قىل،
خاتادىن كىمكى ئىبرەت ئالمىسا، يەنە كۆپلەپ خاتا قىلغاي!

– ئەبۇلبەرەكات قادىرى

## سەرپ - خىراجەت، ئىسراپچىلىق، تېجەمكارلىق توغرىسىدا

تېجەمكار ئادەم ياخشى يەيدۇ، ياخشى ئىچىدۇ، پاكىزە كىيىنىدۇ، خۇش ھاۋالىق ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى سېتىپ ئالمايدۇ، ھەقىقىي زۆرۈر نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ. كىشىلەرگە قولىدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىدۇ، ياخشىلىق يولىدىكى ئىشلارغا پۇل-مېلىنى ئايىمايدۇ، ساخاۋەتلىك بولىدۇ. ۋەتىنى ۋە خەلقى ئۈچۈن مېلىنى ھەم، پۇلىنى ھەم ئايىمايدۇ.

– خەيالىددىن ئەل-ھەسەنى

ئىسراپچىلىق ئەقىلگە زىت ئىشتۇر. ئىسراپ دېگەندە كېرەكسىز نەرسىلەرگە بىھۇدە پۇل سەرپلەش، بەدخەجلىك چۈشىنىلىدۇ. ئىسراپخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بىلەن تۈگەيدۇ. ئىسراپچى ئادەم ھەرقانچە باي بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە بەربىر كەمبەغەللىكە ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئىسراپچىنىڭ سەرپ ئىشىكى هامان ئوچۇق بولۇپ، تېجەش دېگەننى بىلمەيدۇ. ئوچۇق ئىشىكتىن ھەرقانداق نەرسە كىرەلىگەنگە ئوخشاش كەمبەغەللىكمۇ كىرەلەيدۇ.

– خەيالىددىن ئەل-ھەسەنى

چىرىغىنى كۈندۈزى ياندۇرغان ئادەمنىڭ تۈنى قاراڭغۇ بولىدۇ.

پۇلىنى بىھۇدە سەرپلىگەن ئادەم ئېغىر كۈنلەردە خارلىقتا قالىدۇ.

– «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

**ھېكمەت.** بىراۋنىڭ دىلىنى خۇش قىلىش -كامىل كىشىلەرنىڭ ئىشى، دىلىنى ئاغرىتىش بولسا جاھىل كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر. دىل ئاغرىتقۇچى كىشى ۋاقتى-سائىتى كېلىپ ھەسرەت قېنىنى ئىچىشى مۇقەررەردۇر. بېيت:

قاچانغىچە ئەي نادان بىراۋنى يىغلىتارسەن،
سېنىڭ ھەم دىل كۆزگۈڭنى سۇندۇرغۇچى تېپىلار!

– مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

**ھېكايەت.** بىر كىشى بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن: « ئەي پازىل كىشى، ئادەم دۇنيادا قانداق ياشىمىقى ۋە قانداق يول تۇتمىقى كېرەك؟ » دەپ سورىدى. ئۇ كىشى شۇنداق جاۋاب بەردى: « شاد ياشا، دائىم خۇرسەنچىلىك پېيىدە بول، ھەممىلا نەرسىگە قايغۇرۇۋەرمە، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تېرىپ، ئامانلىق ھوسۇلىنى يىغىشقا ئىنتىل. دۇنيا شۇنداقكى، ئۇنىڭدا خەتەرلىك يوللار

www.uyghurkitap.com

كۆپتۇر. بەزەن بۇ يوللار ئۈستىگە شاخ-غازاڭلار تاشلاپ قويۇلغان ئورەككە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يولدىن يۈرگەن چاغدا ئەۋۋەلا ياخشىلاپ ئويلىنىش، مۆدۈرۈلۈپ يىقىلىپ كەتمەسلىكنىڭ چارىسىنى قىلىش كېرەك. دۇنيا شۇنداق بىر ئېكىنزاركى، ئېكىلگەن نەرسىلەرنى لۈتپۇ كەرەم سۈيى بىلەن سۇغار. ئۇنىڭدىن تاپقان ئابروي - ئېتىبار ھوسۇلىنى ھىرىس ۋە تەمە ھۇجۇمىدىن ئاسرا!».
شېئىر:

دۇنياغا باق، ئىچى تولا ئاجايىپ،
كۆز ئېچىپ يۇمغۇنچە بولىدۇ غايىب.

- مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

غەم-غۇسسە قېرىشنى تېزلەشتۈرىدۇ.
قولدىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرما، چۈنكى ئۆلۈك گۆردىن تىرىلىپ كەلمەيدۇ.
ئارزۇسى كۆپنىڭ غېمىمۇ كۆپ.
غەملىك كۆڭلەردە ئوغۇل ئەسقاتار.

- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

## غەزەپ، ئاچچىقلانماق، ئارازلىق، پۇشايمانلىق توغرىسىدا

ئەزىزىم، غەزەپ ئېتىنى كاجلىق يولىدىن چىدام تىزگىنى بىلەن قايتۇر! ھەرقانداق شۈبھە زېمىستانىنى ئەقىل نۇرى بىلەن روشەن قىل! شۇ چاغدا سەن نادامەت ۋە پۇشايمانلىق دامىغا چۈشمەيسەن. مەسنەۋىي:

بىراۋ گۇناھ قىلسا، بولساڭ دەرغەزەپ،
جازا بەرمەي تۇرۇپ ئويلا ياخشىلاپ!
بەدەخشان لەئلىنى سۇندۇرۇش ئاسان،
بىراق ئەسلى كەبىي بولمايدۇ ياماپ.
قىلىنمىغان ئىشنى قىلساڭ بولىدۇ،
قىلغاچ نادامەتتىن سۇد يوق، نەئەجەب!

- خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

لوقمان ھەكىم شۇنداق بۇيرۇيدۇ:
- بىرەر كىشى بىلەن ئاغىنىدارچىلىق ۋە دوستلۇق يىپىنى باغلىماق بولساڭ، ئۇنى بىرەر قېيىنچىلىق ئۈستىدە سىنا، غەزىپى كېلىپ تۇرغان چاغدا ئىمتىھان قىل. ئەگەر ئۇ ئاچچىقىنى باسالىسا، شۇنىڭدىلا دوستلاش، غەزىپىنى باسالمايدىغان كىشى بىلەن دوستلاشماق قىيىن.

- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ھېكايەت. بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە چاشقان پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ، ئۆيىنىڭ تام-تورۇسلىرىنى كولاۋېرىپ، ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋەتتى. مۈشۈكمۇ ئۇنى تۇتالمىدى. ئۆي ئىگىسى تورۇسقا قاراپ ئاھ ئۇرۇپ، ئۇنى تۇتۇشنىڭ چارىسىنى تاپالماس ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، چاشقان كىرىپ كەتكەن تۆشۈككە قولىنى تىقتى ۋە ئىككى دانە

مەرۋايىت تېپىۋالدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلى خۇشھال بولدى. شۇ چاغدا يېنىپ كەلگەن چاشقان ھېلىقى مەرۋايىتنى ئىزدەپ، ئۇياقتىن-بۇياققا چېپىشقا باشلىدى. تاپالمىغاندىن كېيىن ھالسىزلىنىپ يىقىلدى-دە، جان بەردى.

ئەي ئەزىزىم، سېنىڭ نەپسىڭمۇ ئالتۇن-بايلىق ئوتىدا دائىم سەكرەشتە بولىدۇ. مەرد كىشىلەرلا نەپس تىزگىنىنى تارتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا ئالىدۇ.

- مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

ئەڭ كۈچلۈك كىشى شۇنداق كىشىكى، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالالايدۇ ۋە ئۆز نەپسىنى توغرا يولغا باشلىيالايدۇ. شېئىر:

كۈچلۈك ھەمدە شىر يۈرەك ئادەمنى سەن مەرد دېمە،
غەزەپ كەلسە غەزىپىن باسالىغان مەرد ئېرۇر.

- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ئەزىزىم، غەزەپ شەيتانىي ئوتنىڭ شولىسىدۇر. ئۇ شۇنداق بىر دەرەخكى، يېمىشى پۇشايمانلىقتىن ئىبارەت. شۇڭا، تەجرىبىلىك كىشىلەر غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ، ئاچچىقلىق لوقمىسىنى بولسا ئىچىگە يۇتۇۋېتىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

- خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ئەردەشىر ئۆتمۈشنىڭ دانا كىشىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خادىمىغا ئۈچ پارچە خەت يېزىشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇنىڭغا دېدى: «ئەي خادىمىم، ئەگەر چىرايىمدا غەزەپ تۇغيانىنى كۆرسەڭ، بىرەر ئىش ئۈستىدىن قەتئىي ھۆكۈم چىقىرىشىمدىن ئىلگىرى خەتلەرنىڭ بىرىنى ماڭا كۆرسەت، شۇنىڭدىمۇ غەزىپىم بېسىلمىسا، ئىككىنچى خەتنى كۆرسەت، شۇ چاغدىمۇ تەسكىن تاپالمىغىنىمنى كۆرسەڭ، ئۈچىنچىسىنى كۆرسەت!»

ئېيتىشلىرىچە، بىرىنچى خەتنىڭ مەزمۇنى شۇنداق ئىدى: «ئالدىرىما، ئىرادەڭنى غەزەپ قولىغا تۇتقۇن قىلما، ئالدىراڭغۇ كىشى دائىم ئەپسۇسلىنىپ، كېيىنچىلىك پۇشايمان قىلىدۇ!» ئىككىنچى خەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى: «دۆلەت قولۇمدا، دەپ ئۆزۈڭدىن ئاجىزلارغا جازا بېرىۋەرمە، كۈنى كېلىپ، زامانلار ئۆزگەرسە، ئۇلارمۇ سەن قانداق مۇئامىلە قىلغان بولساڭ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ!» ئۈچىنچىسىنىڭ مەزمۇنى بولسا مۇنداق ئىدى: «ئەي غەزەپلىنىۋاتقان كىشى، ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارما، غەزىپىڭنى بېسىپ، ئىنساب بىلەن ئىش قىل!» شېئىر:

مۇنچە قاتتىق چاپما ئېتىڭنى ئوغلان،
ئېلىپ قاچسا ئۇنى قايتۇرماق گۇمان.
سەندىن چىققان ھۆكۈم ھەق ھۆكۈم بولسۇن،
زالىم غەمدە كۆيسۇن، ئاجىز شاد كۈلسۇن!

- ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ھېكمەت. بىر ھەكىمگە دېدى: «ھەممە خۇلق ۋە ئەدەبنى ئۆز ئىچىگە جەم قىلغان قىسقا بىر

ھېكمەت ئېيتقان بولسىلا، ئۇنى ئەستە تۇتۇش ئاسان بولغاي». ھەكىم دېدى: «غەزەپنى تەرك ئەتمەك!»

-مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

غەزەپ شۇنداق بىر ئوتكى، ئۇ ئۆز ئىگىسىنى ياندۇرار.

جاۋابنىڭ يۇمشىقى غەزەپنى ئۆچۈرىدۇ، سۆزنىڭ قاتتىقى ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ.

-«ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

مەئمۇن ئۆز دەۋرىدە مەشھۇر بولغان بىر ئالىمغا ئىلتىماس قىلىپ: «بىر-ئىككى ئېغىز پايدىلىق سۆز ئېيتقان بولسىلا، تاكى ئۇنىڭدىن كۆپچىلىك مەنپەئەتلەنگەي!» دېدى. ئالىم ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى: «كىشى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق خىسلەت - غەزەپ كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالماق، سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرماق، غەزەپ بېسىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن پىكىر ۋە مۇلاھىزە بىلەن سۆزلىمەك. ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئۆزۈڭنى بېسىۋال، كىشىلەرگە پايدا كەلتۈرمەيدىغان ۋە دىلىنى ئاغرىتىدىغان سۆزلەرنى قىلما. تاپقىنىڭغا قاراپ خەرج قىل، كىرىمدىن ئارتۇق چىقىم قىلساڭ ئۆزگىلەرگە موھتاج بولۇپ قالىسەن. ئۆزۈڭگە نەپ كەلتۈرۈپ باشقىلارغا زىيان سالىدىغان پايدىدىن كەچ. ئىشنى قەھر-غەزەپ بىلەن ئەمەس، چوڭقۇر ئوي ۋە مۇلاھىزە بىلەن قىل. باشقىلار توغرىسىدا گەپ قىلساڭ ئۇلارنىڭ نامىنى يامانلاپ تىلغا ئالما. ئاراڭ بۇزۇلغان كىشىدىن ياخشىلىق كۈتمە. بىرسى ساڭا سىر ئېيتسا، بۇ سىرنى ھەركىمگە سۆزلەپ يۈرمە. ئەيىبىڭنى ئالدىڭدا ئېيتقان ۋە بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ھەمراھ بولغان كىشىنىلا دوستۇم ، دەپ بىل!»

-ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ئۆتكەن ئىشقا پۇشايمان قىلماق ئەڭ ئېغىر دەرد.

ئاخىرى پۇشايمانلىق بىلەن تۈگەيدىغان لەززەتتىن پايدا يوق.

پۇشايمانلىق ئۈچ خىل بولىدۇ: بىر كۈنلۈك، بىر يىللىق ۋە بىر ئۆمۈرلۈك. بىر كۈنلۈك پۇشايمانلىق ئەرزىمەس پۇشايمانلىق بولۇپ، ئۇ بىرەر نەرسىنى يېيەلمەي قېلىش، ئەرزىمەس بىرەر نەرسىگە ئىگە بولالماي قېلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە تېز ئۇنتۇلىدۇ. بىر يىللىق پۇشايمانلىق بولسا، قولىدىن كەلسىمۇ پەرۋاسىزلىق قىلىپ تەييار يەرگە ئېكىن ئەكمەي ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش تۈپەيلى كېلىدۇ. ئۆمۈرلۈك پۇشايمانلىق بولسا ئادىشىپ قېلىپ ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان مۇرەسسەسىز خوتۇنغا ئۆيلىنىش ئارقىسىدا كېلىدۇ.

-«ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

## توغرا سۆزلۈك، يالغان سۆزلۈك، يالغان قەسەم ئىچمەك توغرىسىدا

توغرا سۆزلۈك كىشى ھەممىنىڭ ئېتىبارىنى قازىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرىدىن يەنىمۇ ئۇلۇغراق مەرتىۋىلەرگە تەۋسىيە ئېتىلىدۇ. قەدىر-قىممىتى ئاشىدۇ، ھەممە يەردە سۆزى مەقبۇل بولىدۇ. يالغانچى بولسا، بۇ پەزىلەتلەرنىڭ بارچىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئادەملەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نەپرەت بىلەن قارىشىدۇ. يالغانچى يالغان سۆزلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكمەكچى، ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلماقچى بولىدۇ، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ يالغان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە زىيانلىق بولۇپ چىقىدۇ.

- خەيالىددىن ئەل-ھەسەنىي

ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقاندا ئېھتىيات قىلماق، راست بىلەن يالغان سۆزنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلمەك كېرەك. خۇشامەتچىلىك پاتقىقىغا پاتقان نەپسىنى تىنىمسىز تەربىيىلەپ تۈزەپ، ئۇنى بۇ دەردتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى تۇتماق لازىم. بۇ دۇنيادا خۇشامەت سۆزلىرىنى تولا ئېيتىدىغانلار كۆپ بولغىنىنىڭ تەتۈرىسىچە، راست سۆزلەرنى چىن كۆڭلىدىن ئىشتىدىغانلار كەمدۇر. بۇ جەھەتتە ئىبرەت كۆزىنى ئېچىپ پاراسەت بىلەن ئىش قىلماق كېرەك.

-ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ئالىي نىيەتلىك كىشى شۇنداق بولۇركى، راستلىق ۋە دوستلۇق قائىدىسىنى ھەقىقەتپەرەسلىكنىڭ بىرىنچى بابى، دەپ بىلىپ ئىمكانىنىڭ بارىچە شۇ يولدىن يۈرۈشكە ھەرىكەت قىلۇر ۋە ھەربىر ئىشتا ساداقەت ۋە دوستلۇقنى ھەمدە ۋىجداننى سائادەت خەزىنىسىنىڭ كىلىتى، دەب بىلۇر.

-بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

توغرىلىق ئادەمنى بالادىن ساقلايدۇ.

- «ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

يالغانچىلىق ۋە بوھتان چاپلاش ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىدىن دېرەك بەرگۈچى پېئىللاردىندۇر. بۇ پېئىللار ئەڭ قەبىھ پېئىللاردىن سانىلىدۇ. بۇنداق پېئىل ئىگىلىرى ئادەملەر توغرىسىدا تۈرلۈك- تۈمەن بىمەنە سۆز-چۆچەكلەرنى سۆزلەپ يۈرۈشىدۇ.

يالغان بىلەن بوھتاننىڭ پەرقى شۇنداقكى، يالغانچى ئۆز ئىشلىرى توغرىسىدا يالغان سۆزلىسە، بوھتانچى باشقىلار ھەققىدە يالغان گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرىدۇ. بۇ خىلدىكى ئادەملەر كىشىلەرنىڭ نام-ئابرۇيىغا، كەسپۇ كارىغا چېتىلىدىغان بىمەنە سۆز-چۆچەكلەرنى تارقىتىش بىلەن ئاقىۋەت-نەتىجىدە كۆپچىلىكنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. بوھتانچىنىڭ سىرلىرى ئاشكارىلانغاندا، قىلغان بوھتانلىرى ئۈچۈن ھەتتا جازاغا تارتىلىشى مۇمكىن. دېمەك، ھەربىر كىشى بۇنداق يارىماس پېئىللاردىن ساقلانماققا قاتتىق

uyghurkitap.com

تىرىشىشى ۋە بۇنداق ناچار ئىللەتلەردىن ئۆزىنى ساقلىمايدىغان كىشىلەردىن ئۇزاق يۈرۈشكە ئىنتىلىشى لازىم.

- خەيالىددىن ئەل-ھەسەنىي

بىر ھەكىم ئېيتىدۇ:

-كىمكى يالغانچىلىقتا ئۆگەنگەن بولسا، ئۇ باشقىلارنىمۇ يالغانچى، دەپ گۇمان قىلىدۇ.

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئەڭ رەزىل كىشىلەردىن بىرى يالغانچىلاردۇر. بۇنداق كىشىلەر يالغان ئەرسىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ كىشىلەر ئارىسىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدۇ. باشقىلار توغرىسىدا بولمىغۇر گەپلەرنى ساڭا، سېنىڭ توغراڭدا بولسا ئۇلارغا ئېيتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن:

كىمكى ئېيتسا بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ساڭا قاچان،
سېنىڭ ئەيىبىڭنى بىراۋغا ئېيتقۇسىدۇر بىگۇمان!

-مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

يالغان قەسەمنىڭ ئاخىرى خارلىقتا ئېلىپ بارۇر. ئۆلۈم خەۋپى بولغان ھالەتتىمۇ ھەممىشە راست سۆزلىمەك كېرەك. بېيت:

ئەگرى يۈرمەك بولسا ئادىتىڭ،
دىلىڭدىن ھېچ قايغۇ كەتمەيدۇ.
توغرا بولغىل، ئەگرى ئوق ھەرگىز
نىشانىغا بېرىپ تەگمەيدۇ.

-مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

بەرزۇۋۇ ئەل-ھەكىم ئېيتىدۇ:

-ئەگەر سەن يالغانچىلىق بالاسىغا دۇچار بولماي دېسەڭ، ئۆزۈڭگە راستچىللىق خىسلىتىنى شوئار قىل، نېمىنى ئېيتساڭ، ئېيتقان سۆزۈڭگە ۋاپا قىل. مېھنەتكە مۇپتىلا بولماي دېسەڭ، مېھنەت قىلغۇچىلارغا رەھىم كۆزى بىلەن باق! ھەسەت دەردىگە يولۇقماي دېسەڭ، باشقىلار مال-بايلىققا ئېرىشسە خۇرسەن بول! ئاقىل كىشىلەرگە ياقماي قېلىشتىن قورقساڭ، ھايا ئېتىغا مىن!

- « جاۋىدانى خىرەد» دىن

يالغانچىنىڭ ئۆلۈكتىن پەرقى يوق. چۈنكى تىرىك كىشىنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭ نۇتقىدىدۇر. تىرىك كىشى يالغان سۆزلەۋەرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم قۇلاق سالمايدىغان بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئەمدى ئۆلۈكتىن پەرقى يوق.

يالغانچىنىڭ دوستىمۇ يالغانچى.

يالغان ۋەدە بەرمەك بىكارغا دۈشمەن ئارتتۇرماقتۇر.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

يالغانچىلىق ھەممە گۇناھلارنىڭ بېشىدۇر. يالغانچى ئۆز ئارزۇسىغا يەتمەك ئۈچۈن يالغان سۆزلەرنى توقۇيدۇ، ئۇنى راست، دەپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەملەر ئىچىدۇ ۋە قەسەم بىلەن يالغاننى ياپماق بولىدۇ. بىرەر كىشى ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارا قىلسا ئۇنى ئۆزىگە دۈشمەن سانايدۇ. نەتىجىدە ئىككى ئارىدا ئاداۋەت ۋە جەڭگى-جېدەل يۈز بېرىدۇ. بۇ جەڭ بولسا كۆپ كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

يالغانچىنىڭ دوستى بولماس.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئارىستوتېل ئېيتىدۇ:

-راستلىق يولىدا ئۆلۈش - يالغانچى بولۇپ ئۇزاق ياشىغاندىن ئەۋزەل!

ئېيتىشلىرىچە، توغرا سۆز ھەر نەرسىدىن ياخشى. بىراق يالغانچى ۋە چېقىمچىدىن ئىشتىلگەن توغرا سۆزمۇ يېقىمسىزدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېيتقان توغرا سۆزلىرىمۇ ئادەملەر ئارىسىدا خۇددى يالغان سۆزلەرگە ئوخشاش پىسقۇ-پاسات قوزغايدۇ.

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئەگرى دەرەخنىڭ سايىسىمۇ ئەگرى بولىدۇ.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

## گۈزەللىك، ئۆزرە ۋە كەچۈرۈم توغرىسىدا

كىشىدە ئىككى خىل گۈزەللىك بار بولۇپ، ئۇلار ئىچكى ۋە تاشقى گۈزەللىككە بۆلۈنىدۇ. تاشقى گۈزەللىككە كىشىنىڭ ھەممە ئەزالىرى، مەسىلەن، كۆز، قۇلاق، چاچ، قاش، يۈز، لەۋ، ئېغىز، قول، ئاياغ، قامىتى كىرىدۇ. ئىچكى گۈزەللىك بولسا كىشىنىڭ يېقىملىق خۇلقلار بىلەن بېزىنىشىدۇر. بۇ خۇلقلار مۇلايىملىق، ساخاۋەت، شجائەت، ئىلىم، كەمتەرلىك، ئېپپەت-نومۇس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردۇر.

-ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ھېكمەت. ئىككى نەرسە ئىككى كىشى قولىدا ئۇۋال: گۈزەللىككە مەغرۇرلىنىدىغان كىشىگە بېرىلگەن ھۆسن؛ ئىككىنچىسى، گۈزەللىك قەدرىنى بىلمەيدىغان كىشىگە چۈشۈپ قالغان خوتۇن!

- خۇررەمىي

گۈزەللىكمۇ ئۇلۇغ نېمەت بولۇپ، ئۇ ھەممىلا كىشىگە بېرىلىۋەرمەيدۇ.

ئېتى گۈزەلنىڭ ئۆزىمۇ گۈزەل بولۇۋەرمەيدۇ.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھېكمەت. چىراي گۈزەل يۈزدە ئەمەس، گۈزەل خۇلقتا.

ھېكمەت. كىشىنى گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئۇنىڭ چىرايى ئەمەس، بەلكى چىرايلىق خۇلقىدۇر. چىرايلىق خۇلق كۆرۈمسىز كىشىنىمۇ چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. گۈزەل خۇلق گۈزەل كىشىلەردە مەۋجۇد بولسا، نۇر ئۈستىگە نۇر ياغقان بولىدۇ.

- خۇررەمىي

ئۆزرە سوراپ كەلسە دۈشمىنىڭ ھەرچاغ،
ئۆيۈڭدىن قوغلىما، ھوشيار بول بىراق!

-نىزامىي گەنجەۋىي

ئەزىزىم، كەچۈرۈم خىسلىتىنى ئۆزۈڭگە شوئار قىل، ئەتراپىڭدىكىلەردىن ئۇلارنىڭ ئەرزىمىگەن گۇناھلىرى سەۋەبلىك يۈز ئۆرىمە! ئۇلارنى ئەپۇ سۈيى ۋە مەرھەمەت نۇرى بىلەن بەھرىمەن قىل! ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ھەردائىم خەۋەردار بولۇپ تۇر! مەرھەمەت يۈزىسىدىن شەپقەت لىباسىنى ئىنئام ئەيلە!

خۇددى ئېيتۇرلەركى:

ئۆزۈڭ يېتىلدۈرگەن مېۋىلىك شاخنى،
ئۆزۈڭ نابۇت قىلساڭ كۆپ يامان بولۇر.

-خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ھېكمەت. كىمەرسىكى گۇناھكار كىشىنى كەچۈرەلىسە، بۇ ئۇلۇغلۇق نىشانى ۋە ئالىي ھىممەتلىك ئالامىتىدۇر.

-مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ھېكمەت. ھېساب ۋە سەرف مۇئامىلە ئۈچۈن، ئۆزرە ۋە ئىخلاس دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ئۈچۈندۇر.

ھەر كىمسەگە تەنە تېشىنى ئاتما،
گەرچە بولسا ھەمكى جاھىل ياكى شۇم.
نۇقسانسىز دوستلارنى تاپماق مۇئەمما،
ئېيتچۇ خاتالاردىن كىم پاكۇ مەسۇم؟!
كىمكى دوستلىرىغا بولمىسا خۇشپېئىل،
دوستلۇق ئىززىتىدىن بولغۇسى مەھرۇم!

-مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ھېكمەت. كىچىكلەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەك چوڭلار ئۈچۈن چىرايلىق پېئىلدۇر.

بېيت:

گۇناھكار گۇناھىن كەچمەكتىن ئەۋلا -
مۇكاپات بولمىغاي جاھاندا ئەسلا!

-مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

## ھالال ئەمگەك، رىزقى روز، ھورۇنلۇق، كۆپ يېيىش توغرىسىدا

ھېكمەت. ئىككى نەرسە دۇنيادا ئەڭ ئەزىزدۇر: بىرى، ئۆز قولى بىلەن تېپىلغان بايلىق؛ ئىككىنچىسى، دىلىدا دوستلۇقى مۇستەھكەم بولغان سادىق دوست.

-مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ئەزىزىم، بىلگەيسەن، قاچانكى تەلەپ ئايىغى رەنج - مېھنەت تىكىنى بىلەن مەجرۇھ بولمىغۇنچە ۋىسال قولى مەقسەت گۈلىنىڭ ياقىسىغا يېتەلمەس. كىشىدە كۈچلۈك ئىنتىلىش بولمىغۇنچە مۇرادنىڭ قۇياشى مەشرىق ئۈمىدى ئۇپۇقىدىن نۇر چېچىپ چىقماس. چۈنكى گۈل ئۈزمەك ئۈچۈن تىكەن زەھرىنى ئىچمەك لازىم. رەنج چەكمەستىن تۇرۇپ گەنج ئىشكىنى ئاچماق مۇمكىن ئەمەس. دېمەك مەقسەتكە يەتمەك ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تىرىشماق-تىرماشماق لازىم.

- خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ئەزىزىم، كىمكى بىرەر ئىشنىڭ تەلىپىدە قەدەم قويسا، بۇ ئىشنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا چىداشلىق بەرسۇن. مەقسەت كەئبىسىبىرى يولغا چىققان ئادەم زەخمەت سەھراسىدىن چۆچۈمەسلىكى لازىم.

-خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

زەخمەت چەككەن لەززەتنى ياخشى بىلىدۇ.
ۋەزىپىسى يوكسەك ئادەمنىڭ زەخمىتىمۇ كۆپ بولىدۇ.

-«ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

كىمەرسىكى ئەمگەك قىلسا، پۇشايمانلىقتا قالماس.

-«مەخزەنۇل ئۇلۇم»دىن

بىر ئىش بىلەرمەن ۋە ئەمگەكچان كىشىدىن: «بىچارە ۋە ئاجىز كىشى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سوراشتى. ئۇ كىشى شۇنداق دېدى: «بىچارە، ئاجىز، ئىش ياقماس، ھورۇن كىشى شۇنداق كىشىكى، ئائىلىنى بېقىشتا، نەرسە تېپىشتا سۇس بولىدۇ. غەيرەتسىز، ھىممەتسىز بولىدۇ، خوتۇنىنىڭ يېنىدىن چىقماي ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىدۇ.»

-«فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

ئۆزگىلەردىن تەمە بىلەن نەرسە تىلىمەك كىشىنى ھورۇنلۇققا ئېلىپ بارىدۇ، ئىززەت - ئابرويىنى تۆكىدۇ، ئاخىرى كىشىنى بەختسىزلىك كوچىسىغا ئېلىپ كىرىدۇ، كىشىنى شەرمەندە قىلىپ، نەزەردىن قالدۇرىدۇ. ھورۇن ۋە پەسكەش كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇشنىڭ نەتىجىسى ئەنە شۇنداق بولۇر. دېمەك، سەن قۇلىقىڭغا قۇيۇۋالكى، پەس ھىممەتلىك كىشىلەر ۋە خەسىس تەبىئەتلىك ئادەملەردىن ئۇزاقلىشىش يولىنى ئىزدە، ئۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلما، ئۇلارنىڭ تەسىرى ساڭا يۇقمىسۇن!

-مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

كۆپ يېيىش - كېسەللىك پەيدا قىلۇر.
ئۇيقۇدىكى ئادەمنىڭ ئويغاق ئادەمدىن خەۋىرى يوق.

-«ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

ھورۇنلۇق قىلىپ كەمبەغەللەشكەن كىشىنى ھەممە يامان كۆرىدۇ، دوستلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ، بالىلىرىمۇ مەنسىتمەيدۇ، كەمبەغەللىك بارچە بالالارنىڭ باشلامچىسىدۇر.

-«فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن

بېشىڭنى پەقەت ئۆز تىرناقلىرىڭ بىلەنلا قاشلىيالايسەن.

-«ئاتىلار سۆزلىرى»دىن

ئېرىنچەكلىك ۋە ھورۇنلۇق كىشىنى ياخشى ئىشلار قىلىشتىن قايتۇرىدۇ، كىشىنىڭ غەيرىتىنى يوقىتىدۇ، كەسىپ-ھۇنەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قالدۇرىدۇ. بەزى ئىش ياقماس كىشىلەر غەيرەت

www.uyghurkitap.com

قىلىش ۋە ھەرىكەتنى كۆچەيتۈرۈش ئورنىغا ئېغىر كۈنگە چۈشۈپ قالغاندىمۇ يەنىلا قولىنى قوشتۇرۇپ ئەيىبنى تەقدىرگە دۆڭگەيدۇ.

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

بىلىقتا كۆڭلى تارتقانىنىڭ ئايىغى سوغۇق سۇدا بولىدۇ.

كۆپ ياتقان ئاز ياشايدۇ.

كېچىسى شاراب ئىچىپ، كۈندۈزى ئۇخلىغانىنىڭ مال - بىساتى بەرباد بولۇر.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھەكىملەر تەكىتلەپ ئېيتۇرلەركى، ھۇرۇن كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇشتىن قاچماق زۆرۈر. چۈنكى ئۇلاردىن مەسلىھەت سورالسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۇرۇنلۇق نۇقتىئىينەزەرلىرىدىن چىقىپ مەسلىھەت بېرىدۇ. ئۇلار بولىدىغان ئىشنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈچى ۋە ئىدراكى بويىچە پەملەپ بولمايدىغانغا چىقىرىدۇ، كىشىنى غەيرەت كۈچىسىدىن چەتكە چىقىرىدۇ.

- «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

## تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئامانلىق ۋە ياخشى نام توغرىسىدا

تىنچ ياشاشنى ئىستىسەڭ، پەسكەش ئادەملەر بىلەن دۈشمەنلەشمە.

تازىلىق - سالامەتلىكنىڭ بىرىنچى سەۋەبى ۋە كېسەللىك ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ يولىدۇر.

تىنچلىقتىنمۇ بۈيۈك نېمەت يوق.

موھتاجلىقى كەم ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر.

سالامەتلىكتىنمۇ ئارتۇق بايلىق يوق.

دۇمبىسى يارا ئاتنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئىش ساغلام ئاتقا ئاسان كۆرۈنىدۇ.

تىنچ بولاي دېسەڭ، نەپسىڭ خاھىشىغا قارشى ئىش كۆر.

سالامەتلىكنىڭ قەدرى كەتكەندىن كېيىن بىلىنۇر.

ئۇيقۇغا كېتىش - جاننى بىر نەپەس خەتەرگە تاپشۇرۇشتۇر. چۈنكى ئۇيقۇ ئۆلۈم ئەلچىسى.

- «ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھېكمەت. ھەقىقى كۆز ئىگىسى شۇنداق كىشىكى، ئۆزىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشى ۋە سۆزىگە تەنبىھ نەزەرى بىلەن قارايدۇ. دانا يۈرەك ئىگىسى شۇنداق كىشىكى، دۇنيا سارىيىدا ياخشى ئىشلار قىلىش ئارقىلىق مالامەتكە قالمايدىغان ياخشى نامغا ئىگە بولۇپ كېتىدۇ.

- مۇئىنىددىن جۇۋەينى

## سۆزلۈك

### ئا

ئارا - كۆرك، ھۆسن، زەب؛ بېزەك، زىننەت: ئارا بەرمەك-كۆركەملىمەك؛ بېزىمەك، زىننەتلىمەك، پەردازلىماق.

ئاغاز - باشلىماق، (بېجىرىشكە) كىرىشمەك.

ئامى - ① ساۋاتسىز② بىلىمسىز③ ھۈنەرسىز④ ئومۇم، ئاۋام، ئادەتتىكى.

ئاۋازە - تارقالغان گەپ-سۆز، خەۋەر، مىش-مىش.

### ئە

ئەئيان - يۇقىرى مەنسەپلىك، ئۇستۇن مەرتىۋىلىك كىشىلەر؛ ئەمەلدارلار.

ئەبەس - پايدىسىز، بىھۇدە، بىمەنە.

ئەتتار - ئەتىر، ئۇپا، ئەڭلىك قاتارلىق پەرداز بويۇملىرى ساتقۇچى.

ئەتۋار(«تەۋر» نىڭ كۆپلۈكى) - تۇرق، خۇلق، يۈرۈش-تۇرۇش؛ ھال، ھالەت؛ ئۇسۇل؛ تۈر.

ئەدەن - ئازال نامى: دۇرى ئەدەن - ئەدەندىن چىقىدىغان دۇر.

ئەسغەر - كىچىكرەك.

ئەسفەر - سېرىق، سارغامتۇل.

ئەغيار («غەير» نىڭ كۆپلۈكى) - ① غەيرىيلەر، باشقىلار، ياتلار؛ چەت ئەللىكلەر② ياۋ، دۈشمەن، ياۋلار، دۈشمەنلەر ③ (شېئىرىيەتتە) رەقىب، قارشى تەرەپ؛ رىقابەتچى.

ئەفلاك («فەلەك» نىڭ كۆپلۈكى) - ئاسمانلار، كۆك.

ئەندۇھ - روھىي ئازاب، خاپىچىلىق؛ قايغۇ، غەم، غۇسسە.

ئەھباب («ھەبىب» نىڭ كۆپلۈكى)- دوست؛ دوستلار، يارانلار، قەدىردانلار.

ئەۋلا - ئۈستۈن، ئارتۇق، ياخشى، ئەۋزەل.

ئەييام («يەۋم» نىڭ كۆپلۈكى) - كۈن؛ كۈنلەر؛ چاغ؛ چاغلار.

### ب

بار - قېتىم، مەرتە، كەررە.

باز - يەنە، تېخى.

باكىرە - يۈزى ئېچىلمىغان قىز، تۇرمۇشقا چىقمىغان قىز.

بەدكار - بۇزۇق، ئەخلاقسىز.

بەدنەما - بەدبەشىرە، سەت، تۇرقى سوغۇق؛ يىرگىنچ، خۇنۈك.

بەردەم - كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان، ساغلام - تېتىك.

بەسەر - ① كۆز؛ كۆرۈش قۇۋۋىتى② بىلمەك، ئىدراك قىلماق.

بەسەرسىز - كۆرمەس، كۆرەلمەس.

بۇنياد - يۈزەگە كەلمەك، بارلىققا كەلمەك: بۇنياد ئەيلىمەك - بارلىققا كەلتۈرمەك، يۈزەگە كەلتۈرمەك، ياراتماق، بەرپا قىلماق.

بىدارلىق - ئويغاقلىق، ئۇيقۇسىزلىق.

بىسەمەر - يېمىشسىز، ئۈنۈمسىز؛ نەتىجىسىز، ئاقىۋەتسىز.

## پ

پاسات (فەساد) - ① ئورگانىزمنىڭ چىرىشى، بىرىكىلىشى، يۇقۇملىنىشى ② يىرىك ③ (كۆچمە) چۈشكۈنلۈك، بۇزۇقلۇق ④ (قانۇندا) كۈچتىن قالماق.

پايدار - ① بەرقارار، مۇقىم، پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغان ② مەڭگۈلۈك، ئەبەدىلئەبەد.

پايخان: پايخانلىماق، پايخان قىلماق - بېسىپ-يانچىماق، ئەزمەك، ئاياغ ئاستى قىلماق.

پەرھىزكار - ئۆزىنى تىيغۇچى، پەرھىزگە ئەمەل قىلغۇچى.

پەزل (فەزل) - پەزىلەت، ئىجابىي پېئىل-خۇي.

پەنا (فەنا) - يوقالماق، تۈگىمەك، ئۆلمەك؛ ① باقاسىزلىق، يوقلۇق ② (سوپىلىقتا) ئۆزىدىن ۋە پۈتۈن بارلىقتىن كېچىپ ئىلاھىيەتكە سىغىنماق.

پەيكەر - گەۋدە، قىياپە: پەرى پەيكەر - پەرى قىياپەت، پەرىگە ئوخشاش ناھايىتى گۈزەل.

پىسقۇ پۇجۇر (فىسق-فۇجۇر) - بۇزۇقلۇق، پاھىشىۋازلىق، يامان يولغا ماڭماق؛ ئويدۇرما، ئۆسەك، غەيۋەت-شىكايەت.

پىنھان - يوشۇرۇن، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان.

فەرزانە - ئەقىللىق، دانىشمەن، دانا، زېرەك؛ كۆپ نەرسىدىن خەۋەردار كىشى.

فەغفۇر - فارىسلارنىڭ قەدىمكى جۇڭگو خان-خاقانلىرىنى ئاتىشى.

## ت

تاراۋەت (تەراۋەت) - چىراي، ھۆسن، ياشلىق لاتاپىتى؛ تازىلىق.

تەئزىر - بىر كىشىنىڭ قىلغان خاتاسى ياكى گۇناھى ئۈچۈن بېرىلگەن دەككە، دەشنام؛ تەنبىھ، سۆكۈش، كايىش.

تەرەننۇم - كۈيلىمەك، كۈي.

تەسەررۇپ (تەسەررۇف) - پايدىلىنىش ھوقۇقى، ئىگىدارچىلىق، خوجايىنلىق.

تەمىز - ① تازا، پاكىزە ② تەرتىپلىك، سەرەنجام.

تەنەززۇل - چېكىنمەك، ئارقىغا كەتمەك؛ چۈشكۈنلۈك، ئىنقىراز.

تەھسىن - ماختىماق، مەدھ، ئالقىش؛ مەمنۇنىيەت بىلەن بېرىلگەن يۈكسەك باھا.

توپان (توفان) - ① قارا بوران، شىددەتلىك بوران ② سۇ تاشقىنى، توپان بالاسى.

تۇغيان - ① تاشقىن ② (كۆچمە) كۈچلۈك تۇيغۇ-كەچۈرمە؛ توپىلاڭ، غەليان.

## چ

چاھ - ① قۇدۇق ② چوڭقۇر، ئورەك. بۇ يەردىكى «قارىغۇ چاھدۇر» ئىبارىسى «... قارىغۇ يىقىلىپ ئورەككە چۈشۈپ كەتسە...» مەنىسىنى بېرىدۇ.

چەرخ - ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئايلىنىدىغان بۆلۈكى، غىلدىرەك: چەرخ ئۇرماق - ئايلىنىپ يۈرمەك؛ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەك.

چەشمە - بۇلاق.

چەندان - قىيتىم، مەرتە، كەررە.

چەۋگان - چەۋگان توپ ئويۇنىدا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ توپنى تۇتۇپ توختىتىش ۋە ئۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى تاياق.

چۇست - تېز، چاققان.

چۇنان - مىسالى.

## خ

خاك - ① تۇپراق ② تۇپراققا ياكى كۈلگە ئايلانغان ئىنسان جەسىتى.

خان - دەستۇرخان، تاماق شىرەسى.

خەم - پەسكە ئېگىلگەن، تۆۋەنگە ساڭگىلىغان.

خۇررەم - شاد، خۇرسەن، خۇشچاقچاق.

خۇرشىد - قۇياش: خۇرشىدى تابان - پارلاق قۇياش.

خۇشنۇد - شاد، خۇرسەن، مەمنۇن؛ كىشىنى خۇرسەن قىلىدىغان؛ شادلاندۇرىدىغان.

## د

دانىش - بىلىم، مەلۇمات.

دەركار - كېرەك، لازىم، زۆرۈر.

دەست - قول.

دىباچە - ① كىتابنىڭ رەڭ ۋە ئالتۇن رەڭ بىلەن نەقىشلەپ زىننەتلەنگەن باش بەتلىرى ② كىرىشمە، مۇقەددىمە.

## ر

راجا/راجە - ھىندىخانلىرىنىڭ ئاتىلىشى، ھىندىبەگلىرىنىڭ ئۇنۋانى.

رەپىق (رەفىق) - ① يولداش، دوست ② ئۆمۈر يولدىشى، ئەر.

رەمز - ① سىر، مەخپىيلىك ② بىرەر غايە، چۈشەنچە، ھادىسىلەرنى ئىپادىلىگۈچى، ئەسلەتكۈچى شەرتلىك بەلگە ③ بەلگە، ئالامەت، ئىشارە.

رەنج - ① كۆڭۈلگە يەتكەن ئازار، ئەلەم ② مۇشەققەت، مېھنەت، ئەمگەك.

روز - كۈن، بىر كۈن: رىزقى روز - كۈندىلىك ھايات ئۈچۈن زۆرۈر يېمەك - ئىچمەكلىكلەر.

روزغار - ① مۇستەقىل ئائىلە، ئىگىلىك ② تۇرمۇش، تىرىكچىلىك ③ ھال، ئەھۋال، قىسمەت ④ ۋاقىت، زامان، دەۋر.

رىزق - ھايات ئۈچۈن زۆرۈر ئوزۇقلۇقلار، يېمەك-ئىچمەكلىكلەر، نەسىبە.

رىكابدار - ① خان ۋە ئەمەلدارلارنى ئاتقا مىندۈرۈپ قويغۇچى خىزمەتكار ② ھارۋىكەش ③ ئوردىدا ھاراق-شاراب باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

رىيا - ئىككىيۈزلىمىلىك، مۇناپىقلىق، ساختىلىق، بىر ئىشنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىمەك، ئۆزىنى يالغاندىن ياخشى قىلىپ كۆرسەتمەك.

رىياكار - ئىككىيۈزلىمە، مۇناپىق، مۇناپىقلارچە ئىش قىلغۇچى.

## ز

زەبۇن - ① ئاجىز، زەئىپ، نىمجان ② ئېغىر، مۇشكۇل: زەبۇن بولماق - ① مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق ② زاۋاللىققا يۈزلەنمەك.

زەپەر - ئۇتۇق، غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەت.

زەكى - زاكاۋەتلىك، ئۆتكۈر ئەقىل-ئىدراك، زېھىن؛ دانىشمەن.

## س

سەرە - ئەڭ ياخشى، ئەلا، سەرخىل، تاللانغان، پارلانغان.

سەرپ (سەرف) - چىقىم، خىراجەت، سەرپلەنگەن نەرسە، پۇل، مەبلەغ.

سەرراپ (سەرراف) - پۇل ئالماشتۇرغۇچى سودىگەر، بانكىچى. سەررافخانا خوجايىنى.

سەرسەرى - سەرسان-سەرگەردان، ساياق؛ ھېچ ئىش قىلماي قاڭقىپ يۈرىدىغان.

سۇبات (سەبات) - ئۆز مەسلىكىدە، سۆزىدە چىڭ تۇرماق، تەۋرەنمەس ئىرادە.

سۇد - پايدا، نەپ.

سۇرۇد - ① قوشاق، ناخشا ② كۈي.

ستەم - زۇلۇم، ئېزىش، جەبىر-جاپا.

ستەمكار - زۇلۇم قىلغۇچى، ئەزگۈچى، زالىم.

سىرغەزەپ - ئاچچىقى يامان، ئاچچىقى ناھايىتى يامان، ھەدېسىلا ئاچچىقلىنىدىغان.

سىنە - كۆكس، كۆكرەك.

## ش

شىرازە - ① كىتاب ۋەرەقلىرىنى تۈپلەش-مۇقاۋىلاشتا ئۇلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ تۇرغۇچى يىپەك رەخت، لاتا ياكى يىپ بوغۇچ ② مۇقاۋا، مۇقاۋا نەقىشلىرى.

شىتاب - ئالدىراش، تېز؛ ئالدىراشلىق، تېزلىك.

## غ

غارەت - تالان-تاراج، بۇزغۇنلۇق، ۋەيرانلىق.

غەللە - دان، باشاقلىق ئېكىنلەرنىڭ ھوسۇلى.

غەنىم - دۈشمەن، ياۋ.

غۇبار - چاڭ، توزان، توزۇندا، زەررە.

## ق

قەيسەر - قەدىمكى رۇم خاقانلىرىنىڭ ئۇنۋانى، «سېزار/كايسار» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى.

## ك

كام - ئىستەك، مەقسەت.

كەرەم - ① مۇرۇۋۋەت، ھىممەت، سېخىيلىك ② ئۇلۇغلۇق، ئالىيجانابلىق ③ رەھىم-شەپقەت، ئەپۇ، مېھرىبانلىق، شەپقەتلىك.

كىميا - ① ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئالتۇن تاۋلىغۇچى پەيلاسوپلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئالتۇن تاۋلاش دورىسى، ئۆلمەسلىك دورىسى ② ئىكسىر ③ خىمىيە.

## گ

گەرمەل - (ئۆسۈملۈكلەرگە زىيانلىق) ئىسسىق شامال.

گەنج - خەزىنە، ئامبار؛ بايلىق.

گۇمراھ - يولدىن ئازماق، ئاداشماق، يېڭىلىشماق.

گۈلئۇزار - گۈل يۈزلۈك، گۈل چىھرە.

گىريان - يىغىچى، يىغلىغۇچى، يىغلاۋاتقان.

گىنە - كىن، غوم، ئاداۋەت، دۈشمەنلىك، يوشۇرۇن زىتلىق.

## ل

لەزىز - تەملىك، تاتلىق، شېرىن-لەززەتلىك.

لەھزە - «ھايت-ھۇيت» دېگۈچىلىك قىسقا ۋاقىت، كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتكەن چاغ، ئان.

لۇتى - مەرھەمەت، ئىلتىپات؛ ئالىيجانابلىق.

## م

ماتانەت (مەتانەت) - ① قاتتىق بەرداشلىق، ئېگىلمەس-سۇنماس، قەتئىيلىك، سەبىر-چىدام ② ئېغىر-بېسىقلىق.

مايە - ① ئۇزۇك، نېگىز، بىرەر نەرسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان ماددا، ئاساس بولغان نەرسە؛ سەۋەب ② سەرمايە، پۇل.

مەرگ - ئۆلۈم، ئەجەل.

مەسۇم (مەئسۇم) - ① پاك، گۇناھسىز، سەھۋەنسىز، خاتالىقسىز ② مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان، قوغدىلىدىغان.

مەشئاتە - قىز-كېلىنلەرنى ياساندۇرغۇچى ئايال، بېزەندۈرگۈچى، پەردازچى.

مەشۋەرەت - كېڭەش، مەسلىھەت.

مەھەك - ① ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىقلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدىغان تاش، سىناق تېشى ② (كۆچمە) ئۆلچەم، مىزان.

مۇئەتتەر - يېقىملىق ھىد چاچقۇچى؛ خۇش بوي.

مۇئەمما - ① تېپىشماق، چۈشەنمەك قىيىن نەرسە ② مەسىلە، ھەل قىلىنىشى قىيىن ئىش، نەرسە.

مۇدام - ھەمىشە، ھەردائىم، ھەممەۋاقىت، توختاۋسىز.

مۇرۇۋۋەت - ① ياخشىلىق، سېخىيلىك، ھىممەت ② ئالىيجانابلىق ③ ئادىمىيلىك، ئادىمىيگەرچىلىك ④ مەردلىك، جەسۇرلۇق.

مۇسەپپا (مۇسەففا) - پاك، ساپ، تازا، چاڭسىز، غۇبارسىز؛ تازىلانغان، ناچار نەرسىلەردىن ئاجرىتىلغان.

مۇشك - ئىپار كېيىكنىڭ كىندىكىنىڭ مەلۇم تورى ئەركىكىنىڭ جىنسىي بېزىدىن ئېلىنىدىغان خۇش بوي قارامتۇل ماددا؛ ئومۇمەن خۇش بوي

ماددىلار، ئەتىر.

مۇلاقات ـ ① ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش ② پاراڭلىشىش، سۆھبەت.

مۇنتەزىر ـ ئىنتىزار، ئىنتىزار بولغۇچى، زارىقىپ كۈتكۈچى، مۇشتاق.

مۇھەييا ـ تەييار، تەپمۇ تەييار؛ بار.

مېزبان ـ مېھمان كۈتكۈچى، زىياپەت، توي ئىگىسى.

## ن

نابەكار ـ خۇلق-ئەتۋارى، يۈرۈش-تۇرۇشى، قىلمىش-ئەتمىشى يامان ئادەم، يارىماس.

ناتاۋان (ناتەۋان) ـ ھالسىز، كۈچسىز، ئاجىز، زەئىپ، نىمجان، ئىشقا ياراقسىز.

ناخۇش ـ ① تاۋۇى خىرە، كەيپىياتى ناچار، بۇزۇق ② يېقىمسىز، خۇش كەلمەيدىغان، كۆڭۈلسىز ③ ساقسىز، كېسەلمەن، بىتاب.

ناساز ـ ① ساز ئەمەس، سازلانمىغان (چالغۇ ئەسۋابلىرى توغرىسىدا) ② ناباپ، لايىق ئەمەس؛ بىر-بىر مەقسەتكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان.

ناف=نافە ـ كىيىكنىڭ مۇشك بېزى.

ناقىس ـ ① كەمچىلىكى، نوقسانى بار، نۇقسانلىق، كەم-كوتا ② يېتەرسىز، كەم.

ناگاھان (ناگەھان) ـ تۇيۇقسىز، تۇساتتىن، كۈتۈلمىگەندە، ئۇشتۇمتۇت.

نەپسى ئەممارە (نەفسى ئەممارە) ـ بۇزۇق نەپس، ئەقلىدىن ئۈستۈن كەلگۈچى نەپس، ئاچكۆزلۈك؛ يامان نىيەت.

نەزد: نەزدىدە ـ يېنىدا، قېشىدا، ئالدىدا؛ قارىشىچە، نەزەرىدە.

نەسىم ـ يەڭگىل شامال، مەيىن شامال، غۇر-غۇر شامال.

نەھۋ ـ ① سىنتاكسىس ② گرامماتىكا ③ ئومۇمەن تىل ئىلمى، تىلشۇناسلىق.

نىئەجەب ـ ئەجەبلەنمەك، ھەيران بولماق.

نىش ـ نەشتەر.

نىگاران ـ تەلمۈرۈپ كۈتكۈچى، ئىنتىزار، زارىقىپ-تېلىقىپ كۈتكۈچى.

نىھال ـ كۆچەت، ياش نوتا.

نىھان ـ كىشى بىلمەيدىغان، سەزمەيدىغان؛ يوشۇرۇن، پىنھان.

بۇ مىسرادا: قانائەتلىك كىشى غەم-كۈلپەتتىن يىراق، غەم-قايغۇ دېگەننى بىلمەيدۇ، مەنىسىدە.

## ھ

ھەد ـ چېگرا، چەك، ئاخىرقى نۇقتا.

ھەرىس ـ ① ھېرىسمەن، ھېرىسلىك؛ ئىشقىۋاز ② ئاچكۆز، تەمەخور، خەسىس.

ھەلىم ـ مۇلايىم، كەڭ قورساق، سەبرچان (كىشى).

ھەمئاغۇش: ئاغۇش-قۇچاق، باغىر، قويۇن. ھەمئاغۇش ـ بۇ يەردە «ھەمدوست، ھەمدەم» مەنىسىدە.

ھەنزەل ـ ئاچچىق تاۋۇز.

ھەيف ـ ① ئورۇنسىزلىق، بىركىمگە بېرىلگەن، سەرپلەنگەن نەرسىنى ياكى بىر ئىشنى نامۇناسىپ دەپ بىلمەكلىك؛ ئېچىنىش، ئەپسۇسلىنىش ② ئادالەتسىزلىك.

ھىلال ـ يېڭى چىققان ئاي، ئۈچ كۈنلۈك ئاي.

ھىلم ـ ①ھەلىملىك، يۇمشاقلىق، مۇلايىملىق ② سەبرچانلىق؛ كەڭ قورساقلىق: ھىلم ئەھلى ـ مۇلايىم، كەڭ قورساق كىشىلەر.

## ئۇ

ئۇزلەت ـ كىشىلەردىن بىراقلىشىپ يالغۇز ياشماق؛ يالغۇزلۇق.

ئۇممان ـ دېڭىز ـ ئوكيان.

## ئى

ئىختىيار ـ ① ئەرك، ئىستەك، خاھىش ②ھەق، ھوقۇق، ۋەزىپە مۇلازىملىق ③ پايدىلىنىش، تەسەررۇپ، باشقۇرۇش ھوقۇقى.

ئىزىم ـ ئىختىيار، ئەرك؛ باشقۇرۇش ياكى پايدىلىنىش ھوقۇقى؛ پەرمان، ئەمر؛ ئىجازەت: ئىزىم بەرمەك ـ رۇخسەت ياكى ئىختىيار بەرمەك.

ئىفشا ـ ئاشكارىلىماق، پاش قىلماق، ئاچماق.

ئىكسىر ـ ① تىبابەتتە: ئالتۇن تاۋلاش دورىسى، قۇۋۋەت دورىسى، ئۈنۈملۈك دورا ② ئوتتۇرا ئەسىر كىمياگەرلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ھەرقانداق نەرسىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغان پەلسەپىۋى تاش، ئالتۇن تاۋلاش دورىسى.

---

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى ۋە سۆزلۈك تۈزگۈچى:
يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق(M1)

بايانات
ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ
نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە



# تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود - «تارىخنى ئۆزىنىڭ ئۆز ئۆچۈرى ئارقىلىق بايان قىلىش»

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (1933 - 1995.2.27)

## تارىخ ئەينىكىدە

تارىخ - كەڭ مەنىدە ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى، هازىرقى رېئاللىقىنى ۋە كەلگۈسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تار مەنىدە ئۆتمۈشىنى، ئۆتمۈشكە ئايلانغان پائالىيەت ئەسلىمىلىرى، ئابىدىلىرى ۋە خاتىرىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تارىخ - ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ راۋان ئېقىمى بولۇپ، تارىخقا ئايلانمايدىغان ھېچقانداق ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي هادىسە مەۋجۇد ئەمەس. يالغۇز ئەينى زاماننىڭ ئاچچىق رېئاللىقىلا تارىخقا ئايلىنىپ قالماستىن، يەنە ئەينى زاماننىڭ شېرىن كەلگۈسىمۇ تارىخقا ئايلىنىدۇ.

*  *  *

ئەمما، ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ تارىخقا ئايلىنىشى بەدەلسىز ئەمەس! ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى - تارىخنىڭ ئۇلۇغ چوققىسى، تارىخنىڭ ئۇلۇغ خەزىنىسى سۈپىتىدە داۋاملىق جەمغىرلىنىدۇ، داۋاملىق راۋاجلىنىدۇ. ئۇ، ئۆلمەس مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتىدۇ. قەدىمكى مىسىر پىرئەۋنلىرى زامانىدىكى رېئاللىق ۋە ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى تارىخنىڭ ئەلئېھراملىرىغا، ۋاقىتنىڭ مومىيالىرىغا غەرق قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ زامانلاردا يارالغان مەدەنىيەت «روھى» بابىلون ۋە گرېتسىيە مەدەنىيەتلىرىگە سىڭىپ كەتتى. بۇنداق سىڭگۈچ مەدەنىيەت «روھى» هادىسىسى ئومۇمىي ۋە دائىمىي رول ئوينىغۇچى

قانۇنىيەتلىك قىممىتىگە ئىگە.

* * *

تارىخ ـ بىزنىڭ بارلىقىمىز. پۈتكۈل بىلىملەر تارىخنىڭ پەرزەنتلىرى. بىز تەبىئەت پەنلىرىنىمۇ، جەمئىيەت پەنلىرىنىمۇ، پەلسەپۋى بىلىشنىمۇ تارىخىي نەرسە دەپ چۈشىنىمىز. تارىخنى بىلمەي تۇرۇپ، پەلسەپىنى بىلمەي تۇرۇپ، بىلىش ئوبيېكتىدىكى ھادىسە ۋە ماھىيەتلەرنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئەمما، تارىخنى قانداق بىلىش مۇمكىن؟ تارىخنى بىلىشنىڭ ھەقىقىي ئىلمىي ئۇسۇلى قانداق بولۇشى لازىم؟

* * *

ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن ھەقىقەتنى كەشپ قىلالايدىغان تەتقىقات ئۇسۇلى تەلەپ قىلىنىدۇ.

تارىخنى بىلىش ئۈچۈن تارىخنى ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش يېتەكچىلىكىدە، تارىخنى تارىخنىڭ ئۆز قىياپىتى ۋە ئۆز ئەھۋالى بويىچە تەتقىق قىلىدىغان تارىخىي ئۇسۇل كېرەك. ف. ئېنگلس: ماتېرىيالىزم دېگەنلىك شەيئىينى ھېچقانداق غەيرىي قوشۇمچىسىز ھالدا شەيئىينىڭ ئۆز ئەھۋالى بويىچە ئىزاھلاشتۇر، دېگەنىدى. بۇنداق «غەيرىي قوشۇمچىسىز» ئۆز پېتى ئىزاھلاشنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدىكى گەۋدىلىنىشى ـ تارىخنى ھېچقانداق يات قوشۇمچىسىز ئۇنىڭ ئۆز ئەينىچە ئىزاھلاش، باشقىچە ئېيتقاندا «تارىخىي ماتېرىيالىزم» بولىدۇ.

* * *

بىز ھىرودوتۇس بىلەن سىماچيەننى تارىخشۇناسلىقتىكى ئىككى ئۇلۇغ پىر ئۇستاز دەپ ھېسابلايمىز. ئۇلار يېزىقتا خاتىرىلەنگەن تارىخنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەڭداشسىز ئىككى ۋەكىلى. شۇندىن بېرى تاكى ھازىرغىچە سان-ساناقسىز تارىخنامە، يىلنامە، سالنامىلەر يېزىلدى. كىشىلەردە يېزىق ئارقىلىق ئاپتور تىلىدا بايان قىلىشنى تارىخ دەپ قارايدىغان يېگانە ۋە مۇتلەق چۈشەنچە شەكىللەنگەن.

بىز ھىرودوتۇس بىلەن سىماچيەندىن بېرى يېزىق ئارقىلىق ئاپتور تىلىدا بايان قىلىش شەكلىدە ھەرخىل تارىخ كىتابلىرى يازغان تارىخشۇناسلارنىڭ ئۇلۇغ ئەمگەكلىرىگە ھۆرمەت بىلەن نەزەر سالىمىز. ئۇلار تارىخنى ئۇنتۇلۇش خەۋپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشتى.

* * *

ئەمما، بۇنداق يېزىق ئارقىلىق تارىخ تەتقىق قىلىشنىڭ بىرقاتار نۇقسانلىرى روشەنلەشتى. ئۇنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، تارىخ بايان قىلغۇچى بۇ تارىخنى ئۆزى باشتىن كەچۈرمىگەن ياكى ئۆزىنىڭ قىسمەن ھايات چەمبىرى بىلەن چەكلەنگەن. تارىخ ھەققىدىكى تەپسىلات خۇددى بىر كېسەلنىڭ دوختۇرغا ئۆز ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىشىگە ئەمەس، بەلكى، باشقا ئادەمنىڭ، ھەتتائۇ كېسەلنى كۆرمىگەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭ كېسىلى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىنىگە ئوخشاپ قالغان. دوختۇرنىڭ كېسەلنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ بولۇپ، يەنە ئۇنىڭ جىسمانىي ھالىتىنى ـ قان، سۈيدۈك، يۈرەك، ئۆپكە... ۋەباشقىلار ئۈستىدىن لابوراتورىيىلىك مەلۇمات ئېلىپ، ئاندىن دىئاگنوز قويغانلىقى ھەققىدە تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

* * *

ئىككىنچى، نەتىجىدە خۇددى «مەدرىسە پەيلاسوپلىرى» دەك بىر بۆلۈك تارىخچىلار پەيدا بولغان. ئۇلار تارىخنى ھېكايىدەك سۆزلەيدۇ، ئەمما شۇ تارىخىي دەۋردىكى چۆكمە ئۇچۇر ـ ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملارنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. بۇ خۇددى سالام خەت ئارقىلىق مۇھەببەتلەشكەنلەرنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر-بىرىنى تونۇماي قالغىنىغا ئوخشاش كۈلكىلىككە ئېلىپ بارىدىغان ئەھۋال. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئۇلار پەرق ئېتەلمەيۋاتقان بۇيۇملار ئىچىگە ھەقىقىي، ئەمەلىي تارىخ يوشۇرۇنغان.

* * *

ئۈچىنچى، تارىخنى يېزىق ئارقىلىق بايان قىلغاندا، بۇ يېزىق ئوخشىمىغان مۇئەللىپلەرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغاندا، يەنە مۇنداق ئۈچ مەسىلىگە كاۋاك قالدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ھەربىر مۇئەللىپنىڭ ۋە ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ چۈشەنچىسى ئوخشىمايدۇ. بۇ، تارىخنى ھەرخىل چۈشىنىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، تارىخ كىتابلىرىدا بىر-بىرىگە زىت بايانلار كۆپىيىدۇ. بىز «24تارىخ» دا مۇنداق زىت بايانلارنى ۋە ئۇنىڭ ئەينەن كۆپلەپ تەكرارلىنىشىنى كۆرىمىز. ئۈچىنچىسى، تارىختىن ھەركىم خالىغانچە پايدىلىنىش يوچۇقلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى كېلىپ چىقىدۇ.

* * *

ئېيتىش كېرەككى، يېزىق ئابستراكت مۇھاكىمە خاراكتېرلىق تەپەككۇرنى، ئابستراكت بەلگۈ خاراكتېرلىق ھەرپلەر بىلەن، ئابستراكت چاتما خاراكتېرلىق گىراماتىكىلىق جۈملە تۈزۈلمىسى ئارقىلىق ئىككىنچى كىشىگە يەتكۈزىدىغان ئالاقە ۋاستىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ «ئۈچ ئابستراكت»

لىقىنىڭ ھەممىسىدە لېنىن ئېيتقاندەك «ئىدېئالىزمنىڭ بىلىش جەھەتتىكى يىلتىزى» ئۇچۇن مۇمكىنلىك ساقلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئالاقە ۋاستىسى «بىۋاستە» بولمىغان، «ۋاستىلىق» ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

* * *

تارىخ بۈگۈنكى كۈندە ئۇچۇر دەۋرىگە يۈزلەنمەكتە. بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق بىلىش ئوبيېكتىنىڭ ئۇچۇر ئالامەتلىرى ، بىلىش مۇمكىنلىكى ۋە بىلىش يوللىرى ئۇچۇر قىممىتى بولىدۇ، دېگەن قاراش ئۇچۇر دەۋرىگە خاس بىلىش نەزەرىيىسى قائىدىسى ھېسابلانماقتا. ھەقىقەتەن شۇنداق: ئۇچۇر - دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ تۈپ ھالقىسى.

ھەربىر تارىخي دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس بىلىش، تەتقىق قىلىش مېتودى بولغىنىدەك، مېنىڭچە، ئۇچۇر دەۋرىدىكى تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلىق مېتودى - تارىخنى تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇرى بىلەن تەتقىق قىلىش ۋە بايان قىلىش بولۇشى لازىم.

* * *

مەلۇمكى، تارىخ - چۆكمە ھالەتتىكى ئۇچۇردىن ئىبارەت. تارىخ - ئۆز ئىزنالىرى، تامغا - بەلگۈلىرى، سىگنال، سىمۋول، ئوبراز، يالداما ۋە يادىكارلىقلىرىنى ۋاقىت دەرياسىغا چۆكتۈرگەن ئۆتمۈش بولۇپ، تارىخنىڭ بۇ يادىكارلىقلىرى تارىخنىڭ ماددىلاشقان ئۇچۇر مۇزېيىدۇر.

بىز تارىخقا ھۆرمەت قىلىش دېگەندە، ئالدى بىلەن بۇ خىل تارىخنىڭ ماددىلاشقان ئۇچۇر بويۇملىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم.

بىز تارىخنى ماتېرىيالىزملىق پرىنسىپتا تەتقىق قىلىش دېگەندە، ئالدى بىلەن تارىخنىڭ ماددىلاشقان ئۇچۇر پاكىتلىرىنى ئەينەن تەتقىق قىلىشنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم.

* * *

تارىخنى، تارىخي تېمىلارنى ئىمكانقەدەر ئەڭ كۆپ ئەينى زامان بۇيۇم، بەلگۇ، كۆرۈنۈش كۆرسىتىلگەن رەسىملەر ئارقىلىق تەتقىق قىلىش، رەسىملەر ئارقىلىق بايان قىلىش ھېرىدوتۇس ۋە سىماچيەن باشلاپ بەرگەن ئاپتورنىڭ تىل - يېزىقى بىلەن بايان قىلىش ئېراسىگە خاتىمە بېرىدۇ. ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ياشىغان بۇخىل مېتودنىڭ رەسىمگە ئېلىنغان ئۇچۇر قىممىتىدىكى بويۇملار ئارقىلىق تارىخنى بايان قىلىش مېتودىغا يول بېرىشى بىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ھەقىقەتلىشىشى يولىدىكى مۇقەررەر ھادىسە بولۇشى تەبىئىي. تارىخنى تارىخقا چۆكمە بولۇپ كىرگەن بۇيۇملار رەسىملىرى ئارقىلىق بايان قىلىش، گەرچە يېزىق بىلەن بايان قىلىشتىن ئايرىلمىسىمۇ، ئەمما، بۇ يەردە يېزىق ئارقىلىق بايان قىلىش - تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى ئىزاھلىشىغا مۇلازىمەت قىلىدۇ، ئۇنى تولۇقلايدۇ.

* * *

تارىخ - ئەسلىدىكى تارىخ بىر قانچە بولماستىن پەقەت بىردۇر. ئۇنىڭ ماددىلاشقان چۆكمىلىرىنىڭ ئۇچۇر قىممىتى تارىخنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى بىردىنبىر نوپۇزلۇق سالاھىيەتكە ئىگە. بۇ سالاھىيەتلىك، بىۋاستە، بىرىنچى مەنبە ئۇچۇر ئارقىلىق تارىخ بايان قىلىش - ماھىيەتتە «تارىخنىڭ ئۆزى ئۆزىنى» بايان قىلغانلىقى بولۇپ، بۇ، تارىخ تەتقىقاتىدىكى غايەت زور يېڭى ھادىسە.

بۇ، نوقۇل ۋاستىلىك نەقىللەرنى، ئۈزۈندە سۆزلەرنى كاتالوگ قىلىشتىن، تارىخي رەسىملەر توپلاشقا ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدىغان قايتا بىناكارلىق.

بۇ، ئادەتلەنگەن بىر قاتار قاراش، ھۆكۈملەرنىڭ ناتوغرىلىقىنى ، ھەتتا ساختا ئېلىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىردىنبىر توغرا - خاتا كۆرسەتكۈچ - ستربېلكا. ئۇنى رەت قىلىش ئۈچۈن گەپ - سۆز ئەمەس، بىر سىستېما تەشكىل قىلغان تارىخ يادىكارلىقلىرىنىڭ رەسىملىرى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

* * *

تارىخ تەتقىقاتچىلىرى، تارىخ تەتقىقات ئورۇنلىرى، نەشرىيات خادىملىرى، باسما زاۋۇت تېخنىكلىرى، ئىلمىي مەسىلىلەر ئەنزارچىلىرى ، تارىخ ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى بىلەن تارىخ ئوقۇرمەنلىرى «تارىخنى تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىش ۋە بايان قىلىش» ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىق خاراكتېرى، ئىلمىي قىممىتىنى چۈشەنگەن ھالدا، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى قوللىشى، ئۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كۆز ئالدىمىزدا «تارىخنى تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىش، بايان قىلىش » بىلەن تارىخنى ئاپتورنىڭ تىل - يېزىقى بىلەن بايان قىلىش بىرلەشكەن، ئالدىنقىسى ئاساس، كېيىنكىسى قوشۇمچە قىلىنغان يېڭى تەتقىقات مەنزىرىسى شەكىللەنمەكتە. روشەنكى، بۇ، بىلىش تارىخىدىكى مۇھىم بىر سەكرەشتۇر.

1992-يىل 15-ماي(M1)



# سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر

تەقرىز

بىر مىللەت، بىر دۆلەت، بىر رايون، بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۇچ كەلگەن كرىزىس ۋە پۇرسەت ھامان كۆپ قۇتۇپلۇق، كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. تۇرمۇشتا كىشىلەر دائىم شۇنى ھېس قىلىدۇكى، دىتى بار ئادەم ھامان ھەممە جەھەتتىن پەملىك، ناباب ئادەم ھەممە ئىشتا يارىماس كۆرۈنىدۇ. يەنە شۇنداق مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىشلارمۇ باركى، كىشىلەر ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان بەزى ئادەملەرمەلۇم مەزگىللىك جاپالىق تىرىشچانلىقتىن كېيىن ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىشى بىلەن ئەل-جامائەتنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. بىر

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

مىللەت، بىر دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. يېقىنقى 30 يىل مابەينىدىكى شياڭگاڭ، سىنگاپور، كورېيىنى ئالساق، ئۇلار ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرۇدىغان تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ تەرەققىيات ئاسماندىن چۈشكىنى يوق، بەلكى شۇ دۆلەت، شۇ رايون خەلقىنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ، ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كرىزىس ۋە نۇقسانلار ئۈستىدە سوغۇققان ئويلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىگە پۇرسەت يارىتالىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان كرىزىسقا قارىتا تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى قانچىلىك؟ نۆۋەتتە جۇڭگو دۇچ كەلگەن كرىزىسنى ئىقتىساد، نوپۇس، مائارىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇ كرىزىسلارنىڭ يىلتىزىنى

www.uyghurkitap.com

تۈزۈلمە، مەدەنىيەت، ئەخلاق، روھ ۋە ئېتىقاد قاتارلىق ساھەلەردىن ئىزدەش مۇمكىن. مانا مۇشۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق بولغان 37نەپەر ئالىم-مۇتەخەسسىس جۇڭگو دۇچ كەلگەن كرىزىس ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا يازغان ماقالىلەردىن تۈزۈلگەن، لى مىڭ باش تەھرىرلىكىدىكى «جۇڭگودىكى كرىزىس» ناملىق ئىككى توملۇق كىتاب 1998-يىلى 1- دېكابىردا «ئىسلاھات» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن «سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن سىياسىي تۈزۈلمىدىكى بۆسۈشكە نەزەر» ناملىق ماقالىنى تاللاپ ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاپ خۇاڭ جىڭمىڭ باش مۇھەررىرلىكىدىكى «نەنجىڭ گېزىتى»، «ھەپتە ئاخىرى» مەخسۇس بېتىنىڭ 2000-يىل 18-فېۋرال سانىغا بېسىلغان «دېموكراتىيە - سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ۋە مېغىزى» ناملىق ماقالىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ «ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش» سەھىپىسىدە باستۇق.

ئېلىمىز «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» نىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بارمىغاندا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىمۇ ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بىز ئالدى بىلەن ئادەمدىن ئىبارەت توسالغۇغا دۇچ كېلىمىز. ھەرقانداق ئىش ئادەم بىلەن بولىدۇ. سەن ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرسەڭ، ئۇ يەردە بىرسى ھوقۇقدار بولىۋالىدۇ، بۇنداق بولغاندا، سەندە نېمە ئامال بولسۇن؟ بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىسلاھاتىمىز-نىڭ غەلىبە قىلىش - قىلالماسلىقى يەنىلا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دېگەنىدى. دانالىق بىلەن. بىزچە بۇ ئىككى پارچە ماقالە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تونۇشىدا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، دەپ قارايمىز.

- مۇھەررىردىن

# سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن سىياسىي تۈزۈلمىدىكى بۆسۈشكە نەزەر

ليۇجۈننىڭ  جياڭ تېيگاڭ

ھۆكۈمەت ئورگان ئىسلاھاتى ۋە كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇشنى ئۆزگە بەلگە قىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نۆۋەتتە ئەڭ قىيىن باسقۇچقا قەدەم قويىدى. شۇنىڭغا ماس ھالدا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئائىت سادالارمۇ تەدرىجىي كۆپىيىپ قالدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا سېلىشتۇرغاندا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، شەكسىزكى تېخىمۇ مۇرەككەپ، سەزگۈر، شۇنداقلا ئىلمىي نەزەرىيە جەھەتتىكى قوللاشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش. شۇڭا مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش ۋە دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇ-رۇشتىن ئىبارەت ئورتاق نىيەتنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش -بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھالقىلىق مەسىلە ئۈستىدە كەڭ كۇشادە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، مەلۇم ئورتاقلىق ھاسىل قىلىشنى زۆرۈر ، دەپ قارايمىز. ئىسلاھات مەزگىلىدە بۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغان ھەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز.

**جياڭ تېيگاڭ:** بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100يىللىقىنى خاتىرىلىگەن چاغدىكى بىر قېتىملىق نۇتقىڭىزدا سىز: بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەنئەنىسى لىبىرالىزمچە ئەنئەنە، دېگەن گەپنى قىلغانىدىڭىز. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەنئەنىسىگە زادى قانداق قاراش كېرەك؟ بۇ مەسىلىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەر بار. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەنئەنىسى بىلەن لىبىرالىزم مەسىلىسىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يەنىلا لىبىرالىزمنىڭ ھازىرقى جۇڭگودىكى رېئال ئەھمىيىتى مەسىلىسى. مۇشۇ توغرىدىكى قارىشىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**ليۇجۈننىڭ:** لىبىرالىزم ھەرگىزمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدىكى پرىنسىپسىز، تەشكىلسىز، ئىنتىزامسىز تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ۋە خىزمەت ئىستىلى ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ۋە ئۇنى قوغداشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان سىياسىي پىكىر ئېقىمى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم. لىبىرالىزم جۇڭگودا كونىراپ قالغان يېڭى تېما. ئۇنىڭ جۇڭگوغا تارالغىنىغا بىرەر يۈز يىل بولدى. لىبىرالىزم گەرچە جۇڭگو تۇپرىقىدا بارلىققا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتى شەخسنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى ئورتاقلىقىدا. مەيلى جۇڭگولۇق ياكى غەربلىك بولسۇن، ئوخشاشلا ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدۇ، مال-مۈلۈك ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى قەدىرلەيدۇ. بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى مۇقەررەر تاللاشقا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە لىبىرالىزمنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى چوڭ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى. ئەلۋەتتە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۆتمۈشتىكى نەچچە مىڭ يىلنى جۇڭگو ئەركىنلىك بولمىغان ھالەتتە ئۆتكۈزدى. لىبىرالىزم ئەزەلدىن جۇڭگودا تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىغا بولساتېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرەلمىدى. پەقەت ئوقۇمۇشلۇق ئاز ساندىكى زاتلار ئارىسىدىلا ئاز-تولا تەسىرگە ئىگە بولالىدى.

لىبېرالىزم ماھىيەتتە «ئەمەلىيەت» توغرىدىكى مەسلەك. دەل جۇڭگولۇقلار ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق مەزگىلگە قارىغاندا ئەركىنلىك ۋە ھوقۇققا تېخىمۇ موھتاج بولغانلىقى، لىبېرالىزمنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا قايتىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈرىيىتى ۋەجىدىن بۈگۈن بىز ئۇنىڭغا قايتىدىن نەزەرىمىزنى سېلىپ تۇرۇۋېتىمىز.

**جياڭ تېيگاڭ:** لىبېرالىزم بىلەن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟

**ليۇجۇنىڭ:** ئەگەر بىز لىبېرالىزمنى سىياسىي مەسىلىلەر بىلەن چېتىشلىقى بار دېسەك، بىز چوقۇم سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتە ئىسلاھات ۋە بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە سىياسىي روھ جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە جۇڭگو يالغۇز سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتىلا سۆزلىسە كەملىك قىلىدۇ. سەۋەبى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى 1980-يىللارغا تەۋە گەپ بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ تۈزۈلمىنىڭ ئىچكى قىسمىغا تەۋە ئىزدىنىش ئىدى. 1990-يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، بىز پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە، ئەنئەنىۋى ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن نۆۋەتتە دۇچ كەلگىنىمىز 1980-يىللار مەنىسىدىكى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولماي، بەلكى سىياسىي تۈزۈلمىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىش بولدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى بۆسۈشكە ئەگىشىپ، سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىش مۇمكىن بولماي قالدى. ئۆزگەرمەس ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بۇزۇپ تاشلاش مۇقەررەركى، ئۆزگەرمەس سىياسىي تۈزۈلمىنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. بازار ئىگىلىكى ئەگەر مۇناسىپ بولغان يېڭىچە سىياسىي تۈزۈلمىگە تايانمىسا، ئۇ ھەرۋاقىت ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ئېھتىمالى بولغان ھەم ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغان مۇئەللەقتىكى راۋاققا ئوخشاپ قالىدۇ. سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئارقىغا چېكىنىشى - مۇقەررەر ئىقتىسادىي مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشىدىن ئىبارەت ئاقىۋەتنى ئېلىپ كېلىدۇ (مەسىلەن، چىرىكلىك، ناتوغرا رىقابەت، مونوپولىيە، ئالدامچىلىق ۋە سىياسىي ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان تەقسىماتتىكى ئادالەتسىزلىك قاتارلىقلار). ھازىر بۇنداق ھادىسىلەر ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. بۇ، بىر قىسىملارنىڭ بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتىغا بولغان گۇمانىنى قوزغاشقا سەۋەب بولماقتا.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز ئادەتتە دەپ كېلىۋاتقان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى پەقەت سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ئىچىدىكى پروگراما خاراكتېرلىك قىسمى، مەسىلەن، ئورگان ئىسلاھاتى، دۆلەت خىزمەتچىلىرى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىش، رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىكى باقىۋەندىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىش قاتارلىقلار.

بۇنداق تۆت بۇرجەكلىك مەزمۇنلار گەرچە زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. نۆۋەتتە جۇڭگودا بىر قەدەر تەخىرسىز بولۇۋاتقىنى يالغۇز سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتىكى ئىسلاھات ۋە بۆسۈش بولۇپلا قالماي، بەلكى سىياسىي روھ جەھەتتىكى ئىسلاھات، بىرخىل سىياسىي قىممەت قاراش جەھەتتىكى ئىسلاھات ۋە بۇرۇلۇش. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، جۇڭگو سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىنىۋاتقىلى 20يىل بولغان بولسىمۇ، سىياسىي روھنى يېڭىلاش مەسىلىسى يېتەرلىك ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. بىز بۇنداق ئىككى خىل روھنى ئاددىي ھالدا سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى: بىرخىلى، چەتكە قېقىش خاراكتېرىدىكى سىياسىي روھ. يەنى سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ئادەملەرنى سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ سىرتىغا سىقىپ چىقىرىۋېتىپ، ئۇلارغا قانۇنلۇق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ۋە پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتى بەرمەسلىك. بۇنىڭدا ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە بولغىنى سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسى. بۇ نەزەرىيە بويىچە بولغاندا، بىر قىسىم ئادەملەر دۈشمەن، يەنەبىر قىسىم ئادەملەر بولسا يولداش ۋە دوست. بۇ خىل سىياسىي روھنىڭ ئىدارە قىلىشىدا جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئائىلە، ھەربىر قاتلام، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارا تەبىئىي ھالدا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. كىشىلەر ئارا يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يولىغا بولسا، مۇقىمسىزلىقنىڭ ئامىللىرىنى كۆمىدۇ. يەنە بىرى، كەڭ قورساق سىياسىي روھ، يەنى ئوخشىمىغان سىياسىي مەيداندىكىلەر بىر جەمئىيەتتە تىنچ بىللە تۇرالايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ مەيدانى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ خىل سىياسىي روھ جەمئىيەتنىڭ مۇقىم ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن تېپىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ئەگەر جەمئىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز، دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز، دېسەك، چوقۇم كونا سىياسىي روھنى ئۆزلۈكسىز تازىلىشىمىز لازىم. سىياسىي روھ جەھەتتىكى ئۈتۈقلۇق ئىسلاھات بولمىسا، سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىسلاھاتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

**جياڭ تېيگاڭ:** سىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن سىياسىي تۈزۈلمىدىكى ئىسلاھات ۋە بۆسۈش، سىياسىي روھتىكى بۇرۇلۇشلار تەبىئىيكى سىياسىي لىبېرالىزمنى ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلىدۇ. سىياسىي لىبېرالىزمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي لىبېرالىزم قانداق ئورۇندا تۇرىدۇ؟

**ليۇجۇنىڭ:** ئىقتىسادىي ئەركىنلىك باشقا بارلىق ئەركىنلىكلەرنىڭ ئاساسى ۋە كاپالىتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە باشقا ئەركىنلىكلەرنىڭ راۋاج تېپىشىنى ئەڭ ئۇنۇملۇك، ئەڭ ئىشەنچلىك

يوللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئومۇمەن ئىقتىسادىي ئەركىنلىككە زىيان سالغانلىقى نەرسە باشقا جەھەتتىكى ئەركىنلىككە مۇقەررەر ھالدا زىيان سالىدۇ. غەرب لىبېرالىزمچىلىرى دەسلەپتىلا ئىقتىسادىي نۇقتىدىن (مال-مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئىقتىسادىي ئەركىنلىك) لىبېرالىزمغا ئۆتنەن. جۇڭگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى لىبېرالىزمى دەل ئىقتىسادىي ئەركىنلىكنىڭ ئىچكى يادروسى ۋە ئەركىن بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئاساسنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن يېرىم يولدا كېرەكتىن چىققان. شۇنىڭدىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ ھازىرقى زاماندىكى لىبېرالىزمچىلىرى ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۇنتۇپ قالغان كلاسسىك لىبېرالىزمنى، بولۇپمۇ ئىقتىساد جەھەتتە ئەركىنلەشتۈرۈش دەرسىنى تولۇقلىشى كېرەكتەك قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە بىز ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، «ئاساسىي قانۇن» دىكى مال-مۈلۈك ھوقۇقىغا بولغان كاپالەت يېتەرلىك ئەمەس. «ئاساسىي قانۇن» نىڭ 13-ماددىسىدا: «دۆلەت پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق كىرىمى، پۇل ئامانىتى، ئولتۇراق ئۆيى ۋە باشقا قانۇنلۇق مال-مۈلۈكلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قوغدايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ماددىدا مال-مۈلۈك ھوقۇقى پۇقرالارنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەنلا بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقى، دەپ ئېنىق بەلگىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەكسىچە ئالدى بىلەن پۇقرالارنىڭ تۇرمۇش ۋاستىلىرى قوغدالغان، ئاخىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى قوغدالغان. بۇ خىل ھالەت ئاللىبۇرۇن ئۆزگەرتىلىشى كېرەك ئىدى. ئەلۋەتتە، ئىقتىسادىي ئەركىنلىك ۋە مال-مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ چوڭىيىشى تەبىئىيكى ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى، ھەرىكەت ئۇسۇلى ۋە كۆلىمىگە قارىتا چەك قويۇشنى تەلەپ قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ھۆكۈمەت پۇقرا بىلەن نەپ تالاشسا بولمايدۇ. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىلمىسا، ئارمىيەبىلەن سودا ئايرىلمىسا، كارخانا بىلەن مەمۇرىيەت، ھۆكۈمەت بىلەن سودا، سىياسىي بىلەن قانۇن ئايرىلمىسا، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت بىر ئورگان سۈپىتىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرسا، ئورگانلار كېلەڭسىزلىشىپ كېتىدۇ، رەھبەرلىك ئاپپاراتى ئۈستى-ئۈستىگە قاتلىنىپ قالىدۇ.

**جياڭ تېيگاڭ:** سىزچە بۇ، چەكسىز ھۆكۈمەتچىلىكتىن چەكلىك ھۆكۈمەتچىلىككە ئۆتۈش لازىم، دېگەنلىكتىن دېرەك بېرەمدۇ؟

**ليۇجۈننىڭ:** چەكلىك ھۆكۈمەتچىلىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىشتا كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ، نۆۋەتتە جۇڭگو دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ خىرىس. تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، چەكسىز ھۆكۈمەتچىلىك بىلەن مالىمانچىلىقنى ئوڭشاش دەۋرىيلىكى زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. جۇڭگو تارىخىدىكى ھەر قانداق بىر سۇلالىنىڭ تەختتىن چۈشۈشى ئاخىرقى ھېسابتا ھۆكۈمەتنىڭ ھەددىدىن زىيادە زورىيىپ كېتىشى، ئومۇميۈزلۈك چىرىكلىك ۋە ئېغىر مالىيە كرىزىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. بۇرۇنقى ھەر قانداق سۇلالە ھۆكۈمەتلىرى خۇددى يەل توپتەك ئۆزلۈكسىز يوغىناپ ئاخىرى يېرىلىپ سىياسىي ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان. يەل توپنىڭ ھەر قېتىملىق يېرىلىشى غايەت زور ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاتالمىش «مالىمانچىلىق» دېگەن ئەنە شۇ. قايتىدىن قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمەت كۆلىمىنىڭ كىچىكلىكى، جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن بېسىمى ۋە يۈكىنىڭ يەڭگىللىكى سەۋەبىدىن جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن. بۇ، ئاتالمىش «ئوڭشاش» دەۋر. بەزى سۇلالىلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بىر قەدەر ئاقىلانىلىق بىلەن ھۆكۈمەتنى چوڭىيىپ مەلۇم كۆلەمگە يەتكەندە ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، سەزگۈرلۈك بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ئىبارەت ۋەزىيەتنى ئاكتىپلىق بىلەن توسماقچى ياكى قىسمەن ئوڭشىماقچى بولغان. بۇ، «ئوتتۇرا مەزگىللىك گۈللىنىش» دەپ ئاتالغان. بىراق ئاخىرقى ھېسابتا باشقا سۇلالىلەرگە ئوخشاش ئاقىۋەتتىن خالىي بولالمىغان. شۇڭا، بىر دۆلەت، بىر مىللەت چەكسىز ھۆكۈمەتچىلىكتىن خالىي بولغان ئۈنۈملۈك ۋە مەڭگۈلۈك تۈزۈمنى تېپىپ چىقالمىسا، ئۇ ھالدا ئۇ «ئوڭشاش» ۋە «قالايمىقانچىلىق» تىن ئىبارەت يامان سۈپەتلىك دەۋرىيلىشىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. نۆۋەتتە جۇڭگودا بازار ئىگىلىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىزنى چەكسىز ھۆكۈمەتچىلىكتىن چەكلىك ھۆكۈمەتچىلىككە ئۆتۈشتىن ئىبارەت ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. ئەگەر بىز بازار ئىگىلىكىنىڭ بۇ ياخشى پۇرسىتىنى تۇتالىساق ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چەكسىز زورىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالىساق، ئۇ ھالدا جۇڭگو بۇرۇنقىلار باشتىن كەچۈرگەن ئاپەت خاراكتېرلىك دەۋرىيلىشىشتىن ئامان قالىدۇ. شۇڭا بىز بۈگۈنكى كۈندە نەچچە مىڭ يىللىق چەكسىز ھۆكۈمەتچىلىك ۋە ئۇنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا سالغان زىيانلىرىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، چەكلىك ھۆكۈمەتچىلىك توغرىلىق قانچىلىك تەكىتلىسەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. چەكلىك ھۆكۈمەتچىلىك بولمىسا، ئۈنۈملۈك ھۆكۈمەت بولمايدۇ (چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان ھۆكۈمەت بولمىسا، ئۈنۈمدارلىققا ئىگە ھۆكۈمەت بولمايدۇ).

**جياڭ تېيگاڭ:** ھۆكۈمەتنى چەكلەيدىغان بۇ خىل تۈزۈم قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك؟

**ليۇجۈننىڭ:** بىز ئىقتىساد، قانۇن، سىياسىي، مەدەنىيەت، سىياسىي تۈزۈم قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى كىچىكلەتسەك ۋە ئۇنىڭ كېلەڭسىزلىشىپ كېتىشىنى توسساق بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى مەن بۇرۇنقى ئەسەرلىرىمدە تەپسىلىي بايان قىلغانىدىم.

**جياڭتېيگاڭ:** ئاخىرىدا يەنە بىر ئىشنى

سوراپ باقاي: نۆۋەتتە جەمئىيىتىمىزدە ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى توغرىسىدىكى چاقىرىقلار ناھايىتى كۈچلۈك بولىۋاتىدۇ. دۆلەت كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى قايتىدىن قاراپ چىقتى ۋە تۈزىتىش كىرگۈزدى. سىزنىڭچە، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ھوقۇق تۈزۈلمىسىدە ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنىڭ زادى قانچىلىك ئەھمىيىتى بار؟ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنىڭ دۆلەت سىياسىي تۇرمۇشىدىكى رولىغا قانداق قارايسىز؟

ليۇجۈننىڭ: نۆۋەتتە ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىدە كۆپتۈرۈۋېتىلگەن بىر تەرەپ بار. جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا، كەنت ئاپتونومىيىسى ئەڭ تىپىك ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىدىن ئىبارەت. ئەمما گەپنى قاتتىقراق ئېيتقاندا، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس. چۈنكى كەنت بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى ئەمەس. شۇڭا، كەنت ئاپتونومىيىسى ھاكىمىيەت سىرتىدىكى ئىسلاھات، ھەرگىزمۇ ھاكىمىيەت ئىچىدىكى ئىسلاھات ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كەنت ئاپتونومىيىسىنى ھاكىمىيەت ئىچىدىكى ئىسلاھات دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇ ھەقىقىي ئاپتونومىيىدىن بەكمۇ يىراق. مېنىڭچە، ھەقىقىي كەنت ئاپتونومىيىسىنىڭ مۇنداق ئىككى بەلگىسى بار: بىرى، كەنتنىڭ بىرىنچى باشلىقىنى كەنت ئاھالىلىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇشى كېرەك. يەنە بىرى، كەنت كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە باشقا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خالىغانچە ئارىلىشىۋېلىشىدىن خالىي ھالدا مۇستەقىل ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىشى كېرەك. بىراق، نۆۋەتتە بىۋاسىتە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن كەنت مۇدىرى ئىككىنچى ئورۇندىكى رەھبەر، پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى بولسا بىرىنچى ئورۇندىكى رەھبەر. سېكرېتار كەنت مۇدىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. سېكرېتارنى ئومۇمىي خەلق سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەيدۇ. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، خەلق سايلاپ چىققان كەنت مۇدىرى ھالقىلىق شەخس ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، نۆۋەتتە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم زېھنىي كۈچى يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇنداشقا كېتىپ، يۇقىرى بەلگىلىگەن ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. مەن ھەرگىزمۇ كەنت ئاپتونومىيىسىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەگەر كەنتلەردە ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش بىلەن يولغا قويماسلىق ئوتتۇرىسىدا تاللاش توغرا كەلسە، مەن يەنىلا كەنت ئاپتونومىيىسىنى تاللايمەن ھەمدە شەخسنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا قۇرۇلغان ھەقىقىي كەنت ئاپتونومىيىسىنى قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

جياڭتېيگاڭ: بەزىلەر ھەقىقىي مەنىدىكى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئون يىلدىن كېيىنكى ئىش، ئۇ چاغدا ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تاماملانغان بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن. سىز بۇ قاراشقا قوشۇلامسىز؟

ليۇجۈننىڭ: سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا بىرنېمە دېمەك تەس. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۆستەڭنى چېپىپ پۈتتۈرۈش. سۇنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىز بەلگىلەپ بېرەلمەيمىز. ئەمما شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىرلەشمە كۈچلەرنىڭ تۈرتكىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرخىل كۈچلەرنىڭ ئورتاق رول ئوينىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىز ھەرگىزمۇ ئۈمىدىمىزنى يالغۇز بىرلا خىل كۈچكە باغلاپ قويمايمىز، بەلكى سىياسىي ئىسلاھاتنى قوللايدىغان بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىمىز.

---

《中国的危机》—（改革出版社出版）دىن

ئىبراھىم ئەمەت تەرجىمىسى

# دېموكراتىيە — سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ۋە مېغىزى

## جاۋلېگىن ۋاڭ شىنيا جۇچېڭيىن

يېقىندا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى «ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ئانالىزى ۋە مۆلچەرى» تېما گۇرۇپپىسى بىلەن شىنخۇا ئاگېنتلىقى «يېرىم ئايلىق سۆھبەت» ژۇرنىلىنىڭ ئىچكى نەشرى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن سوئال چىقىرىپ، مۇتەخەسسىسلەرگە جاۋاب يازدۇرغانىدى. تەكشۈرۈشتە نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر: سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى «بىر تال چاچنى تارتسا، پۈتۈن گەۋدە قوزغىلىدۇ» غانلىقىدەك تۈپكى مەناغا ئىگە، دەپ كۆرسەتتى.

### سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ئىلگىرى سۈرۈش رىتىمىنى قانداق ئىگىلەش كېرەك

جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا سىياسەت فاكولتېتىنىڭ پروفېسسورى، جۇڭگو سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ سابىق باشلىقى گاۋفاڭ: چەتلەپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان

ئەڭ مۇھىم بىر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم. ئۇ، بىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتىكى ئاخىرقى نىشانىمىز زادى نېمە؟ دېگەن مەسىلە، دەپ قارىدى ۋە بۇنىڭغا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىيسىنى تىكلەش، دەپ جاۋاب بەردى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىياسەت تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى بەي گاڭ: «دېموكراتىك سىياسەت دېموكراتىيىسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇش، دەپ جاۋاب بەردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ پروفېسسورى ۋاڭ گۈيشيۇ: ھوقۇق شەخسكە يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇش شەكلىدىكى تۈزۈلمىنى دېموكراتىك قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش شەكلىدىكى تۈزۈلمىگە ئايلاندۇرۇش، دەپ يەكۈن چىقاردى.

مۇتەخەسسىلەرنىڭ بايانلىرى پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى دېموكراتىيىنى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ۋە مېغىزى، دەپ قارىدى.

پروفېسسور گاۋفاڭ: «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەللىك يىلدا جۇڭگو خەلقىگە نىسبەتەن دېموكراتىيە تولا ئاڭلاپ تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن سۆز بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي سىياسىي تۇرمۇشتا ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا چالاپىتى تاشلاپ قويۇلدى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلىنمىدى» دەپ قارىدى. شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئالىي مۇخبىرى ياڭ جىشىڭ: «ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بازارلىشىشى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى، لېكىن سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىيىلىشىش سەۋىيىسى تېخى ئانچە يۇقىرى ئەمەس» دەپ تەكىتلىدى.

«دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش - مۇقەررەر ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىگە نىسبەتەن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى جەڭ ئېلان قىلىش ۋە سىناق بولۇپ قالىدۇ. ئىقتىبسادنىڭ يەرشارىلىشىشى قايتۇرغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەتكە ئايلىنىۋاتقان ئەھۋالدا نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ ئانچە ئۇنۇم بەرمەي قېلىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن»، «ھازىرقى زامان جۇڭگو تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، تەتقىقاتچى ليۇگوشېن مەخسۇس زىيارەتنى قوبۇل قىلغان چېغىدا مانا شۇ پىكىرنى بايان قىلدى.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسىي تۈزۈلمىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە غاچ-غۇچلا ئىسلاھ قىلىۋېتىشنى ئانچە تەشەببۇس قىلىپ كەتمىدى.

گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى سانائەت ئىگىلىكى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇشىجىن: نۆۋەتتە ئېلىمىز تېخى بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان مۇقىم جەمئىيەت مېخانىزمىنى ياكى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى قۇرۇپ چىقالىغىنى يوق، بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دەپ قارىدى. ئۇ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى بىرىنچى ئورۇندىكى مەسىلە دەپ قارايدىغان نۇقتىئىنەزەرگە ئانچە قوشۇلۇپ كەتمىدى. ئۇ: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقىنىغا ئىشىكنىڭ ئېچىۋېتىلگىنىگە شۇنچە يىللار بولدى، سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. لېكىن، ناۋادا سىياسىي تۈزۈلمىدىكى مەلۇم ئۆزگىرىش ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتسا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئۈزۈپ تاشلىسا، ئۇنىڭ قانداق بايراق كۆتۈرۈۋالغانلىقىدىن، نېمىدەپ نام قويۇۋالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، شۈبھىسىزكى مەغلۇب بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ: نۆۋەتتە كىشىلەرنىڭ ئىسلاھ قىلىش ئارزۇسى شۇ قەدەر كۈچلۈك بولۇۋاتقان بولسىمۇ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يەنىلا ئاكتىپ پۇختىلىق بىلەن ئىلگىرىلىتىشنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى، سەبىرچان بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

## خەلق دېموكراتىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈپ تۈپ نېگىزنى قۇرۇپ چىقىش لازىم

نۇرغۇن مۇتەخەسسىس-ئالىم: جۇڭگو يېڭى ئەسىردە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يۈكسەلدۈرۈشتە، ئىشنى خەلق دېموكراتىيىسى، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە، پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دېموكراتىيىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ جەھەتتىن باشلاش كېرەك. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەلق دېموكراتىيىسى تۈپ نېگىز، دەپ ھېسابلىدى.

پروفېسسور گاۋفاڭ: سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ بىرىنچى مەزمۇنى پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىۋېتىش، ئۇ شۇنداقلا خەلق دېموكراتىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى، دەپ تەكىتلىدى ۋە پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىماسلىق، پارتىيىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا قويۇشتەك ئەنئەنىۋى تۈزۈلمە - ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدىكى يەر ئاستى كۈرەش بىلەن بازىلاردىكى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ئالاھىدە تەلىپى ئىدى، مانا شۇنداق ئەھۋالدىمۇ ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭلار 1928-، 1941-يىللاردا: بىز گومىنداڭنىڭ پارتىيە دۆلەتنى باشقۇرىدىغان قەبىھ ئۇسۇلىنى ئۆگەنمەسلىكىمىز لازىم، دەپ كۆرسەتكەنىدى، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيان پارتىيىنىڭ ھوقۇقى ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ ھوقۇقىغا ناھايىتى زور چەك قويۇلدى، كۆپىنچە ناھايىتى زور دەرىجىدە پارتىيە ئۆزىلا ئىگە بولدى، خەلققە ۋەكالىتەن ئىگە بولدى، خەلقنى ئىگە قىلىش، خەلق ئۆزى ئىگە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمىدى، دەپ قارىدى.

بەي گاڭ مۇنداق دەپ قارىدى: ئاساسىي قانۇن تۇرغۇزۇش ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشى كېرەك، بۇنىڭ سەۋەبى، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئاساسىي قانۇنى ئۈچ قېتىم تۈزىتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا مۇكەممەل ئەمەس، بولۇپمۇ كىرىش سۆزدە بىر-بىرىگە ئېنىقلا زىت كېلىدىغان جايلار ناھايىتى نۇرغۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە

بىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىمىزدا كونكرېت ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە قارىتا ھەددىدىن زىيادە نۇرغۇن بەلگىلىمە بەلگىلەنگەن، بايانلار بېرىلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قانۇن مۇقىملىققا ئېرىشەلمىگەن، ئۇنىڭدىن يولغا قويغاچ تۈزىتىش پۇرىتى كېلىپ تۇرىدۇ. قانۇن ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش - ئەڭ ئاساسلىقى ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش، دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش دېمەكتۇر. پەقەت ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئاساسىي قانۇن ئېنىق تۈزىتىلگەندىن كېيىن، بىزنىڭ قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان دۆلەت قۇرۇش نىشانىمىز تېخىمۇ مەشغۇلاتچانلىققا ئېرىشەلەيدۇ. ئاندىن تۈزىتىلگەن ئاساسىي قانۇن بويىچە ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ مۇكەممەل بولمىغان جايلىرىنى ئىسلاھ قىلالايمىز.

تەتقىقاتچى لىيۇگوشىن: خەلق دېموكراتىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈشتە، سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم ھالقا، دەپ كۆرسەتتى. بەي گاڭ سىياسىيشۇناسلىق نۇقتىسىدىن مۇنداق قارىدى: . . . ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سايلام تۈزۈمى ۋەزىيەتكە ماسلىشالمايدۇ، نامزاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن تارتىپ تاكى سايلام تەرتىپىگىچە مەسىلىلەر مەۋجۇد. بىزنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان قانۇنىمىزدا سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا يېتەرلىك ئىجادىي بوشلۇق قالدۇرۇلمىغان. ھەتتا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە يەڭگىلتەكلىك بىلەن قانۇن بويىچە ئىش قىلماسلىق، دەپ قالپاق كەيدۈرۈلگەن.

مۇتەخەسسىسلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەپ قارىدى: تۈزۈلمە ئاخىرقى ھېسابتا ئادەم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. كادىرلارنى ئۆستۈرۈش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش - سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇشى كېرەك. ھازىرقى كادىرلارنى ئۆستۈرۈش تۈزۈمىدە ئىگىلىك ھوقۇقى خەلقتە بولۇش پرىنسىپى ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپى توغرا، لېكىن ئۇ خەلقنىڭ ھوقۇق بېرىش دەرىجىسىگە بويسۇنۇشى، ھوقۇقنىڭ قانۇنىي كېلىش مەنبەسىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىپادىلىشى كېرەك. ئەمەلىي كادىر ئۆستۈرۈش جەھەتتە، پۇقرا زادى قانچىلىك سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؟

مۇتەخەسسىسلەر ئاساسىي قاتلامدا دېموكراتىيىنى زور كۈچ بىلەن يۈكسەلدۈرۈشنى، پۇقرانىڭ رەھبەر تاللاش ھوقۇقىنى تولۇق جارى قىلىش ۋە يولغا قويۇشنى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇشتا ئالدى بىلەن پۇقرانىڭ رازىلىقىنى ئېلىشنى بىر قەدەر ئالقىشلىدى.

بەي گاڭ خەلقنىڭ بىۋاستە سايلاش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى: «نۆۋەتتە، ئېلىمىزدە ناھىيىدىن تۆۋەنكى خەلق ۋەكىللىرى بىۋاستە سايلام ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك، يېزا-بازار دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى بولسا، ۋاستىلىق سايلام ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. يېزا-بازار باشلىقلىرى بىۋاستە سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلسە نېمىشقا بولمىغۇدەك؟»

## پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئائىلە باشلىقلىقى تۈزۈمىنى بىكار قىلىش لازىم

پروفېسسور ۋاڭ گۈيشيۇ خەلق دېموكراتىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنىمۇ تېزدىن كۈچەيتىش لازىم. پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى يۈكسەلدۈرۈش ئارقىلىق خەلق دېموكراتىيىسىنى يېتەكلەش لازىم، دەپ ھېسابلىدى.

پروفېسسور گاۋفاڭ، ۋاڭ گۈيشيۇلار مۇنداق دەپ قارىدى، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىسىزلىك ئىللەتلىرىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1980-يىلى «پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىكى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش» دېگەن مەشھۇر نۇتقىدا ئالللىبۇرۇنلا مۇپەسسەل يىغىنچاقلاپ ئۆتكەنىدى: «بارلىق ھوقۇق نامۇۋاپىق ھالدا ، تەھلىلمۇ قىلىنماستىن پارتكومغا، پارتكومنىڭ ھوقۇقى يەنە كۆپىنچە بىرنەچچە سېكرېتارغا ، بولۇپمۇ بىرىنچى سېكرېتارغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇلدى. ھەرقانداق ئىشتا بىرىنچى سېكرېتار باشلامچىلىق قىلىدىغان، بېكىتىدىغان بولدى، پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى كۆپىنچە ھاللاردا مانا شۇ ۋەجىدىن شەخسنىڭ رەھبەرلىكىگە ئايلىنىپ قالدى».

پروفېسسور ۋاڭ گۈيشيۇ مۇنۇلارنى ئالاھىدە تەكىتلىدى: دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش - بىرخىل مۇۋاپىق، ئىلمىي، ئەۋزەل تەشكىلىي پرىنسىپ ۋە تەشكىلىي تۈزۈم. پارتىيىمىز ئىزچىل شۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇنى تەكىتلەپ كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى قانداق بولدى؟ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى رېئاللىقتا كۆپىنچە ھاللاردا ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇلمىدى. پرىنسىپنىڭ تەلىپى بىلەن ئەمەلىي يولغا قويۇش ئوتتۇرىسىدا، دېيىلگىنى بىلەن قىلىنغىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئەكسىي پەرق ساقلىنىپ كەلدى.

ئۇ يەنە مۇنداق ھېسابلىدى: پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى مۇكەممەل تۈزۈم ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن مۇنداق تۆت جەھەتنى تېزدىن ئىسلاھ قىلىش لازىم: ئائىلە باشلىقلىقى تۈزۈمىنى ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن ئائىلە باشلىقلىقى تۈزۈمىنى بىكار قىلىش؛ سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ باشلىقنىڭ ئىرادىسى يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈۋالىدىغان شەكلەن سايلامنى ، ۋەزىپىگە قويۇش تۈزۈمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش، ھەمدە ئەيىبلەش، پاش قىلىش، ئەرز قىلىش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇش تۈزۈمىنى تەدرىجىي تىكلەش؛ رەھبىرىي كادىرلار ئۆمۈر بويى ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمىنى ئۈزۈلكېسىل بىكار قىلىش؛ ئۆز ئىمزاسارىنى ئۆزى كۆرسىتىش تۈزۈمىنى ئۈزۈلكېسىل بىكار قىلىش لازىم.

---

(南京日报社主办) — 《周末》دىن

مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى (M1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئەسىرلەر

ئەخمەت ئىمىن

## بوسۇغا

بوسۇغىنى نېمىشقا شۇنچە ئۇلۇغلايدىغان بولغىيتتىڭ موما؟ بىر چاغلاردا سىڭلىمنىمۇ بوسۇغىدا چېچىنى پالتا بىلەن كەستۇرگەنىدىڭ، كېيىن نەۋرە قىزىڭنىمۇ بوسۇغىدا شۇنداق قىلغۇزدۇڭ. ئىككىلا قېتىم ئاسماندا ھەسەن-ھۈسەن شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنگەن چاغ ئىدى. مەن: «بۇنداق قىلسا نېمە بولىدۇ؟» دەپ سورىدىم، سەن: «چاچ ئۆسىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىڭ. ھەسەن-ھۈسەننىڭ خاسىيىتىدىن شۇنداق بولامدۇ، پالتىنىڭ ياكى بوسۇغىنىڭ؟ قايسى بىرىنى سوراشنى بىلەلمىدىم، بەلكىم ئەقىدەڭگە تېگىپ قويۇشتىن قورققاندىمەن، سورىمىدىم. كېيىن قارىسام، سەن بوسۇغىغا بەك ئىخلاس قىلىدىكەنسەن. ھەر كۈنى ئەتىگەندە بوسۇغىنى يۇيىسەن، بوسۇغىدا ھېچكىمنى ئولتۇرغۇزمايسەن، ھەتتا ئۇنى ھېچكىمگە دەسسەتكۈزمۇ كەلمەيدۇ.

ئېسىمدە، مەكتەپكە تۇنجى ماڭغان كۈنۈم سەن مېنى ئىشىكتە توسۇۋېلىپ: «بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتۇڭ بىلەن ئاتلا» دېدىڭ، مەن ھېچنېمە چۈشەنمىسەممۇ، شۇنداق قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتنى ئېلىپ مېڭىش ماڭا ئۇدۇم بولۇپ قالدى. ئوڭ پۇتۇنى بوسۇغىدىن ئېلىپ مېڭىشقۇ ئىشنى ئوڭغا تارتسۇن دېگەندىن دېرەك بېرەر، لېكىن بوسۇغىچۇ؟

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوسۇغا ھەققىدە ماڭا ئۇچرىغان ئىشلار كۆپەيدى. يىگىت بولۇپ توي قىلغان كۈنۈم بۇ ھەقتىكى ئويلىرىم ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان كۈن ئىدى. بوسۇغىنىڭ ئالدىغا گۈلخان يېقىلغانىكەن، پاياندازنى دەسسەپ ئوتتىن ئاتلىدۇق. مەن دەسلەپتە بۇ ئوتنى يۇرتىمىزدىكى ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىش ئۈچۈن يېقىلغان، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. لېكىن ئۇ ئوتنىڭ مېنىڭ ئەمدى رەسمىي ئوتنىڭ ئىچىگە كىرگەنلىكىمدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى كېيىن بىلدىم.

قىزىق، كېيىنكى چاغلاردا بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتۇمنى ئېلىپ چىققان بولساممۇ، لېكىن تالادا ئىشلىرىم ئانچە ئوڭغا تارتىپ كەتمىدى. سىڭلىرىمنىڭ چاچلىرى بوسۇغىدا كېسىلگەندىن كېيىن ئۆسكەن، بوسۇغا يۇيۇپ پاكلانغاندىن كېيىن ئائىلىمىزمۇ ئۆزىنىڭ غۇبارسىز - پاكلىقىنى ساقلىغان، ئەمدى ماڭا كەلگەندە بوسۇغا ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتەلمىدىغۇ؟

سەن ئۇ دۇنياغا كەتكەندىن كېيىن بۇ سوئالنى ئەمدى ئۆزۈمدىن سورايدىغان بولدۇم، موما.

بوسۇغىنى ئۇلۇغلاش سېنىڭ ساددا ئەقىدەڭ بولغىيتتى، لېكىن ئۇ ئەقىدەڭ پاك ۋە مۇقەددەس ئىدى. مەن ئۆز ۋاقتىدا بۇ ھادىسىدىكى ساددىلىققا قاراپ، كۆڭلۈمدە ئۆزۈمچە سېنى كەمسىندۇرۇۋتىكەنمەن، ئۇنىڭدىكى ماھىيەتكە، چوڭقۇر مەنىگە نەزەر ئاغدۇرماپتىكەنمەن.

مانا بۈگۈن ئەللىك ياشقا كىرگەن كۈنۈمدە شۇ بوسۇغا ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ قالدىم.

ئەللىك يىللىق ئۆمرۈمنىڭ ئاي-كۈنلىرىنىڭ

سانىنى ئېنىق دەپ بېرەلىسەممۇ، لېكىن شۇ ئۆيۈمنىڭ بوسۇغىسىدىن زادى قانچىلىك ئاتلاپ ئۆتكىنىمنىڭ سانىنى ھەرگىز دەپ بېرەلمەيمەن.

لېكىن شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىق: شۇ بوسۇغىدىن كۆپ ۋاقىتلاردا ئويلانمايلا ئۆتتۇم. بوسۇغىغا كېلىپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغان ۋاقىتلىرىم تولىمۇ ئاز بولدى. بۇنداق تۇرۇپ قېلىش خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى بولىدىكەن: بەزىدە قانداق بولار، دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالىدىكەنسەن؛ بەزىدە بىر ئىشنى قانداق قىلىشنى ئويلىنىپ تۇرۇپ قالىدىكەنسەن؛ بەزىدە مەلۇم بىر روھىي يۈكتىن پۈكۈلۈپ ۋە بەزىدە خۇشاللىقتىن ئەس-ھوشۇڭنى يوقىتىپ، قەدىمىڭنى يۆتكەشكىمۇ ئامالسىز قېلىپ تۇرۇپ قالىدىكەنسەن...

ھاياتىمدا ماڭا چوڭقۇر ئىزناسىنى قالدۇرۇپ قويغان ئاشۇنداق بوسۇغىدا تۇرۇپ قېلىشلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرىلا مېنى كۆپ ھاللاردا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى. ئۇ بولسىمۇ بوسۇغىدىن چىقىش ئالدىدا پۇختىراق ئويلىنىۋېلىش، مەقسەت قىلىنغان تۇرۇپ قىلىش.

مەن ھازىر شۇنداق بىر ئويغا كېلىپ قالدىم، موما. بوسۇغىنىڭ رولى پەقەت ئىشىك كېشىكىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش، ئىشىك قانىتىنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلىشىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئىشىك ئاستى يوچۇقىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس ئوخشايدۇ. بوسۇغا ياغىچىسىزمۇ يۇقىرىقى مەقسەتلەرگە يەتكىلى بولىدىكەن (ياغاچچىلىق قىلغان چاغلىرىمدا ئۇنىمۇ سىناپ باقتىم). بوسۇغا - قېلىن ياغاچتىن ئېگىزرەك قىلىپ توغرىسىغا ياسىلىدىغان شۇ بالداق ياغاچ تۈپتۈز يولغا نىسبەتەن بىر كىچىك توساق ئىكەن. ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ «دىققەت» دېگەن سۆز يېزىپ قويۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىلىشى كېرەك ئىكەن. تۈز دەسسىلىۋاتقان قەدەم بوسۇغىدا چوقۇم بىر ئاتلىشى كېرەك. بۇ بىرخىل دەسسىلىۋاتقان قەدەمدىكى بىر كىچىك، جىددىي ئۆزگىرىش، خۇددى مەيىن ئېقىۋاتقان سۇدا كۆتۈرۈلگەن بىر دولقۇنغا ئوخشاش! شۇنداقمۇ، موما؟

سۆرۈنىڭگە قاراپ ئولتۇرۇپ، بالىلىقىمدا سەندىن سورىغان سوئالىم يەنە ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ:

«بوسۇغا نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغ؟»

سۆرۈنىڭدە ماڭا مەستلىكىڭ كېلىپ ئولتۇرسەن، كۆزلىرىڭدىن شۇنداق تاتلىق خۇپسەنلىك چىقىپ تۇرىدۇ، خۇددى «قېنى، ئۆزۈڭ دەپ باقە؟» دېگەندەك.

مەن دەپ باقايمۇ، موما؟...

بوسۇغا تالا بىلەن ئۆينىڭ چېگرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغمىكىن!؟...

ئۆي - ئۆي، تالا - جەمئىيەت...

ئۆي - جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى؛ تالا جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى...

بوسۇغا - پاسىل، كىشىگە ئويلىنىش پۇرسىتى بېرىدىغان پاسىل، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى دەل مۇشۇ يەردە!

شۇنداقمۇ، موما؟...

## دارۋازىنىڭ رەھمىتى

مەن بوشلۇققا قەدەم قويۇۋاتىمەن، ئېگىز بوشلۇققا!

ئاستىمدا دەريا، سۇربەتلىك تاشلار؛ بېشىمدا ساما، ئاپئاق بۇلۇتلار؛ ئەتراپىم بوشلۇق، چەكسىز بىر بوشلۇق، ھەيراندۇر ماڭا ئۇچار قاناتلار، ئايىغىم سىمدا، كۆزلىرىم سىمدا، تەڭپۇڭلۇقىمغا ئېگىدۇر خادا.

شۇنداق، دوستلار، مەن شۇنداق ھالدا ماڭدىم بوشلۇققا!

ئەنسىرىمە، دوستۇم، ئەنسىرىمە، ئىنىم، ئەنسىرىمە، ئاچا، ئەنسىرىمە، سىڭلىم. مەندىن ئەندىشە قىلماڭلار، دوستلار، خاتىرجەم بولسۇن، ئاكىلار!

مېنى يۆلەيدۇ مۇقەددەس دۇئا، مېنى يۆلەيدۇ ئەلنىڭ تىلىكى، مېنى يۆلەيدۇ دارۋاز بوۋامنىڭ غەيۇرلۇقى، دىت ۋە ئىدرىكى!

كۆكرىكىمدە سوققان بۇ يۈرەك - جەسۇر ئۇيغۇرنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى!

شۇنداق، مەن خەلقىمنىڭ يۈرەك ئۇرۇشىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ كېتىۋاتىمەن. ئايىغىم ئاستىدىكى سىمغا مەنلا ئەمەس، پۈتكۈل خەلقىمنىڭ سىنجىلا قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇپ كېتىۋاتىمەن شۇنداق، ماڭا يول كۆرسىتىۋاتقىنى مېنىڭ كۆزلىرىملا ئەمەس، بەلكى خەلقىمنىڭ كۆزلىرى، باتۇر خەلقىمنىڭ ئۈمىدۋارلىق، ئىشەنچ بىلەن تىكىلىۋاتقان كۆزلىرى.

مېنى بۈيۈكلۈكتە ماڭغۇزۇۋاتقان، يۈگرۈتۈۋاتقان مېنىڭلا قۇدرىتىم ئەمەس، خەلقىمنىڭ قۇدرىتى؛ بۇ جاھاندا ھەرقانداق چاغدىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدىغان، ھەرقانداق مۈشكۈلچىلىكتىمۇ ئۆزىگە يول ئاچالايدىغان ئۇلۇغ خەلقىمنىڭ كۈچ - قۇدرىتى!

دوستلار، دوستلار، مەن مەنزىلىمنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلدىم.

ۋاھ بوشلۇق، ئاجايىپ سېھىرلىك ئىكەن بۇ بوشلۇق! بۈيۈكلۈك، ئاجايىپ تىلسىملىق ئىكەن ئۇ بۈيۈكلۈك!

سىلەر مېنى بۈيۈكلۈككە چىقتى دەمسىلەر، ياق، يىراق ئىكەن ئۇ بۈيۈكلۈك، يىراق ئىكەن! بۈيۈكلۈكنىڭ نېمىلىكىنى پەقەت بۈيۈكلۈككە ئۆرلەۋاتقىنىڭدىلا بىلەلەيدىكەن، ئىنسان!

مېنى رىقابەت چوققىسى سىناق نەزىرى بىلەن بوشلۇققا ئۇزاتقانىدى، زەپەر چوققىسى قايىللىق بىلەن كۈتۈۋالدى. راست، مەن غەلىبە قىلدىم، زەپەر قۇچتۇم، چۈنكى ئايىغىم ئاستىدىكى سىم ئارقان خەلقىمنىڭ دىل رىشتىسى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ھەم چىڭىغانىدى.

رەھمەت، خەلقىم، رەھمەت!

بۇ سەن ماڭا بەرگەن غەيرەت! بۇ سەن ماڭا

بەرگەن قۇدرەت!

## مانا ئەركەك

ئوتتۇرا ياشلىق ئۈچ ئايال كوچىدا قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئالدى تەرەپتە توپلىشىپ قالغان بىر مۇنچە ئادەمنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز قەدىمىنى توختاتتى.

بۇ يەردە جېدەل بولۇۋاتقانىدى. ئالامانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى «نوچى» ئۇن يەتتە- ئون سەككىز ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر يىگىتنى قاتتىق ئۇرۇۋاتاتتى. ئۇ يىگىتمۇ جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق بىلدۈرۈۋاتاتتى.

ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ھەرخىل. بەزىلىرى ناھەقچىلىككە چىدىماي:

- ئىككى ئادەم بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۇردى، دېگەن قانداق گەپ! بولدى قىلىڭلار! - دەپ ۋارقىرىشىپ قوياتتى. بەزىلەر:

- ئەستاخپۇرۇللا! - دەپ، ئۆز غېزىپىگە ھاي بېرىشىپ تۇراتتى.

يەنە بەزىلەر خۇددى بوكسيورلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقاندەك ئەپچىل مۇشت ئېتىشلارغا، كاللا تويۇشلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە يۇمشاق كۆڭۈل ئادەملەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار:

- ئاجرىتىپ قويساڭلار بولمامدۇ، ھاي مۇسۇلمانلار! - دەپ توۋلىشىپ قوياتتى.

- ئاجرىتىپ قويۇش باشقىلارنىڭلا ئىشىمىكەن؟! پىچاق يەپ كېتىشتىن قورقمىساڭ، ئۆزۈڭ بېرىپ ئاجرات، - دەپ رەددىيە بېرىشەتتى بەزىلەر غوتۇلداپ.

ئىشقىلىپ ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك بىر نېمە دەيتتى، لېكىن ھېچقايسىسى ئوتتۇرىغا چىقمايتتى.

ھېلىقى ئىككى «نوچى» بىلەن ئېلىشىۋاتقان يىگىت بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ، ئاخىر كەينى-كەينىدىن تېگىۋاتقان مۇشتلارنى بىلەكلىرى بىلەن توساپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. زەرب بىلەن بېقىنىغا ئۇرۇلغان بىرنەچچە مۇشت ئۇنى يەرگە يىقىتتى. لېكىن، ھېلىقى ئىككى «نوچى» توختايدىغاندەك ئەمەس...

كىشىلەر چۇرقىراشتى، لېكىن ھېچكىم ئوتتۇرىغا چىقمايتتى.

بىللە كەلگەن ئۈچ چوكاننىڭ بىرى يەردە ياتقان يىگىتنىڭ بۇرنىدىن ئۇقتەك قان كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قىرقىراپ كەتتى.

ئىككىنچى چوكان:

- ھەي، بۇ يەردە بىر ئەركەك يوقمۇ؟ - دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. چوكانلارنىڭ ئۈچىنچىسى - باياتىن بېرى گەپمۇ قىلمىغان، چىرقىرىمىغان، بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپ قېتىپ تۇرۇپ قالغان ئۈچىنچى چوكان:

- ۋاي... مېنىڭ بالامنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمۇ! - دەپ توپقا قاراپ ئېتىلدى. تۇيۇقسىز، كىشىلەر ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ سىگنالىنى ئاڭلىغاندەك يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە داجىشتى. ئۇ چوكان غۇيۇلدىغىنىچە ئوتتۇرىغا يۈگۈرۈپ كىردى. ئانىنىڭ ئاۋازى قۇدرەتلىك بولىدىكەن. «مېنىڭ بالامنى...» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپلا ھېلىقى ئىككى «نوچى» بەدەر قېچىشتى. «ئانا» بېرىپ قانغا بويالغان «بالىسى»نىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى.

ئەتراپتا تۇرغانلار:

- ئانىسىمىكەن؟... ئانىسىمىكەن؟ - دېيىشىپ كەتتى.

«بۇ يەردە بىر ئەركەك يوقمۇ؟» دەپ ۋارقىرىغان ھېلىقى ئىككىنچى چوكان ئۇلارغا زەردە بىلەن ئالايدى-دە:

- ئانىسى ئەمەسكەن، ئەركەك ئىكەن، ئەركەك!

- دېدى ئاجايىپ بىر سۆيۈنگەن ئاھاڭدا.

يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، «ئانا»نىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. كۆڭلەك پېشى قانغا بويالغانىدى. ئۇ چوكان لالىدەك تاۋلىنىپ تۇرغان قان يۇقى كۆڭلىكى بىلەن خۇددى جەڭگاھتىن قان كېچىپ چىققان باتۇر لەشكەرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

## مۇڭ

مۇڭ... مۇڭ!...

يۈرەكتىن چىقىۋاتقان مۇڭ! يۈرەكلەرگە قونۇۋاتقان مۇڭ!

يۈرەكتىن ئېتىلىپ - ئېتىلىپ چىقىۋاتقان مۇڭ! يۈرەكلەرگە سىرغىپ -سىرغىپ كىرىۋاتقان مۇڭ!...

ئاھ، ناخشىچىم، تۈۋلاۋەر، تۈۋلا، ھېسسىياتىڭ-غا دەم بەرمىسۇن، ئاۋازىڭغا دەرد بەرمىسۇن!

ئاھ يۈرەك، چىدا، چىدىمىساڭ، قاقشا، پەرياد ئۇر، پەريادىڭ ناخشا زارىغا قوشۇلۇپ كەتسۇن! ئۆيۈۋاتقان قانلىرىڭ ئۇرغۇۋاتقان كۈندە شىپالىق تاپسۇن، ئېرىسۇن، ئاقسۇن! مەيلى بوپتۇ، قاتسۇن، چىدىمىساڭ، يېرىلغىن يۈرەك، نەپسانىيەت تىزگىنىدە ئۆزلۈكىنى يوقاتقان ئىگەڭ مۇڭ خەنجىرىدە شېھىتلىق تاپسۇن!...

دۇتار تارىسىدىن ئاجايىپ بىر سېھرىي قۇدرەت تۆكۈلۈۋاتىدۇ. دۇتارچىنىڭ ئەپچىل قوللىرى تارىنىلا ئەمەس، يۈرەكلەرنىمۇ تىترىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سەزگۈر بارماقلىرى پەدىگىلا ئەمەس، يۈرەكلەرنىڭ زىل يەرلىرىگىمۇ تېگىۋاتىدۇ.

سورۇندىلەردىن بەزىلىرىنىڭ بېشى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن؛ بەزىلىرى تورۇسقا قارىۋالغان؛ بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق بولسىمۇ، ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ، بىر نۇقتىغىلا تىكىلىپ قالغان؛ بەزىلىرىنىڭ ئاغزىدىن «ئۇھ...» قىلغان سادا چىقىدۇ، بەزىلىرىنىڭ «ئۇھ»لىرىمۇ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن...

دۇتارچىنىڭ پەدە بېسىۋاتقان قوللىرى تۆۋەنلەپ

— تۈۋەنلەپ، ناخشا تازا ئەۋجىگە چىققىپ، خۇددى تۇرۇلۇپ كەلگەن دولقۇن قىياتاشقا ئۇرۇلۇپ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، كەينىگە يانغاندەك بىرهال يۈز بەردى. ناخشا يېنىك قايتارما بىلەن ئاياغلاشتى. سورۇندىكىلەر:

— رەھمەت، ھوي، رەھمەت!

— ئاۋازىڭىز دەرد كۆرمىسۇن!

— قوللىرىڭىزغا بەرىكەت بەرسۇن! — دەپ تۇشمۇ تۇشتىن باركاللا ئوقۇشتى.

يېرىم سائەتتىن بۇيان مۇڭ قىلىپ بېرىپ خېلىلا چارچىغان دۇتارچى پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، سورۇندىكىلەرگە رەھمەت يۈزىسىدىن بىر تەزىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن كېتىشكە تەمشەلدى. ئۇ، كەتمىسىمۇ بولمايتتى. ئەسلى ئۇ شەھەر ئەتراپىدىكى بۇ رايونغا بۈگۈن ئەتىگەندە پەقەت ئىككى سائەتلىكلا بىر ئىشقا چىققان، لېكىن ئاغىنىسىنىڭ مۇڭ قىلىپ بەرسەڭ، دېگەن ئىلتىماسىنى يىرالماي، مانا بىر سائەتتىن بۇيان مۇشۇ يەردە ئولتۇرىدۇ. ئاغىنىسىنىڭ قولۇم-قوشنىلىرىمۇ ناخشىغا ھېرىسمەن كىشىلەر ئىكەن. دۇتارنىڭ تىرىڭشىغىنىنى ئاڭلاپ، بىر-بىرلەپ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دەپ كىرىشىپ، باياتىن بېرى مۇڭ بولۇشۇپ ئولتۇرىدۇ.

دۇتارچىنىڭ كېتىشكە ئىجازەت سوراپ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە سورۇندىكىلەر تەڭلا چۇۋۇرلىشىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ دۇتارچىنى قويۇپ بېرىدىغان رەۋىتى يوق. بولسا ئۇنى بۇ رايوندا بىر نەچچە كۈن ئېلىپ قالسا، مۇڭلىرىنى ئاڭلىسا، مۇڭلانسا، خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ، جاھاننىڭ كەلدى-بارىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇسا... ھەي ئېسىت، ماۋۇ دۇتارچىنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان.

— يەنە بىرەر سائەت مۇڭ قىلىپ، ئۇكا، بىر سائەت!

— مېھمان بولۇپ چىقىپسىز، ھېچبولمىغاندا بىر كۈن قونىسىز ئەمدى.

— كۆڭلىمىزنى يەردە قويماڭ...

— ئىش دېگەن تۈگىمەيدۇ، ئادەم تۈگەپ كېتىدۇ.

دۇتارچى يۇقىرىقىدەك ئىلتىماسلارغا چىرايلىق ئۆزرە قويۇپ زادى كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. تاتلىق ئىلتىماسلار يەنە باشقىچە شەكىللەردە ئېيتىلىپ باقتى. لېكىن دۇتارچى كۈلۈمسىرىگىنىچە، بېشىنى چايقاپ ئورنىدىن قوپتى-دە، چاپىنىنى كىيدى.

دەل شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى: باياتىن بېرى سورۇندا گەپ قىلماي مۇڭلىنىپ ئولتۇرغان بىر ساقچى يىگىت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ يېنىدىكى تاپانچىسىنى چىقاردى.

— نەگە... — ساقچى يىگىت سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرەلمىدى. قوللىرى دىر-دىر تىترەيتتى، كۆزلىرىدە بىر چەكچىيىش... لېكىن، بۇ ئالامەت ناھايىتى تېزلا يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىغابىر مەيۈسلۈك ئالماشتى، سورۇندىكىلەر بۇ ئەھۋالدىن داڭ قېتىپلا قېلىشتى.

دۇتارچىنىڭ چىرايىدىمۇ بىر ساراسىمە پەيدا بولدى.

دەسلەپتە ساقچى يىگىتنىڭ تاپانچىسىنى نەگە تەڭلىگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىدى، ھەتتا ئۆزىمۇ. لېكىن، شۇ تاپتا تاپانچا ئۇنىڭ مۇرىسىنىڭ يۇقىرىسىدا تورۇسقا قارىتىلغان ھالدا تۇراتتى. ئۇ ھېلىھەم تىترەيتتى. بايام «نەگە...» دەپ ۋارقىرىغان سۆزىنىڭ داۋامى بوغۇزىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەمدى ئۇ زۇۋانغا كەلدى:

— ئۇنداق قىلما، ئاغىنە، بىزنىڭمۇ ھالىمىزغا يەت... ئاڭلايلى، يەنە بىر پەدە ئاڭلايلى... بىز سەندىن باشقا بىر نەرسە تەلەپ قىلمىدۇققۇ... قانداق قىلىسەن، بۇ يۈرەك چىدىمايۋاتسا قانداق قىلىسەن؟... — ئۇ، سول قولى بىلەن يۈرىكىنىڭ ئۇدۇلىنى بېسىۋالدى، — بىز سېنى زورلىمايمىز، ئاغىنە، ھەرگىز... ئۇ، تاپانچا تۇتقان قولىنى ئېگىزكىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ چايقىغىنىچە ئۆزىنىڭ سۆزىنى تەستىقلايتتى. ئۇ، ئۈمىد بىلەن دۇتارچىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى، قانداق قىلدىم، دېگەندەك قىلىپ ئەتراپىدىكىلەرگىمۇ قارىدى. لېكىن، ھەممەيلەننىڭ كۆزى پەقەت تاپانچىدىلا ئىدى، ئۇمۇ تاپانچىغا قارىدى، يۈزى تامدەك تاتاردى، كەينىدىنلا شەلپەردەك قىزاردى، سول ئالقىنى بىلەن كۆزلىرىنى توستى-دە، تاپانچىنى ئۈستەلگە قويۇپ، قولىنى كۆزلىرىدىن ئالمىغان پېتى پېشانىسىنى تاپانچا سىقىمدىۋالغان ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە قويۇۋالدى. بىرھازاغىچە ئۇنىڭ پەقە «ئۇھ» تارتقان ئاۋازىلا ئاڭلاندى.

سورۇندىكىلەر بۇ ھالدىن نېمە دېيىشنىمۇ، نېمە قىلىشنىمۇ بىلەلمەي قالدى.

ئارىدا بىر نەچچە سكۇنت ۋاقىت ئۆتتى. ساقچى يىگىت ئورنىدىن قوپتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۈنچىدەك ياش تامچىسى يالتىرايتتى. ئۇ، مۇڭلۇق كۈلۈمسىرىگەن پېتى دۇتارچىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— رەھمەت، ئاغىنە، ئىشىڭ بار ئىكەن، كەتكىن، رەنجىمە، مەن سېنى تاكسىغا سېلىپ قوياي، — دېدى.

دۇتارچى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى-دە، ئۇنىڭ مۈرىسىگە بوش تۇرتۇپ قويۇپ، ئاندىن چاپىنىنى سالدى.

— قېنى، دۇتارنى ئەكېلىڭلار!

سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايىغا خۇشاللىق يۈگۈردى.

دۇتار سايراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سايرىشىدا سەنئەتنىڭ مۇنداق بىر خىتابى ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى:

مۇڭلاندۇرۇشمۇ خۇشال قىلىش.

مۇڭلىنىشنىمۇ بىلمىگەن ئادەم خۇشال بولۇشنىمۇ بىلمەيدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى (M2)



شېئىرى: ئۆمەر ئەخمىدى

ئابابەكرى مەتتۇرسۇن ئويمىغان

## ئابدۇرېھىم ھېيتقا بىر غەزەل

رىزا بىز ئۇشبۇ دەم سەندىن قەدىم سەنئەت نامايانىدۇر،
كۆڭۈللەرنى لەرزىگە سالغان سېنىڭ ناخشاڭدىكى جاندۇر.
تىلىڭدىن دۇر، دىلىڭدىن نۇر تۆكۈپ خەلقىڭنى لال قىلدىڭ،
ئۇزاق چاغلارنى ئەسلەتكەن ئاۋازىڭ ئەۋجى گۈلخاندۇر.
قولۇڭنىڭ تەگمىسى جەھجەت باباۋانلارغا بولۇپ رەڭگى،
كۆڭۈلگە ياڭرىغان ئارزۇ، يۈرەك سەتھىدە ۋولقاندۇر.
ئەجەب ئەيرەس دۇتارىڭ ئۈستىگە بۇلبۇل كېلىپ قونسا،
سەۋەبى ئۇنى بىھۇش قىلغان غۇرۇرلۇق بىر ۋىجداندۇر.
ئەگەر بولسا سوجۇپ ياكى فارابىدەك ئۇلۇغ ئۇستاز،
دېيۇر ئەردى شۇ بۇ قۇدرەت ئەزەلدە بىزدىكى قاندۇر.
ئۇسسۇل ناخشا ماكانى ئەنگىبى يەر زەننەت ئۈچۈن ئاشىق،
ئامان بول ۋارىسى ئەجداد بىلەن سەنئەت گۈلىستاندۇر.



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئەپەندى 2000 ـ يىلدىكى تۇنجى دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتقان جۇرئەت ئوبۇلقاسىمنى مۇبارەكلىمەكتە

ـ ئابدۇرېھىم توختى فوتوسى

---


《新疆文化》 （维吾尔文）

综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»2000 ـ يىل 2 ـ ، 3 ـ سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办：新疆维吾尔自治区文化厅

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008－6498

国内统一刊号：CN65－1060/I

发行范围：国内外发行

地址：乌鲁木齐市团结路 72 号

邮编：830001 电话：2856942

印刷：《新疆日报》印刷厂

发行：乌鲁木齐市邮局

订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008—6498

مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65—1060/I

مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

---

邮发代号：58－22 定价：6 元

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 6 يۈەن

www.uyghurkitap.com



كۈتۈش (ماي بوياق رەسىم)مۇھەممەتجان جۇمە سىزغان

- فاتىخ شەرىف فوتوسى